



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

2–3
1999

XINJIANGCIVILIZATION



ئاتاقلىق شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن

— خالمۇرات قەييۇمبەگ فوتوسى

شىنجاڭ مەدەنىيىتى قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
48 - يىل نەشرى 1999 - يىل 2-، 3-سان (ئومۇمىي 237-، 238-سان)

# بوستان

## مەخسۇس سەھىپە

شانلىق مۇساپە ........................ زۇنۇن قۇتلۇق 2
قۇتلۇق كۈنلەر تەنتەنىلىك نىشانلانماقتا ........................ ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن 7

## ئەدەبىيات گۈلزارى

داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟............ (ئەبجەش خاتىرىلەر) ........................ ئابدۇقادىرجالالىدىن 8
ئېشەك قىسسىسى ۋە مەن............ (بىسارە) ........................ مەھمۇت سىدىق 22
ئەبجەش يازمىلار ........................ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 33
تەپەككۇردىن تامچىلار ........................ رەخىم ياسىن قاينامى قاتارلىقلار 37
تەزكىرەم............ (داستان) ........................ مۇھەممەت كېرىم ۋارىسى 42

## كۆڭۈل ئىزھارى

ئىزگۈ تىلەكلەر ........................ مىجىت ناسىر 45

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

دەپتەر ھاشىيىسىدىكى پۈتۈكلەر ........................ ئۆتكۈر ھاشىموف 47

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى ........................ تەبيارلىغۇچىلار: مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق قاتارلىقلار 64

## مۇھاكىمە

مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى ........................ ئەسەت سۇلايمان 87

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

پۇقرالار ساپاسى ھەققىدە «ئۈمىدلىك» ئويلار ........................ جاڭ شيەنلياڭ 136
مەسىلەك ئۈچۈن جەمئىيەت، جەمئىيەت ئۈچۈن مەسىلەك ........................ جۇخۇۋزى 146
ئىدىيە ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىك سىياسەت ........................ خۇۋېيشى 148
قىممەت قارىشىمىزدىكى يوشۇرۇن كرىزىس ........................ تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 150

## ژۇرنىلىمىزنىڭ شان شەرىپى

ژۇرنىلىمىز «شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» بولدى........................ رىسالەت مۇھەممەت 160

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر 12مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مەشھۇرمۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىنىساخان. رەسسام: ئابدۇكېرىم نەسىرىدىن. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: زۇنۇن قۇتلۇق    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت    مەزكۇر ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت



# شانلىق مۇساپە

ـ پارتىيە11ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى3ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتىگە بىر نەزەر

**زۇنۇن قۇتلۇق**

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 11ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20 يىل مابەينىدە شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەت ـ سەنئىتى مىسلىسىز گۈللەپ ياشنىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر، سىرك، گۈزەل سەنئەت، ئاممىۋى سەنئەت قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر

مىللەت خەلقىنى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى؛ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، ئويۇن (نومۇر)لار دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى چوڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» بولغان شىنجاڭنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىغە زور شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

ئازادلىقتىن بۇيان ، بولۇپمۇ پارتىيە 11ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتىگە زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى بىلەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە مەدەنىيەت ـ سەنئەت

**مەخسۇس سەھىپە**

تور-نۇقتىلىرى بارلىققا كەلدى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەردەرىجىلىك، ھەرخىل كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن 89ى، مۇنتىزىملاشقان، مۇكەممەللەشكەن ئويۇن قويۇش سورۇنلىرىدىن 26سى، تۈرلۈك كۇتۇپخانىلاردىن 64ى بار. بۇ كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان ھەرخىل يېزىقلاردىكى كىتاب - ژۇرناللار 5مىليون پارچىدىن كۆپرەككە يېتىپ، 1978-يىلدىكىدىن 12ھەسسە كۆپەيدى. تۈرلۈك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى 987گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى 16گە، مەدەنىيەت يۇرتى 92گە يېتىپ، ھەممە ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى بولۇش نىشانى ئاساسەن ئىشقا ئاشتى. يېزا - كەنتلەرنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت مەركەز -پونكىتلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، يېزا-بازار-دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەركەز-پونكىتلىرى 880دىن كۆپرەككە، كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆيلىرى 5460دىن كۆپرەككە يەتتى. كىنوفىلىم قويۇش، تارقىتىش ئىشلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، كىنو فىلىم تارقىتىش ئورنى 95كە، كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 2234كە، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا-قىشلاقلاردىكى كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 1476گە يەتتى. مەدەنىيەت-سەنئەت تەتقىقاتى ۋەمەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىدىمۇ زور يۈكسىلىش بولدى. مەخسۇس سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ئىككىگە ، سەنئەت تەتقىقاتى ئورنى ئىككىگە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 35كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مەخسۇس قوغدايدىغان ئورۇن 27 بولۇپ، قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 13مىڭ 245دىن كۆپرەككە يەتتى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا سەككىز مۇزېي بار بولۇپ، بۇلاردا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقى 36مىڭ 619دىن كۆپرەككە، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1-دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى 503كە يەتتى.

ئون نەچچە يىللىق يېتەكلەش، يېتىلدۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈرى بىر قەدەر تولۇق، مەدەنىيەت ئىستېمال كۆلىمى كەڭ بولغان مەدەنىيەت بازارلىرى شەكىللىنىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ، مەدەنىيەت-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشقادائىر فاڭجېن ، سىياسەت ۋە نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ، «بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، بىر قولدا باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا مەدەنىيەت تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇن ۋە سورۇن 800دىن كۆپرەككە، خەلق سەنئەت ئۆمەك-ئەترەتلىرى 190دىن كۆپرەككە، ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنى توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش، قويۇش (كۆرسىتىش) نۇقتىلىرى 1980دىن كۆپرەككە، مەدەنىيەت تىجارىتى سورۇنلىرى 500دىن كۆپرەككە ، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى مۇقىم مۇلۈك 365مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي بەلكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20يىل مابەينىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ 1981-يىلى 1-نۆۋەتلىك، 1984-يىلى 2-نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئاۋازى مۇزىكا كۆرىكى» ؛ 1987-يىلى 1-نۆۋەتلىك، 1990-يىلى 2-نۆۋەتلىك، 1997-يىلى 3-نۆۋەتلىك شىنجاڭ مەدەنىيەت-سەنئەت بايرىمى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1990-يىلى 1-نۆۋەتلىك، 1993-يىلى 2-نۆۋەتلىك، 1998-يىلى 3-نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇسسۇل مۇسابىقىسى؛ 1991-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تىياتىر كۆرىكى؛ 1992-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ناھىيە دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەنئەت مۇسابىقىسى؛ 1993-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئەلنەغمە كۆرىكى ۋە غەربىي شىمال بويىچە مۇزىكا ھەپتىلىكى پائالىيىتى، غەربىي شىمال بويىچەسېرىك مۇسابىقىسى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇسسۇل ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق كۆلىمى چوڭ، تەسىر دائىرىسى كەڭ بولغان مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئېرىشكەن زور نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بۆسۈش خاراكتېرىدىكى بىرتۈركۈم سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە نومۇر (ئويۇن) لارنى ئىجاد قىلىش، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى ، بولۇپمۇ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ، شۇ ئاساستا يېڭى، يۇقىرى پەللىگەكۆتۈرۈش ، پۈتكۈل مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىجادىيەتتە دەپ قاراپ، كۆپ قېتىم ئىجادىيەتچىلەرنى تەربىيىلەش بويىچە تۈرلۈك شەكىلدىكى كۇرسلارنى ئېچىپ كۆپلىگەن ئېسىل-نادىر ئەسەر (نومۇر) لارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. 1990-يىلى 12-ئايدىن 1991-يىلى 1-ئاينىڭ باشلىرىغىچە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئازسانلىق مىللەتلەر ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ يەتتە نومۇرى 27تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشىش جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ

تەرەققىياتىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك شەكىلدىكى ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە، ئېپىزوت كۆرەكلىرىدە سەنئەتكارلىرىمىز ئۆزكارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، 20 يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن ئالىي دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن زور شان-شەرەپ كەلتۈردى. بۇ مۇكاپاتلاردىن قىسقىغىنە مىسال سۈپىتىدە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللانىڭ 1990-يىل 12-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدا «مۇزتاغدىكى ئوت» ناملىق ئۇسسۇلنى ئورۇنداپ 1-دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا؛ 1992-يىلى 7-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن تۈركىيە - ئىستانبۇل خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا شىنجاڭ قازاق بىرلەشمە ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ 1-دەرىجىلىك ئويۇن قويۇش مۇكاپاتىغا؛ 1993-يىل 9-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئەلنەغمە كۆرىكىدە سۇلايمان روزى بىلەن سودىيە مەھمۇت ئورۇندىغان لەپەر «ئاشپەزخان بىلەن زەرگەرجان» نىڭ 1-دەرىجىلىك نومۇر مۇكاپاتىغا؛ يەنە مۇشۇ ئەلنەغمە كۆرىكىدە مېھرىگۈل قۇربان بىلەن تۇرسۇنگۈل سادىن ئورۇندىغان كۇلدۇرگە «تۆر تالىشىش» نىڭ 1-دەرىجىلىك نومۇر مۇكاپاتىغا؛ 1993-يىلى 9-ئايدا جۇڭگو شىنياڭ خەلقئارا ياڭگېر بايرىمىدا مەكتەپ دولان سەنئەت ئۆمىكى «كۈمۈش ئەتىرگۈل» مۇكاپاتىغا؛ 1995-يىلى 12-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن، دۆلەتنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپى بويىچە تەسىس قىلىنغان ئالىي ھۆكۈمەت مۇكاپاتى بولغان «ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇلتۇزى» پائالىيىتىدە ۋەتەنبېك ئورۇندىغان «ئالتۇن دالا» ناملىق ناخشا ئالتۇن مېدالغا؛ 1996-يىلى باھارگۈل ئىمىن ئورۇندىغان «تەڭرىتاغ ئوغۇل-قىزلىرى» ناملىق ناخشا «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا؛ 1997-يىل 12-ئايدائۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ «توز» لوڭقىسى ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە رەيھانگۈل، جەزىرە، زۇلپىيە ئىجراسىدىكى ئۇيغۇرچە ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل «تەخسە ئۇسسۇلى» 1-دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا؛ 1998-يىلىنىڭ باشلىرىدا خەلچەم سىدىق ئىشلىگەن ئۇسسۇل «قىزلار» مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «نىلۇپەر گۈلى» ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدا ئىجادىيەت ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا؛ 1998-يىلى 7-ئايدا بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو 4-نۆۋەتلىك خەلقئارا خوربايرىمىدا شىنجاڭ «1-ئاۋغۇست» پولات-تۆمۈر ھەسسىدارلىق شىركىتى خور ئۆمىكى ئالىي ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. بولۇپمۇ نەتىجىلەرنى سۆزلىگەن ۋاقتىمىزدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىگە يۈكسەك شان-شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن تۆت خاسىيەتلىك ئىشنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىمىز:

ئۇنىڭ بىرىنچىسى، 1994-يىلى 12-ئاينىڭ 4-كۈنى بېيجىڭدا ئاياغلاشقان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 20-ئەسىردىكى كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئۇستازى، مەرھۇمە قەمبەرخانىم رەتلەپ سەھنىلەشتۈرگەن «تەخسە ئۇسسۇلى» بىلەن ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ۋە رىژىسسورى، مەرھۇم ھاجىراھمان ئىجادقىلغان «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» ئالتۇن ھەيكەل مۇكاپاتىغا، ھاجىراھمان بىلەن زەينەپ سىدىق ئىجادقىلغان «دولان سەنىمى» كۆرسىتىش مۇكاپاتىغا جۈملىدىن ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى مەرھۇم ئىبراھىمجان ۋە خەلچەم سىدىقلار ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللار ئارقا-ئارقىدىن مەملىكەتلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، 1995-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن 5-نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخوامۇكاپاتى» بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە ، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق تويىغا سوۋغات سۈپىتىدە تەييارلىغان «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن-ھۆسەن» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا-ئۇسسۇل «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا يېڭى نومۇر مۇكاپاتى» غا، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن-ھۆسەن» نىڭ مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلغان نۇسرەت ۋاجىدى، جۈجى، نۇرمۇھەممەت سايىت، ماچېڭشياڭلار «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇكاپاتى» غا، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن-ھۆسەن» نىڭ باش ئۇسسۇلچىسى دىلنار ئابدۇللا «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا زورشان-شەرەپ كەلتۈردى. «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن-ھۆسەن» نىڭ ئۈچ تۈر بويىچە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ مەملىكەت بويىچە مۇزىكا، ناخشا-ئۇسسۇل تۈرىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك پەۋقۇلئاددە شەرەپ مۇكاپاتىغا مۇيەسسەر بولغانلىقى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي سەنئىتىنىڭ يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن، شۇنداقلا سەنئەت كەسپى بويىچە تېخى دۆلەتدەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەسلىكتەك ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى، ئاتاقلىق ناخشىچىمىز پاشائىشان 1955-يىلى ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ياشلار سەنئەت فېستىۋالىدا كۈمۈش مېدالغا ئېرىشىپ 42 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىمىز ئايتىللا قاسىم 1959-يىلى ۋېنادا ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار سەنئەت فېستىۋالىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ 38 يىل ئۆتكەندىن كېيىن شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق ياش-ئۇسسۇلچىسى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق ياش ناخشىچىسى ئايتۇرسۇن نىياز 1997-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە كۇبا پايتەختى ھاۋانادا ئۆتكۈزۈلگەن 14-نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار-ئوقۇغۇچىلار سەنئەت فېستىۋالىدا «كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكار ئالىي مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ؛ شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچىسى دىلنار 1997-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ دابېن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سەنئەت بايرىمىدا «ئەڭ ئالىي ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ؛ تۆتىنچىسى، 1998-يىلى ئۆكتەبىردە، ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونلىرى بويىچە ئاۋمېندا ئۆتكۈزۈلگەن مەشھۇر ياش ناخشىچىلارنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدا يەنە دىلنار ئابدۇللا

ناخشا-ئۇسسۇلنى بىرگەۋدە قىلىپ ئورۇندىغان «تۇرپان قىزى» ناملىق ناخشا بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە تاللانغان 28 ناخشا ئىچىدە بىردىنبىر ئالىي مۇكاپات «ئەڭ ئالىي سەھنە ماھارىتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتىگە دۇنياۋى شەرەپ كەلتۈردى.

20 يىل مابەينىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ دەۋر روھى، ئىسلاھات روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپلىگەن سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ ئۆز جايىدىكى تاماشىبىنلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا يۈزلىنىپ شىنجاڭ مىللىي سەنئىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى نامايان قىلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە كىردى. ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن نادىر سەھنە ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭىچە روھىي قىياپىتى ۋە تۇرمۇشى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئۆمەكلەر ئاساسىي كۈچىنى دراما ئىجادىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتىپ، «غېرىب-سەنەم»، «غۇنچەم»، «مەسلىھەت چېيى»، «كۈتۈلمىگەن توي»، «مۇقام ئەجدادلىرى»، «مۇلجەرتاغ بورانلىرى»، «تەكرىتاغ ئوغلى»، «ئەزىزە»، «ۋىجدان سوتى ئالدىدا»، «قىبرى يىگىتنىڭ تويى»، «چىن مودەن»، «تۇمان»، «تىنىق كۆل»، «سىرتماق»، «گۈلەمخان» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق نادىر تىياتىرنى ئوينىدى. كۆپلىگەن تىياتىرلار ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوينىلىپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1996-يىلى 7-ئاينىڭ 25-كۈنى خاربىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە ئوپېرا كۆرىكىدە شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇندىغان تارىخىي ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى» يەتتە تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ؛ شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بىرلىكتە ئورۇندىغان ئۇيغۇر ئوپېراسى «گۈلەمخان» 1997-يىلى «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ۋە 1998-يىلى چوڭ تىپتىكى مىللىي ئۇسسۇللۇق تىياتىر «چۆل قىزى» «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا يېڭى نومۇر مۇكاپاتى» غا، «لوپنۇر كەنتىدىكى مۇھەببەت» دىرامىسى «جۇڭگو دىراما ھەرىكىتىنىڭ 90 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر تىياتىرلارنى ئورۇنداش پائالىيىتى» دە توققۇز تاق تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىياتىرچىلىق ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى نامايان قىلدى.

ئىسلاھات، ئىچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىرك سەنئىتىدە غايەت زور تەرەققىياتلار بولدى. 1991-يىلى 5-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 3-نۆۋەتلىك سىرك مۇسابىقىسىدا روشەنگۈل ئەبەيدۇللا «قارتا ئۇچۇرۇش» نومۇرىنى ئورۇنداپ «ئالتۇن شىر» مۇكاپاتىغا؛ 1995-يىلى 9-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 4-نۆۋەتلىك سىرك مۇسابىقىسىدا شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى ئورۇندىغان «دارۋاز» لىق ئويۇنى «ئالتۇن شىر» مۇكاپاتىغا؛ 1998-يىلى سىرك «دارۋازلىق ئويۇنى» ۋە «قىزچاق» ئۇسسۇلى «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا يېڭى نومۇر مۇكاپاتى» غا، سىرك «پولات سىمدا مېڭىش» ۋە «سوغىغا كىرىش» مەملىكەت بويىچە 3-نۆۋەتلىك باللار-ئۆسمۈرلەر سىرك مۇسابىقىسىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا «ئالتۇن شىر»، «كۈمۈش شىر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن دەۋر ئالاھىدىلىكى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن شىنجاڭنىڭ سىرك سەنئىتى دۆلىتىمىزدىن ھالقىپ دۇنياغا يۈزلەندى. شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى جۇڭگونىڭ دوستلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە 1984-يىلىدىن ھازىرغا قەدەر 30 نەچچە دۆلەتتە سەييارە ئويۇن قويۇپ جۇڭگو سەنئەتكارلىرىنىڭ خەلقئارادىكى شۆھرىتىنى تىكلىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى دارۋازلىق سەنئىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا زور شۆھرەت قازاندى.

شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى ھەققىدە سۆزلەنگەندە شۇنى ئالاھىدە پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىزكى، بۇ ئۆمەكنىڭ مۇنەۋۋەر ئارتىسلىرى مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە كۆپ قېتىم ئالىي دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈردى. بۇ ئۆمەك خەلقئارا سىركچىلىك ئۆلچىمىگە يەتكەن ئەنۋەر مۇھەممەت، روشەنگۈل ئەبەيدۇللا، غەيرەت قاتارلىق ئاتاقلىق سىركچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئەنۋەر مۇھەممەتنىڭ «قول ماھارىتى»، «كەپتەر چىقىرىش ئويۇنى»، روشەنگۈل ئەبەيدۇللانىڭ «قارتا چىقىرىش» ماھارىتى دۇنيا سىرك مۇنبىرىنى زىلزىلىگە سالدى. شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى — خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغۇل-قىزلىرىدىن «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر 1997-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغىزىغا تارتىلغان سۇيۈزىدىن 402 مېتىر ئېگىزلىكتىكى، 7.640 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن 31 مىنۇت 48 سكونتتا ئۆتۈپ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوچرېين 1995-يىلى 10-ئاينىڭ 28-كۈنى بۇ يەردە ياراتقان 53 مىنۇت 10 سكونتتا ئۆتۈشتەك دۇنيا جىننىس رېكورتىنى بىراقلا 39 مىنۇت 63 سكونت ئالدىغا سۈرۈش ئارقىلىق يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتتى؛ سىرك-سېھرىگەرلىك چولپىنى روشەنگۈل ئەبەيدۇللا 1997-يىلى 7-ئايدا ئامېرىكىنىڭ نيۇ-يورك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا بويىچە 69-نۆۋەتلىك 10 مەشھۇر سېھرىگەرنى تاللاشتا 7-لىككە ئېرىشىپ مەملىكىتىمىزگە دۇنياۋى شەرەپ كەلتۈردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار مەدەنىيەت-سەنئەتنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، يەرلىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تاشقى سودا، ساياھەت بىرلەشتۈرۈلگەن مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. مەسىلەن، تۇرپاندا «ئۈزۈم بايرىمى»، سانجىدا «شاپتۇل بايرىمى»، قەشقەر، خوتەنلەردە «نەۋرۇز بايرىمى»، بورتالادا «نادام بايرىمى»، ئاقسۇدا «كۇسەن مەدەنىيەت-سەنئەت بايرىمى»، ئىلىدا «تۇلپار بايرىمى»، قۇمۇلدا «قوغۇن بايرىمى» ئۆتكۈزۈلدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20 يىل جەريانىدا شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى يەنە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؛ بولۇپمۇ «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر12مۇقامىنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش، سەھنىلەشتۇرۇش جەھەتتە قالتىس زور نەتىجىگە ئېرىشتى.

«4كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئارىلىقتا ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان مۇقام تەتقىقاتى نورمال ئىزغا سېلىنىپ، ئۇيغۇر12مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 1978-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى، 1981-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى، 1989-يىلى3-ئايدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، شۇ يىلى5-ئاينىڭ18-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق12مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر12مۇقامىنى قېزىش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتى تەشكىلىي، ماددىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، مەبلەغ جەھەتتىن ئىزچىل، كۈچلۈك تۈردە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشى، ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشى ئارقىلىق، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىپ زامانىمىزغىچە يەتكۈزگەن 12 مۇقامنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، نەشر قىلىش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملاندى. 12مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەنلىكى، خەلقنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجى ۋە ھوزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا بىرلەشتۇرۇلگەن ئالاھىدە سەنئەت تۈرى بولغانلىقى، مۇزىكا رىتىمىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، تەسىرلىك جەلپ قىلىش كۈچى، يېقىملىق، سەلتەنەتلىك بايان خاراكتېرلىك سەنئەت ئۇسلۇبى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن مەنبە ۋە خۇرۇچ بولۇپ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن ھەقىقىي جانلىنىش، قالتىس گۈللىنىش مەنزىرىسى ئېلىپ كەلدى. 20 يىلدىن بۇيان مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ئاساسىدا قايتا سەھنىلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىشلەنگەن «غېرىب-سەنەم»، «ئامانىسا»، «مۇقام ئەجدادلىرى»، «رابىيە-سەئىدىن»، «مۇقام ئۇستازى»، «پەرھاد-شېرىن» ئوپېرالىرى، «مۇقام يۇرتىنىڭ يېڭى باھارى»، «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن-ھۈسەن»، «كىرورەن گۈزىلى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇللار، جۈملىدىن مۇقاملاردىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلىنغان سىمفونىيىلەر ۋە كۆپلىگەن ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىلار خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى، ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ ئوپېرا، سىمفونىيە، چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىلاردىن بەزىلىرى مەملىكەت ۋە خەلقئارالىق ئالىي سەنئەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا زور شان-شەرەپ كەلتۈردى. «چەبىيات» مۇقامى جۈملىدىن مۇقاملاردىن پارچىلار مەملىكىتىمىز سەھنىلىرىدە ۋە ئەنگلىيە، پاكىستان، گېرمانىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، شىۋېتسارىيە، ئىران، ياپونىيە. . . قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەت ۋە تەيۋەن، شياڭگاڭلاردا ئورۇندىلىپ قالتىس ئالقىشقا ئېرىشىپ ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شۆھرەت ئېلىپ كەلدى.

20 يىلدىن بۇيان چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ۋە بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئاتمىش نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ شىنجاڭنىڭ مىللىي سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتتى؛ جۈملىدىن ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، كورىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، ئەزەربەيجان قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىكى200نەچچە سەنئەت تەشكىلاتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ ئويۇن قويۇش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە بولدى. پەقەت1998-يىلىلا شىنجاڭدىن39ئۆمەك (گۇرۇپپا) جەمئىي340 ئادەم قېتىم15 دۆلەت ۋە رايونغا بېرىپ ئويۇن قويۇش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە بولدى؛ جۈملىدىن18دۆلەت ۋە رايوندىن240ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى. بۇ ئارقىلىق ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ يېڭىچە قىياپىتىنى نامايان قىلىندى، ھەم شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ ياخشى يۈرۈستى يارىتىلدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتى پارتىيە11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى20يىل مابەينىدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، گۈللەپ ياشنىدى.

(M2)1998-يىل 1-نويابىر

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچىك رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# قۇتلۇق كۈنلەر تەنتەنىلىك نىشانلانماقتا

## خاۋاقىز باھاۋۇدۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ، ئاۋمېنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى ۋە 21.ئەسىرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەنتەنىلىك تەبرىكلەش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان بارلىققا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى، بولۇپمۇ پارتىيە 11.نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3.ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ـ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، جەمئىيەت ئالغا باسقان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن 21.ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشتەك روھىي قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن بۇ يىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۆۋەندىكىدەك داغدۇغىلىق ئەدەبىيات.سەنئەت پائالىيەتلىرى نىشانلانماقتا:

1. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلانغان چوڭ تىپتىكى مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكى تەييارلىنىپ، بۇ يىل 30.سىنتەبىردە شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا قويۇلىدۇ.

2. بۇ يىل سىنتەبىردىن ئۆكتەبىرگىچە ئاپتونوم رايون ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست، شەھەرلەر، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە قاراشلىق كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئورۇندىغان كونسېرتلاردىن نادىر نومۇرلار تاللىنىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر تىياتىر ۋە كونسېرت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

3. بۇ يىل سىنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «ۋەتەنگە مەدھىيە» ئاممىۋى خور مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

4. بۇ يىل ئىيۇلدا شىنجاڭ بالىلار.ئۆسمۈرلەر سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلىدۇ.


5. بۇ يىل1.ئۆكتەبىردىن 3.ئۆكتەبىرگىچە ئۈرۈمچىدىكى ئاساسلىق باغچىلاردا مىللىي سەنئەتنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان داغدۇغىلىق باغ سەيلىلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

6. بۇ يىل سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە گۈزەل سەنئەت، فوتوسۈرەت كۆرگەزمىسى، سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر كىنو فىلىملىرى كۆرگەزمە قىلىپ قويۇلىدۇ.

7. بۇ يىل ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ماينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەدەبىيات.سەنئەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن سەنئەت ۋە كىنو قويۇش ئەترەتلىرى تەشكىللىنىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ چەت.ياقا يېزا.قىشلاقلىرى ، زاۋۇت.كان، كارخانىلارغا بېرىپ ھال سوراش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

8. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يادرولۇق سەنئەت تەشكىلاتلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ تىپتىكى سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يىل 1.ئۆكتەبىردە بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە، 2.، 3.ئۆكتەبىردە پايتەختتىكى ئون چوڭ باغچىدا دۆلەت بايرىمىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان باغ سەيلىسىگە تەكلىپ بويىچە ئاپتونوم رايونىمىز 80 نەپەر ئارتىسنى ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەرلەر) لىرىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى بۇ پائالىيەتلەرگە پائال ماسلاشقان ھالدا بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تىياتىر، كونسېرتلارنى تەييارلايدۇ؛ ھەرقايسى جايلار كۆپخىل شەكىلدىكى ئەدەبىيات.سەنئەت، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بايرام كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ. (M2)



# داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟

(ئەبجەش خاتىرىلەر)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

## دۇنيادىن يىراق

1

پەسىللەرنىڭ پەزىلەتلىرىدە ياراتقۇچىنىڭ ھىممىتى بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەن ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ھەربىر ھادىسىدىن بۈيۈك روھىي ئارقا كۆرۈنۈشنى كۆرگەندەك بولىمەن. بۇ ئارقا كۆرۈنۈش قانداقتۇر بىر روھىي مەركەزنى يوشۇرغان ھالدا گويا ئالىلىبۇرۇن ۋايىغا يەتكەن پرىنسىپنىڭ تەنتەنىسىگە ئۇلۇغۋار نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى. بۇدۇنيادىكى بارلىق پەسكەشلىكلەر، ھىيلىگەرلىكلەر، ياۋۇزلۇقلار، تەڭسىزلىكلەر كەبىي جەمئىيەت ئىللەتلىرى بىپايان كائىناتنىڭ ھەرىكىتى داۋامىدا بەربات بولۇپ، ئاشۇ ھەرىكەت پرىنسىپىنى مەنبە قىلغان دۇنيا قاراش ۋە ئېتىقاد غەلىبە كاپالىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە ئىدى. دەر ھەقىقەت، بىز كۆرۈۋاتقان تەبىئەتتىكى پەسىللەر ۋاقىت ئۆزگىرىشلىرىدىكى

ئەدەبىيات گۈلزارى

قانۇنلارنى چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئاشكارا قىلىدۇ: بىز بىلىدىغان قايسىدۇر قۇرۇلۇشلار ئۆرۈلۈپ، يېڭى بىنالار قەد كۆتۈرىدۇ؛ قايسىدۇر بىر كۆۋرۈكنىڭ ياغىچىنى قۇرت يەپ بۇزۇلىدۇ؛ بىز تونۇيدىغان مويسىپىتلەر ۋاقتى كەلگەندە كېتىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بوۋاق، يېڭى سىمالار مەيدانغا كېلىدۇ. روشەنكى، تەبىئەتكە قارىساڭ ئىجتىمائىيەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ ئەپچىل بىشارەتلىرىنى كۆرەلەيسەن، ئويلانساڭ، ئۇ ھايات ھەقىقەتلىرىگە دائىر ئىنچام تەمسىلگە ئايلىنىدۇ.

شۇ تاپتا مەن پەرىشان كۆزنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپتىمەن. بۇنداق چاغلاردا شەھىرىمىزدە كۆيدۈرۈلگەن غازاڭلارنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ھاۋانى قاپلايدۇ. باھار، ياز پەسىللىرىدە مۇھىتىمىزغا زىننەت بولمىش ياپراقلار سارغىيىپ تۆكۈلگەن ھامان «ئەخلەت» قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. ئاشۇ زەپىران غازاڭلار نېمىشقىدۇر ماڭا دەۋرىمىزدە پىنسىيىگە چىققان كادىرلاردەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، سوپۇرۇلۇۋاتقان ۋە كۆيدۈرۈلۈۋاتقان غازاڭلارنى كۆرسەم بەربات بولغان ئەقىدىلەر ئۈچۈن

نادامەت چېكمەن. پەسىللەردە قانۇنىيەت بار، ھېسسىيات يوق، سىياسەتتە تەرغىبات بار، يۈز-خاتىرە يوق. سىياسەت قۇربان قىلىش ئارقىلىق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. تەختنى ئادالەت خورۇچلىرىدىن پۈتمىگەن سىياسەت بەگىنى ئەقىل خارابىلىرىدا ئۈنگەن ئوغرى تىكەن.

غازاڭلار سۈپۈرۈلمەكتە. سۈپۈرۈپ تازىلانغان كوچىلاردا قۇۋۋەت دورىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئېلان ۋەرەقىلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. قايسىدۇر بىر رومانىنىڭ كىنودىن ئالتۇندەك غازاڭغا كۆمۈلگەن ۋىنا كوچىلىرىدا سەيلى قىلىپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنى كۆرگەنىدىم. موزارتنىڭ ھەيكىلى كۈز ياپراقلىرى ئارىسىدىكى نازۇك تىۋشلارغا ھوزۇر بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. موزىكا موڭى ئارىلاش كۈز مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزەتتى.

ۋادەرىخ، بىزدە كۈز باشقىچە. . . مېنىڭ ئۆيۈم 1-قەۋەتتە بولۇپ، ئۆيۈمنىڭ كەينىدە بىرقانچە تۈپ تاش ئالما دەرىخى بار. باھار ئايلىرىدا ئۇنىڭ چېچەكلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ مېۋىلىرى چېچەكىدىن ئايرىلىپ نوقۇتتەك بولغاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى ئالما شاخلىرىنى يىرىپ يېيىشكە باشلايدۇ، شۇڭا ئۇ مېۋىلەرنىڭ كۈزدىكى ھالىتىنى بىلگىلى بولمايلا كەلدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تاش ئالما ئىكەنلىكىنى قورۇدىكى پىشقەدەملەردىن ئاڭلاپ جەزم قىلغانىدىم. بىزدىكى مائارىپ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە شەيدا ئەۋلادلارنى قاچان تەربىيىلەيدىكىن-تاڭ. بىزھازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. . . قانداقلا بولمىسۇن شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى شالاڭ ئاشۇ بىرقانچە تۈپ تاش ئالما دەرىخى خىيال سۈرگەن چاغلىرىمدا قارايدىغان ئەمەكلىرىم. ئەپسۇسكى، خىيالىمغا بوشلۇق ئاتا قىلغان ئاشۇ كىچىككىنە ھوزۇرى جەننەت يەنىلا دەخلىسىز ئەمەس. ئەگەر مەن بالكوندا تۇرۇپ يىراقتا ئەمەس، ئالدىمغىلا قارايدىغان بولسام، قەغەز پۇرۇپكىلار، سۇلياۋ (يالتىراق) خالتىلار، سېرىق چۆمۈلە ئولاشقان شاپاقلار كۆرۈنىدۇ. تېخى يېقىندىلا تاۋۇزچاغىنى بولىۋىدى، ئاي توقاچنىڭ قەغەز قۇتىلىرى تاشلىنىپ، يۇقىرىقىلارغا تېخىمۇ «ھۆسن» قوشتى. ئۈستىدە ئولتۇرىدىغان بەزى قوشنىلارنىڭ ۋاننىسى بار، ئۇلار يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن شىلانكىلىرىنى بالكونۇمنىڭ تۈۋىگە ساڭگىلىتىپ، يۇندىلىرىنى بىر ئەپلەك قۇيىۋېتىدۇ.

يالقۇن روزى «كامالتۇرۇك ۋە ئۈرۈمچى» دېگەن ماقالىسىدا (بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىل 2-، 3- (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. مۇھەررىردىن) ئۆيىنى «ئالىي ئاپتونومىيە» دېگەنىكەن. بىراق مېنىڭ «ئالىي ئاپتونومىيەم» بالكوندىن سىرتقا قارىغىلى بولمايدىغان ئاپتونومىيە ئىدى، چۈنكى سىرتقا قارىسىملا يېقىمسىز كۆرۈنۈش ۋە بەتبۇي پۇراقلار تۈپەيلىدىن ئىچىم ئېلىشىدۇ.

ئامال يوق، دېرىزىلەرنى ھەم ياپىمەن-دە، يېزىق شىرەيىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قايسىدۇر بىر كىتابنى قولۇمغا ئالىمەن. كاللامدا كىتاب بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىت دۇنيا تىكەنلىك قاناتلىرىنى ئاستا-ئاستا يېيىشقا باشلايدۇ.

ئۆيمۇ ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسە، ئۇ، ئۆزىدىن تاشقىرى دۇنياغا دېرىزە ئارقىلىق قارايدۇ. ئۇنىڭ ئادەملەرگە ئوخشاش تىنىپ كەتكەن مەڭگۈلۈك دۇنيالىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئادەم بولسا، ئۆينىڭ سوقۇپ تۇرىدىغان يۈرىكى. مېنىڭ ئۆيۈمچۇ؟ مېنىڭ ئۆيۈم جەمئىيەت ۋە ئادەملەرگە نىسبەتەن سوۋۇپ كەتكەن بىر يۈرەكنىڭ ئىگىسى ئىدى.

مەن ئۈچۈن ئۆي «ئالىي ئاپتونومىيە» ئەمەس بەلكى غىلاپ. كىشىلەر بېلكوفنى بېكىنمىچى، شۇڭا ئۇ غىلابنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان، دېيىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر «غىلاب بەندىسى» دېگەن ھېكايىدىن باشقا يەنە چېخوف دەۋرىدىكى روسىيىنى ئوقۇپ باقسۇن.

مەن ئۆيگە كىرسەملا تۇرمۇشنىڭ بېسىملىرىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇغاندەك بولىمەن. ئىككى ياشلىق ئوغلۇمنىڭ سەبىي قىلىقلىرى قاراڭغۇ ئۆيگە چۈشكەن نۇر سىزىقلىرىدەك ماڭا قۇياش ۋە تەبىئەتنىڭ ئىللىق مېھرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بۇ چاغدا، كۆز ئالدىمدا تاگورنىڭ شېئىرىي دۇنيالىرى يېيىلىپ، كېپىنەكلەرنىڭ قاناتلىرىغا، ئۈمچىلارنىڭ جۇشقۇن ناخشىلىرىغا، كەپسىز باللار پۈۋلىگەندىكى سوپۇن كۆپۈكچىلىرىگە سىڭىپ كېتىمەن.

شەھەردىكى كۈز بىلەن سەھرادىكى كۈز زادىلا ئوخشىمايدۇ. سەھرادا كۈز ئەلۋەك كېلىش بىلەن بىرگە مەنا ۋە ھېسسىياتقا باي بولىدۇ. ئۇ، زەپىران چىرايى بىلەن ئۆزىدىكى ئىچكى تىنىقلارنى تىڭشاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ، ۋايىغا يېتىپ پىشقان رەڭگارەڭ مېۋىلىرى ۋە ھوسۇللىرى بىلەن كىشىلەرگە ئەڭ سەممىي ۋەسىيەتلىرىنى ئېيتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. خۇددى بويىغا يەتكەن قىز ئىچ-ئىچىدىن كېلىۋاتقان تەبىئىي پۇراقلىرى بىلەن يىگىتلىك ھېسلىرىمىزغا مەدەتكار بولغاندەك، كۈزمۇ جىمجىت تارتىنچاقلىقى ۋە خۇش پۇراقلىرى بىلەن تەڭرى ئاتا قىلغان ھاياتلىقنىڭ نۇسرىتىنى تونۇتۇپ، دىللارنى سۆيۈندۈرىدۇ. خىسلەتلىك ۋەھىيلەرنى پەيغەمبەرلەر خۇدادىن قوبۇل قىلىدۇ. شائىر تەبىئەتتىن قوبۇل قىلىدۇ. سىياسىيونلار جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىدۇ، خۇدا دەل ئاشۇ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋەھىيلىرىنىڭ بۈيۈك تاكامۇلى.

سەھرادىكى ئاشۇ چىرايلىق كۈز بالىلىقىمغا كاتتا مەنىلەرنى قوشقانىدى. زەڭگەر ئاسمان تېخىمۇ سۈزۈلۈپ، ئادەتتىكىدىن ئېگىزلىشىپ كېتەتتى. سەھرادىكى كۈز ئاسمىنىغا قارىساڭ، لۇغەتلەردىكى «ئەھەد»، «يۈكسەك» دېگەن ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى

جالالىددىن رۇمى كەبىي سىرلىق رەۋىشتە مۇتالىئە قىلالايسەن.

ئىسسىق ئىقلىملارغا كۆچۈۋاتقان تۇرنىلار سېپى سېنىڭ نەزەرىڭنى ئەگەشتۇرۇپ، يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ، ئاسمانىنىڭ كەينىدە يەنە بىر ئاسمانىنىڭ بارلىقىنى شۇ چاغدا غۇۋا كۆرۈپ قالىسەن. گەرچە سېنى تاغلار ۋە ئورمانلار، كۆزۈڭ تېلىپ ئاران يېتىدىغان ئۈپۈق سىزىقلىرى ئوراپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەنە شۇنداق دەقىقىلەردە دۇنيانىڭ ئىنتايىن كەڭلىكىنى سېزىسەن-دە، قەلبىڭ ئارمانلارغا لىق تولىدۇ. جەسۇر ئاتلىرى بىلەن تاغ - داۋانلار ئېشىپ ئۇلۇسلارنى تۇتاشتۇرغان، قەۋملىرىمىزگە ئىناقلىق ۋە قۇۋۋەت رىشتىلىرىنى چاتقان ئوغۇزخان، سەئىدخان، بابۇرخان كەبىي ئاتلار قىسسە ۋە تەزكىرىلەرنىڭ ئاراچلىرىدىن چىقىپ سەن تەرەپكە كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

بىراق تۇرنىلار كېتىپ قالغاندىن كېيىن تولىمۇ كىچىك بىر مۇھىتتىكى ناتىۋان ھالىتىڭ ئەسلىگە قايتىپ، تەسۋىرلەپ بولغۇسىز مەيۈسلىك يۈرىكىڭنى قىسىشقا باشلايدۇ.

«قىزىل قىيا» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن مەھبۇس لىيۇسياڭ جازالاگىرىدا شامالداشقا چىققاندا، تۈرمىنىڭ سۇرلۇك سەيناسىدا چۈرۈلداشقان قۇشقاچلارنىڭ تىكەنلىك سىملار تارتىلغان تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئەركىن دۇنياغا ئۇچۇپ كېتىشكەنلىكىنى ھەسرەت بىلەن تاماشا قىلىدۇ-دە، قەلبىدىكى باھار تەلپۈنۈشلىرىنى باسالمايلا قالىدۇ. مەھبۇسلۇقتا تۇغۇلغان، مەھبۇسلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ھەپسىگە تۇتۇلغان لوبو باش بالا تۈرمە قورۇسىغا ئېزىپ -تېزىپ كىرىپ قالغان كېپىنەكنى قوغلىسا، باشقا مەھبۇسلار پەنجىرىدىن تىكىلىپ ھوزۇر قىلىشىدۇ. شۇنداق، ئىنسان ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇ، ئۆزى تۇرغان مەھكۇملۇقنىڭ قانچىلىك ۋەھشىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاددى، مەنىۋى جەننىتىنى قۇرۇپ چىقىشقا قادىر بولالايدۇ.

تارغىنا ياتاق ئۆيۈم مەن ھەم ئايالىم ئۈچۈن ئېيتقاندا ياتاقلا بولۇپ قالماي، يەنە كۇتۇپخانا. بەزىدە چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى كۆرۈپ ئايالىممۇ چېچىلىپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاشۇ كىتابلارنى رەتلەيدىغان، توپا بېسىپ كەتسە سۈرتىدىغان چىن پەرۋىشكار. شۇ تاپتا ئالدىمدىكى ئۈستەل سائىتى بىرخىل رېتىمدە چېكىلداپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ دەقىقىلەرنى كۆرسىتىدىغان سترېلكىسى پۇتكۇل سائەت يۈزىنى بىر ئايلىنىپ چىققۇچە قاراپ باقتىم، گويا يۈرىكىمنى ئاشۇ سترېلكىنىڭ ئۇچىغا قاداپ قويۇپ بەردىم. يۈرىكىم چەكسىز ۋاقىت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى. بۇدېڭىز ماڭا سىياسەت، تۇزۇم، مىللەت، ئىرقتىن ھالقىغان بىر ئومۇملىقنى ھەدىيە قىلاتتى. بۇ ئومۇملىقتا سائەتلەر دۇنيانىڭ كۆرۈنمەس ھۆجەيرىسىگە ئايلىنىپ كەتتى. مەن ئىككىگە بۆلۈندۈم. مەنىۋى ئۆزۈم خۇدانىڭ ھىماتى ئاستىدىكى 18مىڭ ئالەمگە قاپلاندى، جىسمانىي ئۆزۈم يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدا تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى. مەنىۋى ئۆزۈم بىلەن جىسمانىي ئۆزۈمنىڭ بىرلىشىپ قالىدىغان چاغلىرى بەكمۇ ئاز ئىدى. مەن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ پۇشكىننىڭ دېڭىز ۋە ئەركىنلىك ھەققىدىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇغانمەن، نەۋائىينىڭ مۇھەببەت شامالللىرىنى پۇرىغانمەن، پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ كامالەت ئىزدىگەن قۇشلىرىنى تەقلىدىي سىزىپ چىققانمەن. قارىسام قۇش ھەققىدە شېئىر يازمىغان شائىر يوقتەك تۇرىدۇ، مېنىڭ شېئىرىمدىمۇ «قۇش» دېگەن سۆز كۆپ ئۇچرايدۇ.

يەنىلا ئىقلىملار كېزىپ باھار ئىزدىگەن قۇشلار ئېسىمگە كەلدى. قۇشلارنىڭمۇ سىنىپىي كۈرەشكە تارتىلىشىدەك غەلىتە تارىخى تېخى يېقىندىلا بولدى. ئەمما قۇش بەرىبىر قۇش بولغاچقا، ئىنسانىيەت تاڭغان تۇزۇمنى ئېتىراپ قىلىشمىدى. ئۇلار پەسىل ئاتلاپ ئۇچۇۋېرىشتى.

جىبران خەلىل جىبران ئېيتقاندەك، قۇشلار ئىنسانلار مۇيەسسەر بولالمىغان بەختتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئۇلاردا پاسپورت دېگەن نەرسە بولمايدۇ، ئۇلاردا پاسپورت ئۈچۈنلا يول ماڭىدىغان ياكى پارا بېرىدىغان ئىشلار بولمايدۇ. ئۇلاردا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆزى قانۇن تۈزۈپ ئۆزى خىلاپلىق قىلىدىغان، ئۆزى پاسىل بەلگىلەپ ئۆزى سىقىلىدىغان ئادەت يوق. ئۇلاردا تەڭرى بەلگىلەپ بەرگەن بىرلا قانۇن بار.

## 2

مەن سىزگە مۇجمەل كەيپىياتتا دەپ بېرىۋاتقان ئاشۇ تارغىنا ئۆيىنى مەنىلەر بۇرجلىرىنى كۆرسىتىدىغان رەسەتخانام دېسەممۇ بولىدۇ. پىكىر يۇلتۇزلىرىم كۆپ ھالالاردا غەم تۇمانلىرى تۇپەيلىدىن خىرەلىشىپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە چورت كۆرۈنمەيلا قالىدۇ. ئۆي سېتىۋېلىش ۋە قەرز قايتۇرۇش غەۋغالىرى ئويلىنىش ئۈچۈن قۇرۇپ چىققان خۇسۇسىي قورغىنىمنى پات-پات ئىگىلىۋالىدۇ. باشقىلارغا ئىزاھلاپ بەرگۈسىز تەڭقىسلىق لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ سېتىۋالغان كىتابلىرىمنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

دېئېل كارنىگ: نامراتلىقتىن مۇزىكا چىقىدۇ، دېگەنىكەن. مۇزارت نامراتلىقى تۇپەيلى ئىنسانىيەتنىڭ چەتكە قېقىلغان ۋىجدانىنى كۆرەلىگەنىكەن. مېنىڭچە، نامرات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ سەۋرى چېكىدىن بەك ئېشىپ كەتسە، نامراتلىقتىن مۇزىكا ئەمەس، بەلكى يۆتەل ئاۋازى چىقىدۇ.

تاشقى دۇنياغا قارىتا ھەۋىسى ۋە قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلار ئۆيىگە بەنت بولۇپ تۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلاردا كولومبودىكى تەۋەككۇلچىلىك قۇتراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ماڭسام، چاپسام، ئۇچسام، يېڭى قورۇقلۇقلارنى تاپسام دەيدۇ. نوقۇل بىر

ئورۇنغا ھاقلىنىپ قىلىش ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ساقايماس جاراھەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار جۇشقۇن ھېسسىياتىنى خىلمۇخىل دۇنياغا سىمپترىك ھالدا قويۇپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. دېمەك، مەنمۇ ئاشۇنداق ياشلارنىڭ بىرى. لېكىن مەن تولىمۇ خىيالچان. بىرتەرەپتىكى تامغا دۇنيا خەرىتىسى چاپلانغان، بىرتەرەپتىكى تامغا كىتاب ئىشكاپى، بىر تەرەپكە كارىۋات، بىرتەرەپكە ئاددىي كىيىم ئىشكاپى ئوتتۇرىغا يېزىق شىرەسى قويۇلغان ئۆي بارلىق شوخلۇقلىرىنى شائىرانە تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن قىلىدىغان ماڭا ئوخشاش مۇلۇكسىز ياشنىڭ دۇنياسى.

مەن بۇ ئۆيدە كۆپ ئولتۇرىمەن، شۇڭلاشقا، بۇ ئۆينى كىيىمىمگە ئايلىنىپ قالغاندەكمۇ ھېس قىلىمەن. مەن ئاساسەن دېگۇدەك بۇ كىيىمنى سېلىۋېتەلمەيمەن، سالسام يالىڭاچلىقىمنى ھېس قىلىشتىن قورقىمەن. فرانس كافكانىڭ گېئورگىي سامسادېگەن قەھرىمانى بىر كېچىدىلا قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قاتتىق يەكلىشىگە ئۇچرايدىكەن. مەلۇمكى، بىر ئادەم بىر يەرگە باغلىنىپ ياشاۋەرسە قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىپ، پۈتكۈل دۇنيانى قۇرتچە نەزەر بىلەن كۆزىتىدىغان، ئۆزى قىمىرلاپ ماڭغاچقا، جاھاندا راكېتا دېگەن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆيدىن چىقماي پىكىر قىلىپ يولۋاسقا ئايلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ نەدىمۇ ئۇ ئۇۋلاشنى بىلمىگەن يولۋاس بولسۇن!

توڭۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ كىيىمى يېلىڭ بولسا، ئاخىرى ئۆيگە كىرىۋالىدۇ، «سىقىلغان يۈرەك كېڭىيىش ئىلاجىنى قىلالمىسا، ئىچكى دۇنيانى قېزىشقا باشلايدۇ» (ھيۇگو).

پاسپورتى يوق ئادەم دۇنيانى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئارقىلىق چۈشىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. پاسپورت دۇنيادا تېخى سىياسىي قىمارنىڭ ئاخىرلاشمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە. دەل پاسپورت دېگەن نەرسە مەۋجۇد بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ مىللەت تۇيغۇسى كۈچەيگەن، ۋەتەن ئۇقۇمىنىڭ كېڭىيىشى توختاپ قالغان، دۇنيا چۈشەنچىسى تارايغان، شۇنداق بولغاچقا، ئادەمىيەتنىڭ بالىلىرى بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان بولغان. كىشىلەر ئارا دوستانە نەزەر بىلەن قاراش گويا زامانىمىز تارىخىغا يىراق مەۋھۇم مەسىلىككە ئايلىنىپ قالغان.

مەن ۋەتىنىمدىن ئۆزگە دۇنيانى كۆرۈپ باقمىدىم. گەرچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىردەك قۇچاقلىغۇم كەلسىمۇ، ئۇنداق قىلالمىدىم. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەلمىگەن چاغلىرىمدا ئىختىيارسىز ھالدا دۇنيا خەرىتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالىمەن. مانا ئالدىمدا خەرىتە، لېكىن ئۇنىڭدىن دۇنيانى ئەمەس، بەلكى دۇنيا ھەققىدىكى غۇۋا ئۇقۇمنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەنە ئاۋۇ كۆپكۆك تۈرگىنى دېڭىز. لېكىن ئۇنىڭدىن چوڭ بېلىقنىڭ كىچىك بېلىقنى يېگەنلىكىنى، سۇلارنىڭ شىددەتلىك نەرە بىلەن قىيا تاشلارغا ئۇرۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەنە ئاۋۇ توخۇنىڭ كۆزىدەك تۈرگەنلىرى شەھەر، لېكىن ئۇنىڭدىن تۈرمۇش رىقابىتىنىڭ شەپقەتسىز مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كۆز ئالدىمدىكى ھەر بىر رەڭ بىر دۆلەتكە – ئورتاق مىللىي ئىرادە ۋە ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان خوجايىنلىققا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ رەڭلەرنىڭ دائىرىسى بىر-بىرى بىلەن تەڭ بولمىسىمۇ، بەزىسى چوڭ، بەزىسى كىچىك بولسىمۇ، بەزىسى زىيادە چوڭ، بەزىسى كىچىك-كىچىك بولسىمۇ، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىغا ئوچۇق-ئاشكارە زەرەر يەتكۈزەلمەيتتى. خەرىتىگە ئۇزاق قاراپ كۆزۈم تورلاشقاندەك بولدى، بارلىق رەڭلەر بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ، رەڭ تۈركۈمى ئېنىق بولمىغان بىر دۇنيا مانائىلىق كۆزلىرىمدە ئەكىشكە باشلىدى. مەن كۆزۈمنى بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ، خەرىتىگە يەنە قارىدىم. تۇۋا، چېگرىلارنى بىلدۈرىدىغان سىزىقلار ئاساسەن تۈز بولمايدىكەن. باراۋەر ئىرادىلەرنىڭ كېلىشىمى ياكى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىرادە ئۈستۈنلۈكى بىلەن سىزىلغان پاسىللار تۈزدەك قىلاتتى. بۇنداق تۈز سىزىقلار كانادا-ئامېرىكا ۋە ئافرىقا زېمىنلىرىدە بارئىدى. رەڭ رەسساملارنىڭ نەزەرىدە ئېستېتىك مەنىگە ئىگە بولسا، جۇغراپىيونلارنىڭ نەزەرىدە سىياسىي مەنىگە ئىگە ئىدى. مەن ئېستېتىكا ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ۋانگوك، سىزانلارنىڭ رەسىملىرىدىن زوق ئالغاندا، رەڭ ئىچىدىن رەڭ ئاختۇرۇپ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم. چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا سەنئەتكارلارنىڭ رەڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىندىۋىدۇئال دۇنياسىنى تاپقىلى بولاتتى. شۇ ئادىتىمنى بەزىدە خەرىتە ئالدىدىمۇ جارى قىلىپ تاشلايمەن. تەبىئەتتە يىلپىز جەرەن ئوۋلاپ يېسە، ئادەملەر يىلپىزنى ئوۋلاپ يېيەلەيدۇ. ئەمدى ئادەملەرنىڭ ئادەم ئوۋلىشىنى ئالساق، بۇ، ئىجتىمائىيەت سەھنىسىدىكى ھادىسىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. ھاياتلىق تۈركۈملىرى بىر-بىرىنى سىڭدۈرىدۇ، ئاپئاق قىش يېشىل كۆكلەمگە سىڭىپ كەتكەندەك، رەڭ رەڭگە سىڭىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ.

تەبىئەتنىڭ خاھىشى بويىچە ئالمىشىدىغان پەسىللەر قىر-داللارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەندەك، تارىخنىڭ خاھىشى خەرىتىدىكى رەڭلەر ۋە سىزىقلارنىڭ ئورامىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس گېروسىنىڭ «بوز-قىر ئىمپېرىيىسى» ناملىق تارىخ ئەسىرىگە قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن تارىخىي خەرىتىلەرنى كۆرۈپ، ھەرقانداق خەرىتىنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن سىزىلىشىدەك ئاددىي ھەقىقەتنى مۇرەككەپ كەيپىيات ئىچىدە يېڭىباشتىن تەستىق ئەتكەنىدىم.

كىشى ئۆز رېئاللىقىدا تۇرۇپ قايمۇققان چاغلىرىدا ئاسانلا ئۆتمۇش تارىخىغا باغلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللىقاچان مۇئەييەنلىشىپ بولغان تەجرىبىلەرنىڭ دولقۇنىدا ئۈزىدۇ. بىراق نامەلۇم تەجرىبىلەر كىشىگە يۈز-خاتىرە قىلمايدىغان تەرىزدە كۆتۈپ تۇرغان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بۈگۈنىگە خوجايىن بولالمىغانلارنىڭ ئەتىسى تەشۋىشلىك تۈننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلماي قالمايدۇ.

2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مەن كۆرۈۋاتقان ئاشۇ خەرىتىدىكى رەڭلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. يالتا يىغىنى ۋە پوتسدام كېلىشىمى خەرىتىدىكى رەڭلەرنىڭ ئۆزگىچە بىر تەرتىپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇتۇپلار ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بىراق ئىنسانىيەت ئۆزى تۈزگەن كېلىشىم ۋە قائىدىلەردىن يۈز ئۆرۈمەي قالمايتتى، چۈنكى كېلىشىم ئۈستۈن كۈچلەرنىڭ بىرخىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىدىن ئىبارەت ئىدى. بىز ئېيتقاندەك، 1990-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈستۈن كۈچلەر باش قاتۇرۇپ سىزىپ چىققان پاسىللار بىكار قىلىندى - ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىمۇ قولىغا قەلەم ئالدى، ئۇلار بۇ قەلەمنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سىيالارغا چىلاپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پاسىللىرىنى سىزىپ چىقىشتى. تىنىمسىز ئىلگىرىلەۋاتقان ئىنسانىيەت ئۈچۈن بۈرۈنقى تارىخ ھامان خاتا يېزىلغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزگەرتىلىدۇ.

مانا ، ئالدىمدىكى خەرىتە تىپتىنچ تۇرۇپتۇ، ئۇ شۇ تاپتا پىكىرلەر داۋالغۇپ تۇرغان قەلبىمدىكى دۇنياغا باققاندا، تولىمۇ ئەرزىمەس كۆرۈندى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇ تىپتىنچ ھالىتى رېئال دۇنيادىكى ئۇرۇش ئوتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن قېلىۋاتقان جاراھەتنى مەڭگۈ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. مەن خەرىتىگە قاراپ دۇنيا ئىزدەيمەن، خەرىتە مېنىڭ پىكىرلىك قەلبىمگە قاراپ مەنا ئىزدىمەكتە. ئېنىقكى، مەنالىق بىر دۇنيا ھامان مېنىڭ ئىسسىق قان ئۇرغۇپ تۇرغان ئالمىدەك يۈرىكىم بىلەن بىللە تۇغۇلىدۇ.

خەرىتىدىكى پاسىللار ماڭا قان ئېقىپ تۇرغان جىلغىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. «مەن ئافىنا پۇقراسى ئەمەس، بەلكى دۇنيا پۇقراسىمەن» دەپ توۋلىغان سوقرات ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھايات بولسا، «پاسىل» دىن ئىبارەت قانلىق جىلغا ئالدىدا توسۇلۇپ قالار بولغىيمىدى؟ !

سوقرات ئادالەتسىز قانۇن تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى، مانا بۇ قانۇننىڭ قانۇنسىزلىقى. لېكىن سوقرات قېچىپ كېتەلەيدىغان تۇرۇقلۇق قانۇن دېگەن ئۇقۇمنىڭ مۇقەددەسلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە رازى بولدى. بۇنى نېمە دەيمىز؟ مانا بۇ قانۇننىڭ ۋىجدانى. قانۇن بىلەن ۋىجدان بىر-بىرىنى تولۇق چۈشەنمىدى، شۇڭلاشقا ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلار

ھەقىقەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدى.

ئىنساننىڭ شەخسىيىتى تەنھا بولىدۇ، لېكىن ئىنسانىيەتچىلىك تەنھا بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئىنسان ئۆزىدىن ھالقىپ پائالىيەت قىلىشقا موھتاج. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بارلىق كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ دوستلۇقى ئارقىلىق ئۆزلۈكنى كېڭەيتىدۇ ۋە مۇشۇ كېڭەيىشنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكىدە ئورتاقلىقنى يارىتىدۇ. مانا بۇ تەبىئىي ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقى.

مەن بىر ئۇيغۇر يىگىتى ، بىراق مەن بۇ يەردە تولىمۇ يىراق ئامېرىكىدا ياشىغان ۋالت ۋېتمان بىلەن ئورتاقلىق تاپالايمەن. ئۇ كۈيلىگەن تەبىئەتنىڭ ئاۋازىنى مەن كىچىكىمدىن تارتىپ 12مۇقامدىن ئاڭلاپ چوڭ بولدۇم. ئىنسانىيەتنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە ئەنە شۇنداق چېكىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي بىز «ئىنتېرناتسىئونالىزم» (بەينەلمىنەلچىلىك) دەپ ئاتايدىغان دۇنياۋى رىشتىنى خوتەن يىگىتى فەرھاد ۋە ئەرمىنىيە گۈزىلى شىرىننىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزگەن ئەمەسمىدى؟ !

نەۋائىي پاسپورت ھەققىدە بىرنەرسە دېمىگەن، چۈنكى ئۇ زامانلاردا مەنىۋىيەتنى يۈگەنلەيدىغان زامانىۋى چەكلەر كۆپ ئەمەس ئىدى. نەۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى فەرھاد زامانىمىزدا بولىدىغان بولسا، پاسپورت ئالالمىغان بولاتتى-دە، بىستون تاغلىرىنى يېرىپ، سۇغا تەشنا خەلقنى خۇرسەن قىلالمىغان بولاتتى.

مەن بۇ يەردە غايىۋى بىر دۇنيانى چۈشەۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئەمەلگە ئېشىشتا رېئال ئاساسلىرى تولۇق تۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ئارمان سۈپىتىدە ئاداپ كەتكەن كىشىلىك ئىستىكىم-دۇنيانى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ھەققىدە سۆز ئېچىۋاتىمەن. بۇ، نورمال بىر ئىنساندا بولىدىغان ئەڭ ئاددىي تەلەپ بولۇپ، ئۇ، قاندۇرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىززەت-ھۆرمىتىڭنى قولدىن بېرىپ قويغان بولىسەن.

كىچىكىمدە ئانام: ئۇ تام بەك خەتەرلىك، ئۇنىڭغا ياماشمىغىن، دەيتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا يامىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەتتىم. ئانام مېنى: ئۇ تاغلار بەك يىراق، بارغىچە ھېرىپ قالىسەن، دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. لېكىن مەن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي دوستلىرۇم بىلەن بىرگە شۇ تاغلارغا بېرىپ، تاغلارنىڭ كەينىدە تاغ بارلىقىنى بىلگەنىدىم.

ھېكمەت: ئولتۇرۇپ تۇرۇپ بىلگەن بىلىملەرگە قارىغاندا، ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇپ ئالغان بىلىملەر جانلىق بولىدۇ.

تەلەپچان ئادەملەر رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىگە كۆپرەك ئۇچراپ، ئاخىرى جىمغۇر بولۇپ قالىدۇ. يىگىتلەردىن زىلۋا بوي، شوخلۇق كۈتىدىغان قىزلار بۇنداق جىمغۇرلۇقنى چۈشەنمەيدۇ. پىكرىي

شوخلۇقىنىڭ سۇرۇن پوستى بولمىش جىمغۇرلۇق ھازىرقى ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان ئامەتتىن قۇرۇق قالىدۇ.

مىراۋ دېڭىزدىن شۇنداق سوراپتۇ:

— ئەي، دېڭىز، سېنىڭدە زادى ئوت يوق تۇرۇقلۇق نېمىشقا قاينايسەن؟ قايناپ تۇرۇقلۇق سۈيۈڭ نېمىشقا سوغۇق؟

— ئەي، دەردلىك ئىنسان، شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ سەن قورقىدىغان دوزاق ئوتى دەل مېنىڭ ئاستىمدا كۆيىدۇ، شۇڭا قايناپ — تېشىپ تۇرىمەن، ئوت بەك ئازابلىق بولغاچقا سۈيۈم سوغۇق.

دوستلار، مېنىڭ جىمغۇرلۇقىمنى كەچۈرۈڭلار!

3

مەن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. مۇستەقىل خاراكتېر ۋە دۇنيا قاراش يېتىلدۈرگەن كىشىلەر كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى خاس مەنىۋى دۇنياسى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۆزىگە لايىق قىممەتنى ھېس قىلالايدۇ. سەممىي يازغۇچىلار ئۆزلىرى ئۇچراتقان يېڭى نەرسىلەر بىلەن قەلبى ئوتتۇرىسىدا روي بېرىۋاتقان زىددىيەتلەرنى ئەينەن خاتىرىلەپ ئوقۇرمەنلەرگە تاپشۇرىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلار ساددا كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان تەئەججۇپلىرىنى يوشۇرمىغان بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە گيوتىنىڭ «ئىتالىيە مەكتۇپلىرى» مەندە ئالاھىدە تەسىر قالدۇردى. ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئۇچىقى ھېسابلىنىدىغان ئىتالىيە گيوتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، گويا پايانسىز كەتكەن سەنئەت مۇزېيىدەك كۆرۈنگەندى، بۇ يەرنىڭ كەچكى شەپىقى، بولزانو كوچىلىرىدىكى قايناق بازارلار، چېركاۋ تاملىرىدىكى ھەيۋەتلىك دىنىي رەسىملەر گيوتىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى يېڭىباشتىن بايقىشىدىكى ئوبيېكتلاردىن بولغانىدى. ئىتالىيىدىكى ئىككى يىللىق زىيارەت گيوتىنىڭ ئىجادىيىتىدە كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغانىدى.

كىتاب ئوقۇش ياخشى ئادەت، بىراق ئەمەلىيەتچىل پىكىرلەر نوقۇل كىتاب ئوقۇشتىن كەلمەيدۇ، كىتاب دۇنيانى ھەرىكەت جەريانىدا كۆزىتىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ياخشى دوست، ئۆزىمۇ توختاپ قېلىش بىلەن بىرگە دۇنيانى تۇرغۇن ھالەتتە چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇيقۇ دورىسى. قەدىمكى رىمنىڭ مۇتەپەككۇرى سېنېكا ساياھەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ياشلىق چاغلىرىدا كۆپ جايلارنى كەزگەن. ھىندىستاندا موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان كاتتا ئەربابىمىز زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» دېگەن ئەسىرىدە ئىقلىملار ۋە تەبىئەتكە بولغان، شەيدا قەلبىنىڭ دۇردانە ھېكمەتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. بىز قەيت قىلىۋاتقان بۇ شەخسلەر ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقان مۇشۇ ئەسىرىمىزدىن خېلى ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر. 20-ئەسىردە ياكى 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىش ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ئايلاندى، ھەتتا ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق كۆرە تۇرىدىغان بىرقىسىم دۆلەتلەرمۇ بار بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لېنىيىلىرىنىڭ دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرۇشى يەر شارىنى كىچىكلىتىۋەتتى. دەرۋەقە، بۈگۈنكى شارائىتتا بىر رايوننىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات مەسىلىسى پۈتكۈل دۇنيا بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ قالدى. بىر رايوننىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقى، سىياسىي مۇھىتى، تەبىئىي مۇھىتى، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش-قويماسلىقى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئورتاق مەسىلىسىگە ئايلاندى. بۇنىڭغا قاراپ دۇنيانى كىچىك دېمەي ئامال يوق.

ئەمما، دۇنيا بىز ئۈچۈن يەنىلا بەك چوڭ، چۈنكى تەرەققىي قىلغان دۇنيانىڭ ھەقىقىي رۇخسارى بىزدىن بەك يىراقتا، بىز ئۇنى پەقەت رەڭ ۋە ئىش قوشۇلغان تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن، تەشۋىقات ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان ئاخباراتلاردىنلا كۆرەلەيمىز. بىز ئۆزىمىزدىن تاشقىرى دۇنيانى ئۇقۇم، غايە، مەسلەكتىن ئىبارەت يات كۆزەينەك ئارقىلىق كۆرۈپ كەلدۇق. شۇڭا، دۇنيانى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ دىتلاپ بېقىشتىن تولىمۇ يىراقتىمىز. بىز ئۈچۈن نيۇ-يورك، توكيو دېگەنلەر ئاي شارىدىنمۇ يىراق. بىزنىڭ بۇ يەر گارسىيە ماركوسنىڭ «100يىل غېرىبلىق» ئەسىرىدىكى ماكوندو كەنتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. جاھان كۆرمىگەن ئادەملەرگە چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرى سىرلىق ھەم ئەتىۋار نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. خۇددى دىيارىمىزدىن ئايرىپ سېتىلغان تۈرك ئاتلىرى تاڭ پادىشاھىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغاندەك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەلتولىرى، ھەرەمنىڭ خورمىلىرى، گېرمانىيىنىڭ شلەپىلىرى بىزنىڭ ئەڭ مەلۇماتلىق كىشىلىرىمىزنىڭ روھىنى زىلزىلىگە سالدى. «100يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى سىگان كىشىسى مېرگادىس ئېلىپ كەلگەن ماگنىت ماكوندوكەنتىدىكى لاخشىگىر، مەش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوڭدا-دۈمدە قىلىۋېتىپ، خالايىقنى ھەيرانۇ-ھەس قىلىۋېتىدۇ. «ئىلىم — پەن ئارىلىقنى قىسقارتتى، — دەيدۇ مېرگادىس، — پات ئارىدا كىشىلەر بوسۇغىدىن چىقمايلا دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە بولۇۋاتقان ئىشنى كۆرەلەيدىغان بولىدۇ». مېرگادىس بۇ گەپنى دەۋاتقاندا، ئېزىلىش، تالان-تاراج ۋە كەمسىتىش ئىچىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى ئۆزىنىڭ بىچارە ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇۋاتاتتى.

بۈگۈنكى لاتىن ئامېرىكىسى غېرىب ئەمەس، ئۇ ئەمدى ھەرگىزمۇ ماگنىتقا ھەيران قالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلار يېڭى — پارلاق ئىستىقبالى ئارقىلىق باشقىلارنى ھەيران قالدۇرماقتا. بۈگۈن ئۇلاردا

دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئەڭ كۆپ، ئۇلارنىڭ پۇتبول تارىخىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلىرى «ئىللىئادا»، «ئودېسسا» جەڭنامىلىرىدەك قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە.

بىزدە بىرەر يازغۇچىنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرى چەت ئەلدە ئېلان قىلىنىپ قالسا ھاياجانلىنىپ كېتىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشىمىزنى بەك ئارزۇ قىلىمىز، ئۆزىمىز ئۆزىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايمىز. كونسېرتلىرىمىزدا بىر-ئىككى نەپەر چەت ئەللىك ئولتۇرۇپ بەرسە، ئۇلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ سۈرەتكە ئالىمىز. بىزگە چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ شەكلەن قىسمىلا كىرىدۇ، ئىجادچان روھى كىرمەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟

بىر ئېغىز گەپ بىلەن جاۋاب بەرگەندە، بېكىنمە رايون كىشىلىرىگە نىسبەتەن چەتتىن كەلگەن بۇيۇملار سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بېكىنمىچىلىك باشقىلار ئېيتقاندەك، تارىخنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ بىز بۇنداق دېگۈچىلەردىن: «سىز دەۋاتقان تارىخ قانداق تارىخ؟» دەپ سوراشقا مەجبۇرمىز. بىز ياشاۋاتقان بۇ رايوننىڭ تارىختا مەدەنىيەت دوقمۇشى بولۇپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ھېچكىم رەت قىلالمايدىغۇ؟ جۇڭگودا تارىخ دېگەن ئۇقۇم ئۆزىنى ئاقلاش ۋە تەسەللىي بېرىشنىڭ گۇماشتىسى بولۇپ قېلىشتىن خالىي بولماي كەلدى.

بىر قېتىم كىتابخانىغا بارغاندا، جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ چەت ئەل زىيارىتى ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى مەجمۇئەسىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ يازغۇچىلار ۋاڭ مېڭ، ليۇ شىنۋۇ، جاڭ جيې، جاڭ كاڭكاڭ قاتارلىقلار ئىدى. مەن ۋاڭ مېڭنىڭ شىنجاڭ تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىنى ياقتۇراتتىم، شۇڭلاشقىمىكىن ۋاڭ مېڭنىڭ كىتابىنى قولۇمغا ئالدىم. كىرىش سۆزىنى ئوقۇپلا ياقتۇرۇپ قالغاندەك بولدۇم-دە، سېتىۋالدىم. كىرىش سۆز 1995-يىلى يانۋاردا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور شۇ چاغقىچە جەمئىي 40 قېتىم چەت ئەلگە چىققانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا دەي خۇيىيڭنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇپ يازغان مەكتۇپلار توپلىمىنى كۆرگەنىدىم. جاڭ شيەنلياڭ قاتارلىق نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ چەت ئەلگە لېكسىيە ئوقۇغىلى چىققانلىقىنى ماتېرىياللاردىن كۆرگەنمەن. دېمەك ئۇلار ئۈچۈن چەت ئەل قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئىدى.

بىزدە ئۇنداق ئىشلار يوق دېسەك، «مېتافىزىك» خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز. بىز چەت ئەللەرگە زىيارەتكە چىققان يازغۇچىلارنى بارماق بىلەن ساناپ بېرەلەيمىز. ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارزۇسىدىكىلەر چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقماقچى بولغانلارغا مۆجىزىگە قارىغاندەك قارايدۇ، ئۇلارنى ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىر1997-يىلى كۈزدە ئىچكىرىگە قىلغان سەپىرىمىزدە ماڭا چەت ئەلگە چىقىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما پاسپورتى بولمىغاچقا بارالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ھەسرەتلەنگەنىدى. ئىزدىنىش روھىغا باي بۇ ئۇستاز يازغۇچىمىزمۇ بىز بىلەن خۇددى قىيدىغاندەكلا ئۇشتۇمتۇت خوشلىشىپ، پاسپورت تەلەپ قىلمايدىغان يەرگە كەلمەسكە كەتتى.

زوردۇن ئاكىنىڭ ۋاڭ مېڭ بىلەن يېقىن ئاغىنە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۆتكەن يىلى كۈزدە بېيجىڭدا زوردۇن ئاكا بىلەن مەھمۇت مۇھەممەت ئىككىسى ۋاڭ مېڭنى ئالاھىدە يوقلاپ كېلىشكەنىدى. ۋاڭ مېڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا كېلىپ بىز بىلەن چۈشلۈك تاماق يېگەندە، زوردۇن ئاكا بىلەن ۋاڭ مېڭ ئىككىسى چاقچاقلىشىپ يانمۇيان ئولتۇرۇشقانىدى. مانا بۇ ئىشلارغىمۇ ھەش-پەش دېگۈچە بىر يىل بولۇپ قاپتۇ. ۋاڭ مېڭ ئەپەندى زوردۇن ئاكىنىڭ ۋاپاتىنى بەلكىم ئاڭلىغاندۇ، بىراق چەت ئەلگە40 قېتىمدىن ئارتۇق زىيارەتكە چىققان بۇ مەشھۇر زات زوردۇن ئاكىنىڭ ماڭا ئېيتقان ھەسرىتىنى بىلەمدىغاندۇ؟ بەلكىم ئۇ بۇنى بىلسە ھېسداشلىق قىلار ئىدى، چۈنكى ۋاڭ مېڭ جاپا تارتقان ئىسيانكار زىيالىي.

زوردۇن ئاكا: بىز ئاۋال ماۋدۇن مۇكاپاتىنى ئېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك، نوبېل مۇكاپاتىنى ئېلىش كېيىنكى ئەسىردىكىلەرنىڭ ئىشى دەيتتى. بىراق ماۋدۇن مۇكاپاتىنى باھالىغۇچىلار بىزدىكى ئەدىبلەرنى ئويلاشتىمۇ -يوق، بۇنى تېخى بىلمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە خەنزۇ تىلىدا بىۋاسىتە ئەسەر يازىدىغان غوللۇق يازغۇچىلارنىڭ تايىنى يوق.

قارىغاندا، ئالدىمىزدىكى مەسىلە مۇكاپاتقا ئېرىشىش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك. شۇ چاغدىلا ئىقتىسادىي بېكىنمىچىلىكتىن تارتىپ روھىي بېكىنمىچىلىككىچە قەدەر ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرەلەيمىز. بەزىدە بېكىنمىچىلىك تەبىئىي بولمايدۇ، ئەكسىچە سۇنئىي ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولىدۇ. بىز بۇنى چۈشىنىشىمىز ۋە چۈشەندۈرىشىمىز كېرەك.

«ئاساسىي قانۇن» ھەربىر پۇقراغا باراۋەر ھوقۇق بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغانىدى. ئاشۇ ھوقۇقنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پۇرسەتنىڭ باراۋەرلىكىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇننى قانۇن تارماقلىرىلا ئىجرا قىلىدۇ، دېسەك خاتا بولىدۇ، چۈنكى قانۇن تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان كىشىلەرمۇ نان يەيدىغان كونكرېت ئادەملەردىن ئىبارەت. دۇنيا تارىخىدا قانۇننىڭ مۇكەممەللىشىشى ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن، بىرى، قانۇن ۋە قانۇن مۇئەسسەسلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، يەنە بىرى، قانۇننى

ئىجرا قىلدۇرۇش ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش قىلىشى. قانۇن تۈزۈلسىمۇ ئۇنىڭ ھەققانىي يۈرگۈزۈلۈشىنى نازارەت قىلالايدىغان، قانۇن ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدىغان خەلق بولمىسا، قانۇن مۇئەسسەسىلىرى چىرىپ كېتىدۇ. جۇڭگودا قانۇننىڭ بارلىققا گەپ كەتمەيدۇ، بىراق قانۇن روھىنىڭ بارلىققا بىرنېمە دېمەك تەس. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھېلىھەم دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تەكىتلەۋاتامدۇ!

ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە رايونلار ئوتتۇرىسىدا كېلىپ چىققان زور پەرقنى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك ۋە تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن ئىزاھلاشقا بەك كۆنۈپ كەتتۇق. بىراق قانۇننىڭ ئىجرا بولۇشىدىمۇ رايون پەرقى بولۇشى كېرەكمۇ؟ قانۇن بۇنىڭدا «ھەئە!» دەپ جاۋاب بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

قانۇن ئابستراكت مەزمۇندىن ئىبارەت. قانۇن روھى ئادەم سۇبيېكتىغا ئايلانغان ھەرىكەتتىن ئىبارەت. قانۇن قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن كونكرېتلىشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، قانۇن دۆلەتنىڭ باش تېمىسى بولغان خەلقنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇشى، ئۇ، خەلقنىڭ روھىي ساپاسى تەرىپىدىن يۈكسەلدۈرۈلۈشى كېرەك. ئەپسۇسكى، بىزدە خەلق تۈرلۈك ھوقۇقىنىڭ جاپاكەش داۋاگەرلىرى سۈپىتىدە قانۇن دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرماقتا.

4

ئۈچ يىل ئىلگىرى قۇددۇس ھاپىز جامائەتنىڭ غولغۇلا قىلىشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن تىلشۇناسلىق ساھەسى بويىچە ستوكھولمدا چاقىرىلغان خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ كەلدى. شۇ چاغدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بۇ ھەقتە مەخسۇس خەۋەر بېرىپ قۇددۇس ھاپىزنى «مەھمۇد قەشقەرىيدىن كېيىن بىزدە مەيدانغا كەلگەن ئىككىنچى بۈيۈك تىلشۇناس» دەپ تەرىپلىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قۇددۇس ھاپىزنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى تەشۋىق قىلىشى خۇشاللىنارلىق ئىش، قۇددۇس ھاپىزنىڭ جاپالىق شارائىتتا ياراتقان بىر قىسىم ئىلمىي نەتىجىلىرىنى ھەقىقەتەن تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىراق ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھا ئويلانمايلا قىلىنغان تەۋەككۈلچىلىكنى ئاشكارىلاپ قويدى. «مەھمۇد قەشقەرىي كىم؟ ئۇ، تىلشۇناسلىقتا نېمە ئىشلارنى قىلدى؟ ئۇنىڭ تۈركولوگىيە ئىلمىدىكى ئورنى نەدىن كەلگەن؟» ئاۋۋال بىز ئاشۇ مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك ئىلمىي جاۋاب تېپىشىمىز، ئاندىن قۇددۇس ھاپىزنىڭ شۇ چاغدىكى دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ ئىلمىي ۋەزنىنى خەلقئارانۇقتىدا تۇرۇپ باھالىشىمىز، ئەگەر مۇۋاپىق كەلسە يۇقىرىقى باھانى بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز ئەدىبلىرىمىز ۋە ناخشىچى-مۇزىكانتلىرىمىزغا «تالانتلىق»، «مەشھۇر» دېگەن ناملارنى توپ باھادا باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتۇق. ھېلىمۇ بىز «ئۇلۇغ»، «تالانتلىق» ئادەملىرىمىزنىڭ كۆپلىكىدىن ئاسمانغا چىقىپ كەتمىدۇق. بەلكىم ھەممىمىز ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارىمىزدىن كۆپلەپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشاق كېرەك. بىراق ئۇنداق گۈزەل رېئاللىقنى ھەقىقىي ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر تالانت بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى يارىتىشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ئويلىشى زۆرۈر.

بىز گاھىدا ئۆزىمىزنى زىيادە ماختاپ كېتىمىز. مەھمۇد قەشقەرىيدىن پەخىرلەنگىنىمىزدە: «كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟» دەپ ناخشا توۋلىدۇق، باشقىلارنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشمىدۇق. گاھىدا ئۆزىمىزنى كەمسىتىپ ئادەم قاتارىغا ئالماي كېتىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئاناتومىيە ۋە بىئولوگىيە ئالىملىرى روھىي قاتماللىقنىڭ گېنتىك ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغىنى يوق. ئۇنداق بولغاندا، تارىختىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ئەيىبلەشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى. شۇنداقلا ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن قول قىلىنغان نېگىرلاردىن سوينكا، مىكائىل جېكسون، ماندېلا قاتارلىقلارنىڭ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. روشەنكى، بىزدىمۇ تۇغما قاششاقلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. روھىي قاششاقلىق ۋە بېكىنمىچىلىك يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ئىنساز تەبىئىيتىگە خىلاپ ھالدا ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىدۇر.

قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، قارىغۇلارچە يەكلەش، ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى بىلمەي لاپ ئۇرۇش، ئاسماننى قۇدۇقتىن چىقماي كۆزىتىش، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈش، دوپپىسىنى ئەكەل دېسە كاللىسىنى كېسىپ كېلىش، يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق، غەيۋەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق قاتارلىقلار سىياسىي، ئىجتىمائىي بېكىنمىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىللەتلەردۇر.

بېكىنمە رايون خەلقلىرى ئۈچۈن يەرشارى ئىللىق ئائىلە بولماستىن، بەلكى سىرلىق لاگىر. بۇنداق يەردىكى خەلقنىڭ تارىخنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كۈچ بولمىقى ئاسانغا توختىمايدۇ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ۋەزىيەتنىڭ تەجرىبە ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۆزۈمنى ئالسام، چەت ئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلىشنى، بىلىم ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان 21-ئەسىرگە دۇنياۋى ئاڭغا ئىگە زىيالىي سۈپىتىدە كىرىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىمەن. بىراق شۇنچە تىرىشسامۇ پاسپورت ئالالمىدىم. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ جاۋاب بېرىدىغان قانۇن ئورگىنىنى تاپالمىدىم. ئاخىرى سىڭگەن ناننى يېيىشكە توغرا كەلدى.

مەن پۈتكۈل دۇنيانى، ئىنسانىيەتنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-پاراستىنى سۆيىمەن. بىراق بۈيۈك مۇتەپەككۇرلەرنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە قامىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانى كۆرۈشۈم، ئايلىنىشىم، ھەر بىر يېڭى نەرسىنىڭ ئىلھامى ئارقىلىق ئىدىيەمنى تۈزىتىشىم، ئۆزۈمنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان خاس تەپەككۇرۇمنى قۇرۇپ چىقىشىم كېرەك.

«سۆي ھەم سۆيۈل، بەخت دېگەن ئەنە شۇ» دېگەن گەپ بار. مەن ياشلىقنىڭ ھارارىتى تېپىپ تۇرغان ئىسسىق لېۋىمنى كۈزنىڭ سوغۇق ھاۋاسىغا سوزدۇم.

# ئەزىمەتلەرنى نەدىن تاپىمىز؟

## — نېتزىنىڭ «زارا ئاستىر شۇنداق دېدى» ناملىق ئەسىرىگە ئىشارە

فرىدرىخ نېتزى بىزدە تونۇشتۇرۇلغان ئازغىنە پارچە ئەسەرلىرى بىلەن پاكىز ئىنسانلىقتا تەشنا ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئانچە نامەلۇم ئەمەستۇر. تەپەككۇرنىڭ بۇ تىنجىق ئاخشاملىرىدا شۇۋۇقەدىرىگە ئىنتىزار كىشىلىرىمىز «زارا ئاستىرنىڭ مۇقەددىمىسى»، «نېتزى ئەقلىيەلىرى» (بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقىسى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا، كېيىنكىسى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان. مۇھەررىردىن) ئارقىلىق گېرمان پەلسەپىسىنىڭ دېڭىزىدىن بىر قانچە قەترە مەلھەم تاپتى. گېرمان خەلقى بىر قېتىملىق ئەسەبىي ئۇرۇشنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىدىن كېيىن ئېغىر چۈشكۈنلۈك ئازابىنى تارتتى. مۇشۇ ئەسىردە گېرمانىيە ئىككى پارچىگە بۆلۈۋېتىلدى. گيوتى، شىللېر، گېگېللارنىڭ گېرمان مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان غۇرۇرى ۋە ئىنسان ھېسلىرىنى ئويغاتقۇچى پىكىرلىرى تامامەن تىرىك روھ سۈپىتىدە ئېغىر خورلۇققا ئۇچرىدى. بۇ روھ گېرمان خەلقىنىڭ بۆلۈنگەن ھالەتتىكى مۇتەرىز قىسمىتىنى كۆرۈشنى قەتئىي خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار ئىنساننىڭ غۇرۇرى، مەنىۋى كامالىتى، مىللىي ئاڭنىڭ سەلتەنىتى، دۆلەتنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە شۆھرەتلىك قۇرلارنى يېزىشقانىدى. ئاشۇنداق ئۇلۇغ پىكىر ئىگىلىرىنىڭ ۋەتىنى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى.

لېكىن بۇنداق بۆلۈنمە ھالەت ئۇزاققا بارمىدى. كىشىلەر يېقىندىلا بېرلىن شەھىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان بىتون تامنى يەنە شۇ گېرمان خەلقىنىڭ ئۆز قولى بىلەن پاچاقلاپ تاشلىغانلىقىنى كۆردى. بېرلىن تېمىنى چېقىشقا بالىلارمۇ قاتناشتى. ئۇلار ۋەتەننىڭ ئىستىقبالىغا پۈتلىشىدىغان توساقلارنى يارغۇچى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدىكى تېگىشلىك رولىنى ئېلىشتى. ئەڭ مۇھىمى كېلەچەكنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىدىغان گېرمان خەلقى ئۆز بالىلىرىغا غۇرۇردىن بىر قېتىملىق جانلىق دەرس ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

كىشىلەر يەنە ئارقىدىنلا بۈگۈنكى ياۋروپا سەھنىسىدە گېرمان خەلقىنىڭ ھەيرەتتە قالدۇرغۇچى تېتىك جەۋلانىنى كۆردى. ئۇلار ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ئورنىنى تېزلا تېپىۋالدى ۋە 21-ئەسىر ھارپىسىدىكى ئىقتىسادىي ئۇرۇش دەۋرى غالىبلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

تارىختا مۇتلەق تەلەيلىك مىللەت بولغان ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ جاسارىتى، غالىبلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى دەل ئۆزىدىكى ئۇلۇغلۇق سەۋەبلىك گاھىدا تارىخنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق ھاقارەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلۇغلۇق دەل ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ئىچىدە بىر مەھەل ئارام ئېلىپ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۆزىنى قايتىباشتىن لايىھىلەيدۇ-دە، يېپيېڭى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇ خىل ئۇلۇغلۇقىنى جاپالىق يىللاردا يىتتۈرۈپ قويغان مىللەت تەزكىرىلەرنىڭ بىر قانچە قۇرىغا ئىگە بولالايدۇ، خالاس. كېلەچەك ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئەمەس.

گېرمان خەلقى ئېغىر قولدىن بېرىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى، لېكىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. نېمە ئۈچۈن گېرمان خەلقى جىق مۈلۈكلەردىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىدىن ئايرىلمىدى؟ ئۇلار پىكىر قىلىشنى، ئىجاد قىلىشنى، ئەمگەك قىلىپ بايلىق يارىتىشنى تاشلاپ قويمىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار بىر پەلسەپە مىللىتىگە خاس ئەنئەنىسىنى ھەرقانداق شارائىتتا ئۈزۈپ قويمىدى، ئەكسىچە، زامانغا يارىشا تەرەققىي قىلدۇردى.

گېرمان مىللىتى باشقىلاردىن خەير-ساخاۋەت كۈتۈشكە ئىنتايىن ئۆچ. ئۇلار باشقىلاردىن تەمە قىلىپ باقمىدى، تۈگىمەس بايلىقنىڭ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستى، جىسمانىي كۈچى، ساپ گېرمان غۇرۇرىغا يوشۇرۇنغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمىدى. «يوقالسۇن ئاجىزلار!» مانا بۇ، بىزگە تونۇشتۇرماقچى بولغان بۈيۈك گېرمان پەيلاسوپى نېتزىنىڭ سۆزى. نېتزىنىڭ پەلسەپە دۇنياسىدىن بىر خىل ئەركەكچىلىك، مەردانىلىق، بۇزۇپ قايتىدىن يارىتىش روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جۈملىلىرىدىن ئافراسىياپ، ئاتىللا ۋە بابۇرلارنىڭ سىماسى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەلسەپىسى ئاياللار تىپىدىكى نازۇك مىجەز، ئەۋرىشىم، زەردى يوق ئەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، خاراكتېر جەھەتتىن تولۇقلاش قىممىتىگە ئىگە. 20-ئەسىردىكى ئىشخانا مەدەنىيىتى ئەرلەرنى ۋۇجۇدىدىكى ئەركەك تۈكلەردىن مەھرۇم قىلدى. ئەر

ۋە ئاياللارغا بولغان ئىش تەقسىماتىنىڭ ئوخشاش بولۇشى ، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى روشەن خاراكتېر پەرقىنى يوق قىلىۋەتتى. ئاياللار ئۆزىدە يوق بولغان قەيسەر تەۋەككۈلچىلىكنى تاپالمايدىغان، ياۋايىلىقتا سېزىك روھىي دۇنياسىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى.

زامان تەۋەككۈل قىلىشتىن قورقىدىغان، تىرىك ۋاقتىدا قەبرىسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان ، ئۆز رىسقىنى باشقىلارنىڭ ئېتىبارىدىن ئىزدەيدىغان غىلجاڭ ئەرلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ھوقۇق دەرىخىنىڭ ئاستىدىن يىگىلەپ تۆكۈلۈپ قالغان غورىلارنى ئىزدەپ جان باقىدىغان، شۆھرەت ئىگىلىرىنىڭ يېنىدىن مەدەت تىلەيدىغان بازار چىۋىنلىرى ھالال داستىخانلاردىكى تائاملارنىمۇ بۇلغاپ تاشلىدى. بۇنداق ئەخلاق كرىزىسى نەدىن كېلىدۇ؟

ئۆتكۈر مەسىلىلەرنىڭ تەييار جاۋابى بولمايدۇ. تەييار جاۋاب سىز ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن تۈگۈنگە دال بولالمايدۇ. ھەركىم ئۆز مەسىلىسىگە ئۆزى جاۋاب تېپىشى كېرەك. سىز پىكىر قىلىشقا ئىنتىلسىڭىزلا، جاۋابقا ئېرىشتۈرىدىغان تۈرتكىنى تاپالايسىز.

روھىي ئاجىزلىق بارلىق مۇتەقەررىزلىكنىڭ ئانىسى. شۇڭا ئىنسان ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى بۈيۈك قۇرۇلۇشنى خاراكتېر تەربىيىسىدىن باشلىشى كېرەك. بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتمۇ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ خاراكتېر مۇكەممەللىكى ۋە ئەخلاق گۈزەللىكى ئۈستىگە قۇرۇلسا، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى تەڭداشسىز بولىدۇ. ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش جەھەتتىكى نورمال خاسلىقىنى ھالاك قىلىپ تاشلىغان پادىشاھ ئېغىر ئەقىل نامراتلىقى ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ.

ستاتىستىكانۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھازىر بىزدە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ نېنىنى يەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بىراق ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئويلاندۇرۇش قىممىتىگە نېمە ئۈچۈن نامرات؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تالايلىرى نە بىر تارىخىي ئابىدە، نە بىر يېڭى مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشى، نە بىر غورۇرنىڭ سەلتەنىتى بولالمىدى؟

مەسىلە بىزنىڭ پەلسەپە نامراتلىقىمىزدا. بىزدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىكلىگەن دۆلەت ۋە ھوقۇق، قانۇن ۋە ئەخلاق توغرىسىدىكى ئىلمىي تەلىمات ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالغان، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىجاد رەۋشى كەمچىل شېئىرىيەت تەلقىنى ئىگىلىگەن. ئاخىرى، شائىرلىرىمىز ساپاسىنىڭ بۈگۈنكى زاۋالى يېتىپ كەلگەن.

بىز مىسكىنلىك ۋە گۇمراھلىققا پاتقان، ئەدەبىيات-سەنئەت مۇنبەتلىكىدىن مەھرۇم بولغان مەدەنىيەتتىن قانداق قۇتۇلىمىز؟

ئارىمىزدىكى ھەر بىر شەخسنىڭ غورۇرىنى، ھەربىر شەخسنىڭ دۇنياغا كېلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ ئەقەللىي قەدىر-قىممىتىنى دەخلىسىزلىك مۇھىتىغا باشلىيالىساقلا، مەدەنىيىتىمىز ئۆلۈك سۇدەك بىزەپ قىسمىتىدىن خالاس بولىدۇ.

فرىدرىخ نېتزىنىڭ «زارا ئاستىر شۇنداق دېدى» ناملىق ئەسىرىدە بىزگە لازىملىق ئاشۇنداق خۇرۇچلار بار. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ بەدىئىي قېنىدا نېتزىنىڭ ئېرسىي ئامىللىرى روشەن تېپىلىدۇ.

نېتزى شۇنداق بىر ئادەم:

ئۇ، ھاسا تاياققا تايىنىپ كېتىۋاتقان توكۇرنى كۆرسە ھاسا تاياقنى تارتىۋالىدۇ.

– نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟

– دۇنيادا ھاسا بولغاچقىلا توكۇرلار كېلىپ چىققان. سىلەر توكۇرلارنىڭ ھاسىسىنى تارتىۋېلىڭلار ، شۇ چاغدىلا ئۇلاردا ساغلام پۇت كۆكلەپ چىقىدۇ.

نېتزى بۈركۈتنىڭ نوچىلىقىنى چۆلدىن ئايرىپ قارىمايدۇ. سىز ئۇنىڭ ئەسىرى بىلەن پات ئارىدا يۈز كۆرۈشىسىز.

# ئەيىبسىز ئەيىبدارلىق

ماۋزۇدىن ئىككى خىل مەنا چىقىدۇ. بىرى، ئەيىبدار بولۇشنىڭ ئۆزى ئەيىبسىزلىقتۇر دېگەن مەنا، لېكىن بۇ بىر قاراشتىلا مەلۇم بولىدىغان تاشقى مەنىدۇر؛ يەنە بىرى، ھېچقانداق ئەيىب يوق تۇرۇپ ئەيىبدار بولۇپ قېلىش دېگەن مەنىدە. بىز كېيىنكى مەنانى بويلاپ ئىچكىرىلەشنى مەقسەت قىلدۇق.

1

مۇقەددەس كىتابلاردىكى رىۋايەتلەرگە كۆرە ئىنساننىڭ زوۋۇلىسى تۇپراقتۇر. ئەمما بۇ زوۋۇلغا ئىرادە قىلغۇچى قۇدرەت ئىگىسى ئاشۇ زوۋۇلدىكى ماھىيەتنىڭ زاتەن بىشارىتىدۇر. بۇ يەرگە كەلگەندە سۆز ئۇستىسى ۋە مەنالار غەۋۋاسى ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئىككى مىسراسى ئېسىمىزگە كېلىدۇ:

«دىل سوۋەيداسى قارادۇر، ھەق نەزەر گاھى ئۇ شۇل،
شاھىدى سىررى ئىلاھىي ئول قاراغا يارغار»[1].

نەسرىي يەشمىسى:

«ئىنساننىڭ كۆڭۈل نۇقتىسى قاراڭغۇ تەن ئىچىگە ئورۇنلاشقان ، تەڭرى شۇ يەرگە نەزەر سالىدۇ، تەڭرىنىڭ يوشۇرۇن ھېكمەتلىرىنىڭ شاھىدى پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ساقلانغان». بۇ يەردىكى تەن-تۇپراق پانىيدۇر، كۆڭۈل-روھ

---

① تەجەللى: «قەسىدە»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 1981-يىل نەشرى

باقىيدۇر. ئەپلاتون ۋە گېگىللارنىڭ مۇتلەق روھ تەلىماتى بويىچە قارىغاندا، باقىيلىقتا ياتىدىغان پەزىلەتلەر ياخشىلىق تائىپىسىگە كىرىدۇ، بۇ بىرىنچى خىل ماھىيەت بولۇپ، يادرو ئەھمىيەتكە ئىگە. پانىيلىقتا ياتىدىغان ئېلېمېنتلار خۇنۇكلۇك تائىپىسىگە كىرىدۇ، بۇ ئىككىنچى خىل ماھىيەت بولۇپ، ساختا ماھىيەت ھېسابلىنىدۇ. خۇنۇكلۇك ياخشىلىقنى دەۋر قىلىپ يۈز بېرىدۇ ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ياخشىلىقتا يەم بولىدۇ. ياخشىلىق بىلەن خۇنۇكلۇك (يامانلىق) كۆرۈنۈشتە ئىككى خىل تائىپە بولسىمۇ، ماھىيەتتە بىر نەرسە ياكى بىر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپىدۇر. بۇ ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە يۈزلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ياخشىلىق باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش (ئېپتىدا ۋە ئىنتىھا). يامانلىق ياخشىلىق ئۇچۇن مەۋجۇد ماھىيەت بولۇپ، ياخشىلىق شۇنىڭ تۈپەيلى مەڭگۈ ئۆزى ئۇچۇن تەرەققىي قىلىش جەريانىغا ئايلىنىدۇ.

تۇپراقنى ئالايلى، تۇپراق نۇرنىڭ چۇشۇش نۇقتىسى ۋە قايتىشتىكى قاڭقىش نۇقتىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپراق ئاملالارنىڭ قاتما ھالىتى، ئۇنىڭدا ئاملالارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى مەۋجۇد.

كۆڭۈل مۇقەددەس ئىرادىنىڭ زەررىسى سۈپىتىدە تۇپراقتىن نىشان تاپتى ۋە ھەقىقىي زات ئەمەلگە ئاشتى-تەگىرنىڭ مەنىسى ئۇچۇق (زاھىر) ۋە يوشۇرۇن (باتىن) بولدى. مۇقەددەس كىتابلاردىكى ھېكايەتلەر ئاشۇ ھەقىقىي زاتنىڭ سىمۋولىدۇر، خالاس. مۇتلەق مەنا-ھەقىقىي زاتقا نىسبەتەن ھەرقانداق تەرەپ پەقەت سىمۋولدۇر. سىمۋول ھەقىقىي زاتقا نىسبەتەن چەكلىك ئۆزلۈك، مۇتلەق بولمىغان شەيئىلەرگە نىسبەتەن مەناسى جۇش ئۇرغان ئۆزلۈك.

ئالەمنىڭ زوۋۇلىسى نېمە؟ ئىلاھىيەتچىلەر ھەقىقىي زاتقا چېتىپ جاۋاب بېرىدۇ:

ھەزرىتى ئادەم بىنا بولغاندا مەن بىللە ئىدىم.
ھەق رەسۇل مىھراجغا چىققاندا مەن بىللە ئىدىم.
— مەشرەپ

ئادەمئاتا بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى ئارىسىدا قانچىلىك قەرنە ئۆتتىكىن؟ مەشرەپنىڭ ئۆمرى شۇنچە ئۇزاقمۇ؟ مەشرەپ ئىستېمال قىلىۋاتقان «مەن» دېگەن ئىبارە مەشرەپنىڭ خاس ئۆزلىكىنى كۆرسىتەمدۇ؟ مەشرەپ «مەن» دېگەندە، ئۇ شۇ ھامان پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەشرەپ بۇگۈنمۇ بىز بىلەن بىللە. بىر دەقىقىنىڭ ئۆزىدە كىمدۇر بىرسى پۇل ساناۋاتقان ، كىمدۇر بىرسى ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بولىدۇ، كىمدۇر بىرى تۇغۇلىۋاتقان بولسا، كىمدۇر بىرى سەكراتتا بولىدۇ. مەشرەپ لەھزە ئىچىدە ھەممە ئىنساندۇر.

دېمەك، مەشرەپ «مەن» دېگەندە، ئادەمنىڭ زوۋۇلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ زوۋۇلا پانىي بىلەن باقىينىڭ بىرىكمىسى، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ بىر گەۋدىسى ئىدى.

كىشىلەر چەكلەنگەن مېۋە ھەققىدىكى ھېكايىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ھېكايە شەرق ۋە غەرب خەلقىغە ئومۇمەن تونۇش. بىراق ئاشۇ مېۋىنىڭ نېمە ئۇچۇن چەكلەنگەنلىكى ھەققىدە غەرب ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس.

چەكلەنگەن مېۋە — ئەقىلدۇر. ئەگەر ئادەم ئۇنى يېسە ئۇنىڭدا خۇداغا ئاسىيلىق كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئادەم ئەقىل مېۋىسىنى يەپ قويۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان — مانا بۇ غەربتىكى كۆپلىگەن ئىلاھىيەتچىلەرنىڭ شەرھى.

چەكلەنگەن مېۋە — چەكلەنگەن ئەقىل ئەمەس. ئۇ، ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇشى ۋە سەۋر كۈچى ھەققىدىكى سىناق. چۈنكى ھەركىمدە ئۆزىنى بىلىش ئاساسىدىكى باشقۇرۇش بولمىسا، ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭ چېكىنى توغرا تونۇغاندا ئەركىنلىك قان-ياشسىز ھالدا ئەمەلگە ئاشىدۇ — مانا بۇ شەرق ئىلاھىيەتچىلەرىنىڭ پىكرى.

خۇدا بىلەن ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرى ھەققىدىكى ھەر خىل ئەقىدىلەر ۋە باياناتلار 19-، 20-ئەسىرلەردە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەسىلىلەرنى شەكىللەندۇردى.

خرىستىيانىزم — غەرب كىشىلىرىنىڭ ئېتىقادى سۈپىتىدە ماددىي مەئىشەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەسىرىنى كېڭەيتتى. ئۇ شۇنداق قارايدۇ:

خۇدا مەۋجۇد. بىراق ئۇ بىزنىڭ مەئىشەتلىرىمىزگە ۋە ئىشرەتلىرىمىزگە ئارىلاشمىسۇن.

روشەنكى، غەربلىكلەرنىڭ خۇداسى پەقەت بىرخىل سىمۋول سۈپىتىدىكى مەۋجۇدلۇقتا ئايلاندى. ئىنساندىكى ئەركىنلىك ھەۋەسى چەكسىز ئىسپاتلىنىدىغان جەريان دەپ قارالدى.

كوممۇنىزم — غەرب-شەرق ئىدېئولوگىيىسىدىكى ئۇتوپىزم ئاساسىدا شەكىللىنىپ، ئىلاھىيەتكە دائىر مەزمۇنلارنى سىقىپ چىقارغان. ئۇ، شۇنداق دەيدۇ:

— خۇدا مەۋجۇد ئەمەس. ئادەملەر بىردىنبىر سۇبيېكتىپ سۈپىتىدە ئوبيېكتىپ دۇنياغا خوجايىنلىق يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ تەبىئەت زورۇرىيەتلىرىنى چۈشىنىشى كېرەك. ئادەمنىڭ پائالىيىتى سوتسىيال ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تارىخ مۇلۇكسىزلەر بىلەن مۇلۇكدارلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ جەريانى. ئادەم — تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى. ئادەم تەبىئەتنى ھامان بىلىدۇ.

روشەنكى، بۇ يەردىكى ئادەمنىڭ تەبىئەتنى بىلىشى قىسمەنلىكنىڭ ئومۇمىيلىقنى بىلىشىدىن ئىبارەت. كوممۇنىزم تەلىماتى بويىچە، خۇسۇسىيلىق ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ يىلتىزى.

ئىسلامىزم: خۇدا مەۋجۇد. شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە خۇدا بەلگىلىگەن قانۇنىيەت بار.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى ئاشۇ قانۇنىيەتنىڭ توغرا ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولۇش لازىم. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشى ئالەملىك قانۇنىيەتنى تېپىش ئاساسىدىكى مۇقەددەس يۈكسىلىش، دەپ قارايدۇ.

مەلۇمكى، تەبىئەت قانۇنلىرى ۋە جەمئىيەت قانۇنلىرى مۇقەددەس قانۇنىيەت ئۈستىگە دەسسەپ تۇرىدۇ، ئاشۇ قانۇنىيەتنى بىلىش يولىدىكى ئىلگىرىلەش ئىنسانىيەتنى بەختكە ئېلىپ بارىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى ئىخچاملاپ كۆرسەتكەندە مۇنداق بولىدۇ:

خرىستىئانىزم: خۇدا بار، بىراق ئۇ ئىجتىمائىي قانۇنلاردىن مۇستەسنا.

كوممۇنىزم: خۇدا يوق، پەقەت ماددىلا بار.

ئىسلامىزم: خۇدا بار، ئىنسانلار خۇدانىڭ قانۇنىنى تونۇغۇچى ۋە ئىجرا قىلغۇچى. جەمئىيەت قانۇنى ئاشۇ قانۇنىنىڭ ئىنكاسى.

ھېچقانداق ئىجتىمائىي قانۇن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تەبىئەت قانۇنىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئەسكە ئالالايمىز. بىراق تەبىئەت قانۇنلىرىدىن ئىلگىرىچۇ؟ ئىنسانلار بۆلارنى تالىشىپ يۇقىرىقىدەك بۆلەكلەرگە ئايرىلغان.

بىز چەكلەنگەن مېۋە ھەققىدىكى قىسسىنى ئالساق، غەرب ۋە شەرقلىقلەرنىڭ نەزەرىدە ، ئادەم ئاخىرى چەكلەنگەن مېۋىنى يېدى، لەنەتكەردى بولدى. بۇنىڭغا شەيتان ۋاستە بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەيتان لەنەتكەردى بولدى. ئادەم جەننەتتىن قوغلاندى. مانا بۇ جازا ئۇقۇمى. بىراق ئادەم نەگە قوغلاندى؟ باقىيدىن پانىيغا قوغلاندى. مۇقەددەس روھ تۇپراق بىلەن يۇغۇرۇلغاندا پانىيلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. دېمەك، ئادەم مەڭگۈ قوغلىنىش جەريانىدا، ئۇ مۇشۇ جەرياندا باقىيلىققا قاراپ ماڭىدۇ. دۇنيادىكى ئەقىدىلەردىن دېرەك بېرىدىغان بەلگىلەر نېمىشقا ياي ۋە يۇمۇلاققا باي؟ نىتزىنىڭ: «زاراتۇستىر شۇنداق دەيدۇ» دېگەن ئەسىرىدىكى يىلان بۈركۈت بويىندا ھالقا شەكلىدە ئۇچرايدۇ ئەمەسمۇ!؟

بىز بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: ئادەم تۇپراقتىن يارالدى، ئۇ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان تەبىئەتكە ئىگە بولدى. گۇناھ ئۆتكۈنچى، پانىي ماھىيەت؛ مەغپىرەت بولسا ئاخىرقى ماھىيەت بولۇپ، ئادەم باقىيلىقتا ئاقلانغان بولىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ يارىلىشىمۇ مەغپىرەت ئەمەسمۇ؟

رىم مۇتەپەككۇرى سىسرو مۇنداق دېگەن: «ئادەمنىڭ ئۆزى ئەيىبلىك ئەمەس، ئۇنىڭ قىلمىشى ئەيىبلىك».

ئادەمنىڭ زوۋۇلىسىدا گۇناھتىن ئىبارەت پانىي ئېلېمېنت بار. شۇڭلاشقا، گۇناھتىن ئىلگىرى قانۇن تۈزۈلۈپ بولغان بولىدۇ. ئاشۇ قانۇن بىلەن گۇناھ بىر-بىرىگە تاناسىپ ھالدا ئىنساندىكى پىكرىي مەۋجۇدلۇقنى يەنى ئازغۇنلۇق ئىچىدىكى تىنچ ئىلگىرىلەشنى دىئالېكتىك رەۋىشتە رويابقا چىقارغان.

## 2

شەرق ئىبرەتلىك دۇنيا. ھەربىر ئىبرەت بىر ھېكمەتكە ھامىلدار. بىراق ئىبرەتلەردىن تۇغۇلغان ھېكمەتلەر ئاۋامنىڭ قېنىغا ئايلىنالمىغان، بۇ ئەھۋال شەرق كىشىلىرى توغرا قانۇنىي ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەسىرلەردە كۆرۈلدى. شەرق دۇنياسىنىڭ قەدىمكى پارلاق گۈللىنىشىنىڭ توختاپ قېلىشى بۇنى چۈشەندۈرىدۇ. توغرا قانۇنىي ساۋاقلار بىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تاكامۇللىشىش جەريانىدا كېتىپ بارغان بولىدۇ. سۇبىستانسىيە (زات) نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، ئاللىبۇرۇن ۋايىغا يەتكەن بولىدۇ.

شەرق پەيغەمبەرلەر ۋە دانىشمەنلەر تۇغۇلغان جاي. بىراق ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى كېيىنچە غەرب پەيلاسوپلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ مەنىۋى تەجرىبىسى نۇقتىسىدىن زامانىۋى شەكىلدە ياساپ، ئۆز دەۋرىدىكى روھىي كرىزىسلەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان مىراسقا ئايلاندۇردى. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە تەرەت قىلىپ قويغان قەۋم كېيىن ئۆزى گىرىپتار بولغان قوتۇر كېسەللىنى ئاشۇ تەرەتلىرىنى سۈرۈپ ساقايتقاندەك ، ئىنسانلار ئۆز دەۋرىدە دۇچ كەلگەن ئىللەتلىرى ۋە بۇ ئىللەتلەر تۇپەيلى تارتقان كۈلپەتلىرىدىن تەقدىرىي كېسەللىكلىرىگە شىپا بولغۇچى مەلھەملەرنى ياسىشىدۇ. گۇناھى ئەزىملەر دوزاقتا پاكلانغاندىن كېيىن، ئاندىن جەننەتكە كىرىدۇ. مەلۇمكى، جەننەت ئۈستىدە، دوزاق ئاستىدا، بۇ ئاچچىق يىلتىزدىن تاتلىق مېۋە دېگەندەك بىرگەپ.

شەرق دانىشمەنلىرى گۇناھ ۋە جازاھ ھەققىدە ئاقىلانە تەبىرلەرنى بەرگەن، بىز ئۇلارنىڭ شېرىن زابانىغا سەمە بولۇپ باقايلى:

بىر ئايال زىنا قىلىپ قويۇپ، قاتتىق پۇشايمان قىلىپتۇ ۋە بۇ ئەھۋالنى زاتى مۇبارەك دانىشمەنگە ئېيتىپتۇ:

— ئى زاتى مۇبارەك، مەن زىنا قىلىپ، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈم.

زاتى مۇبارەك ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، باشقا تەرەپكە قارىۋاپتۇ. ئايال سۆزىنى تەكرارلاپتۇ. زاتى مۇبارەك يەنە قارىماپتۇ . ئايال سۆزىنى 3-قېتىم تەكرارلىغاندا، زاتى مۇبارەك ئېيتىپتۇ:

— بويۇڭدا بارمۇ؟

— بار.

— ئۇنداقتا، بوشۇنۇپ بولۇپ كەلگىن. شۇ چاغدا جازا بېرەيلى.

ئايال بوشۇنۇپ بولۇپ زاتى مۇبارەكنى ئىزدەپ كەپتۇ. زاتى مۇبارەك:

— بالاڭغا قارايدىغان بىرەرسى بارمۇ؟-دەپ سوراپتۇ.

- يوق، -دەپتۇ ئايال.

- ئۇنداقتا، پەرزەنتىڭ ئىككى ياشلىق بولغاندا كەلگىن.

ئايال بالىسى ئىككى ياشقا كىرگەندىن كېيىن زاتى مۇبارەكنى ئىزدەپتۇ. زاتى مۇبارەك پىكرىي ئۈلپەتلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقانىكەن. زاتى مۇبارەك ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۈلپەتلىرىدىن سوراپتۇ:

- ئۇنىڭ بالىسىغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلار بارمىكىن؟

بىراۋ ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئايال شۇ دەۋرنىڭ قانۇنى بويىچە تاشبوران قىلىنىپتۇ.

بۇ قىسقىغىنە ھېكايىدە قانۇنىي مۇقەددەسلىك مەزمۇنى ۋە مەغپىرەت ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. زاتى مۇبارەك ئايالنىڭ ئىنكاسىنى نېمە ئۈچۈن ئاڭلىماسقا سالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى كەينىگە تارتىدۇ؟

ئايال ئۆز گۇناھىنى تونۇغان. ئۆز گۇناھىنى تونۇغانلار ئۈچۈن سوت ئۇنىڭ ۋىجدانىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ، مۇشۇ ئاساستا توغرا قانۇننى تاپىدۇ. مەغپىرەت گۇناھىنى تونۇغانلار ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات. ئايال ئۆز گۇناھىنى قايتا-قايتا دەۋا قىلدى، ئايالدا گۇناھقا نىسبەتەن بىلىش كۈچەيدى. مەلۇمكى، مەغپىرەتمۇ ئاشتى. ھېكايىدە گۇناھ بىلەن قانۇن ئوتتۇرىسىدىكى تېپىك ئىنسانىي باغلىنىش ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، زاتى مۇبارەكنىڭ خۇدا ئالدىدىكى يۈكسەك ئۆزلۈكى بىلەن ئايال (بەندە) ئالدىدىكى ئادىمىي ئۆزلۈكى بىللە نامايان بولىدۇ. بۇ ئىش دانىيىلىك مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپ كېرگىگارتنىڭ: «ھەرقانداق گۇناھ پەقەت خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەۋجۇد» دېگەن سۆزىنى ئەسكە سالىدۇ.

زاتى مۇبارەك قانۇندىكى مۇقەددەسلىكنى ئىنسانلارغا بولغان سۆيگۈ ۋە شەپقەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا بېجىرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىش لازىمكى، ئىنسانپەرۋەرلىك زىددىيەتلىك ۋە تەشۋىشلىك مۇھىتتا گەۋدىلىنىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇتلەق خاتىرجەم مۇھىتتىكى تولۇق گۈزەل سەمەرە ئەمەس. بىز بۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىكنى دوستويېۋسكىينىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپ ئۇچرىتىمىز. «جىنايەت ۋە جازا» رومانىدىكى راسكېلنىكوف ۋىجدانىنىڭ دەھشەتلىك سوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى ئۇنىڭ دېلوسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ساقچىلارغا ئۆز جىنايىتىنى ئۆزى ئىنكاس قىلىدۇ. توۋا - قان-ياشلىق ئازابتىن ئېچىلغان روجەك بولۇپ، ئۇ، مەغپىرەتنىڭ شولىسىدا سۈس يورۇپ تۇرغان بولىدۇ.

ئىنسانلار بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئەمما دۇنيا ھەرىكەتتە بولغاچقا، بىلىشنىڭ ئەمەلىيەتكە بولغان مۇۋاپىقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قىيىنلىقى كېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىلىش دېگەن سۆز بىلمەيدىغان تەرەپلەرنى بىلىش دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولدى. ئىنسانلار ئالەمگە نىسبەتەن خاسلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇكەممەل بىلىشنىڭ جەريانىنى مەڭگۈ ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ يەردە بىلىش ۋە بىلمەسلىك دېگەن ئىككى سۆز بار بولدى. ئىنسان زىددىيەتلىك ئامىللارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولغاچقا، ئۆزى ھەققىدىكى بىلىشنى ئەتراپلىق ۋە تەكشى ئېلىپ بارالمىدى. ئىنسانشۇناسلارنىڭ مەلۇماتىدىن كۆرە ئىنسانچىلىق كۆپ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ:

1. نەپس (يەپ-ئىچىش، جىنسىي ئىستەك، بىلىش ئىستىكى)

2. گۇناھ (ئۆز بېشىمچىلىق، ھۇرۇنلۇق، ھەسەت)

3. روھ (ئېتىقاد روھى، قىزىقىش روھى، مۇھەببەت روھى)

يۇقىرىقىلار نورمال بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي بولىدىغان تەبىئەتلەردۇر. ئۇلارنى بىرۋاقىتتا قاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇلاردىن قايسىدۇر بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن شەرت بولغاندىلا، ئاندىن نورمال قېنىش كېلىپ چىقىدۇ، ئۇلار ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت جەريانىدا بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ. بىز كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىلاردا يۇقىرىقىلارنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە كۆزدە تۇتماي قالمايمىز. توغرا ئەخلاق ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قانۇن ئۇلارنى تەتقىق قىلىدۇ ھەم مەلۇم دەرىجىدە نەزەرگە ئالىدۇ. ھازىرغىچە ئىنسان تەبىئىيىتىنى تولۇق ئىنكار قىلىۋېتىدىغان قانۇن چىقمىدى ياكى چىققان بولسىمۇ، ئادالەت شوئارىنى تۇۋلىماي قالمىدى. جاھان مۇنبىرىگە نەزەر سالساق، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارمۇ «ئادالەت» سۆزىنى شوئار قىلىشقان.

ئىنساننىڭ ئۆزى مۇرەككەپ بولغاچقا، بىلىشمۇ مۇرەككەپ بولغان، بىلىش جەريانىدا خاتالىشىشنىڭ بولۇشىمۇ نورمال ھادىسىگە ئايلانغان. ئۇلۇغ ئالىم بىرونو: «يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىدۇ» دېگىنى ئۈچۈن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. بىرونونى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان نەرسە قانۇن ئىدى، كېيىن (تېخى بىر قانچە يىل ئىلگىرى) بىرونو يەنە قانۇن تەرىپىدىن ئاقلاندى. ئۇنداقتا، بىرونونى ئۆلۈمگە بۇيرىغان قانۇن بىلەن ئۇنى ئاقلىغان قانۇننىڭ قانداق پەرقى بار؟ بۇ يەردە كىشىلەرگە «بىلىش» ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان «جاھالەت» دېگەن سۆزنى ئەسلىتىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. مەلۇمكى، تارىخ كىشىلەر ئويلىغاندەك ئاقىل نەرسە ئەمەس، ئۇمۇ پات-پات خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. تارىخ ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇساپىدا پات-پات تەلۋىلىك قىلىدۇيۇ، ئەمما دەرھال خۇلاسە چىقىرىۋالىدۇ. لېكىن بۇ خۇلاسە نۆۋەتتىكى مۇساپىلەردە ھەممىگە قادىر ئەنگۈشتەر بولالمايدۇ. يەر شەكلى خەرىتىلىرىدىن

مەلۇمكى، تۈپتۈز ئاققان دەريايوق دېيەرلىك.

دېمەك، توغرا بىلىش بار بولغىنىدەك ئادالەتلىك قانۇن بار بولدى، خاتا بىلىش بار بولغىنىدەك ئادالەتسىز قانۇن بار بولدى.

3

قانۇن بولغانىكەن، گۇناھ مەۋجۇد بولغان بولىدۇ، مەسىلە قانۇننىڭ تۈزۈلۈشىدە. جەمئىيەت قانۇنلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقان مۇئەييەن كۈچ يېتەكچىلىك قىلىدۇ. جەمئىيەتتىكى بىر-بىرىگە قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك نىسبىي ئەھۋال، كۈچ پەرقى زىددىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. شۇنداق ئىكەن، قانۇننىڭ مەزمۇنى بىلەن خاراكتېرى ئۈستۈن كۈچنىڭ ئالەم روھىغا بولغان مەيدانىغا باقىدۇ.

كۈچ پەرقى قانداق شەكىللەنگەن؟ بۇنى جەمئىيەتشۇناسلار ۋە تارىخچىلارنىڭ قۇرلىرىدىن ئىزدەيلى ۋە ئۆزىمىزمۇ دىئاگنوز قويۇپ باقايلى.

فرانسىيە مۇتەپەككۇرى ژان ژاك روسسو ئارستوتېلنىڭ: «ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر ئەمەس، بەزىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا ھۆر، بەزىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا قۇل» دېگەن ھۆكۈمىنى نەقىل قىلىپ، مۇنداق تولۇقلىغان: «دەرۋەقە، قۇللۇق تۈزۈم ئاستىدا تۇغۇلغانلار تۇغۇلۇشىدىلا قۇل بولىدۇ، قۇللار مەھكۇملۇق ئاستىدا ھەممىدىن مەھرۇم بولىدۇ، ھەتتا ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ».

ئامېرىكىنىڭ نېگىر يازغۇچىسى توماس خاردىنىڭ ئىرقىي تەڭسىزلىككە قارشى ئىدىيىدىكى «يىلتىز» ناملىق ئەسىرىدە كونتاكېنتى باشتا قۇل ئەمەس ئىدى، كېيىن قۇللۇققا مەھكۇم بولدى، نەتىجىدە ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ قۇللۇققا گىرىپتار بولدى. ئابراھام لىنكولىن دەۋرىدە قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇللۇق تامغىسىدىن قۇتۇلدى.

ئارىستوتېلنىڭ ئادالەت غايىسى تەڭلەر يەنى ئەركىن گىراژدانلارغا قارىتا ئېيتىلغان. ئارىستوتېلچە بولغاندا، قانۇن ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ھەرقايسى تەبىقىلەرگە تەقسىملەپ بېرىدۇ. يەنى ھۆكۈمران دائىرىلەر ئۈچۈن شىجائەت ياخشى پەزىلەت، قۇللار ئۈچۈن ئىتائەت ياخشى پەزىلەت. روشەنكى، بۇ يەردىكى تەڭلىك ئىدارەت بىلەن ئىتائەتنىڭ چەك بېسىشىدىن كەلگەن.

ئارىستوتېلنىڭ تەبىقە ئەندىزىسى بۈگۈنكى شارائىتتا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلگىنى يوق. ئىنساننىڭ تەبىئىيىتى ۋە ئەقلى قۇللۇققا قارشى. بىراق ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇللۇق كىشىلەردە ھېچقانداق ئاساسسىزلا گۇناھ تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇلار توغرا ئىش قىلىشمۇ يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرىدۇ. ھەقلىق ئىشلارغا دادىل قول تىقالمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى ھەققىدە گەپ ئېچىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئادەملەر ئىلاھ ئالدىدىكى گۇناھ تۇيغۇسىنى ئۆزى ئارقىلىق ياكى ئىلاھنىڭ شەپقىتى ئارقىلىق يوقىتالايدۇ. بىراق ئادەملەرنىڭ كۈچ ئۈستۈنلۈكى ئارقىسىدا تۈزۈلگەن قانۇن ئالدىدىكى گۇناھ تۇيغۇسىنى يوقىتىش تەس. ھاياتتا ئادەملەرنى بىرلەشتۈرگۈچى ئاساس يوق ئەمەس، بار. بىراق بۇ ئاساس بۇرمىلانغان شارائىتتا، تەڭسىز قانۇنىي تەرتىپ ئۆرە تۇرغان بولىدۇ. بىز بۇنداق ئەھۋالنىڭ تەمسىلىنى فرانس كافكانىڭ «ھۆكۈم» ناملىق ھېكايىسىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز. ياش سودىگەر گېئورگىي بوندمان بىلەن ئۇنىڭ تەرسا، ھاكىممۇتلەق دادىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەزكۇر ئەسەر سيۇژىتىنىڭ مەزمۇنى. ئاتا زەي – قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇپ ئوغلىنى باشقۇرىدۇ، ئوغلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشى، دوست تۇتۇشى، توي قىلىشىنى چەكلەيدۇ. ئاخىرىدا ئۇ ئوغلىنى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئوغلى بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلىدۇ. قارىماققا بۇ بىمەنە ھېكايە. ئەمما ئۇنىڭدىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ سۈرىتىنى ئەينەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئاتا بۇيرۇق قىلدى، ئوغلى شەرتسىز ئىجرا قىلدى. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى بىر تەرەپ قىلدى. بۇ نەدىن كەلگەن قانۇن؟ ئوغلىدا راستىنلا گۇناھ بارمۇ؟ ئۇ، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا گۇناھسىز ھالدا تۇرۇپ، ھۆكۈم قوبۇل قىلدى.

گۇناھ دېگەن نېمە؟ ئۇ، ھاكىممۇتلەقلىق پەيدا قىلغان تاتۇق.

* * *

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئادالەت ئالدىدىكى بۇرچىنى تونۇغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆيلىنىش ھوقۇقىنىڭ ئۆزلىرىگە تولۇق مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدىغان ساغلام روھىي ھالەت تىرىلىدۇ، ھەقىقەت سۆمرۈغىنىڭ تۇخۇمى كۆزلەرگە ئايان بولىدۇ.

ھېكمەت: ئادالەتسىزلىك ئالدىدا بۇرچكار بولغان ھاكىمدىن ئادالەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ھېس قىلغان قۇل گۈزەلرەك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەيىبدارلىقى ئىنسانىيلىقتا يېقىنراق.


---

ئاپتور: شىنجاڭ ماائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى (M1)

# ئېشەك قىسسىسى ۋە مەن

(بىسارە)

مەھمۇت سىدىق



- ئېشەكمۇ ئۇچامدۇ؟
- ئۇچۇرسا ئۇچىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى
- «چۆل ئوغلى» دىن

## 1. ئاپتورنىڭ ئۆزرىسى

«بىسارە» ژانىرى ئۇزاق ئەسىرلىك مۇنبەت فولكلورىمىز تۇپرىقىدا يارالغان. «بى» دېگەن قوشۇمچە ئۆزى قوشۇلغان سۆزنىڭ تەتۈرسىنى بىلدۈرىدۇ. «سارە» دېگەن سۆز بولسا «ساپ-تازا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا بۇ ژانىر «زىت مەنىلىك ، مەنىسىز ، باش-ئاخىرى باغلاشمىغان» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «قىرىق يالغان» ، «جىڭ يالغان، مىڭ يالغان» دېگەن بىسارىلەر بۇنىڭ مىسالى. بۇ خىل ژانىر قارىماققا چۆچەك ژانىرىغا ئوخشىسىمۇ قۇرۇلمىسى ، تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن چۆچەكلەردىن روشەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. تىل جەھەتتىن ئالغاندا ، بىسارىلەرنىڭ ۋەقەلىكى «كولىمىغان چىغ تۇۋىدىن تۇغۇلمىغان توشقان چىقتى» ، «تىنىماي دەم ئېلىپ ، ماڭماي يول يۈرۈپ» دېگەنگە ئوخشاش زىت مەنىلىك سۆز-جۈملىلەر بىلەن راۋاجلانسا ، كومپوزىتسىيە جەھەتتىن پۈتۈن بىر پارچە بىسارىدا مۇكەممەل، باش-ئاخىرى ماسلاشقان، چەمبەرچەس باغلىنىش بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن بىسارىلەردە مۇكەممەل، جىڭغا توختىغىدەك بىرەر ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئانىسى، جۈملىدىن چۆچەك، قوشاق ژانىرلىرى يازما ئەدەبىياتتىكى ھېكايە-شېئىرلارنىڭ ئەجدادى. مېنىڭ بۇ يازمام بىر تالاي تەرمەچ گەپلەردىن قوراشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە باش-ئاخىرى قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ماسلاشمىغان داشقايناق بىر نەرسە بولغانلىقتىن، «بىسارە» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئارىيەت ئېلىپ قوللاندىم. باشقىلارمۇ «قارا يۇمۇر ھېكايىچىلىقى» ، «روھىي ئانالىز ھېكايىچىلىقى » ، «سېترېئولۇق شېئىر» . . . دېگەنگە ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى يازىدىكەن. ماڭا ئوخشاش تىنەپ-تەمتىرەپ يۈرگەن بىر ھەۋەسكارنىڭ ئەجدادلار ئىجاد قىلغان مۇكەممەل بىر ژانىر ئاتالغۇسىنى بۇزۇپ قوللىنىپ بىر نەرسە يېزىشى خۇددى «قۇشقاچنىڭ شىكار قىلىشى» دېگەن مەسەلدىكىدەك ئىش بولسىمۇ ، باشقا مۇۋاپىق بىرەر ئامال تاپالمىغاچقا ، كۆڭلۈمدە تالاي-تالاي رەت ئويلىغان ئەمما قەلەمگە ئالمىغان، ئۇنتۇپ كەتكەن نۇرغۇن نەرسىلەرقاتارىدا بۇنىمۇ

يازماي تاشلىۋېتەي دېگەن بولسام‌مۇ ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋېلىپ يېزىشقا مەجبۇر قىلغاچقا، مەيلىلا، مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئۆزۈم بىلگەنچە يېزىۋېرەي دېگەن ئەنتەكلەرچە ئوي بىلەن بۇ يازمامنىڭ ژانىرىنى مۇشۇنداق ئاتىدىم.

ئەمدى بۇ يازمىنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقىم، يەنە كېلىپ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى گەپ ئەرزىمەس، بولسىمۇ-بولمىسىمۇ بولىدىغان، پايدىلىنىش قىممىتى تۆۋەن بولغان بىر بەتبەشىرە مەخلۇقنى يازغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ ئۆتەي.

يېقىنقى مەزگىللەردىن بېرى نېمە ئۈچۈندۇر بىر نەرسە ئوقۇغۇم كەلمەيدىغان، ناۋادا زورۇقۇپ ئوقۇپ قالغان تەقدىردە ئوقۇغان شۇ نەرسىلەر ئىچىمدىن كۈنسېرى قاشاقلىشىپ، نامراتلىشىپ كېتىۋاتقان روھىي دۇنيايىمنى پاللىدە يورۇتۇپ، بىغەملىشىپ، سەزگۈلىرى قېلىنلىشىپ كېتىۋاتقان قەلبىمنى ئىكەكدەيدىغان، قانلىرىمنى كۆۋەجەيتىدىغان ئەسەرلەرنى ناگان-ناگاندا ئۇچراتمىسام قالغانلىرى ساپلا ئىسسىقى ياكى سوغۇقى يوق يىلمان سۆدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. تۆت-بەش يىلدىن بېرى ئۇنى-بۇنى يېزىپمۇ باقتىم. لېكىن باشتا قىزىپ كېتىپ يازغىنىم بىلەن ئاخىرى پۈتۈپ بولغاندا بەتتام تېتىپ قېلىپ، ئۆزۈمگە يارىمىغان نەرسىنى رويابقا چىقىرىشتىن ئىزا تارتتىم.

نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەر بولغانمىغان، نۇرغۇن نەرسىلەر ئىجاد قىلىنمىغان، ئادەم بىلەن تەبىئەت بىر-بىرىگە ئەڭ يېقىن - بىر گەۋدە بولۇپ ياشىغان، پاندۇرانىڭ قۇتىسى تېخى بۇ زېمىنغا قارىتىپ ئېچىلمىغان زامانى ئەۋۋەلدە ئۆتكەن سوقرات يوغانباش: «تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ» دەپتىكەن. تەپەككۇر قىلىدىغان كاللامنى بوينۇمنىڭ ئۈستىگە مىندۇرۇپ جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە مىدىرلاپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن بىر نەرسە ئوقۇمىسامىمۇ، يازمىسامىمۇ ئەمما تەپەككۇرۇم رېئاللىق تەرىپىدىن ئاستا-ئاستا كۆندۈرۈلۈشكە باشلىغان بىغەم - پەرۋاسىز روھىيىتىم بىلەن قارشىلىشىپ، نېمە ئۈچۈن يازالمايدىغان، ئوقۇغانلىرىممۇ خۇددى قېرى زابويغا ناركوز كار قىلمىغانغا ئوخشاش، روھىيىتىمگە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئويلا-ئويلا ئاخىرى بىزدە بازارغا سېلىنىۋاتقان مەھسۇلاتلارنىڭ جىڭ-جاسى بولغىنىدەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭمۇ جىڭ-جاسى بارمۇ-قانداق؟ دېگەن خىيال پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جىڭ ئەسەر بىلەن جا ئەسەرنى قانداق پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغاندۇ؟ دېگەن بىر قىيىن سوئال تۇغۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە رەستىدە تىزىپ قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ جىڭ-جاسىنى پەرقلەندۈرمەك قىيىن بولغان يەردە، ئەسەرلەرنىڭ جىڭ-جاسىنى قانداق پەرقلەندۈرگىلى بولسۇن؟... ئەسەرلەر ھەققىدىكى دۇرۇس نىيەتتە بولمىغان، ھەقدادىغا يەتكۈزۈلمىگەن باھالارغا ياكى شۇ ئەسەرنىڭ گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئالاھىدە جايلىرىدىن ئورۇن ئالغانلىقىغا ۋە ياكى بازىرى بەك چىقىپ كەتكەنلىكىگە، بېرىلگەن مۇكاپاتلارغا قاراپ قىممىتىنى بىلگىلى، جىڭ-جاسىنى پەرقلەندۈرگىلى بولارمىكىن دەپ ئويلىدۇم. بۇ جاۋابمۇ مېنى تولۇق قايىل قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بازارغا سېلىنغان ھەر قانداق مالنىڭ ئۆزىگە يارىشا خېرىدارلىرى، ۋەكالەتچىلىرى، بىدىكلىرى بولغىنىدەك، بۇ ساھەدىمۇ ھازىر ۋايىغا يەتكەن بىر بۆلەك كەسىپ ئىگىلىرى يوق ئەمەس. نەسىرىدىن ئەپەندى سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ چىققان سىيىرىنى: «بۇ سىيىر ئۆسكەك، شەپشەك» دەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىۋاتسا، يېنىدا بىر بىدىك پەيدا بولۇپ: «بۇنداق دېسىڭىز سىيىرنى ھېچكىم ئالمايدۇ، مانا مۇنداق دەيمىز» دەپ سىيىرنى تەرىپلەپ، ماختاپ بۇ سىيىرنى سېتىۋالغۇچىلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىگىسى بولغان ئەپەندىمنىمۇ: «راست، بۇ سىيىر شۇنداق ياخشىمىدۇ؟» دەپ گاڭگىرىتىپ قويغاندەك ماھارەت بۇ كەسىپ ئىگىلىرىدىمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى جىڭ ماللارنىڭ بازارغا سېلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەسلى ئىجادچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئوتتا تاۋلاشتا كىم تەر ئاققۇزغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، كىشلەر جىڭ نەرسىلەرگىمۇ، جا نەرسىلەرگىمۇ ئوخشاشلا ئېھتىياجلىق. يەنە تېخى ئادەم ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەقىلغەسىغمايدىغان ئىشلارغىمۇ كۆنۈكۈپ كېتىدۇ. بارا-بارا بۇ ئىش ئەزەلدىن شۇنداقتەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. بۇ خۇددى بىرسى: «بىر ئىككى بىر، بىر ئىككى بىر» دېگەننى دەۋېرىپ، ئاخىرى بىرنى بۇرۇن دېدىمۇ ياكى ئىككىنىمۇ دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپالمىغاندەكلا بىر ئىش.

مەن بۇ خۇلاسىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن خېلى يېنىكلەپ قالدىم. چۈنكى مەن بۇنىڭدىن كېيىن جىڭ-جالىقى، راست-يالغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي يېزىۋەرسەم بولغىدەك، دېگەن يېڭى بىر يەكۈنگە ئېرىشىپ، بۇ بىسارىنى يېزىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزدۇم.

بۇ دۇنيادا پايدا-مەنپەئەت، شۆھرەت ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە نىيەتتە ۋۇجۇدقا چىققان شۇنىڭدەك تاسادىپىي يۈز بېرىپ قالغان ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ كەينىگە جىڭ بولسۇن ياكى جا بولسۇن ئىشقىلىپ بىر ئەسەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ ئەسەرنى قەلەم تۇتقانلارنىڭ بەزىلىرى زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە بەزىلىرى پايدا-مەنپەئەت ۋە ياكى شۆھرەت تەمەسى تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان مۇددىئادا خېرىدارلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئۇسسۇرۇقتا مەدھىيە» دېگەن مۇنۇ مەسەلنىڭ 1-ئابزاسىنى كۆرۈپ باقايلى: «بىر ئەدىب ئۆلۈپ ياماراجادەرگاھىغا بارغاندا، ياماراجا توساتتىن بىرنى ئۇسسۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەدىب دەرھاللا ‹ئۇسسۇرۇقتا مەدھىيە›نى توقۇپ چىقىپتۇ:

ئالتۇن كاسىلىرىنى كۆتۈرۈپلا
چىقتى ھەيۋەتلىك، گۆھەردەك بىر يەل.
ناۋاسى گوياكى سازلارنىڭ كۈيى،
پۇرىقى مەززىلىك ئىپارغا بەدەل.
ياماراجا ئاتا ئۇسسۇرۇقۇڭ ماڭا
ئىپار-زەپەردىن قىممەتتۇر ھەتتا.

ياماراجا «ئوسۇرۇقا مەدھىيە»نى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئەدىبىنىڭ ئۆمرىنى ئون يىل ئۇزارتىپ شۇ ھامان پانىي ئالەمگە قايتۇرۇپتۇ.»

مانا بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئوسۇرۇق تاسادىپىي ھالدا چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇھېلىقى «ئەدىب»نىڭ ئېغىزىدا كارامەت بىر مۆجىزىگە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن «ئەدىب»مۇ ئاقىۋەتتە قانداقلا بولمىسۇن ئىشقىلىپ پايدا ئالغان. ئوسۇرۇپ قويغۇچىمۇ بۇ «ئۇلۇغ ئىش»ىدىن ئىزا تارتماي، بەلكى ھوزۇرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن (مەن ياماراجانىڭ زادى قانداق نىيەتلىكىنى ئۇقمايمەن. مەدھىيىنى ئاڭلاپ ئەدىبىنىڭ ئۆمرىنى 10يىل ئۇزارتىپ بەرگىنىگە قارىغاندا خېلى قۇدرىتى، ئىمتىيازى بولسا كېرەك). بۇ گەپلەرنى تىلغا ئېلىشىمدىكى مەقسەت، ئوسۇرۇق ھەققىدە يازغىلى بولغانىكەن، ئىشەك ھەققىدىمۇ يازغىلى بولغىدەك. شۇغىنىسى، مەن يېزىۋاتقان بۇ يازمىدا پايدىمۇ، زىيانمۇ، ماختاشمۇ، تىللاشمۇ يوق. چۈنكى، ناۋادا مەن ئاشۇ ياماراجانىڭ يېنىدا بولغان بولسام، ئوسۇرۇقنى ئاڭلاپ تەرىپلەي دېسەم كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدىغان، تەنقىدلەي دېسەم قورقىدىغانلاردىن بولغاچقا، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ پەرۋاسىز ھالدا يۈرۈۋەرگەن بولاتتىم. شۇڭا، ماڭا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بۇنداق يازمىلىرى ھېچكىمنى ھوزۇرلاندۇرالمىسا كېرەك.

مېنىڭ ھازىرقى ھاسىلاتىمغا قارىغاندا، يەر يۈزىدىكى جىمىكى نەرسىنى يازغىلى بولىدىكەن. ئۇچۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغانلىرىنىمۇ ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە، شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە ئۇچۇرغىلى، خەسنى ئالتۇن، تەبىئىيىتى پەسنى ئەۋلىيا دېگىلى بولىدىكەن. ئۇچۇرۇش بىزنىڭ ئەجدادىمىزدىن قالغان، ئەۋلادلار يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن، بازار تېپىۋاتقان بىر ماھارەت. ئۇچۇرۇشقا تېگىشلىك بولغانلىرىنى جايى-جۇيىدا قاملاشتۇرۇپ ئۇچۇرۇش پەزىلەتلىك قەلەم بىلەن بىرلەشتۇرۈلگەن بىر ماھارەت ھەمدە ئۇنىڭ قىممىتىگە بېرىلگەن مۇكاپات. ئۇچۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغانلىرىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ، چاندۇرۇپ قويماي ئۇچۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇخۇددى چوڭ تەرەتنى رەڭلىك رەسىمگە تارتىپ كىشىلەرگە بۇ سۈرەتتىكى نەرسىنى ئالتۇن قىلىپ كۆرسەتكىلى بولغاندەك بىر ماھارەت.

خۇدابۇيرۇسا، بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇئۆزۈمگە ھېچقانداق نەپ تەگمەيدىغان ياكى بۇيازمىنىقولاق-تۈۋىگەبېرىپئوقۇپبېرىپمۇ كۆڭلىنى خۇش قىلغىلى بولمايدىغان بۇنداق مەخلۇقلارنىيېزىپيۈرمەي، شەخسىيئۆي سالغىنىمدا ياردەم قىلماقچى بولغان ھېلىقى قۇرۇلۇش ھۆددىگىرىنى، ھەرسائەت، ھەرمىنۇتتىكى مەنپەئەتىمگە، باياشات، ئەركىن-ئازادە، خۇشال - خورام ياشاش-ياشىيالماسلىقىغا زورتەسىر كۆرسىتىدىغان بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق باشلىقلىرىمنى خۇددى ھېلىقى «ئەدىب» ياماراجانى يازغاندەك ئىش تۇتىمەن. چۈنكى ماسلىشىشچانلىق ھەر قانداق تۇردىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ جان بېقىشىدىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى.

نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمىغانغا ئوخشاش باياتىدىن بىرى ئۆزۈمدىن ئۆزۈم پەلپەتىش گەپلەرنى قىلىپ ئۆزرە ئېيتقان بولسامۇ، ئەمما بۇ يازمىنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقىمنى، ئىشەكنى نېمە ئۈچۈن تىلغا ئالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئوقۇرمەنلەر قايىل بولغىدەك ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

بىچارە، ساددا ئادەملەرنىڭ ئېگىلىپ، ھېجىيىپ تۇرۇپ ئېيتقان ئۆزرىسى مانا مۇشۇنداق لاۋزا ھەم ئۇزۇن بولسا كېرەك.

## 2. ئېشەك ھەققىدە تولۇق بولمىغان ئېتنوگرافىك ۋە ئەدەبىي مەلۇمات

بېلورۇسىيە ئەدەبىياتىدىكى شۆھرەتلىك يازغۇچى س. ئالېكسىيېۋىچ: «قۇشلار، بېلىقلارنىڭمۇ بارلىق جانلىقلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ تارىخىنى شەكىللەندۈرۈش ھوقۇقى بارغۇ، دېگەنلەرنى كۆپ قېتىم ئويلىدىم. كەلگۈسىدە چوقۇم بىر كۈنى ئۇلارنىڭ تارىخىنى يازىدىغان ئادەم چىقىدۇ» دېگەنىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئېشەكنىڭمۇ ئۆز تارىخىنى شەكىللەندۈرۈش ھوقۇقى بولسا كېرەك. شۇغىنىسى مەن بىلىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەر، تالاي-تالاي ئىشلارنى ئۇقمىغان يەردە ئېشەكنىڭ تارىخىنى تېخىمۇ بىلمەيدىكەنمەن. ئاتا-ئانام قايسى يىلى تۇغۇلغانلىقىمنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن قايسى ئاينىڭ نەچچىنچى كۈنى تۇغۇلغانلىقىم ئۇلارنىڭ ئېسىدە قالمىغانىكەن. شۇڭا ھەر قېتىم تەرجىمىھال گرافىلىرىنى توشقۇزغاندا بۇ سانلارنى پەرەز بىلەن يېزىپ قويىمەن. لېكىن ئېشەك ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى پەرەز بىلەن يېزىپ قوياي دېسەم، كېيىنچە بىرەر ماتېرىيالدىن سانلىق مەلۇماتلار، يىلنامىلار چىقىپ قالسا بۇرنۇمغايەمدىمەنكىن دەپ قورقىمەن. ئادەم ياشتا چوڭايغانسېرى بەكمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىدىكەن. شۇڭا، ھازىر ئۆزۈمدە بار بولغان ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، بىر چاغلاردا ئوقۇغان ماتېرىياللاردىن ئېسىمدە قالغان، يانچۇق خاتىرەمگە يېزىۋالغان ئېشەك توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى ئۆزۈندە گەپلەرنى مىسال قىلىپ ئۆتەي:

تاياق جاندىن ئۆتۈپ كەتكەندە، جادىگەر ۋالائامنىڭ ئېشىكىمۇ زۇۋانغا كېلىپ: «ۋايداد» دەپ تاشلىغان.

- «تەۋرات»

ئېشىكىڭگە قارا!

- «قۇرئان»

arra ھىررە-سۆيدۈك. بۇ، ئېشەكلەرنى جۈپلەشتۈرۈش ۋاقتىدا ئېيتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئىككى-ئۈچ قېتىم ئېيتىلغاندا، ئېشەكلەر جۈپلىشىدۇ.

- «تۈركىي تىللار دىۋانى»

ئېشەك نوقتىسى بولسا گەر ئەۋرىشىم،
قاچان ئات بىلەن بولغۇسى ھەمنىشىم.

— «شاھنامە»

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئېشەكمۇ ئادەملەر بىلەن تەڭ يارالغان ھەم ئادەم بارلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ياشىسا كېرەك.

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسىم-فامىلىسى بار. ئەمما يەر يۈزىدىكى بارلىق ئېشەكلەرنىڭ پەقەت «ئېشەك» دېگەن بىرلا ئىسمى بولغاچقا، ھەر بىر ئېشەكنىڭ تارىخىنى شەكىللەندۈرۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. گەرچە ئېشەكلەر جىنسى، رەڭگى، يۇرتىغا قاراپ مەلۇم ناملار بىلەن ئاتالسىمۇ، بۇ يەنىلا چوڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ يەردە چوڭ شەھەرلەردىكىدەك كىتاب-ماتېرىياللىرى تولۇق، ئىزدىگەننى تاپقىلى بولىدىغان بىرەر كۇتۇپخانا ياكى قىرائەتخانا يوق. شادىيانە ئائىلىلەرنىڭ ھەشەمەتلىك خانىلىرىدىن قىممىتى بار بىرەر پارچە ماتېرىيال تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى نەچچە يىلدىن بېرى كونا كىيسەممۇ، تونۇش-بىلىشلەر، دوست-بۇرادەرلەرنىڭ نەزەرىدە پىخسىق، تالىب مىجەز ئاتالساممۇ ئەمما بىر ئامال بىلەن تېجىگەن پۇللىرىمغا بىردىن-ئىككىدىن سېتىۋالغان، ئوقۇۋېلىش ئۈچۈن ئارىيەت ئېلىپ كېتىدىغانلار ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋېتىپ، ئىككىنچى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان، پەقەت ئۆزۈم ئۈچۈنلا بۇ ئالەمدە ھايات ياشىشىمنىڭ مۇھىم بىر شەرتى بولغان گېزىت-ژۇرنال، كىتابلىرىمنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم. ئاخىرى «ئېشەكنىڭ دۇنياغا كېلىشى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى مۇنۇ قىزىقارلىق چۈشەندۈرۈش ماقالىسىغا (بۇ ماقالە «خەلق گېزىتى» نىڭ 1980-يىل 17-يانۋاردىكى «يېزا ئىگىلىك ساۋاتى ھەققىدە پارچىلار» دېگەن ستونىغا بېسىلغان) كۆزۈم چۈشتى. قېنى بۇ ماقالىنى بىرلىكتە ئوقۇپ كۆرەيلى:

ئەپەندىم تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ كىچىك ئېشىكىنى ئېسىگە ئالىدۇ.

ئېشەكنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ ئادەتتىكىدەك باسقۇچلۇق سەرگۈزەشتىنى باشتىن كەچۈرگەن. مەملىكىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇن ئېشەك باققانلار غەربىي شىمال چېگرىدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئاندىن ئاز مىقداردىكى ئېشەك ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىردى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېتىپ بېرىپ يۇقىرى قاتلامدىكى ئەربابلارنىڭ قولىدا ئەتىۋارلىق بولۇپ قالدى. خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇقلۇقتا سودىگەرچىلىك قىلىدىغانلار ئېشەكنى «يېڭى تىل» دا «قەھرىۋا»، «مارجان» دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئاھاڭداش ئاتاپ، ئۇنى يېشىل قاشتېشى، گۆھەرلەر بىلەن تەڭ دەرىجىدە كۆرگەنلىكىدىن ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئېشەكنى ئەتىۋارلىشى ئۇنى يوقىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىدى. «كېيىنكى خەننامە» دە خاتىرىلىنىشچە «بىر تېۋىپنىڭ ئانىسى ئادەتتىكى كۈنلەردە ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى ياخشى كۆرەتتى.

دائىم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىنىش بىلەن كۆڭۈل ئاچاتتى» دېيىلگەن. خەنلىڭدى دېگەن پادىشاھ خوشى تۇتقان چاغلاردا ئوردىدا تۆت ئېشەكنى ھەيدەپ، ئۈچىسىغا ئوقيا ئېسىپ، ئېگىلىپ-چۆرگىلەپ تاماشا قىلاتتى... ۋېيۇېندى پادىشاھ كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىگەن ۋاڭ جوڭشىنىنى دەپنە قىلغاندا، ئەدىمكى سۆزلەرنى قىلىپ، ئېشەك ھاڭرىتىپ ئۇنى دەپنە قىلغان، مېھمانلارنىمۇ ئېشەك ھاڭرىتىپ ئۇزاتقان (ئەمەلىيەتتە تارىختا ئىلگىرىمۇ، كېيىنمۇ ئۇنداق ئىش بولمىغان).

كېيىنكى چاغلاردا ئېشەك بارغانسېرى كۆپەيدى، پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ خەلق ئارىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنى تومپايلارمۇ ئىشلىتەلەيدىغان بولدى. بۇنىڭغا يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاچچىقى كەلدى. تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېشەك ئىشلىتىشىگە قارشى تۇردى. ئەمدى ھەر قانداق پادىشاھ ئېشەك ھاڭراتمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بارغانسېرى چۈشتى. ئۇنىڭ نامى قانداقتۇر «تاپ»، «بوراغ تاپ»، «دۆت ئېشەك» دېگەندەك ناملار بىلەن ئادەملەرنى تىللايدىغان تىلغا ئايلاندى.

لېكىن، دېھقانلار ئېشەكنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئېشەك يۇۋاش خۇيلۇق، ناھايىتى چىدامىلىق. ئۇ، ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلەيدۇ، يىراق سەپەرلەرگە بارالايدۇ، تاغ-جىلغىلاردىن ئاشالايدۇ. مەيلى ساپان سۆرەپ يەر تېرىشتا، ھارۋا سۆرەپ مال توشۇشتا بولمىسۇن، ئادەملەرنى كۆتۈرۈپ تاغ-داۋانلاردىن ئېشىشتا بولمىسۇن ھەر تۈرلۈك ئىشلاردىكى رولى چوڭ. ئەگەر ئۇنى جۇۋازغا قوشسا، پەقەت رەخت بىلەن ئىككى كۆزىنى تېڭىپ قويسىلا، ئارقىسىدىن بىر ئادەم تاياق-قامچا بىلەن ئۇرمىسىمۇ، ئۆزى توختىماي چۆرگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مادا ئېشەكنىڭ سۈتىنىڭ تەركىبى ئايالنىڭ سۈتى بىلەن ئۆزئارا يېقىن بولۇپ، بالا (تەخەي) بېقىشتا ئەلا سۈپەتكە ئىگە. ئۇنىڭ تېرىسىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئېشەك يىلىمى ئارقىلىق قاننى جانلاندۇرغىلى، قۇرۇپ قالغان جىگەرنى ھۆللىگىلى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئېشەك بىلەن بىر ئاندىن تۆرەلگەن خېچىر چوڭ ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ساپان — ھارۋىلارنى سۆرەشكە ناھايىتى ئەپلىك.

ئېشەكنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان پايدىسى مانا مۇشۇنداق كۆپ، لېكىن تەلەپ قىلىدىغىنى ناھايىتى ئاز. پەقەت ئوت-چۆپ، سامان بىلەن باقسىلا قانائەت قىلىدۇ. شۇڭا، دېھقانلارنىڭ كۆپلەپ ئېشەك بېقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئېشەكبېقىش — نۆۋەتتىكى يېزا چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بۇنىڭدىن كېيىن يۈكنى ماشىنىلار توشىغان تەقدىردىمۇ، پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيسىمۇ، ئېشەكنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ماشىنا ئىگىلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بۇ قىزىقارلىق چۈشەندۈرۈش ماقالىسى تارىختا

بولمىغان نۇرغۇن ئىشلاردىن توقۇلما قىلىنىپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ھېچ بولمىغاندا ئېشەك ئەڭ دەسلەپتە ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆندۈرۈلگەن جايلارنىڭ بىرى بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىن ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار ئېشەك ھەققىدىكى جۇملىدىن نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئارىمىزدا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا شادلىق ئاتا قىلغان كۈندىن باشلاپلا ئېشىكىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشىدىكى چالا-چولتا بولغان ئېتنوگرافىك مەلۇماتتىن ئىبارەت.

ئەمدى ئېشەك ھەققىدە ئۇزاق ئۆتمۈشتە يارىتىلغان ئەدەبىي مەلۇماتلاردىن ئارىيە كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«گۆيجۇ ئېشىكى» نامىلىق مەسەلدە، بۇرۇنقى زاماندا مەلۇم بىر ئورمانلىقتا ھايۋاناتلار، قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئورمانلىقتا بىر ئېشەك پەيدا بولغانلىقى، ئېشەكنى كۆرۈپ باقمىغان بارلىق ھايۋاناتلار ھەتتا ئۇلارنىڭ پادىشاھسى بولغان يولۋاسمۇ ئېشەكنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك - ياڭراق ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكى، كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ يولۋاس ئېشەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋېرىپ، ئۇنىڭ ھاڭراشتىن باشقا ھۈنىرى يوقمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ ئېشەككە ئاستا-ئاستا يېقىنلاپ كۆزىتىپ، ھاڭرىسا يەنە قېچىپ، يەنە يېقىنلاپ ئاخىرى ئېشەكنىڭ ھاڭراش، تېپىشتىن باشقا ھۈنىرى يوقلىقىنى بىلىۋېلىپ ئۇنى يەۋەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

«ئاقىلانە تەدبىر» نامىلىق چۆچەكتە، بۇرۇنقى زاماندا تەكلىماكان بوستانلىقىدىكى مەلۇم بىر پادىشاھلىقتا خوي-پەيلى ئوسال بىر شاھزادە بولۇپ، مۇددەرىس ئۇنىڭغا ئىنتايىن سەۋرچانلىق بىلەن ئۇزۇن يىل ساۋاق بېرىپ ئىلىم ئۆگەتكەن بولسىمۇ، شاھزادە ئۇستازىنى كۆزگە ئىلماي، مەنسىتمەي، ساۋىقىنى قوبۇل قىلماي ئوسال ئىشلارنى قىلىپ مۇددەرىسنى جاق تويغۇزۇۋەتكەنلىكى، سەۋر قاچىسى توشقان مۇددەرىس ئاخىرى: «جانابلىرىغا ئۇزۇن يىلدىن بېرى ساۋاق بېرىپ كېلىۋاتقان بولسامۇ ئۆزلىرىگە زەررىچە ئىلىم-ھېكمەت، پەزىلەت يۇقمىدى. ئۆزلىرىگە ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن قىلغان ئەجرىمنى ئېشەككە قىلغان بولسامۇ ھېچ بولمىغاندا ساۋادىنى چىقىرارىدىم» دېگەنلىكى ، شاھزادىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھ غەزەپلىنىپ، مۇددەرىسنى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپ ئەدەبلىگەنلىكى، سوئال-سوراق، مۇنازىرە ئارقىلىق شاھ ئاخىرى ھېلىقى مۇددەرىسكە بىر ئاي مۆھلەت ئىچىدە بىر ئېشەكنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى پەرمان قىلغانلىقى، مۇددەرىس ئوردىدىن قايتىپ كېلىپ، بىر نەچچە پارچە ئاق كىگىزنى تۆپلەپ تىكىپ، كىگىز ئۈستىگە خەتلەرنى چوڭ قىلىپ يېزىپ، ھەر بىر قۇر خەت ئۈستىگە قاتىرىسىغا قوناق تىزىپ، قوناقنى ئېشەككە قۇر تەرتىپى بويىچە يېگۈزگەنلىكى، بۇ ئىش بىر ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن ئېشەك قۇر ئۈستىدە قوناق بولمىسىمۇ خەتلەرنى تۇمشۇقى بىلەن سىيرىپ بېرىدىغان بولغانلىقى، مۆھلەت توشقان كۈنى ئېشەك شاھ ئالدىدا ھېلىقى كىگىز كىتابتىكى خەتلەرنى تۇمشۇقى بىلەن سىيرىپ «ئوقۇپ» تۈگىتىپ، ئاخىرى خۇلاسە قىلىپ قاتتىق ھاڭرىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن مات بولغان شاھ مۇددەرىسنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا «ئېشەك پادىشاھ» نامىلىق مەشھۇر بىر خەلق چۆچىكى بار. بىر نەچچە خىل ۋارىيانتلىرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ چۆچەكتە ئېيتىلىشىچە ، زامانى ئەۋۋەلدە تەكلىماكان زېمىنىدا ھەممە يېرى باغۇ-بوستانلىق، سۇلىرى ئەلۋەك، خۇش ھاۋالىق، ئادەملىرى غورۇرلۇق، پەزىلەتلىك قۇدرەتلىك بىر شاھلىق بولۇپ، شاھ بىر نەچچە قىز-ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ، بۇ شاھزادە ، مەلىكىلەر قازايى مۇتلەق، تەقدىر-ئىرادە سەۋەبىدىن شاھنى، يۇرت پۇقرالىرىنى داغۇ-ھەسرەتتە قويۇپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقى، يۈرەك-باغرى جۇدالىق زەردابلىرى بىلەن تولغان شاھ ياشىنىپ پۇت-قولىنىڭ ھارارىتى سوۋۇپ كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋەزىر-ۋۇزرا، ئاكابىر-ئەشرەپ-لىرىنى دەرقەمتە قىلىپ، ئۆزىنىڭ نەپسى توختاپ، ئۈستىخىنى سوۋۇپ بولغان ھامان ئادەملەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان، بەخت-ئىقبالىنى ئالدىن بىشارەت قىلالايدىغان «ھۇمايۇن» ئاتلىق بەخت قۇشىنى چاھار باغدىن ئېلىپ چىقىپ يۇرت ئاسمىنىغا قويۇپ بېرىشنى، قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ كىشىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ شاھ قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقى، شاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋەسىيەت بويىچە بەخت قۇشى يۇرت ئاسمىنىغا قويۇۋېتىلگەنلىكى، ھەر خىل مۇددىئا - مەقسەتلەردىكى ئادەملەر ھۇمايۇن قۇشى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇزۇقلۇقلارنى پۇلاڭلىتىپ، بادىرىلارنىڭ ئۇچىغا چېگىپ قۇشنىڭ كەينىدىن توققۇز كېچە-كۈندۈز قوغلىغان بولسىمۇ، ھۇمايۇن قۇشى بۇ ئادەملەرنىڭ بىرەرسىنىڭ بېشىغا قونمىغانلىقى، ئادەملەر «گەھ-گەھ» دەپ يۈرۈپ ھالىدىن كەتكەندە بەخت قۇشى بىپايان كەتكەن بىر يايلاقنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ-ئايلىنىپ ئاخىرى ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئاسمانپەلەك چاڭ-توزان ئۆرلىتىپ، چۇقان-سۈرەن سېلىشىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قايسىسىنىڭ بېشىغا قونۇشقا كۆڭۈل توختىماي ئاخىرى «مانا ئەمىسە» دەپ بىر قوتۇر ئېشەكنىڭ ئۈستىگە قونغانلىقى، ئادەملەر بۇ ھالدىن پۇشايمان، ھەسرەت-نادامەت، ئىزا-ئاھانەت ھېس قىلىپ گاڭگىراپ تۇرغاندا ، شاھنىڭ پەرمانىنى شەرتسىز ئورۇنداپ كۆنگەن ئوردا ئەھلى ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلىشنى بەرھەق بىلىپ ھېلىقى قوتۇر ئېشەكنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ يۇيۇپ-تاراپ، ئۈستىباشلىرىنى بەقەسەم - شايىلار بىلەن ئوراپ، ئالتۇن تاج كەيگۈزۈپ، لەئىل-ياقۇتلار بىلەن كۆز قويۇلغان ئالتۇن نوقتا-زەنجىر بىلەن باغلاپ تەختتە ئولتۇرغۇزغانلىقى، ئېشەك قانداقلىكى بىر ھەرىكەت قىلسا ياكى ھاڭرىسا، ۋەزىر-ۋۇزرالار ئۇنى

ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئا-مەقسىتى، ئارزۇسى بويىچە تەھىر-تەپسىر قىلىشىپ، ئېشەك پادىشاھقا ۋەكالىتەن پەرمان چۈشۈرۈپ ئاۋامغا زۇلۇم-سىتەم قىلغانلىقى سەۋەبىدىن يۇرت، باغۇ-بوستانلىق ۋەيران بولغانلىقى، كېيىن بۇ زېمىن قۇم ئاستىدا قالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. چوڭقۇر تراگېدىيىلىك پەلسەپىۋى پىكىر، ئاچچىق مەسخىرە بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ چۆچەكنىڭ ئاخىرى:

بولسىدى ئەگەر بەخت، تەقدىر، ئىقبالنىڭ كۆزى،
قونۇرمىدى قوتۇر ئېشەككە ھۇمايۇن قۇشى.

دېگەن بېيىت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

مويسىپىتلەر مەلۇم بىرەر ئىش توغرىلىق قارىشىنى سۆزلىمەكچى بولغاندا ، مەلۇم دوقالغا دۇچ كەلگەندە بۇ بېيىت شۇ ئىشقا ، شۇ پىكىرگە ماس كېلىپ قالسا، ئاچچىق مەسخىرە تەلەپپۇزىدا ئۇنى زىكىر قىلىشىدۇ.

ئەجەم خەلقىغە ئائىت چۆچەكلەرنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، ساسانىيلار خانلىقىنىڭ 20-سۇلتانى بولغان نوشىرۋان بىننىي قاباد دەسلەپ تەختتە ئولتۇرغاندا ناھايىتى زالىم بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «نوشىرۋانى زالىم» دەپ ئاتىشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوردىدىكى مەئىشەتتىن، نەغمە-ناۋادىن، رەققاسلارنىڭ ئۇسسۇللىرىدىن زېرىككەن نوشىرۋان ھىراۋۇل، ئىراۋۇل، ياساۋۇل دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان لاۋۇ-لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ سۈر-ھەيۋە بىلەن شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. سەھرا-قىرلاردا شىكار قىلىپ، ئورمانلاردا ئۆز رىسقىنى يەپ يۈرگەن كېيىك-مارال، ئۇچار قاناتلارنى ، ئېتىزدىكى دېھقانلارنى، بازاردىكى ھۈنەرۋەن-كاسىپ، ھۆپىگەر-باققاللارنى، ئىشقىلىپ ئۆزىنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى جايدىكى ئۈچالىق - تىنالىقلارنى پاتپاراق قىلىپ خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئەتراپىدا ماڭغان ۋەزىر - ۋۇزرالار نوشىرۋانغا ئەقىل كۆرسىتىپ، شاھ تېخى قەدەم باسمىغان، شىكار قىلىشقا مۇۋاپىق يەنە ئالىلقاندا يەرلەرنى تەرىپلەپ، ئەتراپىدىكى قەلەمدارلار، سالنامىچىلار بولسا نوشىرۋان شىكار قىلغان قۇشقاچنى لاچىن، توشقاننى شىر - يولۋاس دەپ مەدھىيلەپ، ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى بۇنداق مەرگەننىڭ ئاپىرىدە بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ، شاھنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىپ شىكار قىلىپ يۈرۈپ، پايانسىز بىر جەزىرىگە چىقىپ قاپتۇ. خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن غەلىتە بىر ھالغا دۇچ كەپتۇ. قارىسا، بىر-بىرىدىن ئېگىز، قاتىرىسىغا كەتكەن تاقىر دۆڭلۈكلەرنىڭ بىرىدە 40 مىڭ قاغا، يەنە بىرىدە 40 مىڭ قاغا ئىككى توپ بولۇپ، بۇ ھەيۋەت قوشۇنىدىن ئۆركىمەي قاقىلدىشىپ ئولتۇرغىدەك. بۇ ئىشقا ھەيران بولغان شاھ قوشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ۋەزىرى بۇزرۇك جۇمھۇردىن: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سوراپتۇ. بۇزرۇك جۇمھۇر شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن : «جانابىي ئالىيلىرى، بۇ قاغىلار توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. ھەرنە مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە خاس مۇقەددەس توي مۇراسىمى ئادىتى بولىدۇ. ئادەملەر بولسا گۈزەل ماكاندا، قۇياش پارلاپ، ئۇسسۇملۇكلەر ياشناپ، دىلى ياپرىغاندا توي ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. تەبىئەتكە گۈزەللىك بەخت تىلەيدۇ. ماۋۇ مەخلۇقلار بولسا مانا مۇشۇنداق چۆل-جەزىرىلەردە ، ۋەيرانە-خارابىلىقلاردا، كۈن كەچتىن ئۆتۈپ زاۋال بولغاندا توي ئويناپدۇ. بۇلار تەبىئەتكە ۋەيرانلىق، خارابىلىق تىلەيدۇ. ماۋۇ دۆڭدىكى بىر توپ قاغا قىز تەرەپ، ماۋۇ دۆڭدىكىسى ئوغۇل تەرەپ ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «بۇلار نېمىشقا مېنىڭ بۇ سەلتەنەتلىك قوشۇنىمدىن ئۈركىمەي، قورقماي تۇرۇشىدۇ» دەپ سوراپتۇ نوشىرۋان. «چۈنكى،-دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بۇزرۇك جۇمھۇر،-بۇلار گەرچە ئالەمگە زاۋاللىق، ۋەيرانلىق تىلەيدىغان مەخلۇقلار بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قانىتى بارلىقىنى، بىز ئۇلار تۇرغان دۆڭگە يېقىنلاپ بېرىپ، زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئۇچۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بىلىدىكەن» .

نوشىرۋان بۇ ئىشقا تولىمۇ قىزىقىپ قاپتۇ ۋە بۇزرۇك جۇمھۇردىن: «ئۇلار نېمىدەپ قاقىلدىشىۋاتىدۇ» دەپ سوراپتۇ. بۇزرۇك جۇمھۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ: «بۇنى ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ، شاھىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. نوشىرۋان قايتا-قايتا سوراۋېرىپتۇ. بۇزرۇك جۇمھۇر دائىملىق ئادىتى بويىچە : «تىلىم كۆيىدۇ» دەپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ئاخىرى نوشىرۋان: «ھەرقانداق گەپ بولسىمۇ تېز ئېيت، گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم» دېگەندىن كېيىنلا ئاندىن بۇزرۇك جۇمھۇر: «قىز تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن ئوغۇل تەرەپكە ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى يەتكەن بۇ زېمىن تەۋەلىكىدىن ۋەيران بولغان 40 شەھەرنى تويلۇققا سالغانىكەن، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ھازىرغا قەدەر نوشىرۋان ۋەيران قىلغان شەھەر 39غا يەتتى، پات ئارىدا يەنە بىر نەچچە شەھەر، سەھرا ۋەيران بولۇپ، غورۇرى سۇنغان ئادەملىرى خارۇ-سەرسان بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. قالغىنىنى شۇ چاغدا تولۇقلاپ بېرەيلى» دەۋاتىدۇ، دەپتۇ.

بۇگەپلەرنى ئاڭلاپ نوشىرۋاننىڭ كۆزىگە قان تولۇپتۇ. لاۋۇ-لەشكەرلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ قاغىلارنى يوقىتىشنى، بىر ئېغىز گەپنى ئاياپ قويمىغان ۋەزىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى ئويلاپ غەزەپلىنىپ تۇرغاندا يەر-زېمىن چۆرگىلىگەندەك بولۇپ، نوشىرۋان ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارىسا خانىدانىدا ياتقىدەك. يەر يۈزىدىكى ئەڭ پەس مەخلۇقلاردىن بولغان قاغىلارنىڭ بۇگېپى جان-جېنىدىن ئۆتۈپ، نىرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلغان نوشىرۋان چوڭقۇر ئوي-خىيالغا چۆكۈپ، 40 كېچە-كۈندۈزگىچە يېنىغا ئاتاچىلار، دۇقاۋۇللاردىن باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەي قاتتىق ئويلىنىپتۇ . ئادەم تۇرماق لەنەت تەگكۈر قاغىلار چېغىدا ئۆزىنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋاتقىنىغا قاتتىق بىئارام بولۇپتۇ. 40-كۈنى تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

- پەرمان، ئۇشبۇ دەقىقىدىن ئېتىبارەن تەۋەلىكىمىزدىكى ھەر قانداق پۇقرانىڭ ئەرز-شىكايىتى، ھەق-تەلەپ دەۋالىرى بولسا، ئۆزۈم بىۋاستە، ئادىللىق بىلەن سورايمەن. شەھەرنىڭ

ئوتتۇرىسىغا 40 غۇلاچ ئېگىزلىكتە بىر موما قادىلىپ، موما ئۇچىغا ئاۋازى 40 كۈنلۈك يىراقلىقتا ئاڭلىنىدىغان بىر قوڭغۇراق بېكىتىلسۇن. كىمكى ئەرز-دادى بولسا مومىنى تۇتۇپ قوڭغۇراقنى چالسۇن. مەن دەرھال شۇ يەرگە ھازىر بولۇپ دەۋا-دەستۇر ئىشلىرىنى ئامۇخاس توپلانغان نەق مەيداندا سورايمەن. ئاۋامنى بوزەك قىلغان، قاقتى-سوقتى قىلغان ھەر قانداق ئادەمنى جازالايمەن.

..

پەرمان جاكارچى تەرىپىدىن پۇقرالارغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا موما قادىلىپ، ئاۋازى پىساغورۇس چالغان سازنىڭ ئاۋازىدەك سۈزۈك، لەرزىن چىقىدىغان، ئامۇخاسنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بىر ئالتۇن قوڭغۇراق بېكىتىلىپتۇ. لېكىن پۇقرالار شاھنىڭ بۇ پەرمانىغا ئىشەنمەپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلگىرى نۇشىرۋان تەرىپىدىن نۇرغۇن ئەرز-شىكايەت، خۇن، ھەق-تەلەپ دەۋالىرى سوئال-سوراق قىلىنىپ، ئاخىرىدا ناھەق ھۆكۈم چىقىرىلىپ، پۇقراغا ۋابال قىلىنغاچقا ھېچكىم مومىنى تۇتۇپ قوڭغۇراقنى چالماپتۇ.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. نۇشىرۋان تىنت-تىنت بولۇپ ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوڭغىراق تۇيۇقسىز ياڭراپتۇ. شاھ دەرھال چىقىپ قارىسا پۈتۈن ئەزايىنى يېغىر-قوتۇر باسقان بىر ئېشەك سۆڭگىچىنى ھەدەپ موما ياغىچىغا سۈركەۋاتقىدەك. قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان پۇقرالارىيىراق-يېقىندىن كېلىپ بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ قارىشىپ تۇرۇپتۇ. ئالاقزادە بولغان نەۆكەرلەر ئېشەكنى دۇمبالاپ، تارتقۇشلاپ سۆرەشكە باشلاپتۇ. نۇشىرۋان خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، نەۆكەرلەرگە پەرمان قىلىپ ئېشەكنى قويۇۋەتكۈزۈپ، بۇزرۇك جۇمھۇر دېگەن ھېلىقى ۋەزىرى ئارقىلىق ئېشەكنىڭ قانداق ئەرز-دادى بارلىقى، نېمە سەۋەبتىن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراقلاشقا باشلاپتۇ.

ئېشەك چاپاق باسقان كۆزلىرىدىن دەردلىك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ شىكايەت قىلىشقا، بۇزرۇك جۇمھۇر ئەرز-شىكايەتنى شاھقا تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە باشلاپتۇ:

ئېشەكنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىلىرى ناھايىتى ئىشچان، كۆيۈمچان بوۋاي-مومايلار بولۇپ، ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنى لايىقىدا ئىشلىتىپ، يەم-خەشەك، ئوت-چۆپنىمۇ جايىدا بېرىپ باققانىكەن. بوۋاي-موماي باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن ، بۇ ئېشەك ئۇلارنىڭ تۆت ئوغلىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۆت ئوغۇل ئېشەكنى نۆۋەت بىلەن ھەر بىرى بىر كۈندىن ئىشلىتىپ سايانغا ، جوۋۋازغا قېتىپ، جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ، ئوت-چۆپ، يەم-خەشەك بېرىشكە كەلگەندە بىر-بىرىگە ئىتتىرىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىكەن.

نۇشىرۋان ئېشەكنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ يەنە خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئامۇخاس شاھنىڭ بۇ ئىشقا قانداق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. خېلىدىن كېيىن شاھ پەرمان چۈشۈرۈپ بىر تاختا تەييارلىتىپ ئۇنىڭغا: «بۇ ئېشەكنىڭ قوتۇر-يېغىرلىرى يوقالغانغا قەدەر ھەر يەردىن ھەر نەرسە يېسە توسۇلمىسۇن، شۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن ۋاقتى-سائىتى، باھاسى بويىچە خاتىرىلەپ قويۇلسۇن. كېيىن ھەققى تۆلەپ بېرىلىدۇ» دەپ يازدۇرۇپ، ئۇنى ئېشەكنىڭ بويىنىغا ئاستۇرۇپتۇ ۋە ئېشەك راۋۇرۇس ئوڭشىلىپ بولغاندىن كېيىن قوڭغۇراقنى چېلىشنى پەرمان قىلىپ قويۇپ بېرىپتۇ.

جامائەت شاھنىڭ بۇ قىلغىنىغا ھەيران بولۇپ، ھەر نېمىلەرنى دېيىشىپ سورۇندىن تارقاپتۇ. بويىنغا شاھنىڭ پەرمانى ئېسىلغان ئېشەك ئويناقشىپ، سەكرەپ يۈرۈپ باققالنىڭ سېۋەتلىرىدىن ، دېھقانلارنىڭ ئېتىز-باراڭلىرىدىن ، باغۋەننىڭ باغلىرىدىن ، بايلارنىڭ باداڭلىرىدىن كۆڭلى تارتقاننى يەپ، بىر نەچچە ھەپتىگە قالماي سەمرىپ قورساق سېلىپ، يېغىر-قوتۇرلىرى يوقاپ، تۈكلىرى پارقىراپ سۆلەت-ئىسكەت پەيدا بولۇپتۇ. بۇ ئىشقا ئاۋامنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلگەن بولسىمۇ ئېشەككە ئالىيىپمۇ قارىيالماپتۇ.

بىر كۈنى قوڭغۇراق يەنە ياڭراپتۇ. نۇشىرۋان چىقىپ قارىسا ھېلىقى ئېشەك ھەمدە بۇ ئىشقا يىراق-يېقىندىن ئاتايىن كەلگەن جامائەت دەۋرەپ تۇرغىدەك. نۇشىرۋان دەرھال شاتىرلىرىغا پەرمان قىلىپ ھېلىقى تۆت ئوغۇلنى ئەكەلدۈرۈپ، بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى ئېشەك يېگەن نەرسىلەرنى خاتىرىلەپ ، ھېساب-كىتاب تۇتقانلارنى دەرقەمتە قىلىپتۇ. شاھ بۇ دەۋا-دەستۇرنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرغان ئامۇخاسنىڭ ئالدىدا سوئال-سوراقنى باشلاپتۇ. ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان پەم-پاراسەت، ئادىللىق، ھەققانىيلىق بىلەن بۇ ئىشلارنى تەھقىقلەپتۇ. ھەر خىل مۇددىئا-مەقسەتتە ئېشەك يېگەن نەرسىلەرھەققىدە يالغان ھېساب-كىتاب تۇتقانلارنى بىر-بىرلەپ مات قىلىپ، ھەققىي تىزىملىك تۇتقانلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ھەمدە بۇ ھېسابات تۆت ئوغۇلغا چېچىلىپ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا تۆلەتكۈزۈلۈپتۇ. ئاندىن بۇ گەرچە كۆچى ھالال، ئۆزى ھارام بىر مەخلۇق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن قالغان مىراس ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۆت ئوغۇلنىڭ يىراقتىكى نەرسىنى يېقىن، قاتتىقنى يۇمشاق قىلىشىدا زور تۆھپىسى بارلىقىنى ، شۇڭا ھېچ بولمىغاندا قورسىقى تويغىچىلىك بىر نەرسە بېرىپ، ئاسراپ ئىشقا سېلىشىنى بۇيرۇپتۇ.

دەۋا-دەستۇر ئادىل، ھېساب-كىتاب ئېنىق بولغانلىقىنى كۆرگەن پۇقرالار شۇنىڭدىن كېيىن قوڭغۇراقنى ئۈزۈلدۈرمەي چېلىشقا باشلاپتۇ. نۇشىرۋان قوڭغۇراق چېلىنغان ھامان دەرھال ھەغدا ئالدىدا ھازىر بولۇپ، دەۋا-دەستۇرنى جامائەت ئالدىدا ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، يۇرت ئىچىدىكى جازانىخور، سۈتخور، پارىخور، خۇنخورلارنى، ئالدامچى-كاززاپ، زۇلۇمدارلارنى جازالاپ ئەلنىڭ ھۆرمەت - ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچىدە ئەدلى-ئادالەت ئەسلىگە كېلىپ، ھەممە ئىش ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇلۇپ يۇرۇشلەشكەچكە نۇشىرۋاننىڭ

ئىلگىرىكى «زالىم» دېگەن نامى «ئادىل» غا ئۆزگەرگەنىكەن.

## 3. ئۇنتۇلغان رېئاللىقتىن بىر قەترە

ئادەم كۆپ قىرلىق ھەم ئۆزگىرىشچان خاراكتېرلىك پېرسوناژ. ئېشەكمۇ ھەم شۇنداق. شۇڭا ئۇ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرلاردا، يەنى بەزىلىرى دۆتلۈكنىڭ، بەزىلىرى ئادىللىقنىڭ، يەنە بەزىلىرى ئاللىقانداق خاراكتېرلارنىڭ سىمۋولى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن . كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا: «ئېشەك بېدە دەپ يېدى سامانني، پەلەك ئايرىمىدى ياخشى ـ ياماننى» ، «ئېيسانىڭ ئېشىكى مەككىگە بارسىمۇ ئېشەكلىكىچە قالىدۇ» ، «ئېشەكچىلىك ئەقلى يوق» ، «ئېشەك چېغىدا بىر قېتىم پۇتى سىيىلغان كۆۋرۈكتىن ئىككىنچى ئۆتمەيدۇ» ، «ئېگىسىز ئېشەكنى دۇمبالىساڭ دەۋاسى يوق» ، «ئىگىسى بار ئېشەك ئۆلسە تېرىسىنى سويغىلى ئادەم چىقىدۇ» ، «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» ، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» . . . دېگەنگە ئوخشاش بىر تالاي پرازولوگىيىلىك سۆزلەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا قارىغاندا، ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا بۇ مەخلۇققا ئۆزىگە يارىشا خېلى كەڭرى ئورۇن بېرىلىپتۇ. ئەمدى بۈگۈنكى كۈندىكى گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، ھېكايە ـ رومان دېگەنلەردە قانچىلىك ئورۇن بېرىلگەندۇ؟ مەن بۇ ھەقتە ھەقەمسايىلىرىم بىلەن پاراڭلاشتىم، گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئاقتۇردۇم. ھە، مانا. . . دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ساترىك ھېكايىچى ئەزىز نەسىننىڭ «سىلەرنىڭ مەملىكىتىڭلاردا ئېشەك يوقمىدى؟» ناملىق ھېكايىسىدا ئېشەك بۇ ھېكايىنىڭ مۇھىم بىر پېرسوناژى قىلىنىپتۇ. نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، بۈيۈك يازغۇچى گارسىيە ماركوسنىڭ «100يىللىق غېرىبلىق» رومانىدا ماكوندودىكى بەزى ئوسال خرىستىئانلارنىڭ ئېشەك بىلەن ئوسال ئىش قىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپتۇ.

قايسى كۈنى تېلېۋىزوردا بىر نەچچە مىنۇت بېرىلىدىغان «خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسىدا مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرە چىقىۋېدى، چوڭ كوچىدا كېتىۋاتقان ماشىنىلار قاتارىدا ئېشەك مىنىپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئەتىسى ئىشخانىدا گېزىت كۆرۈۋېتىپ، تۈركىيىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا بىر دېھقان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن قاتىل قېچىپ كەتكەنلىكى، ساقچىلار جىنايەت گۇماندارلىرىنى ئەكىلىپ قاتار تۇرغۇزۇپ قاتىللىق يۈز بەرگەن نەق مەيداندىكى بىردىنبىر شاھىت بولغان ھېلىقى دېھقاننىڭ ئېشىكى گۇماندارلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە ھېلىقى ئېشەك قاتار تۇرغانلار ئارىسىدىن قاتىلنى تونۇپ سەكرەپ ـ چىچاڭشىپ كەتكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بۇ گۇماندار سوراق ئارقىلىق جىنايىتىگە ئىقرار كەلگەنلىكى ھەققىدە بىر پارچە خەۋەر كۆردۈم.

دېمەك، قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ بۈگۈنكى كۈنگىچە، ئېلېكترون دەۋرىگىچە بولغان بارلىق ئېغىزاكى ياكى يازما مەنبەلەردە ئېشەككە مەلۇم دەرىجىدە ئورۇن بېرىلىپتۇ.

نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ ، ئۇسۇملۈك، دەل ـ دەرەخ، مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ سورتى ئۆزگەرتىلگەن. خەلقئارادا «كلون كالا» «كلون قوي» لار يېتىشتۈرۈلگەن ، ئۇلارنىڭ گېنلىرى چېتىشتۇرۇلغان، «كلون ئادەم» يارىتىش پىلانى غۇلغۇلا قوزغاۋاتقان، بىزدىمۇ سورتى ياخشى بولمىغان يەرلىك بۇقىلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇرۇقنى ئۆلتۈرۈدىغان ئوكۇل ئۇرۇلۇپ، ئىمەكلەرگە نەسىللىك بۇقىلارنىڭ توڭلىتىلغان سپېرمىسى ئىشلىتىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇشقا يېقىن يولىماي كېلىۋاتقان ئېشەك بىزنىڭ يېزا ـ سەھرالىرىمىزدىمۇ ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ ئۆزۈم ياشاۋاتقان مۇشۇ يەردە يۈز بەرگەن ، ھەقىقىي بولغان بىر ئىشنى سۆزلەپ ئۆتەي.

مەن سۆزلىمەكچى بولغان بۇ ئىش تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان چىرا ناھىيە چىرا يېزىسىنىڭ ئاقكۆل كەنتى 1 ـ مەھەللىسىدىكى خوك لەقەملىك م× ئاخۇندىن باشلىنىدۇ. بۇ يەردە لەقەمنى ئايرىم تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب، چەت سەھرا، يېزا ـ مەھەللىلەردە ئاساسەن لەقەمسىز ئادەم بولمايدۇ. شۇڭا بەزى ئادەملەر: «ئىلگىرى لەقەم باغداتتىن كېلەرمىشكەن، ھازىر ئاسماندىن چۈشىدۇ» دېيىشىدۇ. مەلۇم مەھەللە ـ كەنتلەردە ئەزەلدىن ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن بەزى ئادەملەرنىڭ ئەجدادىدىن مىراس قالغان خوك، بۆگۈت، چاكسا، پاراچ. . . دېگەنگە ئوخشاش لەقەملىرىنىڭ مەنىسىنى بىلگىلى بولمايدۇ. يەنە بەزى لەقەملەر كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكىگە ، بەزىلىرى خاراكتېرىگە ، بەزىلىرى ئەسلىدىكى يۇرتىغا، ئاتا مىراس كەسپىگە، يەنە بەزىلىرى شۇ كىشىنىڭ ھەر قانداق ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلمەيدىغان كۈلكىلىك ھالدا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، قۇناخۇن تاز، ئېلاخۇن سۇندۇك، ياسىناخۇن تۆگە، تۇرسۇناخۇن زەرگەر، سەپەر قاراقاش، ئەمەت كېرىيە. . . دېگەنگە ئوخشاش. بىر قەدەر قەدىمىي ھەم ئوخشاش لەقەملىك كىشىلەر قىسمەن ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر جەمەت ھېسابلىنىدۇ. مەھەللە ـ كەنتلەردە تاز جەمەتى، چاكسا جەمەتى دېيىشىپ جەمەت، ئۇرۇغ سۈرۈشتۈرىدىغان، ئۇرۇغ ـ جەمەتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ باھا بېرىدىغان، قۇۋۇشىدىغان ئىشلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىسمەن ھالدا مەۋجۇد. ھەتتا بەزى جەمەتلەر بىلەن جەمەتلەرنىڭ يىلتىزىدىن قالغان ئۆچ ـ ئاداۋەتلىرىمۇ بولىدۇ. ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەر پالانى جەمەتتىن، پالانى لەقەملىك دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

بۇ ناھىيىگە قاراشلىق يەتتە يېزا، بىر بازاردىكى نۇرغۇن مەھەللە ـ كەنتلەرنىڭ نامى چوڭكۆل، ئاقكۆل، موكاكۆل، زىنىدانكۆل، ئورداكۆل ، دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، قۇم ـ بوران، قۇرغاقچىلىق كۈن، پەسىل تاللىماي

ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ بىر پارچە بوستانلىقتىكى جىمىكى جانلىق قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن قار-يامغۇر سۇيىغا تايىنىپ ياشايدۇ. ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ھەم مويسىپىت ۋەقەشۇناسلارنىڭ ھېكايىلىرىگە قارىغاندا، قۇم-بوران، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن بۇ زېمىننىڭ ئورنى، بازارلىرى ئىلگىرىكىلەر ياراتقان نۇرغۇن مەدەنىيەتنى قۇم ئاستىدا قالدۇرۇپ كۆپ قېتىم يۆتكەلگەنىكەن. سۇ كەمچىل بولغاچقا بەگلەر، بايلار كۆل كولىتىپ، ئەتراپىنى مۇستەھكەم توساقلار بىلەن توسۇپ، ئۇرۇق-جەمەتىدىن باشقىلارنى ئۆزىگە تەۋە كۆلدىن سۇ ئىچكىلى قويمايدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ ھازىرمۇ ئورداباغ، چارباغ، ئالتۇنباغ. . . دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان قەدىمكى باغلىرىنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق كۆللەر بولۇپ، ياز پەسلىدىكى كەلكۈندە بۇ كۆللەرنىڭ ھەر بىرى تۆت-بەش تۈگمەنلىك سۇدا بىر-ئىككى ھەپتىدە ئاران تولىدىكەن. بۇ يىل يازدا قويۇلغان سۇ كېلەر يىلى يازدا كەلكۈن كېلىپ سۇ قويۇلغانغا قەدەر شادىيانە ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن يېتىدىكەن. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە بۇ يۇرتنىڭ ئىككىنچى قېتىم يۆتكەلگەن بازىرى چوڭايتىلىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان «ئوغراق» دېگەن قەدىمكى بىر قەبىلىنىڭ نامىغا يېقىن كېلىدىغان ئوغرىق ئۆستەڭ ھەم گۈلاخمار ئۆستەڭلىرى رەتلىنىپ، راۋانلاشتۇرۇلۇپ، كۆپلىگەن كۆللەر كولىنىپ، بۇ كۆللەرنى شەخسلەرنىڭ ئىگىلىۋېلىشى قاتتىق چەكلەنگەنىكەن.

ئارىدىن كۆپ يىل ئۆتۈپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ كەنجى ئوغلى ئابدۇللاخان دەۋرىگە كەلگەندە كۆپلىگەن كۆللەر يەنە بەگلەر، بايلار شۇنىڭدەك مۇتتەھەم-ئۇششۇق جەمەتلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىشقا باشلاپتۇ. ئاھۇ-زارى پەلەككە يەتكەن ئاۋامدىن خېلى كۆپى ئەرز-داد ئېيتىپ سەئىدىيەخانلىقىنىڭ خوتەندىكى نائىبلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئەرز-شىكايىتى ھەل بولمىغاندىن كېيىن ئابدۇللاخاننىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. خان ئەرز-شىكايەتنى تەپسىلىي ئاڭلاپ، بۇ يۇرتتىكى ھەر بەش پوتەي ئارىلىقتا ئولتۇراقلاشقان پۇقرالارغا بىردىن كۆل كولىتىپ، بۇ كۆللەرگە سۇ قويۇش، باشقۇرۇشقا بىردىن مىراپ بەلگىلەش ۋە بۇ كۆللەرنى شەخسنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويماسلىق مەزمۇندا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ ھەمدە يارلىقنى ئىجرا قىلىشقا ئەمىرلىرىدىن بىرىنى قوشۇپ خوتەنگە ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتتا بىر مۇنچە كۆللەر پەيدا بولغانىكەن. مويسىپىت كىشىلەر پاراڭلىرى ئارىلىقىدا: «پالانى كۆل دېگەن نام ئابدۇللاخانلىقتىن قاپتىكەن» دېيىشىدىكى سەۋەب مانا شۇنىڭدىن ئىكەن. «ئاقكۆل» دېگەن نام ئاشۇ تارىخنىڭ شاھىدى بولۇپ، بۇ يەردە ھازىر كۆل بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ كۆلنىڭ نامى كەنت نامى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ كەنتتىمۇ بىر مۇنچە ئۇرۇق-جەمەتلەر بار. خوك جەمەتىدىن بولغان م× 35-36 ياشلاردىكى مۆمىن، كەمسۆز، رايىش ئادەم ئىدى.

ئۇ، شۇ كۈنى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى قوناق تېرىلىدىغان يەرنى ھەيدەش ئۈچۈن ئېشەكنى بوقۇسىغا قوشتى. تۈكلىرى كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان بۇ قارا ھاڭگا ئازراق يەرنى ھەيدەپ بولغىچە تەرلەپ كەتتى. ئالقانچىلىك بۇ يەرنى تراكتور كىرا قىلىپ ھەيدەتتەي دېسە تېخى. . . ھاۋانىڭ ئەتىگەندىلا قىزىپ كېتىشى، ئېشەكنىڭ بوقۇسنى تارتماسلىقى م×نى جىلە قىلىشقا باشلىدى. بىر ياش ۋاقتىدا قوشنا كەنتلىك بىر دېھقاندىن سېتىۋېلىنغان، ھازىر بولسا ئادەم يېشىدا ئالتە ياشقا كىرگەن بۇ قارا ھاڭگا بىلەن م× ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قىش-ياز دېمەي جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ، بازاردا ساتاتتى. بازارغا يارىمىغانلىرىدا بۇ ئائىلىدىكى يەتتە جاننىڭ ئاش-تامىقىنى پىشۇراتتى. ئېشەك ھەر قېتىم ئوتۇنغا ماڭغاندا ئالدىنقى ئاخشىمى يولغا چىقىپ ئەتىسى ئېغىر ئەل ياتقۇدا ئاندىن ھارۋىغا راسا بېسىلغان توغراق، يۇلغۇن ئوتۇنلىرىنى سۆرەپ ھويلىغا كىرىپ كېلەتتى. ئوتۇنغا بارارىدا ھارۋىنى، ئىگىسىنى، كېلەر چاغدا ئوتۇننى سۆرەپ 20-25 بەش سائەت يول يۈرەتتى. ماشىنا-تراكتورلار ماڭالمايدىغان ئۆلۈك قۇم تولغان تەكلىماكان جاڭگىلىدا پەقەت مۇشۇ جانىۋار، خېچىر ھەم تۆگە خاتىرجەم مەنزىلگە بېرىپ-كېلەلەيتتى. 70-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئېشەك ھارۋىسىنىڭ يېزا-سەھرالارغا كىرىپ كېلىشى دېھقانلارنىڭ يۈكىنى زور دەرىجىدە يېنىكلەتتى. قىغ-گەندىلەرنى ۋە باشقا ئېغىر-يېنىك يۈكلەرنى ئېشەككە ئارتىپ ۋە ئۆزلىرى يۈدۈپ توشۇش ھارۋا بىلەن توشۇشقا ئۆزگەردى. بىر ئېشەككە بىرلا ئادەم مىنىپ سەپەرگە ماڭىدىغان، ئوتۇننى ئېشەككە يۈكلەپ توشۇيدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئېشەك ھارۋىسى بىلەن جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ سېتىشمۇ دېھقانلارنىڭ ئاز-تولا پۇل تېپىپ تۇرمۇشىنى قامداشتىكى مۇھىم بىر كەسپلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئادەتتە بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خېلى كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئوتۇن توشۇغاندا، ئائىلە ئەزالىرى يىراق-يېقىنغا بارغاندا ئىشلىتىدىغان چوڭراق بىر ھارۋا، بازارغا ئوتۇن ئېلىپ چىققاندا ئىشلىتىدىغان كىچىكرەك بىر ھارۋا بولۇپ، جاڭگالدىن بىر قېتىمدا ئېلىپ چىقىلغان ئوتۇن بازارغا ئېلىپ بېرىلغاندا بىر قىسمى ئائىلىدە قالاش ئۈچۈن قالدۇرۇلۇپ ياكى ئىككى ھارۋىغا بۆلۈپ سېتىلىدۇ. م× ئائىلىسىمۇ بۇ ئىش بىلەن كىرگەن كىرىم ئارقىلىق بىر ئائىلىنىڭ پارچە-پۇرات خىراجىتىنى غورىگىل بولسىمۇ قامدايتتى.

تۆت-بەش يىلدىن بېرى بۇ ئائىلە ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلىگەن بۇ ئېشەكنىڭ ئوت-سامان، بوغۇزىمۇ شۇنىڭغا لايىق خېلى ئوبدان بېرىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن يېقىنقى ۋاقىتتىن بېرى بۇ جانىۋار ئورۇپ-ساۋالغاندا چاپچىپ، ئادەمنى چىشلىمەكچى بولغاندەك بىر ھالەتتە تۇمشۇقىنى ئۇزۇتىدىغان خۇي چىقىرىۋالغاچقا، سىرتقا ئېلىپ چىقىلسىلا نوقتىنىڭ ئۈستىدىن يۈگەن سېلىناتتى.

ھارۋا سۆرەپ يۈك توشۇش، ئوتۇن ئېلىپ چىقىش ئىشلىرىغا «ماھىر» بولغان بۇ قارا ھاڭگا بۈگۈنكى بوقۇسا سۆرەشكە كەلگەندە تازا ئوبدان بولالماي قالدى. چۆلۋۇرىدىن تۇتۇپ يېتىلىسە ئەسلا

ماڭمايدىغان ، ئارقىسىدا تۇرۇپ تازا ساۋىسا بېلىنى تولغاپ ماڭىدىغان بۇ جانىۋار ھازىر تاياقنىمۇ پەرۋا قىلمايۋاتاتتى. بوقۇسىغا، قوشقا ئەسلىدە كالا، ئۇ بولمىغاندا ئات قېتىلاتتى. بولۇپمۇ كالا بۇ ئىشقا بەك ماس كېلەتتى. لېكىن كالىنىڭ پوكىنىنىڭ ئېشەككە قارىغاندا يامانلىقى، ئات بولسا ئېشەككە قارىغاندا بىر ھەسسە قىممەت، نازۇك ھايۋان بولغاچقا كالا، ئېشەككە بەرگەن خالىغان نەرسىلەرنى بېرىپ بېقىش تەس، بوغۇزنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەل تېگىپ بىرلا يىقىلسا ، بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ داۋالىتىپمۇ ئورنىدىن تۇرغۇزماق قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئوت-چۆپ كەمچىل بولغان بۇ كەنتتە ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ، شارائىتىغا ماس كېلىدىغان ئېشەك كۆپرەك بېقىلاتتى. لېكىن ئېشەك بوقۇسا ، قوشقا كەلگەندە ئۇ ھايۋانلاردەك «ماھىر» ئەمەس ئىدى.

بۇ يۇرتنىڭ ئىيۇل ئايلىرىدىكى قۇرغاق ھاۋاسىنىڭ بارغانسېرى قىزىشى ، ئېشەكنىڭ بولسا بوقۇسىنى تۈزۈك سۆرىمەي جىلە قىلىشى بىلەن م x نىڭ سەپرايى بارغانچە ئۆرلىدى. شۇ سەۋەبتىن ئېشەك دۇمبا يېدى، ساۋالدى. ئاخىرى بۇغدىيى ئورۇپ بولۇنۇپ قوناق تېرىش ئۈچۈن پىلانلانغان بۇ يەردىن ئۈچ غۇلاچ كەلگۈچىلىك يەر ھەيدەلدى. م x چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئېشەكنىڭ بېشىغا سېلىنغان يۈگەننى ئېلىۋېتىپ، نوقتا بىلەنلا قالدۇرۇپ، چۇلۋۇرنى تۇتۇپ قىر ئۈستىدە ئولتۇردى. ئاندىن چوڭ ئوغلىنى ئۆيىگە بۇيرۇپ قوناق ئاچىقتۇرۇپ ئېشەكنىڭ ئالدىغا قويدى. ئېشەك بوغۇزنى يەۋېتىپ ياندىكى ئېتىزدا بوقۇسا سۆرەۋاتقان مادا ئېشەكنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ «نەرە تارتىپ» ماڭدى. مx چۇلۋۇرنى قاتتىق سىلكىدى. ھەممىنى ئۇنۇتقان ئېشەك بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى . باياتىن جىلە قىلغاننى ئازدەپ ئەمدى ئۆزىنى دارقىرىتىپ سۆرەپ مېڭىشى مx نىڭ ئاچچىغىنى تازا كەلتۈردى. ئۇ مىڭ تەستە بۇ كاساپەتنى ئاجرىتىپ تاياق بىلەن ئەدەپلىدى . تاياق سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ يۈگەننى سالماقچى بولۇپ شۇنداق ئېڭىشىشىگە بۇ ئېپلاس ئۇنىڭ گەدىنىدىن ئالدى.

تەييارلىقسىز تۇرغان مx بۇ زەربىدىن تىزلىنىپ قالدى. ئوغلى چۇقان-سۈرەن كۆتۈرۈپ كېلىپ ئېشەكنى ئۇردى. قوشنا ئېتىزدىكىلەرمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئېشەك مxنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىنمۇ ئۇ ئورنىدىن تۇزالمىدى. كىشىلەر چىشلەنگەن جاينىڭ ئوڭ تەرەپ قۇلاق تۈۋىگە يېقىنراق ئىكەنلىكىنى ، چىش ئىزى خېلى پاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. م x يۆلەشتۇرۇلۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلدى. دوختۇر چاقىرىش ياكى ئېشەك ھارۋىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىرىش ئىشى تىلغا ئېلىنىپ بولغىچە ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قارىسى تارتىلىپ بىردەمدىلا نەپەستىن قالدى.

يىغا-زار ئىچىدە مەرھۇمنىڭ مېيىتى يەرلىكتە قويۇلدى. . . مەرھۇمنىڭ ئوغۇللىرى ئېشەكنى چاناپ قىيما-چىيما قىلىۋېتىشنى ئويلىدى. لېكىن بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى؟ . . . ئاخىرى قولۇم-قوشنىلارنىڭ تەسەللىيسى ھەم ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەقىدە يەنى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر-ئىرادە، رىزىق قانداق بولسا، شۇنى كۆرمەي ئامال يوق ، دېگەن ئادەت بويىچە ئۆزلىرىگە تەسەللىي بېرىشتى.

كېيىنكى ھەپتىسى بۇ ئېشەك بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىلدى. سېتىلىش ئالدىدا ئۇنىڭ بۇ قاباھەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىشى ئېشەك سېتىۋالغۇچىغا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىلدى. مال ئېلىپ-سېتىپ ئارىدىن پايدا ئالغۇچى بۇ بىدىك ئېشەكنى قوشنا بىر يېزىغا ئاپىرىپ ساتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئېشەكنى سېتىشتىن بۇرۇن بۇ ئىشنى سېتىۋالغۇچىغا ئەسكەرتتىمۇ، ئەسكەرتمىدىمۇ بۇنىسى نامەلۇم .

بۇ ئىش گېزىت-ژۇرناللاردىمۇ خەۋەر قىلىنمىدى. زەخىملەنگەن يەردىن بىرەر تامچە قان چىقمىغان بولسىمۇ، مەرھۇمنىڭ نېمە سەۋەبتىن جان ئۈزگەنلىكى بىرەرسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپمۇ كۆرۈلمىدى.

1990-يىلى 3-ئىيۇن كۈنى يۈز بەرگەن بۇ ئىش مانا مۇشۇنداق تاماملاندى. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىشمۇ، قاباھەتلىك بىرەر ئىش بولسىلا بىردەمدە بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغىچە تارىلىپ، قۇلاقتىن-قۇلاققا يېتىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنتۇلۇشقا باشلايدىغان ئىشلار قاتارىدا ئۇنتۇلدى.

## تۆگەنچە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بۇ يازمىنى يېزىپ بولدۇم. چىڭغىز ئايتماتوف ئىتالىيە مۇخبىرى گوچكاي بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە : «ياخشى چىققان ئەسەر يەتتە قات پوستى بار پىيازغا ئوخشايدۇ» دېگەنىكەن. يەنە بىر ماقالىسىدا بۇ پىشىۋانىڭ : «بىر پارچە ھېكايىدە ئېيتىلغان پىكىرنى بىر پارچە ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويغىلى بولسا ، ھېكايە يېزىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ ئېيتقانلىقىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە . مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ بىپايان ئەدەبىيات زېمىنىدا تېڭىرقاپ يۈرۈپ، ياخشى ئەسەرنىڭ زادى قانداق قېلىپ ۋە ئۆلچەمدە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بولالماي، شۇنىڭدەك نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى ئوقۇغان بولساممۇ ئەمما ئۆزۈم ياخشىراق بىر نەرسە يازالماي تەمتىلەپ مېڭىۋاتقان بىر بىچارە ھەۋەسكار بولغانلىقىم ئۈچۈن ھېكايە، نەسىر، ماقالە، چۆچەك ، ئوچېرك دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا يەتمەيدىغان ئەمما ئۇلارغا تەۋە ئامىللاردىن بىر-ئىككى سەردىن خورۇچ سېلىپ تەييارلانغان بۇ بىسارىنى يېزىپ سالدىم. بەلكىم سىز بۇنى ئوقۇۋېتىپ نۇرغۇن جايلىرىدىن زېرىككەنسىز، يەنە بەزى جايلىرىغا قىزىققانسىز. نېمە ئامال. . . تۇرمۇش ئاشۇنداق، ئىشلار ئاشۇنداق.

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىغا ئەقىل كىرگەندىن كېيىن جەننەتتە ئۇلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جاپا-ئازاب

بىلەن تولغان بۇ ئالەمگە قوغلاپ چىقىرىلغان . ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزلىرىگە تەسەللىي، دەردىگە دەرمان بولىدىغان ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ، تەبىئەت، جىمىكى جانلىقلار بىلەن سىردىشالايدىغان بىر نەرسىنى ئىزدىگەن. ئاخىرى ئۇلار ئەدەبىياتنى تاپقان. دېمەك، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئازابنى ھېس قىلمىغان بولسا، ھەقىقىي ئەدەبىياتنىمۇ ياراتمايتتى. ناخشا پىرى پىرچەڭگىمۇ ئاپىرىدە بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك ئېشەك ھەققىدىكى ھېكايە-چۆچەكلەرمۇ بولمايتتى.

كىچىك چاغلىرىمدا ، يەنى ھازىرقى بالىلار كۈن-كۈنلەپ ئۆيىگە تىقىلىپ ئولتۇرۇپ كۆرىدىغان تېلېۋىزور ، ئوينايدىغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار يوق بىر چاغلاردا تەكلىماكان جاڭگىللىغا تۇتىشىدىغان بىپايان قۇملۇقتىكى مەھەللەمدە بالىلار بىلەن ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايتتىم. شامال-بوران چىقسىلا مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كونا خارابىلىقنىڭ يەر تېگىدىن كوزا-كېمىر پارچىلىرى ، سېرىق مارجان، تەڭگە-مىس يارماقلار، ئائىلە مەتقۇلاتلىرى ئېچىلىپ قالاتتى. بىز بۇلارنى ئەكىرىپ ئوينايتتۇق. ئاخشىمى قۇملۇقتا چوغقا ئوخشاش يېنىپ كېتىۋاتقان ئالاچىپار مايقوڭغۇزلىرىنى ، كىرپىلەرنى ئويناپ ھارغاندىن كېيىن چۆچەك ئېيتىشاتتۇق . مەن شۇ چاغلاردا تولىمۇ كۆپ چۆچەك ، ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغاندىم. شۇلارنىڭ بىرىدە قىيامەت قايىم بولغان كۈنى بىر ئېشەكنىڭ دەججال بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقى سۆزلىنەتتى. يېشىم چوڭايغاندىن كېيىن بۇ گەپلەر ئېسىمگە كەلسىلا قانداق ئالامەتلەر بولسا قىيامەت قايىم بولىدىغاندۇ، دەپ تولا ئويلاندىم.

گارسىيا ماركوس مەرىپەتپەرۋەر كاتالونىيىلىكنىڭ تىلى ئارقىلىق: «كىشىلەر ئۆزى بىلەنلا بولۇپ 1-دەرىجىلىك ۋاگونغا چىقىۋېلىپ، كىتابلارنى يۈك پويىزى بىلەن ماڭغۇزىدىغان ۋاقىت كەلگەن كۈنى قىيامەت قايىم بولىدۇ» دېگەنىكەن. بۇ گەپچە كىتابنىڭ قىممىتى چۈشكەن، ئادەملەر كىتابنى ئادەتتىكى نەرسە ياكى يۈك قاتارىدا كۆرگەن كۈنى قىيامەت قايىم بولغىدەك. ئەگەر شۇنداق دېيىلسە بىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن تۇرلۇك-تۈمەن ئىچكى نىزالار، ئىستىبلالار، دىنىي ئېتىقادلار تۈپەيلى كۆيدۈرۈلگەن ، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلى خارابىلىقلارنىڭ ئاستىدا قالغان كىتابلارنى ئويلىساق قىيامەت نۇرغۇن قېتىم قايىم بولغان بولىدۇ.

كىچىك چېغىمدا ئاڭلىغان گەپلەردىن ئېسىمدە قېلىشىچە، قىيامەت يېقىنلاپ كەلگەن كۈنلەردە ئادەملەر ھەددى ھېسابسىز كۆپىيىپ، ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان ، ھېچنەرسىگە ئېتىقاد قىلمايدىغان بولۇپ، پەزىلەتلىك ئادەملەر ئازلاپ ، جىسمى، قەدىر-قىممىتى كىچىكلەپ كېتەرمىش. يەر يۈزىدىكى بەرىكەتلىك، خاسىيەتلىك دەل-دەرەخلەر ۋەيران قىلىنىپ، ئۇچار قاناتلار، گۈللەر يوقىلىپ زېمىن قىزىرىپ كېتەرمىش. ھەممە يەرنى بۇيا قاپلاپ، بىرتۇپ بۇينىڭ تۆۋىدە ئادەملىك قىممىتى يوقالغان قىرىق ئادەم سايىدارمىش. ئاشۇ كۈنلەردە دەججال تولىمۇ ئالدىراش ھالدا كېچە-كۈندۈز ئارام ئالماي رەزگىلەرنى تېرىپ توقۇم تىكەرمىش. ھەر كۈنى تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا قاتتىق ئويقۇسى تۇتارمىش. دەل شۇ چاغدا تاڭ خورىزى دەججالنىڭ توقۇمىنىڭ رەزگىسىنى چۇۋۇۋېتەرمىش. ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى دەججال توقۇم تەييارلاپ، تاڭ خورىزى ئۇنى چۇۋۇپ كەلگەنىمىش. قاچانكى بىر كۈنى توقۇم پۈتۈپ قالسا دەججال ئۇنى ئېشىكىگە توقۇپ يەر يۈزىدە پەيدا بولارمىش. دەججال ئېشىكىنىڭ تۇمشۇقى ئاسمانغا، ئاستىنقى كالپۇكى يەرگە تېرىلىپ ماڭارمىش. ئاشۇ چاغدا ئۆزى ئىجاد قىلغان نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئەقلى دەججالنىڭ سېھىرگەرلىك كۆيىگە بەنت بولۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي، قولى ئىشقا بارماي، ئۆزلىرى ياراتقان ھەممە نەرسە ئىشلىمەي قالارمىش. بۇنداق بىچارە ئادەملەر دەججال ئېشىكىنىڭ دەم تارتىشى بىلەن دەججالنىڭ قارنىغا چۈشۈپ كېتەرمىش. دەل شۇ چاغدا بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، سەمىمىيلىك، دىيانەت، ئېتىقاد بىلەن ياشىغان، نەپسى ئەقلىگە مىنىۋالمىغان ئادەملەرنىڭ قىلغان ساخاۋەتلىك ئىشلىرى كۆز ئالدىدا گۈل بولۇپ ئېچىلىپ، توساق بولۇپ توسۇپ قالارمىش. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق پەزىلەتلىك، پاكىز ئادەملەر دەججال ئېشىكىنىڭ قارنىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ئامان قالارمىش. لېكىن ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى نۇرغۇن-نۇرغۇن پەزىلەتلىك ئادەملەر ئۆتۈپ ھاياتنىڭ، ئۆلۈمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ياشاپ كەلگەچكە قىيامەت قايىممۇ بولمىغانمىش. بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ پەزىلىتىنى، تەبىئەتنى گۈزەللىك بىلەن بېزەپ تۇرغاچقا، بۇنداق ئادەملەر بۇيىنىڭ تۆۋىدە سايىدايدىغان پەس-خارھالغا چۈشۈپ قالمىغانمىش. شۇڭا ئۆزىنى، ئۆزگىنى، زېمىن ئانىنى تونىغان، ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلىگەن ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىدە ئىزدەنگەن، ھاياتنىڭ كۆلپەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلىگەن ۋىجدانلىق، ئېتىقادلىق، ئىمانلىق ئادەمدىن ھېچ بولمىغاندا بىرى بولسىلا قىيامەت مەڭگۈ قايىم بولماسمىش.

خۇلاسە شۇكى، ئادەم ھاياتلىقنىڭ مەركىزى، ئۆز تەقدىرىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ پاسىلىدا ئۆملىگۈچى ۋە ياشىغۇچى. تۇرلۇك-تۈمەن بەدىئىي ئەسەرلەردە ئاللىگورىيىلىك، سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا ئوبرازى يارىتىلغان ياكى مەجاز قىلىنغان ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئادەم خاراكتېرىنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. شۇڭا، مەن بۇ بىسارىنى گېرمانىيە پەيلاسوپى نېتزىنىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي:


«ھاياتقا بەرداشلىق بەرمەك ھەقىقەتەن مۇشكۇل، شۇڭا بىچارىلىق قىلماڭلار، ھەممىمىز ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىمىزگە ئالغان ھاڭگا ۋە مادا ئېشەكلەرمىز . »

1998-يىل سىنتەبىر، چىرا

رەسسام: پەرھات ئىبراھىم

---

ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# ئەيجەش يازمىلار

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

## جاۋابسىز سوئاللار

سوئال ـ ئويلىنىش، پىكىر قىلىشنىڭ باشلىنىشى. پىكىر قىلىش بولسا، بۇ دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلار ئارىسىدا پەقەت ئادەمگىلا خاس بولغان بىر خىل ئەقلىي پائالىيەت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى سوراشنى ئۇققاندىن باشلاپ ئاندىن باشقا جانلىقلار توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلغان.

سوئال ـ دۇنيادىكى بارلىق سىرلارنىڭ ئاچقۇچى. شۇنداق سوئاللار باركى، گويا قاراڭغۇ كېچىنى ۋاللىدە يورۇتقان چاقماققا ئوخشاش پىكىرلەر زەررىدىن كۆڭۈللەر ئاسمىنىغا دەققە بولسىمۇ يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ. خۇددى ئاچقۇچنى قولغا ئالغاندا قۇلۇپنى ئېچىش جەريانىنىڭ يېرىمى ئورۇندىلىپ بولغانغا ئوخشاش، بىرەر مەسىلە توغرىسىدا سوئال تۇغۇلغاندىمۇ شۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتى يېرىم ئايدىڭلىشىپ قالغان بولىدۇ.

بىراق ئالدىنقى شەرت شۇكى، «قۇلۇپ»نى ئېچىش ئۈچۈن ھەر كىمنىڭ قولىدا ئۆز ئاچقۇچى بولۇشى، يەنى ھەركىم ئاۋۋال سوئالنى ئۆزىدىن سوراپ، ئۆزى جاۋاب تېپىشى كېرەك. چۈنكى باشقىلار ئالغان تەرەت بىلەن ناماز ئوقۇغىلى بولمىغاندەك، باشقىلار تېپىپ بەرگەن جاۋاب بىلەنمۇ ئادەم ئۆز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئەلۋەتتە ھەل قىلالمايدۇ.

شۇڭا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، گەرچە باشقىلارغا ئاللىقاچان ئېلېكترون دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى قۇچاق ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن بىز تېخى ئەمدىلەتىن تولىمۇ كېچىكىپ سوئال دەۋرىگە كىردۇق. دېمەك سوئاللار بىزنى كۈتمەكتە. كونا سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ بولماي تۇرۇپ سانسىزلىغان يېڭى سوئاللار تەقەززالىق بىلەن بىزنى كۈتمەكتە. . .

* * *

بۆرە ئۆزىنىڭ توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىش، ئوۋدىن يانماسلىق، سەزگۈرلۈك، قەيسەرلىك ۋە كۆنمەسلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر ھايات-ماماتلىققا بېرىپ تاقىلىدىغان بۈگۈنكى رىقابەتتە ـ ئۇتقانلار ھايات قېلىپ، شاللىنىپ كەتكەنلەر بارا-بارا يوقىلىدىغان بۇ دۇنيادا ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە تېگىشلىك. ئەمما ئىنسانىيەت ئۇنى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش كۆندۈرەلمىگەچكە، ۋەھشىي دەپ قاراپ نەسلىنى ئازايتىۋەتتى. ھەتتا بەزى رايونلاردا نەسلىنى پۈتۈنلەي قۇرۇتتى.

دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ناۋادا تەبىئىي رىقابەت ھۆكۈم سۈرۈپ، بۆرىگە ئوخشاش ئۆز كۈچىگىلا تايىنىپ ياشاشقا توغرا كەلسە، ئاللىقاچان نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغان قوي بولسا كۈندىن كۈنگە ھەسسە-ھەسسىلەپ كۆپەيدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭ كۆپىيىشىدە ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنىڭ ئوينىغان رولىغا قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئوينىغان رولى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئادەملەر ئۇنى سۈنئىي ھالدا بېقىپ-باشقۇرۇشقا ئۆگەنتىش ئارقىلىق پەقەت ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېيىش ئۈچۈنلا ئاشۇنداق كۆپەيتتى .

شۇنداق بولغاندا، بۆرىنىڭ كۆنمەسلىك، قەيسەرلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ ئازلاپ كېتىشىگە، ئەكسىچە قوينىڭ يۇۋاشلىق ۋە ھەممىگە كۆنۈش خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتامدۇ؟ ئۇنداقتا قوي يۇۋاشلىقىدىن پەخىرلىنىشى كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇق قىممىتى پەقەت ئىنسانلارغا قۇربانلىق بولۇشتىمۇ؟ ! . . .

* * *

«پەداز» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسا ، تەبىئىيكى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ئاياللار كېلىدۇ. چۈنكى مەيلى بۈگۈنكى رېئاللىق، مەيلى قەدىمكى تارىخىي پاكىتلار بولسۇن، ھەممىسىدە ئوخشاشلا پەداز مەدەنىيىتىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى ئاياللارغا بېرىلسە قىلچە خاتا بولمايدۇ.

ئەپسۇسكى، پاتېنت ھوقۇقى ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك «پەداز» نى

ئەمەلىي ئىشلىتىشتە، بۈگۈنكى دۇنيا ئەرلىرى ئاياللاردىن كۆپ ئىشىپ كەتتى. ئاياللار گۈزەللىك ئۈچۈن پەقەت ئۆزىنىڭ يۈز-كۆزىنىلا پەدازلىسا، ئەرلەر ھوقۇق، پۇل ۋە باشقا مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ھەممە-ھەممىنى پەدازلايدىغان بولدى. ناۋادا سىز ئۆزىنى «رەھبىرىي كادىر» دەپ ئاتايدىغان بەزى باشلىقلىرىمىزنىڭ يىغىنلاردىكى سۆزىنى، رادىئو-تېلېۋىزورلاردىكى چىرايلىق نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ئەلۋەتتە قايىل بولماي قالمايسىز. ئەمما ئاشۇ سۆز-نۇتۇقلارنىڭ قانچىلىك پەدازلانغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون دېگەنلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاپتور ياشاۋاتقان ناھىيىدىكى بىرلا يېزىنى مىسال ئالساق، يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى تېلېۋىزوردا ئۆز يېزىسىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، پۈتكۈل دۇنياغا: «xx يېزىمىزنىڭ كىرىمى يىلدىن يىلغا ئېشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان نەقپۇل بۇ يىل xx يۈەنگە يەتتى» دەپ ئېلان قىلدى. مىڭلاپ ئەپسۇسكى، 20 نەچچە مىڭ نوپۇسلۇق بۇ يېزىنىڭ شۇ يىلى دېھقانلارنىڭ قوي-كالىلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا قەرزگە ھېسابلاپ ئېلىپمۇ يىغىۋالالماي ئېشىپ قالغان قەرزى 22 مىليون يۈەن بولۇپ، مۇنداق پەدازلاش ئاشۇنداق يېزىدىن 10-20 نى باشقۇرىدىغان ناھىيىدە يوق دەپ كىممۇ ئېيتالار؟

يالغۇز بۇلا ئەمەس. ناۋادا سىز زۇكام بولۇپ قېلىپ دورا ماگىزىنىغا كىرىپ قالسىڭىز ، دورىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى كۆرۈپ دەسلەپتە ھەممىلا دورىنى سېتىۋالغۇڭىز كېلىدۇ. چۈنكى ھەممىلا دورىنىڭ چۈشەندۈرۈش قەغىزىگە پەقەت «ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ» دېگەندىن باشقا ، بەدىنىڭىزدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ئىسمى يېزىلىپ، ئاشۇ ئەزالارنىڭ ھەممىسىگە شىپا بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئاشۇنداق چۈشەندۈرۈشلەرنى ئوقۇغان ۋاقتىڭىزدا ئۇنىڭمۇ بىر پەداز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلامسىز؟ ياكى «ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈش يېزىلغان دورىدىن بىرەرنى تېپىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانىڭىزنى تىرىلدۈرۈۋالغۇڭىز كېلەمدۇ؟

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە پەدازلىنىش شەكىللىرى تولىمۇ كۆپ. ئاددىيسى، پۇل تېپىش دېگەن سۆزنىڭ «ھەقلىق مۇلازىمەت» دەپ ئۆزگەرتىلىشىمۇ يەنىلا بىر پەداز ئەمەسمۇ؟

قەدىرلىك قېرىندىشىم، ناۋادا سىز بىر ئوقۇرمەن بولسىڭىز، ئەتراپىڭىزدا نېمىلەرنىڭ پەدازلانغان ۋە يەنە پەدازلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز؟ ناۋادا سىز بىر سودىگەر، دوختۇر، يازغۇچى ياكى رەھبەر بولسىڭىز، مەيلى مەجبۇرىي، مەيلى ئىختىيارىي بولسۇن، ھازىرغىچە قانچىلىك «مال» نى پەدازلاپ ساتتىڭىز؟

* * *

ھەر ئەتىگىنى كۈنىنىڭ شەرقتىن چىقىپ كەچتە غەربكە ئولتۇرۇشى، ھەر يىلى ئەتىياز-يازدا گۈل-گىياھلارنىڭ ئېچىلىپ كۈزدە توزۇپ كېتىشى، تەبىئىيكى ھېچكىم ھەيران قالمايدىغان تەبىئىي قانۇنىيەت ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق تەبىئىي قانۇنىيەتلەر يالغۇز تەبىئىي پەنلەردىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي پەنلەردىمۇ بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ-بىر ستاتىستىكا قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، ئەلۋەتتە.

ئەمما، خۇددى ھەر ئەتىگىنى كۈنىنىڭ شەرقتىن چىقىپ غەربكە ئولتۇرغىنىغا ئوخشاشلا، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىزچىل تۈردە تەكرارلىنىپ كېلىۋاتقان، ئەسلىدە ئىككىنچى قېتىم زادىلا تەكرارلانماسلىقى كېرەك بولغان بىر ئىش بار بولۇپ، ئۇ، ئۆزىنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسى دەپ چۈشەنگەن ھەر بىر ئاڭلىق ئادەمنى ئىختىيارسىز ھالدا جاۋابسىز سوئاللار قوينىغا تاشلىماي قويمايدۇ:

ئىنسانلاردىكى ئۈچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك ۋە نادانلارچە شەپقەتسىزلىكنىڭ ئاخىرى بېرىپ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ھالاكەت بولىغاباشلايدىغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن بېغىشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مېھىر-شەپقەتلىك بولۇپ بىر-بىرىنى سۆيۈشىنى، ھەتتا «ئەگەر بىرسى ئوڭ مەڭزىگە بىر شاپىلاق ئۇرسا، ئۇنىڭغا سول مەڭزىنى تۇتۇپ بېرىش» نى تەشەببۇس قىلدى. چۈنكى ئۇ، پەقەت مېھىر-مۇھەببەتلا ئىنسانغا خاس خىسلەت بولۇپ، مۇدھىش زېمىستاننىڭ مەھسۇلى بولغان توڭ-مۇزلارنى پەقەت ئىللىق باھار شامىلى بىلەن يېقىملىق كۈن نۇرىنىڭلا ئېرىتەلەيدىغانلىقىنى ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا «قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ» غانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

بىراق ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ئەڭ كېرەكلىك بولغان بۇ ئۇلۇغۋار ئىدىيىسى ئەينى چاغدا قوبۇل قىلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى شەپقەتسىزلىك بىلەن قارشى تۇرۇشقا ئۇچراپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى كرېستقا مىخلاندى. نىھايەت ئۇ ياشىغان ئەسىر ئاخىرلىشىپ، باشقا بىر يېڭى ئەسىر يېتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ئىدىيىسى ئاساسىدا دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرى بولغان خرىستىئان دىنى دۇنياغا كەلدى.

ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە، گەرچە يۇقىرىقى جەريان ئەينەن تەكرارلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشى، يەنى مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىپ بۇتلارنىڭ چېقىپ تاشلىنىشى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كەلگەندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 20 يىلدىن كېيىن ئورۇندالدى. بۇ جەرياندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ تەرغىب قىلغان ئىسلام دىنىمۇ ئوخشاشلا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇشلارغا ئۇچرىدى.

ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغان ئۇلۇغۋار ئىشلارغا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرۇشى يالغۇز دىنىي ساھەدىلا يۈز بەرگەن ئىش بولۇپ قالماستىن ، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور رول ئوينايدىغان ئىلىم-پەن ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ: «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى 100 مەشھۇر كىشى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ چىققان ھەر بىر ئادەمگە ئايانكى، فرانسىيىلىك لاۋازىر خىمىيە پېنىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر ئالىم. ئۇ، ئىنسانىيەت بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدىغان ھاۋا بىلەن سۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنى تۇنجى بولۇپ توغرا ئېنىقلاپ چىققان ھەمدە «خىمىيە رېئاكسىيىسى ماددىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىكىشىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، بىراق ماددا مەڭگۈ يوقالمايدۇ» دېگەن نوپۇزلۇق قانۇننى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.

بىراق فرانسىيە ئىنقىلابىدىكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئۇ قولغا ئېلىنىپ، «ۋەتەن ۋە ئىلىم-پەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش» نى شۇنچە تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، سوت ئۇنىڭغا : «جۇمھۇرىيەت تالانتقا موھتاج ئەمەس! » دېگەن دەھشەتلىك جاۋابنى بېرىپ، 1794-يىلى ئاۋغۇستتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان.

ئىلىم-پەن ساھەسىدە يۈز بەرگەن مۇنداق پاجىئەلەر سان-ساناقسىز بولۇپ، ھەر بىر دۆلەت، ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەر بىر دەۋرىدىن مۇنداق پاجىئەلەر ئۈچۈن يۈزلەپ مىساللارنى تېپىش مۇمكىن. پەقەت تارىخ بېتىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى رېئاللىقتىمۇ يەنىلا يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان بۇ خىلدىكى سان-ساناقسىز مىساللار ئەجەبا ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق ئالىي جانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلامدۇ؟ ئەجەبا ئىنسانىيەتنىڭ پېشانىسىگە : «ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت تىلىگەن ياخشى ئادەملەرنى يامان ئاقىۋەتلەرگە قالدۇرۇش» تىن ئىبارەت بىرلا تەتۈر قىسمەت پۈتۈلگەنمۇ؟ ؟ ئەگەر ئۇنداق ئەمەس دېيىلسە،

پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ، ھېچ بولمىغاندا ھەر بىر دۆلەت، ھەر بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇلۇغۋار ئىشلاردا نېمە ئۈچۈن يۇقىرىدىكى مىساللارغا ئوخشاش ھېرخىللا تەتۈر قىسمەت تەكرارلىنىۋېرىدۇ؟

* * *

پاراڭلارغا قارىغاندا، ئىلگىرىكى مايمۇن تۇتۇپ كۆندۈرگۈچىلەر (ھازىرقىلىرىنىڭمۇ ئەلۋەتتە چارىسى كۆپىيىپ كەتتى) مۇنداق بىر ئاددىي ئۇسۇلنى قوللىنىدىكەن:

ئاۋۋال ئەينەك، تارغاق ۋە كىچىك يېلىم قاتارلىقلارنى تەييار قىلىپ، مايمۇنلار ياشايدىغان تاغقا چىقىپ كۈزىتىدىكەن. مايمۇنلار كۆزگە چېلىققاندىن كېيىن، ئېپلىك بىر جاينى تاللاپ ئولتۇرۇپ، قەستەن مايمۇنلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەينەككە قاراپ چاچ تاراپ، باش-كۆزىگە يېلىم چاپلايدىكەن. ئاندىن ئەرزان ئەينەك، تارغاق، يېلىملىرىنى قەستەن ئۇنتۇپ قېلىپ قايتىپ كېتىدىكەن.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىرمۇ بىر كۆزىتىپ تۇرغان مايمۇنلار كېلىپ ئەينەككە قاراپ، ئەينەكنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەيدىكەن-دە، ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى قارىسىغا دوراپ بېشىنى تاراپ، يۈز-كۆزىگە يېلىمنى بولۇشىغا چاپلايدىكەن. نەتىجىدە قۇلاق ۋە كۆزلىرى يېپىشىپ ئېتىلىپ قېلىپ كۆرمەس، ئاڭلىماس بولۇپ قالىدىكەن. دەل شۇ پەيتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، تاشلار ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ ماراپ ياتقان ھېلىقى ھىيلىگەرلەر شۇئان يېتىپ كېلىپ مايمۇنلارنى تۇتۇپ باغلىۋالىدىكەن-دە، ئېلىپ كېتىپ كۆندۈرۈشكە باشلايدىكەن...

بۇنى بەلكىم ئەل ئاقىللىرى توقۇغان رىۋايەت دەپ قارايدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ يەردە ئۇنىڭ رىۋايەت ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن تالاش-تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇش ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى بۈگۈنكى رېئاللىقتا بىزنىڭ ئاشۇ بىچارە مايمۇنلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىمىز ئەمەسمۇ؟ قېنى، ئۆزىمىزدىن بىر سوراپ كۆرەيلى: گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزورلاردا ھاراقنى ھەدەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرگۈچىلەر ئۆزى زادى قانچىلىك ئىچىدۇ؟ ئەجەبا باشقىلار ماختاپ سېتىشقا، بىز بولساق ئەقلىمىزدىن ئاداشقىچە ئىچىپ، كوچىلاردا قۇسۇپ يېتىشقا تۇغۇلغانمۇ؟؟ مايمۇن ئويناتقۇچىلار مايمۇندىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىپ بايلىققا ئېرىشكەنگە ئوخشاش، ھاراقنى ماختاپ كۆككە كۆتەرگۈچىلەرمۇ بىز تۆلىگەن بەدەلدىن پايدىلىنىپ بايلىققا ئېرىشمەكچى. ئەپسۇسكى، بىز بۈگۈنلا ئىچىۋالمىساق گويا ئەتە قىيامەت قايىم بولۇپ زادىلا ئىچەلمەي قالىدىغاندەك ياكى ئۇتۇپ چىققانلارغا بېرىلىدىغان ئەزرائىلنىڭ «مۇكاپاتى» باشقىلارغا كېتىپ قالىدىغاندەك، بىر-بىرىمىز بىلەن مۇسابىقىلىشىپ تۇرۇپ ئىچكىنىمىزگە، قۇرۇقدالغان يانچۇق بىلەن پاتماندا بىر قۇسۇقتىن باشقا نېمىگە ئېرىشتۇق؟؟

شۈبھىسىزكى، مايمۇن ئويناتقۇچىلار مايمۇنلارنى دورامچىلىققا قارىغۇلارچە قىزىقىش ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ قولغا چۈشۈرۈۋالغان. ئۇنداقتا بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىزدىكى ھاراقكەشلىك، مودا قوغلىشىش، رېستوران دورامچىلىقى، ئېلانغا ئالدىنىش ۋە ھوقۇق مەستانىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ماھىيەت جەھەتتە مايمۇنلارنىڭ ھېلىقى دورامچىلىقىدىن زادى قانچىلىك پەرقى بار؟؟

* * *

ئات گەرچە ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ ئىلغار قاتناش ۋاسىتىسىلىق رولىدىن قېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىزگە ئوخشاش نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ھالقىپ ئۆتەلمەي كېلىۋاتقان مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەنىلا تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم رولىنى يوقاتقىنى يوق. شۇڭا، يېزا-كەنتلەردىلا ئەمەس، ناھىيە بازىرى ھەتتا ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرلەردىمۇ ئات تۇياقلىرىدىن چىققان رېتىملىق تونۇش ئاۋازلار قەدىمىي كولدۇرمىلارغا تەڭكەش قىلىنغان ھالدا ھېلىمۇ قۇلاقلارغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

قۇلاقلارغا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان ئاشۇ ئاۋازلارنى بىۋاستە ئاڭلاش ۋە ئارامبەخش ياز ھاۋاسىدىن قېنىپ نەپەسلىنىش ئۈچۈن قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان چىرايلىق كىرا پىكاپلىرىنى قويۇپ، ئاتايىن «مەپە بېكىتى»گە كەلدىم. مەن مەپىگە چىقىپ ھايال ئۆتمەيلا ئىككى مەپە تەڭ قوزغالدى. ئىككى مەپە ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ، ھەتتا ئاتلارنىڭ ئورۇق-سېمىزلىكى، بوي-تۇرقى ۋە رەڭگىچە قىلچە پەرقسىز ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن، ئىككى مەپە بىر-بىرىدىن قېلىشماي تەڭ كېتىۋاتاتتى.

بەلكىم مەن چىققان مەپىدىكى مەپىكەشنىڭ يەنە بىر مەپىدىن ئۆتۈپ كەتكۈسى كەلگەن چېغى، ئەسلىدىنلا ئۆز مېڭىشى بىلەن شۇنچە تېز چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتقا يەنە ئۇستىلەپ قامچا سالدى. قامچا ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا تەگكەنىدى. ھوشيار ئات ئوڭ قۇلاققا تەگكەن قامچىغا قاراپ دەرھال سولغا بۇرۇلدى.

— ماۋۇ گۆينىڭ ئېتىنى! ي دەيمەن، ي!

ئۆزىنى ئۆزى «گۆي» دەپ تىللاۋاتقان مەپىكەشنىڭ ئېتى باشقا بارلىق ئاتلارغا ئوخشاش «چۇ!» دېسە ئالدىغا مېڭىشقا، «ي!» دېسە سولغا بۇرۇلۇشقا ئۆگىتىلگەنىدى. شۇڭا مەپىكەشنىڭ «ي!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ يەنە سولغا بۇرۇلدى. ئاشۇ ئىككى قېتىملىق بۇرۇلۇش 180 گرادۇسقا يېتىپ، مەپىنىڭ ئالدى يولنىڭ سول تەرىپىگە توغرىلىنىپ قالدى.

مەپىكەش ئېغىزغا ئالغۇسىز قاباھەت تىللار بىلەن ئاتنى تىللاپ، ئارقىدىن ئاتقا قامچا سالدى. ئوڭ قۇلاققا تىنىمسىز تېگىۋاتقان قامچىغا قاراپ، ئات مەپىكەشنىڭ بۇرۇن ئۆگەتكىنى بويىچە يەنە داۋاملىق سولغا بۇرۇلىۋەردى. ئەمدى بۇرۇلۇش نۇقتىسى 360 گرادۇسقا يېتىپ، مەپىنىڭ ئالدى تامامەن ئەسلىدىكى ئارقا تەرەپكە توغرىلىنىپ قالغانىدى.

بىراق ئىككىنچى مەپىكەش ئۆز مېڭىشى بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتقا ئارتۇقچە كاشىلا بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەپىسى بىزنىڭ مەپىدىن ئۆتۈپ كېتىپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئەسلىدىكى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىشقا ئازلا قالغانىدى. كىشىلەر بىزنىڭ مەپىكەشكە مەسخىرىلىك قاراپ قويۇشۇپ، بىردىن، ئىككىدىن چۈشۈپ كېتىشتى ۋە باشقا بىر مەپىگە چىقىپ يولغا راۋان بولۇشتى. ئەجەبا، بىزنىڭ مەپىكەش بۇنى ھېس قىلمىغانمىدۇ؟ ھېس قىلغان بولسا نېمە ئۈچۈن بىر ئوبدان چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنى ئارتۇقتىن ئارتۇق قامچىلاپ يولىدىن چىقىرىۋېتىدىغاندۇ؟ ناۋادا تېخىچە ھېس قىلمىغان بولسا، ئەمدى قاچان ھېس قىلار؟

* * *

بۈگۈنكى كۈندە، «ھەر قانداق شەيئىي تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئەكسىگە قايتىدۇ» دېگەن ئىلمىي يەكۈندىن گۇمانلىنىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە 30 ياشتىن ئاشقان ھەر قانداق بىر ئادەم — ھەتتا ئۇ ساۋاتسىز بولغان تەقدىردىمۇ، «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا نەگە بېرىپ توختىغانلىقىنى، 40 ياشتىن ئاشقان ھەر قانداق بىر ئادەممۇ ئاتالمىش «كوپېراتسىيىلىشىش»، «خەلق كوممۇنىسى» ۋە «چوڭ سەكرەپ

ئىلگىرىلەش» دېگەن ئۇچىغا چىققان سول ھەرىكەتلەرنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ باشتا قانچە چىرايلىق، قانچە دەبدەبىلىك سۆز - ئاتالغۇلار بىلەن تەرىپلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرقى ھېسابتا قانداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەممە ئادەم ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، بۈگۈنكى كۈندە يەنە ھېلىقى «تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەندە ئەكسىگە قايتىدىغان» ئىشلارنىڭ داۋاملىق تەكرارلىنىۋېرىشى ئادەمنىڭ باشقىچە كۈلكىسىنى قىستايدۇ.

60-، 70-يىللاردا يېزا خىزمىتىنى ئىشلىگەن پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، شۇ يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر مۇ يەرگە سېلىنىدىغان ئاق (خىمىيىۋى) ئوغۇت كۆپ بولغاندا 6-5 كىلودىن ئاشمايدىكەن. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، ئاز دېگەندىمۇ بىر مو يەرگە 50-60 كىلودىن توغرا كەلگەن. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ يەردە ئاپتورنىڭ نەزەرىيىۋى مۇلاھىزىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۆمۈر بويى يەر ۋە ئوغۇت بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتۈدىغان دېھقاننىڭ ئەمەلىي جاۋابىنى ئاڭلاپ باقايلى:

- بۈگۈنكى كۈندە ئاق ئوغۇت خىروئىنغا، تېرىلغۇ يەرلىرىمىز بولسا خىروئىن چەككۈچىلەرگە ئوخشاپ قالدى. ئاتا-بوۋىمىز ئاق ئوغۇت سالمىغان يەرلەرنىڭ ئاشلىقىنى يەپ شۇنچە قاۋۇل، تەمبەل چوڭ بولۇپ، 100 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن. ھازىرقى 100 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ ھەممىسى ئاق ئوغۇت دېگەن نەرسە بولمىغان زاماندا چوڭ بولۇۋالغانلار... كېيىن «كوپېراتسىيە» دېگەن گەپ چىقتى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋە «ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھوسۇلنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىمىز دەپ يەرلەرنى ئاق ئوغۇتقا ئۆگەتتۇق، بۇ، خىروئىنكەش بالىلارنىڭ بۇ جاھاندا بار بولغان بارلىق شېرىن-شادلىقلارغا قانائەت قىلماي، بۇ جاھاندا بولمىغان خىيالىي لەززەتنى ئىزدەپ خىروئىن چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ.

مانا ئەمدى خىروئىنكەشلەر ئۆلگىچە ئۇنىڭ خۇمارىدىن قۇتۇلالمىغىنىغا ئوخشاش، بىز ئاق ئوغۇتقا زەپلەپ ئۆگىتىۋەتكەن يەرلىرىمىزمۇ ئاشۇ ئاق ئوغۇت خۇمارى قانمىسا زادىلا ھوسۇل بەرمەيدىغان بوپكەتتى. بۇنى ئازدەپ ھەممە زىرائەتلەرگە يىلىغا 3-4 قېتىمدىن دورا چاچىمىز. ئەسلىدە ئادەممۇ توققۇز ئاي توققۇز كۈندە تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش زىرائەتنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئۈنۈپ چىقىش، مايسا بولۇش، دان تۇتۇش ۋە پىشىپ ھوسۇل بېرىش ۋاقتى بولاتتى. لېكىن خۇددى قاساپ قويىغا بۈگۈنى يەم بېرىپ ئەتىسى قۇيرۇقىنى تۇتۇپ باققاندەك، ئۆزى بىر ئوبدان ئۆسۈۋاتقان مايسىلارغا بۇ ھەپتىسى ئۆستىلەپ ئۆستۈرۈش دورىسى چاچساق، كېيىنكى ھەپتىسى ئۆسۈشتىن توختىتىش دورىسى چاچىمىز. ئىسىت، بۈگۈنكى زامانىنىڭ زىرائەتلىرىمۇ سارالڭ بوپكەتتى.

. .

دېھقانلار بۇ دۇنيادىكى ئەڭ سادda ۋە سەمىمىي كىشىلەر. گەرچە ئۇستىبېشى ئۇنچىۋالا پاكىز بولمىسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدى ھەممىدىن پاكىز بىر دېنىبىر قەۋم. دىلى پاك، ئۆزى سادda كىشىلەر يالغان ئېيتمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاق ئوغۇتنى خىروئىنغا، ئاق ئوغۇتقا ئۆگىتىلگەن يەرلەرنى خىروئىن چەككۈچىلەرگە ئوخشىتىشى بەرھەق. ئۇنداقتا خىروئىننىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن بالايى-ئاپەتلىرىنى ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئەجەبا ئاق ئوغۇتنىڭ يەرلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئەرزىمەمدۇ؟ ناۋادا راستىنلا ئەرزىمەيدۇ دېيىلسە، ئۇ ھالدا 70-يىللاردا ھەر مو يەرگە 5-6 كىلودىن سېلىنغان ئاق ئوغۇت 90-يىللاردا 50-60 كىلوغا يەتكۈزۈلگەنگە ئوخشاش، يېڭى ئەسىردە يېڭى رېكورت يارىتىلىپ 100 كىلو ھەتتا بىرەر تونىنغا يەتكۈزۈلسە، ئاندىن خۇددى خىروئىن چەككۈچىلەر خىروئىن خۇمارىدىن چىققاندا بۇ دۇنيادا يوق خىيالىي لەززەتنى سۈرۈشكە مۇيەسسەر بولغاندەك، بىزمۇ بۇ دۇنيادا بولمىغان ئاجايىپ بەخت-سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇپ كېتەرمىزمۇ؟؟

# كەيپىيات

ئالدىمدا كېتىۋاتقان بۇ ئادەم تۇيۇقسىز يەرگە ئېڭىشىپ، ئاشۇ ئېڭىشكەن پېتى بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقىمۇ قارىماي ئۇدۇل مېڭىپ كەتتى. ئۇ، بايەردىن بىر نەرسە تېپىۋالغان ئادەمگە، يائېلىشىپ قالغان ئادەمگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ماڭا غەيرىي تۇيۇلۇپ، ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ قالغان يەرگە كېلىپ سەپسالدىم. يەردە توپىغا مىلەنگەن 10 كويلۇق پۇلدىن بىرى تۇراتتى. بۇ ئىشقا تېخىمۇ قىزىقىپ، قەدىمىمنى تېزلىتىپ ھېلىقى ئادەمگە يېتىشتىم ۋە:

- نېمىشقا ئېڭىشىپ بولۇپ پۇلىڭىزنى ئالماي كېتىسىز؟-دەپ سورىدىم.

- ئۇ مېنىڭ پۇلۇم ئەمەس، -دېدى ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويۇپ.

- سىزنىڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ ئالدىڭىزغا ئۇچرىغانىكەن ئېلىشىڭىز كېرەكتىغۇ.

ئۇ، گۇمان نەزەرى بىلەن ماڭا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

- مەيلىڭىز ئىشىنىڭ، مەيلىڭىز ئىشەنمەڭ، ئاۋۋال پۇلنى كۆرگەن چېغىمدا «ئېلىپ بىرەر كەمبەغەلگە دۇئا قىلدۇرۇۋېتەي» دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن قولۇمنى ئۇزىتىۋېتىپ يەنە بىر ئوي كاللامغا كېپقالدى: «ناۋادا بۇ بىر قىلتاق بولۇپ، بىرى ئاستىرىتتىن كۆزىتىپ تۇرغان بولسا، پۇلنى ئېلىشىمغىلا كېلىپ كاپ تۇتۇپ: بۇ دېگەن مانچە مىڭ كوي ئىدى، قالغىنىنى نەگە يوشۇردۇڭ؟! دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمەن...». ئاشۇ ئوي بىلەن پۇلنى ئېلىشتىن يالتايدىم. ئەگەر سىزنىڭ ئالغىڭىز بولسا، بېرىپ ئېلىۋېرىڭ، مەن ئۆز يولۇمغا كېتىۋېرىمەن...

ئۇ ئادەم شۇنداق دەپ كېتىپ قالدى. مەن 10 كوي پۇلنى ئېلىش-ئالماسلىقنى ئەمەس، بەلكى باشقىچە بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدىم: ناۋادا، ئاشۇ ئادەم يامان ئادەم بولۇپ، بىرەرسىنىڭ كېلىنىغا خەنجەر تەڭلەپ تۇرۇپ: «ماڭا مانچە مىڭ كوي بەر!» دەپ تەھدىت سالسا، ئۇنى توسىدىغان ئادەم چىقارمىدى؟ ناتايىن!

دېمەك، بىز شۇنداق بىر ئومۇمىي كەيپىيات ئىچىدە ياشىماقتىمىزكى، يامانلىق قىلىدىغانلار توسالغۇسىز قىلىۋەرگىنى بىلەن، ياخشىلىق ئىزدەيدىغانلار كۆپ ھاللاردا «ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟ بىرگە ئون» دېيىلگىنىدەك، قىلغان ياخشىلىقىغا بەدەل تۆلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. گەرچە ھەممە ئادەمنىڭ پېشكەللىك بىلەن خۇشى بولمىسىمۇ، بىراق پېشكەللىككە ئۇچرىغانلارنى ھېچكىم قۇتقۇزاي دېمەيدۇ. بۇ خىل تەتۈر قىسمەت ئىلكىدىكى كەيپىياتنىڭ تاكى ياخشىلىق ئۈچۈن تۆلىنىۋاتقان بەدەل، يامانلىق ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بولغانغا قەدەر داۋاملىشىشى مۇقەررەر.

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى (M1)



# تەپەككۇردىن ئامچىلار

## روھ گۈلخانلىرى

(نەسىرلەر)

رەخىم ياسىن قاينامى

▲ ناۋادا سەن بىراۋ ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى ئويلايدىكەنسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ ئاۋۋال شۇ ئادەمدىن ئۇلۇغ ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلالىشىڭ شەرت !

▲ خورلۇق ئۇچۇۋاتقان روھنى يېلىنجىتىدۇ. ناھەقچىلىك ـ كىشىلەرگە ھەقىقەتنى تونۇتىدۇ.

▲ شۈبھىسىزكى ، ئىت ھامانە بىرچىشلەم گۆش ئۈچۈنلا ساڭا خىرىس قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ھەرگىزمۇ ئاغزىڭدىكى گۆشنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەرمىگىن !

▲ ناۋادا، سەن ماڭا زىيادە زوراۋانلىق قىلساڭ، شەكسىزكى بۇ، مېنىڭ سەندىن قانچىلىك كۈچلۈك ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىمنىڭ ئىسپاتى! . . .

▲ ئادەملەر ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن- نۇرغۇن ئىشىكلەرنى چېكىپ ئۆتىدۇ. بىراق، تەڭرىنىڭ ئىشىكىنى چېكەلەيدىغانلار تولىمۇ ئاز. ئۇلار پەقەت كۆپلىگەن ئادەملىرىمىزنىڭ نەزەرىدىكى ساراڭلاردىن ئىبارەت. . .

▲ ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى خورلۇق ئىچىدەياشايدۇ.

▲ ھاياتنىڭ ئەتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن گۈزەل، تۈنۈگۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن رەزىل، بۈگۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن قىرتاق!

▲ مەن ھەممىنى يىتتۈرگەندە ھەممىگە ئېرىشەلەيمەن.

▲ ھايات ـ تەجرىبە، ئەپسۇسكى ئۆلۈم ئاشۇ تەجرىبىنىڭ نەتىجىسى چىقىشتىن بۇرۇن سېنى چىللايدۇ. . .

▲ مۇھەببەت ـ ئەتىكى ناشتىلىق ئۈچۈن بۈگۈن كەچتە راسلانغان داستىخان. توي ـ شېرىن چۈشتىن ئويغىنىپ ناشتىلىق شىرەسىگە كېلىش.

▲ تەڭرىنىڭ دۇنيا ھەققىدە تۈنجى قىلغان خىيالى ـ مۇھەببەت.

▲ مۇھەببەت ـ تەڭرىگە سېغىنىپ تۈنجى ئوقۇلغان دۇئا!

مۇھەببەت ـ ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ تۈنجى پىچىرلىشىشى!

▲ سۈكۈت ـ تىرىلىۋاتقان جانلارنىڭ ئاجىز تىنىقلىرىمىدۇ ياكى زېمىنغا باش قويغان يوپۇرماقلارنىڭ يىپيېڭى باھارغا تەشنا بولغان كۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەنادا يۇمۇلۇشىمىدۇ ۋە ياكى ئۇلۇغۋار ھەقىقەتلەرنىڭ ئىنسانلار قەلبىگە ئاستا- ئاستا سىڭىپ كىرىۋاتقان دەقىقىلىرىدىكى سىرلىق جىمجىتلىقمىدۇ؟ !

▲ رەزىللىك سىڭىپ كەتكەن ۋۇجۇدنى پەقەت ئىلاھنىڭ چەكسىز غەزىپىلا پاكلىيالايدۇ. . .

▲ ھاياتلىق ئالىمىدە قالغان ئاخىرقى گۆركارنىڭ جەسىتى كۆمۈكسىز قالىدۇ!

▲ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان چاغلىرىمىزد ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنى ئەسلەيمىز، ئەركىنلىكك ئېرىشكىنىمىزدە بولسا، قەپەزدىكى قۇشلارغا قاراپ ئۇھ تارتىمىز. . .

▲ دوزاخ ۋە جەننەت ئادەمنىڭ ئىككى كۆزىدە!

▲ ھايات شۇنداق، ئەتەنېمە بولىدۇ، كەلگۈسى- مىزچۇ، كىملەر بىزگە بىرئۆمۈر، ئىككى ئالەملىك دوست بولۇپ قالىدۇ، كىملەر بىزگە ئەبەدىيلىك رەقىب بولۇپ قالىدۇ، بىلمەيمىز. ئازابقا تولغان ئۆتمۈشىمىزدە قەلب گۈلخانلىرىمىزنى چەيلەپ ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ بىر كۈنلىرى بىزدىن چوغ سوراپ كېلىشى ۋە بىز چىن دىلىمىزدىن سۆيگەن دىلكەشىمىزنىڭ ئاي- كۈنلەر ئۆتۈپ قەبرە تېشىنى كۆتۈرۈپ كېلىشىنى بىلمەيمىز. . . كىملەر بىلەندۇر، ئېھتىمال كىملەر بىلەندۇر ئۇچراشقان چېغىمىزدا ئۇنىڭغاھومىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىمىز- دە، ئۇنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى كېچىكىپ، تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلىمىز. يەنە كىملەر بىلەندۇر ئۇچراشقان چېغىمىزدا ئۇنى پەرىشتىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمىز. . ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئەزرائىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغىچە كۆزلىرىمىز يۇمۇلىدۇ. . . شۇنداق، بىز كېچىكىمىز، دىمەك، كېچىكىمىز! نېمە ئۈچۈن؟ ! . . . ھايات تولىمۇ سىرلىق، يېشىل باغلار، سارغايغان ئورمانلار ھەممىسى تۈگىمەس تېپىشماقلارغا، سوئاللارغا تولغان

بولىدۇ. تېپىشماقلار بىزنى قىيناپ، سوئاللار تىت-تىت قىلىدۇ. ھەر بىر قەدەم ئالدىمىزغا تۈمەن سوئال، تېپىشماقلارنى تاشلاپ ئۆتىدۇ. بىز ھامانەم تۈگىمەس ئارمانلار ئوتىدا كۆيۈپ ياشايمىز!...

▲ ... مېنى ئاشۇ ئادەملەر-قوللىرى قاپارغان، توپا چىراي، ساددا، مۇلايىم ئادەملەر ئۆستۈردى. مەن ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىدا يۈرۈپ ئوقۇدۇم، دېھقانچىلىق قىلدىم، تىجارەت قىلدىم... ئىزدەپ يۈرگەنلىرىمنى تېپىشقا باشلىدىم. ئۇلارنىڭ پاك ۋۇجۇدى ماڭا نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلىرىمنى قايتۇرۇپ بەردى.

مەن ھامانە ئۈمىدۋار! شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمەنكى، شۇنداق بىر كۈنلىرى ھەممىمىز ھەقىقىي قۇۋناق ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. دۇتارىمىزنىڭ ئۈزۈلگەن تارلىرىنى قايتىدىن ئۇلايمىز. بۇلۇڭدا توپا بېسىپ تۇرغان قالۇننى بوۋام قولىغا ئېلىپ شۇنداق بىر چالىدۇكى، ئىيھاي!... ئۇ چاغدا مەنمۇ ساتارىم تارىنى سازلاپ بىناۋانىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن. شائىر ئىنىم خۇرجۇنغا سېلىنغان قۇلۇپقا مەرسىيە ئوقۇيدۇ. ھەممىمىزنىڭ ئاستىدا تۇياقلىرىدىن توزان توزىتىپ تۇرغان شاش تۇلپارلار... چۈشلىرىمىز گۈلگۈن، روھىمىز نەۋرۇل ھايات ئۈستىگە چايقىلىۋاتقان، خىياللىرىمىز پەرۋازدا...

گيوتىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى ئېسىمگە كېلىدۇ: «ئۈمىد - بەختسىزنىڭ ئىككىنچى جېنى».

ئاپتور: قورغاس ناھىيىسىدىن، دېھقان.

## ئەدەبىي پارچىلار

### جېلىل ئاۋۇت

### نامراتلىق

ماگىزىندا رەختلەر بېسىلىپ قېلىۋاتىدۇ، كوچىدا خانىم - قىزلار يالىڭاچ قېلىۋاتىدۇ.

### ھۆرمەتسىزلىك

ئالىملار ئۆمۈر بويى ئىزدىنىپ يېزىپ چىققان توم- توم كىتابلاردىكى نەزەرىيىلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن بىزگە پەقەت بىرەر بەتلىك ئۇقتۇرۇش بولسىلا كۇپايە.

### قېرىنداشلار

نامراتلىقنىڭ بالىسى مەدەنىيەتسىزلىك، نەۋرىسى قۇللۇق.

### ھەقىقەت

ھەقىقەتنىڭ تورمۇزى يوق، ئەمما غالىبلارنىڭ ئالدىدا توختايدۇ.

### مەقسەت

قاساپ مالنى بالدۇرراق ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ باقىدۇ.

### ئاقىۋەت

باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلغان ئادەم، ئۆزىگە تېگىلغان تاز خوتۇننى نىكاھىغا ئالغان يىگىتكە ئوخشايدۇ.

---

ئاپتور: باي ناھىيە توقسۇن يېزا باللىز كەنت مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## نەسرلەر ۋە پارچىلار

▲ ئۆلۈم ئالدىدىكى مەردىنىڭ قولىدىن چۈشۈپ قالغان شەمشەرنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭلار. ئۇ سىلەرنى نامەردنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ بىر تامچە قېنىڭلار ئۈچۈن سالا قىلىشتىن ساقلايدۇ.

▲ ئۇ دۇنيادىكى دوزاختا كىرىشتىن ئەنسىرەپ يۈرگىچە، ئالدى بىلەن بۇ دۇنيادىكى «نادانلىق» دېگەن جەننەتتىن چىقىپ كەت.

- ئېلى روزى (تەركىپ)

---

ئاپتور: بىڭتۇەن 3-دىۋىزىيە 53-تۇەن دوختۇرخانىسىدىن

▲ يازغۇچىلار كۆپەيگەنسېرى دەرقەمتىلىك تۈگەشكە باشلايدۇ.

- ئانارگۈل ئابدۇرەشىت

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئىنسان ئۆزىنىڭ ھامان ئەخمەق ۋە نادان ئىكەنلىكىنى پەقەت سەكراتتا چۈشكەندىلا ھەقىقىي ھېس قىلىدۇ.

▲ قارىغۇلارچە قوللاش -ئەڭ ئەخمىقانە زىيانكەشلىكتۇر.

▲ چۈش -مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغان قايتىلانماس ناخشا.

- ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى

▲ كۆز يېشى-ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرگە تەڭلىگەن ئوقسىز قورالى.

▲ قولۇڭدىكى ئەينەكنى ئۆزۈڭنى تولۇق كۆرۈپبولۇپ ئاندىن باشقىلارغا قارات.

- مۇھەممەتجان توختى

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن ئارزۇلۇق قىزىڭنى باشلىقىڭنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ كۈلىۋاتقىنىڭدا، قىزىڭنىڭ كىرپىكلىرىگە ئېسىلىپ قالغان ھەسرەت تامچىلىرىغا قاراشقا پېتىنالىدىڭمۇ؟

- ئەنۋەر مۇھەممەت (زەمزەم)

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ قىزىقىش -قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى، زېرىكىش-ئاخىرلىشىشىدۇر.

- ئايۇپ توختى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن، ھەدەپ ئېگىزگە ئۆرلەۋاتقان چېغىڭدا، ئاستىڭدىكى ھاڭنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما.

▲ مۈشۈك يۇۋاش ـ گۇناھتىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆيدە ياخشى كۈتۈلۈشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، قات-قات تاۋار كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇخلايدۇ. گېزى كەلسە خوجايىنىنىڭ رىسقىنى ئوغرىلاپ ، ئۈستىلىق بىلەن ئېغىز- بۇرۇنلىرىنى قوللىرى بىلەن سۈرتۈپ ئويۇن قىلىپ بېرىدۇ. ئىت گەرچە ئۆيىنى قوغداپ، كېچە-كۈندۈز ساداقىتىنى بىلدۈرسىمۇ، كەلسە- كەلمەس قاۋاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بوسۇغىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگۈزۈلمەي، قەھرىتان قىشتىمۇ سۆڭەك غاجىلاپ سىرتتا ياتىدۇ.

ـ مۇھەممەت تەشنائىي

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ سېنىڭ دەرىجەڭ ـ مەرتىۋەڭ ئۈسكەنلىكى بىلەنلا سەن ھەقىقى- چىن ئىنسان بولالمايسەن، چۈنكى تاغ ئۈستىدە ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىلا قارىغاي ئەمەستە.

▲ بەزىلەر مېنى شۈكۈرقىل دەيدۇ. مەن نېمە ئۈچۈن شۈكۈر قىلغۇدەكمەن؟ چۈنكى قورسىقىم تويغىنى بىلەن روھىم تېخى ئاچ تۇرسا.

ـ ئېرشات ھېيتاخۇن

---

ئاپتور: قاراماي شەھىرى ئاقبۇلاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى كاچالكا قوراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش ئەترىتىدە ئىشلەيدۇ

▲ ئانا دەپ ئۇن پارچە شېئىر يازغىچە، ئانا دەپ بىر قېتىم قولىدىكى سۇپۇرگىنى ئال.

▲ چۆلنى چاڭقىغاندىن ، مۇھەببەتنى مەغلۇب بولغۇچىدىن سورا.

نۇرەمبەگ ئەختەم

---

ئاپتور : غۇلجا ناھىيە ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى4-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ دۈشمىنىڭ ئالدىدا ئۆزگىرىشكە ماھىر بول، بۇ سېنى كۆپ ھاللاردا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. خامېلىئوننىڭ رەقىبلىرىنىڭ كۆزىدىن ساقلىنالىشى دەل ئۇنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدىندۇر.

▲ بۈگۈن سەن ئۈچۈن ئەڭ شەرەپلىك بولغان ئىشلار ئەتە سەن ئۈچۈن نومۇسقا ئايلىنىشى مۇمكىن.

-ئوغۇز تېكىن قاھىرى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## روھ ھېسلىرى

### مەھمۇتجان ياتناق

▲ ئەركىنلىك ھەققىدىكى سوئاللىرىڭنى سارائىڭدىن سورا.

▲ ئۆلۈم ئاقىللارنىڭ ئىزىغا قويۇلغان كۆپ چېكىت، نادانلارنىڭ ئىزىغا قويۇلغان سوئال بەلگىسىدۇر.

▲ كەچكى زىياپەتتە نۇرغۇن ئادەملەر خورازنىڭ گۆشىنى مەززە قىلىپ چايناۋاتقاندا، تاڭ ئېتىشقا باشلىغانىدى.

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەنھا تىنىقلار

### تۇرسۇنجان مۇھەممەترېھىم

▲ قېلىپ شەكىللىك ۋە شەكىلسىزدۇر. شەكىللىك قېلىپتا كېسەك قۇيۇلغىنى بىلەن شەكىلسىز قېلىپتا ئادەم قۇيۇلىدۇ.

▲ سۈكۈت-كەسكىن سىلكىنىۋاتقان روھنىڭ ۋۇجۇد تەلقىنىدىكى پەرۋازى؛ ئۇ، تىنچ داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇش.

▲ شائىر ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئۆز ئازابىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنە بىرى، ئۆزگىنىڭ ئازابىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئالدىنقىسى «شائىر» ئاتىلىدۇ، كېيىنكىسى «پەيلاسوپ» .

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

### ئادىل يۇسۇپ

▲ قىيامەتنىڭ كونۇپكىسى قەلبتە.

▲ بەزى ئادەملەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىن تەشۋىقاتى ئېشىپ كېتىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ تەشۋىقاتىدىن ئەمەلىيىتى ئارتۇق بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئالدىنقىسىغا ئالدىنىپ، كېيىنكىسىنى تونۇمايدۇ.

▲ كامالەت ئىگىلىرىنى تونۇشمۇ كامالەتكە قاراپ تاشلانغان خاسىيەتلىك قەدەمدۇر.

▲ ئىبرەت ئېلىشنى بىلىشمۇ كاتتا ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ.

▲ سەھۋەنلىك خاتالىقنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى، چۈنكى بىز دائىم خاتالىق سادىر قىلىپ تۇرىمىز.

▲ ئىنسان تەربىيىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىنسان ماھىيەتلىرىگە ئۇيغۇن ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاقىۋەتتە جەمئىيەتنىڭ ئېرىشىدىغىنى تۈركۈم-تۈركۈم «زامانغا لايىق» يارامسىز ئەۋلاد بولىدۇ.

▲ ئەخلاق سىياسىيغا نىسبەتەن كىيىم-كېچەك-تىن ئىبارەت.

▲ بىلمەيدىغانلىقىمىزنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىلىدىغان ئەلپازدا سۆزلەيمىز.

▲ سۇدا پاكلىنىشنى خالىمىساڭ، ئوتتا كۆيۈشكە مەجبۇر بولىسەن.

▲ ھەر قانداق بىر ئىدىيە تەلىمات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگىچە تالاي قېتىم قىرقىلىپ، تالاي قېتىم پۈكلىشىپ يۇپيۇمىلاق ھالەتكە كەلمەي قالمايدۇ.

▲ بىلەرمەنلىك نوقۇل ئىللەت ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي بىلىمدانلار كەم بولغان شارائىتتىكى بىر خىل زۆرۈرىيەت.

▲ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ۋەتىنى بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ۋەتىنى ئۆز ئۆيى، بەزىلەرنىڭ ۋەتىنى مەھەللىسى، بەزىلەرنىڭ ۋەتىنى مەلۇم رايون ياكى دۆلەت، بەزىلەرنىڭ ۋەتىنى پۈتكۈل يەر شارى ياكى كائىنات. قىسقىسى، ۋەتەن روھنىڭ سۈپىتىگە باغلىق.

▲«تەبىئەت ـ ئىنسانلارنىڭ ئانىسى»
ئۇنى بويسۇندۇرىمەن دېگىنى نېمىسى؟!

▲ئەي ئىنسان، پىكىر قىل! سەككىز جەننەتنىڭ لەززىتى پىكىر قىلىشتا.

---

ئاپتور: قاراماي شەھىرى ئورقۇزايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خادىمى

## يىراقتىكى شولىلار

### ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

▲بۈيۈكلۈككە ئىنتىلگەن ئادەم كۆپىنچە يەككە-يېگانە كېلىدۇ

▲چۈمۈلىنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇنى دوراشقا بولمايدۇ.

▲ساختىلىق گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك كېلىدۇ، ھەقىقەت بولسا قوپال ۋە يىرىك كېلىدۇ.

▲بىلگەنلىرىمىز ئاز بولغاچقا، ئۆزىمىز ھەققىدە بىلىشىمىزمۇ ئاز.

▲بىر مىللەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئىلىم ئەھلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قاراپ بىلىشكە بولىدۇ.

▲دەرەختە مايمۇن كۆپ بولسا ئېھتىيات قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، ئەمما ئادەم كۆپ بولسا ھوشيار بولمىساڭ بولمايدۇ.

▲رېئاللىقتا ئەقىل ئۆگەتكۈچىلەر، سۆزمەنلەر كۆپ بولىدۇ. ئەمەلىيەت داۋامىدا بولسا قاراپ تۇرغۇچىلار، باھا بەرگۈچىلەر، مازاق قىلغۇچىلار كۆپ بولىدۇ.

▲يېڭىلىق ياراتقۇچىلار ـ قارا قىسمەتكە ئەڭ كۆپ دۇچار بولىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ئەڭ كۆپ خاتالىق سادىر قىلىدىغان ئادەم ـ خاتالىقنى تەن ئالمايدىغان ئادەمدۇر.

▲ئۆزرىخالىق ئېيتىش ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرگە بىلدۈرگەن ساختا ھۆرمىتى.

▲ئېچىنىشلىق ئاھۇ-پەريادلار پەلەككە يەتكەندە، ھەقىقەت شېرىن چۈشىدىن ئويغىنىدۇ.

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۇچئۆستەڭ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئەدەبىي پارچىلار

### ئابدۇراھمان ئابدۇكېرىم (سەمەندەر)

▲ئىنسانلار يوقىتىپ قويۇشتىن ئەڭ قورقىدىغان نەرسىسىدىن ئۆزلىرى بىلىپ ـ بىلمەيلا ئەڭ بالدۇر ئايرىلىپ قالىدۇ.

▲ئەقىلسىز ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەزىللىكلەرنى زامانغا دۆڭگەپلا قۇتۇلىدۇ.

▲گۈزەللىكنى يارىتالمىغان ئادەم گۈزەللىكتىن ھوزۇر ئېلىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

▲ئەل قويىنىغا كىرمەي تۇرۇپ ئەلدىن ھەرگىز ئاغرىنما.

▲ھۇرۇننىڭ ئەتىسى مەڭگۈ كەلمەيدىغان ئەتىدۇر.

▲ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان ئادەم، باشقىلارغىمۇ ئىشەنچ قىلالمايدۇ.

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ماڭشىن يېزا ئەدلىيە ئىشلار بىرلەشمىسىنىڭ خادىمى

## نەسر ۋە ئەدەبىي پارچىلار

### زەپەر ئابدۇلھەي

▲ئادەملەر ئۆز بەختى ۋە تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ھالىدىن كەتكەندە، ئۆز ئىختىيارىنى تەڭرىگە تاپشۇرىدۇ.

▲مەن بىر نادانغا مۇھەببەتلىك قەلبىم ۋە سېخى-ھىممەتلىك قولۇمنى تەقدىم قىلىپ، تەشەككۈر ئورنىغا ئېغىز-بۇرنۇم قانغا بويالغاندىن كېيىنلا، تونۇگۈن ۋە بۈگۈنكى تالاي بەختسىزلىك ۋە ئاچچىق قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم.

▲ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ كەشپىيات ۋە تۆھپىلىرىنىڭ تۇنجى قەدىمى تەۋەككۇلدىن باشلانغان

▲ئىنسان گاھىدا شۇنچىلىك نادانكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلكىدىكى مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكنى تاپالماي، پۈتكۈل ئۆمرىنى ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.

▲ھايات ۋە تەقدىر ئۆزىنىڭ قىسمەت غەلۋىرىلىرىدە تاسقىمىغان بولسا، سەن ھەقىقەتكە ئۇنچە تەشنا بولمىغان بولاتتىڭ.

▲گاھىدا سېنىڭ ئۈمىد ۋە ئەقىدىلىرىڭنى پەرۋىش قىلغۇچى دەل سېنىڭ روھ ۋە ئۆمۈر باھارىڭنى خازان قىلغۇچى بولۇپ چىقىدۇ.

▲خەلقنىڭ غايىسى ۋە روھى ئەڭ ئالدى بىلەن پىداكار ۋە ئېتىقادلىق ئادەملەرنىڭ روھىدا ئەكس ئېتىدۇ.

▲ھەقىقەت ئۈچۈن سەرگەردان بولۇش ھەقىقىي ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ پەزىلىتى.

▲كىتابلىرى ھەرقانچە كۆپ نەشر قىلىنسىمۇ، تىلى بىلەن دىلى بىر بولمىغان شائىر ئۆلگەن شائىردۇر.

▲ئادەملەر ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولغاندا خۇدانى سېغىنىدۇ. ئازاب-ئوقۇبەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا خۇدانى تاشلىۋېتىدۇ.

---

ئاپتور: نىلقا ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى سۇباشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى

## نەسرلەر

### ئابلىمىت ئابلىز

▲تۇرمۇش خۇددى قارىغۇنىڭ كۆرەلمىگەن نەرسىسى، توكۇرنىڭ ماڭالمىغان يولى ۋە گاچىنىڭ

سۆزلىيەلمىگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. بىز ئاشۇ نەرسىنى كۆرۈش، ئاشۇ يولنى كۆرۈش، ئاشۇ سۆزنى سۆزلەش ئۈچۈن ياشايمىز. شۇڭا بىرىمىز «قارىغۇ»، بىرىمىز «توكۇر»، بىرىمىز بولساق «گاچا». ئەگەر ھەممە ئەزايىمىز ساق-سالامەت بولغان بولسا بىز ياشىمايتتۇق.

▲20 ـ 30 يىل بۇرۇنقى ئەركەكلەر ئۈچۈن قىز ئېلىپ قېچىش ئادەتتىكى باتۇرلۇق ھېسابلىناتتى. ھازىرقى ئەركەكلەر ئۈچۈن ئايالىغا قاپىقىنى تۈرۈپ قاراش غايەت زور باتۇرلۇق ھېسابلىنىدىغان بولدى.

▲كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان ھەقىقىي باھايىمىزنى يوققا چىقىرىپ باشقىلارنىڭ بىزگە بەرگەن ساختا باھاسىدىن خۇشال بولۇپ كېتىمىز.

▲ھەممە ئادەم ساختا ۋە سۈنئىي نەرسىلەرگە خۇمار بولۇپ كەتتى. شۇڭا ئادەملەر توپ-توپ بولۇشۇپ شەھەرلەرگە يۆگرەشمەكتە.

▲دىۋانىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقىنى نامراتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، نامراتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقىنى بولسا زور بىر تۈركۈمدىكى ئادەملەرنىڭ ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ ئالدىدا دىۋانىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىدىندۇر.

---

ئاپتور: قەشقەر چوڭلار ئىنىستىتۇتى 98-يىللىق ئالىي تېخنىكوم خەنزۇ تىلى 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قىسمەت ھېكمەتلىرى

### كۆرەشچان ھۆسەيىن

▲رەقىبكە ھېسداشلىق ۋە رەھىم قىلىش – ئۆز-ئۆزىگە قەست قىلغانلىقتۇر.

▲ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھېسابى تۈگىگەن، ئەتە نىسى، نەق گەپ بۈگۈن-رېئاللىقتا.

▲دەسلەپكى قىزىقىش – كېيىنكى غەلىبىنىڭ ئاساسى. بىراق ھەممىگە قىزىقىۋېرىش-تېتىقسىز چۈش ۋە ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەسلىكنىڭ ئاساسىدۇر.

▲تىلدا داستان بولغان ئىشلارنىڭ بارلىقىغا كېلىشكە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىشلار سەۋەب بولغان.

▲بىر قېتىم ئۈمىدلىنىش-بىر قېتىملىق ھايات.

▲يىلان قۇيرۇقىنىڭ مىدىرلىشى ئۇنىڭ تېخى تىرىك ئىكەنلىكىدىن بىشارەت.

▲تۈنۈگۈننى كۆرەلىگەن كۆز ئەتىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان كۆرەلەيدۇ.

▲ئايرىم ھەقىقەتكە چۈش ۋە خىيالدىلا ئېرىشىش مۇمكىن.

▲راست سۆزلۈك ئادەم خىزىر بىلەن باراۋەر.

▲بەزى ھاللاردا دوستى كۆپلۈك دۈشمىنى كۆپلۈكتىنمۇ يامان. چېكىدىن ئېشىش ھامان خەيرلىك بولمىغاندەك.

▲روھلار چىرىمىشىپ كەتكەندە گەۋدىلەر يىقىلىشىدۇ. تەن ـ روھلار ئۈچۈن ۋاستىچىدۇر.

▲مۇھەببەتنىڭ لەززىتى تەلپۈنۈش. ئېرىشىش بولسا قېنىش. قېنىش بولسا چېكىنىشتۇر.

▲مېۋىنىڭ پىشقىنى شاخنىڭ ئۈچىدا بولىدۇ.

▲ئاشىقنىڭ ھايات تىزگىنى مەشۇقىنىڭ قولىدا بولىدۇ.

▲ئاتنى تار كوچىدا قامچىلىسا پۇتى سۇنىدۇ.

▲ئازابلانغۇچىنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ قويغاندىن، ئازاب سالغۇچىنىڭ كېپىنى قىلماسلىق ياخشىدۇر.

▲ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇشسىز ئۆتكەن خەلق روھىي جەھەتتە چېكىنگەن بولىدۇ.

▲سىرنىڭ پاش بولغىچە، جېنىڭ چىقسۇن.

▲ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ماختاش ۋە كۆتۈرۈش-تەنتەنىلىك ھالدا شاراب قۇيۇپ زىيانكەشلىك قىلغان بىلەن ئوخشاش. چۈنكى گۆھەرنى قانچە ئېگىزدىن تاشلىسا، شۇنچە ئۇششاق پارچىلىنىدۇ.

▲خەتەرلىك پەيتتە تەمكىنلىككە پاراسەت، ھىيلە قوشۇلسا، خەتەر ۋە زىيان پايدىغا ئايلىنىدۇ.

▲دانىشمەننىڭ دانىشلىقى ئۆز بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلالىشىدا، پازىللارنىڭ پەزىلىتى-ئەخلاق -پەزىلەتتە كامالەتكە يېتىشىنىڭ ئىنتايىن مۈشكۈللىكىنى ھېس قىلىپ تۇرالىشىدا.

▲خوجايىن خوجايىن ئەمەس، خوجايىنلىقىنى بىلگەن خوجايىن.

▲ھەقىقەت ھامان غالىبلارنىڭ ئىرادىسى شەكلىدە نامايان بولىدۇ.

▲مىللەتنىڭ ھالاكىتى ئۆزىنى بىلمەسلىكتىن باشلىنىدۇ.

▲ئەڭ تېز ۋە كۆپ خاتالىشىدىغان ئادەم، ئويلىغانلىرىنى تېز ۋە كۆپ ئادەملەرگە دەۋېرىدىغان ئادەمدۇر.

▲كۆپىنچە ھاللاردا دۈشمەنلىك شېرىن دوستلۇق ھالىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ياشانغانلارنىڭ جىمغۇرلۇقى دانىشلىقتىن، ياشلارنىڭ جىمغۇرلۇقى دۆتلۈكتىن، بالىلارنىڭ جىمغۇرلۇقى يېتىملىكتىن بولىدۇ.

▲دوستۇڭ يېنىڭدىكى چاغدا دۈشمىنىڭنىڭمۇ ھازىر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما.

▲خۇپسەن مۇلايىملاردىن ئاشكارا دۈشمەن ياخشىراق.

▲ئۆزۈڭگە تېگىشلىكنى ئۆزۈڭ ئالمىساڭ، ھېچكىم بەرمەيدۇ.

▲تۈنۈگۈن ئۈچۈن ياشىغان ئادەم جاھىل، بۈگۈن ئۈچۈن ياشىغان ئادەم غالىب، ئەتە ئۈچۈن ياشىغان ئادەم قەيسەر.

▲ھەقىقىي دانىشمەن تارىخقا باھا بېرىشتىن باش تارتىدۇ.

▲باتۇرنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئەگەشكۈچىلەرنىڭ «ھۇررا» سادالىرىدىن كېلىدۇ.

▲غورۇرى يوقالغان مىللەتتىن ئەيمەنگەندەك قەھرىمان چىقىش تەس.

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (M1)



# ئەزكىرەم

(داستان)

مۇھەممەت كېرىم ۋارىسى

كىمنىڭ كەلمەس سۆيۈپ قويغۇسى
ئاھ، ئېچىگنى ئۆرتەپ ياندۇرۇپ
ھىجرانىدىن لەززەت تامدۇرۇپ
ئۆتۈپ كەتكەن ئوتلۇق گۈزەللىنى.
* * *
مىڭ كۈننىڭ ئارقىسىدا قالدى
ئىككى مۈچىلىم.
ئالالمىدىم ئاپئاق بىر خوتۇن.
سۆيەلمىدىم چىرايلىق قىزنى.
نەدەتۇرۇپتۇ بۇدرۇق بىر ئوغۇل.

دادامنىڭ بەك ئاچچىقى يامان،
ئۇرۇپ چوڭ قىلغان پاچاقلىرىمغا.
ئىسسىق بىر ئىقىم كۆۋەجەيتتى
چاناقلىرىمدا.
بۈگۈن سىڭنار تاياقلىرىنى دادامنىڭ،
يۈۋاش ۋۇجۇدۇم.
دادام تاياق يېمەكتە تەقدىر قولىدا.
ئاپئاق ساقىلى تىترىمەكتە
سەلكىن شامالدا.

ئانام بىچارىنىڭ ھالىغا ۋاي،
مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتىدۇ
مېنىڭ روھىمدا.

بەش موھويلىمىز بار ئىدى
بەش ياش چېغىمدا،
ئون ياش چېغىمدا.
چىڭقى چۈشتە
تولۇق سۆرەيتتۇق،
ئېيۇلدا، ئاۋغۇستتا.
ئۈنتۈپ كەتتىم قوشنىمىزنىڭ
قىزىنى ھازىر.

ئېغى يوق شىم كىيەتتىم ئۇ چاغ.
سەن مېنىڭكى ئايالىم دەپ،
ئۇمۇ مېنى ئېرىم بول دەپ،
تاياق يېگەن ئېغىزىمىزغا.
ئادەم بولۇپ قالدىم قولىقى يۇمشاق.
بوۋام- ئاتامدىن قىسسە ئىشتەتتىم،
«ئابا مۇسلىم»
«جەمشىت - لەيلىۋەش»
نوھنىڭ كېمىسى،
«رۇستەم، ئىسفەندىيا»
ئىشقىلىپ بەكلا جىق
بىر دۆۋە رىۋايەت
ئېقىپ كىرەتتى
تارىمدەك گويا
ۋۇجۇدۇمغا.
* * *
قۇچاقلىدىم ئابرالنى مەھكەم،
ناخشا ئېيتار ئىلى دەرياسى.
بۇمۇ مېنىڭ ئالتۇن ياشلىقىم،
ياڭرىماقتا سۆيگۈ ساداسى.
مەن شور پېشانە
ئېرىشەلمەي نېسىۋەمگە
ئۆتۈپ كەتتى بىر مۇنچە پەسىل،
بېسىپ كىردى ھىجران بالاسى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
يوغان كىتابى،
مەھمۇد قەشقەرىينىڭ سۆزلەر دىۋانى
شۇ ھىجرانغا كەتتى ئارىلىشىپ.
تۆت مىڭ پەسىل قالدى ئارقىدا،
مەن بۇياقتا،
بەك يىراقتا مەھمۇد دىدارى.
سالجۇقلارنىڭ ئىمپېرىيىسى،
يۈسۈپ سەككاكى،

ئالىم فارابى
ھەممە، ھەممىسى
يوقان تارىخقا قالدى قىسىلىپ.
مەن ئۇلارغا قاراپ «ئۇھ» تارتقان
رېئاللىقنىڭ ئەركە ھالىسى.

* * *

يامان ئەمەسكەن ئەرەب قىزلىرى.
يىراق.
يارىمايمەن كۆيۈگۈزلۈققا.
ئوسما كۆزلۈك،
ئالتۇن چاچلىق،
قىسقا يوپكىلىق،
گىرىم سۈمۈرگەن
ئېنگلىز قىزى،
رۇس ۋە گېرمان قىزلىرى-
تىك ئۇچاردا.
سۈنئىي ھەمراھدا.
دۆۋە-دۆۋە دوللار بىلەن
ئىشرەتخانىدا.
ئوخشىمايدۇ ئۇلار
ئوخشىمايدۇ
ئۆز سۆيگىنىم
ئۇزۇن چاچلىق ئۇيغۇر قىزىغا.
ئوخشىمىغاندەك
قەشقەر شەھىرى ۋاشىنگتونغا.
ئوخشىمىغاندەك
سانائەتنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان
پارىژ ۋە لوندون،
سادىرنى تۇغقان
گۈزەل غۇلجىغا.
ئوخشىمىغاندەك
كىرىمىل سارىيى
ۋاڭ قادىرنىڭ يوغان بېغىغا.
ماكسىم گوركىيمۇ
ئوخشىمايدۇ
موللا مۇساغا.

* * *

سېغىنىمەن نۇزۇگۇمنى،
ئامانىسانى،
رىزۋانگۈلنى، گۈلنىسانى،
ئۇلار مېنىڭ مېھرىبان ھەمدەم،
كۆيۈمچان ئانام،
مومام ھەتتاكى-
مومىسى مومامنىڭ.
بىلمەيدۇ ئۇلار
لەرزان تانسىنى،
ھاراق ھىدى گۈپۈلدەپ تۇرغان
قىزىل چاچلىق ئۇيغۇر قىزىنى.

چۈشلىرىمدە غېرىب - سەنەم،
ۋامۇق-ئۇزرا.
يۈرىكىمگە ئۈمىد بېغىشلار
يۈسۈف - زۇلەيخا.
مېھمان قىلىمەن
لەيلى-مەجنۇننى.
چۈنكى مەنمۇ
كۆيۈۋاتقان ئاشىق ئەمەسمۇ؟!
شۇلارغا ئوخشاش.
سۆيەلمىگەن
مۇنىرەنى.
دەل شۇ كۈنى
ئويلاپ قالىمەن نەۋائىينى.

* * *

كۆرگۈم كېلىدۇ ھەممە جاينى-
دۇنيانى -
ئافرىقىنى، ياۋروپانى،
ۋارشاۋانى، موسكۋانى.
بالقىۋاتقان ئۇلۇغ ئوكيانىنى،
ئوتتۇرا شەرق مالامىتىنى،
سەھرايى كەبىر قىيامىتىنى،
كەربالانى.
ئەپسۇس،
كۆرمىدىم تېخى
يورتالانى،
قاراماينى،
تۇرپاننى، بوغدا كۆلىنى.

* * *

مۇزداۋانغا تىلسىم ئىكەنغۇ
مىزراپ شاھ ئاتا.
گۈلخان قىلىپ مۇھەببەتنى.
مۇھەببەتنامە
يازغانمىدىكىن،
ئاپىرىنچورتېكىن.
قاقشاتقانمىدۇ
قارا كۆز ئايىم
ئوغۇزخاننى.
ئۇچراتمىدىم قۇچۇ-ئىدىقۇت،
مەڭگۈتاشنىڭ ئالتۇن خېتىنى،
ياخشىلارنىڭ ساخاۋىتىنى.
يەر شارىدىن يىراق بىر جايدا
بىر توپ پادا ھەيدەپ كېلىمەن،
كالا-قويىنىڭ كەينىدە مەن.
بوۋام بەرگەن ئەگرى تاياقتا
كەپىسىز بۆقىنى
ئۇرۇپ قويىمەن.

* * *

مەن يەنە مەن،
خىيال سۈرىمەن.
بوتۇلكىغا كەتتى ئايلىنىپ
بىر مۇنچە ئەقىل.
چۈشەكەيدۇ مەنىۋى دۇنيا.

* * *

ھېيت بولىدۇ
ساڭزا سالىمىز،
قويماق سالىمىز،
قۇربان ھېيتتا شورپا ئىچىمىز.
يوقلاپ بارىمىز
مەرھۇملارنىمۇ،
شەھەرلەشكەن قەبرىلەر ئارا.
ئاتوم دەۋرىنىڭ قەلەندەرلىرى
بۆلىشىۋالغان
بۇخارادەك
گۈزەل مازارنى.
ئالتۇن قۇياش يوقلاپ تۇرىدۇ
يىراق سەھرانى.
ئۈنئالغۇنى ياڭرىتىپ قويۇپ
تاغدىن - باغدىن
پاراڭ سالىمىز.
پۇل تالىشىش باشلىنىدۇ
نەۋرىلەر ئارا.

* * *

ئىچىم كۆيىدۇ
يەر شارىنىڭ ئوتتۇرىسىدەك.
تاپالمايمەن
ھېلىقى قىزنى،
قارا كۆزنى،
شېرىن سۆزنى.
يېتىپ قالىمەن
ئاختارمىنىڭ چالمىسىدەك.
شېرىننىڭ ۋاپادارلىقى،
لەيلەپ يۈرەر ئاتموسفېرادا.
خىيالىمدا - .

بىر قىز كېلەر گۈزەل ۋە پاكىز.
قولىدا
چىن سۆيگۈنىڭ سىمۋولى گۈل...
* * *
ئادىل ھوشۇر سىڭىپ كەتمەكتە
ھەر شارىغا.
ئۈچ بوغۇز پىچىرلايدۇ ئۇنىڭ
ئىسمىنى ئاتاپ
ئاسىيادا.
ھاشىم ھاجىم سۆزلەيدۇ
پۈتكۈل دۇنياغا.
تىلى بىلەن ئەمەس
جاسارىتىدە.
كوچىرەين
كىتاب يازار تىك ئۆچاردا.
قۇربانجان —
«رىشاللىق ئەۋلىياسى»
ئىبتىكاپتا.
سادىر نەۋرىسى
قورغاس بالىسى
باتۇر ئابدۇشۈكۈر
بوكس شاھىدۇر
پۈتكۈل جۇڭگودا.
دۇئا قىلىدۇ
يىراق ماكاندا
ئۇلۇغ ئانىسى،
پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بار
پالۋان ياتقان يانبۇلاقتا.
* * *
ھېسام قىزىق ئادەم
يەتمىش بىر يىل
سىيلاپ ئۆتتى ئۇنىڭ بېشىنى.
ئۇ سىيلايدۇ نەسىرىددىننىڭ
قەبرە تېشىنى.
نەسىرىددىن بولدۇقلايدۇ
ئالما پۇراپ تۇرغان شەھەردە.
* * *
موللا بىلال
كىرىپ كېلەر مېنىڭ روھىمغا
«چاقموزا» نى ئورۇپ-كاچاتلاپ.
«غەزەلىيات»
پارچىلايدۇ ئىچ ۋە تېشىمنى.
سۆزلەپ بېرەر بەيتۇللانىڭ
ئېگىز راۋىقى
ئاشىقلىقنىڭ قانداقلىقىنى.
موللا بىلال
يەتتە ئاشىقنىڭ سەككىزىنچىسى.
مېنىمۇ دەپ قويۇڭلار
توققۇزىنچىسى.
* * *
ئاشىقلىق يامان كېسەلكەن
مومام ئېيتقان
چۆچەكتىكىدەك.
جىگدىلىككە چىقمايمەن،
بىراق
جىگدىلىكمۇ چىقمايدۇ ماڭا.
مەن ئاشۇنداق
ئاشىق يىگىتچە.
* * *
تەلۋە قىلدى
تەلۋە ئادەملەر
سەبىي دۇنيانى.
دۇنيا يىغلاپ قويىدۇ
قىزنىڭ كۆزىدە.
* * *
تەپچىپ چىقار ھۆجەيرىلەردىن
قىسسىلەر.
ئون مىڭ يىللىق ئاقساقال تارىخ
مېڭىپ كېلەر ئېغىر قەدەمدە.
مىڭلاپ جەڭنامە
يۈرەكلىرىمدە.
كۆلۈپ كېتەر ئېسەدەشلىرىم
ھېيتگاھدا، ئاقسۇدا،
كوچا، خوتەندە.
* * *
قۇچاقلىدى ئەھمەد يۈكنەكى
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنلى.
ئارام ئالغىن
ھاردىڭ بالام، دەپ.
دىدارلاشتى
ئۆتكۈر ئەپەندى
«كارۋان بۇيۇك» تە
تۆمۈر خەلپە ھەم
قۇربانلار بىلەن.
«ئىز» غا ياندىشقان چەندانلار بىلەن.
* * *
باشلاپ كىرەيلى ئون ئىككى مۇقامنى
ھەيۋەت سارايغا،
رەڭلىك بىناغا.
نەۋرىلەر بىلەن بولسۇن مۇلاقەت
ئەلىشىر نەۋائىي،
مەشرەپ، ھۆۋەيدا.
* * *
ئېچىلىدۇ گۈل
سايرايدۇ بۇلبۇل
كۆرەلمەس ئەما
ئېچىلغىنىنى
باغرى قان بۇلبۇل.
بۇلبۇلمۇ تېخى سۆيمىدى گۈلنى،
مەنمۇ سۆيمىدىم
چېچى سۇمبۇلنى.
* * *
ئاپئاق تاۋۇت چىقىپ كېلىدۇ
ئۇدۇل كوچىدىن.
چارساقال قارىم
جامائەت بىلەن قىلىدۇ ئادا
ئىسلام ھۆكمىنىڭ مۇھىم پەرزىنى،
ئۆرە تۇرۇپلا تۈگەيدۇ ناماز.
كونىۋېرتنى مىجىقلاپ قويۇپ
قويۇن يانچۇققا سالىدۇ چاپسان
ئىچىدە ھەققى نامازنىڭ...
يەنە شۇ كۈنى
يان كوچىدا ناغرا ئاۋازى،
سۇناي ئاۋازى، تەمبۇر ئاۋازى،
«تويلار مۇبارەك»:
چارساقال قارىم
ئىززەت - ئىكرامدا كېلىدۇ يېتىپ،
شەرم-ھايا
ئەخلاق ئۆگىتىپ.
ئارىسىدا يۈرەر چۆرگىلەپ
ئىككى دۇنيانىڭ.
بىز شۇنداق
ئاجايىپ ئادەم.
مەنمۇ ئاشۇنداق ئاجايىپ ئادەم.
كۆلكىگە بەك كېتىدۇ كۈخشاپ
مېنىڭدىكى غەم.

1998-يىل 23-ئىيۇن، قورغاس

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيىسىدىن، دېھقان (M2)

# ئىزگۈ تىلەكلەر

مىجىت ناسىر

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)



## ئەل سۆيگەن شائىر

### — «مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى مۇھاكىمە يىغىنى»غا ئەۋەتىلگەن تەبرىك خەت

شېئىرلىرىدىكى يۈكسەك خەلقچىللىق، ئۆلمەس ھاياتىي ھەقىقەتلەر بىلەن ئەلنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىننى مەزكۇر يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن، مۇھىمى زامانداشلىق ھۆرمىتى، ئۇزۇن يىللار ئۆزئارا چۈشىنىش، قوللاش جەريانىدا تىكلەنگەن يولداشلىق، دوستلۇق شەرىپىدىن قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شېئىرلىرى تىماداىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ ساغلاملىقى، پىكىرلىرىنىڭ تىرەنلىكى، ئۇسلۇبىنىڭ ئاممىباپلىقى، ئەلنىڭ ساداسىنى، بولۇپمۇ جاپاكەش دېھقانلار ۋە يېزا ھاياتىنى كىشى ئاپىرىن ئوقۇغۇدەك، يۈرەك سۇ ئىچكىدەك چىن-توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن خاسىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلىدى.

شائىرنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئەل قەلبىگە خەلق قوشاقلىرى ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرىدەك ئۆزلۈشۈپ، كەڭ دالا، تاغلاردا، باغۇ-بوستانلار، ئېلىم-پەن باغچىلىرىدا، زاۋۇت-كانلاردىكى قايناق ھايات سەھنىلىرىدە ياڭرىماقتا.

ئەل سۆيگەن شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ ئۆلمەس ھاياتىي كۈچى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، خەلقىقە بارلىقىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھى بىلەن ئىسلاھات دەۋرىدە تەپەككۇرىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، بۈگۈنكى قاينام-تاشقىنلىق دەۋر، رەڭگارەڭ تۇرمۇشنى، ئىنسانلاردىكى ئەڭ نازۇك تۇيغۇ-ھېسسىياتلارنى شېئىرىي تىلنىڭ يۈكسەك سېھرىي كۈچى بىلەن سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى لەرزىگە سېلىپ زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالىغانلىقىدا.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ھاياجانلانمىغان كىشى بولمىسا كېرەك. خۇسۇسەن مۇھەممەتجاننىڭ شېئىرلىرى ماڭا ھاياتلىق سەپىرىدە — قايغۇلۇق، خۇشاللىق كۈنلەردە ھەمراھ بولۇپ، ئىشەنچ، كۈچ-جاسارەت ئاتا قىلىپ كەلدى.

مەن شائىر بىلەن زامانداش بولغانلىقىمدىن، بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراق مۇھەممەتجان راشىدىندەك

كۆڭۈل ئىزھارى

ئەل سۆيەر شائىرنى يېتىشتۈرگەنلىكىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن، شائىرغا رەھمەت ئېيتىمەن.

تالانتلىق شائىر، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك كۈيچىسى، ئېسىل پەزىلەت ساھىبى مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت، تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

ئاخىرىدا يېقىن ئەھلىگە، ئانا دىيار ئىلىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

1998-يىل 7-ئاينىڭ 18-كۈنى

## تەبرىك ۋە ئۈمىد

### - ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق

ئۇستازلار، مەكتەپداشلار، دوستلار:

بۈگۈن ئانا مەكتەپ قوينىدا ئۇستازلار، ساۋاقداشلار، مەكتەپداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇرسەنمەن.

ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسى بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى تەرەققىيپەرۋەر رەھبەرلەر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ كەلگۈسىنى كۆزلەپ، ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ، قىيىن شارائىتتا نۇرغۇن مۈشكۈللەرنى يېڭىپ ئىش باشلىشى بىلەن قۇرۇلغانىدى.

بۇ مەكتەپ يېرىم ئەسىرلىك جاپالىق ئەمما شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، بولۇپمۇ ئىسلاھات دەۋرىدە تېخىمۇ كامال تېپىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش، كۆلەم، سان-سۈپەت جەھەتتە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈچ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق ئالىي مەكتەپلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ جەرياندا ئەينى يىللاردىكى پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش ئۇستازلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان قانچىلىغان يېڭى ئۇستازلار ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش — ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە بېغىشلاپ، پىداكارانە روھ بىلەن بىر ئۆمۈر ئۈن-تىنسىز، جاپالىق ئىشلەپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئىلى ئوبلاستىنىڭ مائارىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

بۇ ئۇزۇن، جاپالىق تارىخىي يوللار، بوران-چاپقۇنلۇق يىللاردا بىر قىسىم ئۇستازلار ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ، شانلىق ھايات مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسا، قالغانلىرى يىللار سۇۋغىسىدىن چاچلىرى ئاقارغان ئۇستازلار سېپىدە تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، قىممەتلىك بايلىقىمىز سۈپىتىدە بىزگە كۈچلۈك روھىي مەدەت بېرىپ كەلمەكتە.

50 يىل مابەينىدە تالاي ئوقۇغۇچىلار بۇ مەكتەپنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا — جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھە — قاتلاملىرىدا تىرىشىپ ئىشلەپ، ياراتقان زور تۆھپىلىرى ئارقىلىق ئانا مەكتىپىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈردى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن كۆپلىگەن ئاتاقلىق مائارىپچىلار، ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكارلار، نەمۇنىلىك دۆلەت مەمۇرلىرى يېتىشىپ چىقىپ، قالتىس نەتىجىلىرى بىلەن خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

ئانا مەكتىپىمىزنىڭ 50 يىللىق قۇتلۇق تويى مۇبارەكلىنىۋاتقان بۇ بەختىيار كۈنلەردە، بۇ مەكتەپ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلار — ھازىرقى جەمئىيەت تۆھپىكارلىرى ھاياتلىق سەپىرىدە تالاي ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى يەتكىچە تېتىغاندىن كېيىن، بىزنى تەربىيىلىگەن ئاشۇ مېھرىبان باغۋەنلەرنى بارغانسېرى چۈشەنمەكتىمىز، ئۇلارنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ يەتمەكتىمىز.

يول ئاچقاندا ئاچقۇچىنىڭ، قۇدۇق قازغاندا قازغۇچىنىڭ، مېۋە يېتىشتۈرگەندە باغۋەننىڭ قىممىتىنى چۈشەنمەكتىمىز. قان-تەر بەدىلىگە بۈگۈنىمىزگە ئاساس سالغان، كىشىلىك ھايات ئىمارىتىگە ئۇل قويغان ئاشۇ ئۇستازلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت ئىلكىدە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

مەن 1950-يىللاردا، چەت-يىراق يېزىدىن پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بۇ مەكتەپكە قوبۇللانغان نامرات دېھقان پەرزەنتى ئىدىم ۋە بۇ مەكتەپتىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنىدىم. بۈگۈنكى تەقدىرىمگە ئانا مەكتىپىم — ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە ئۇستازلىرىم يول ئاچقانىدى. مېنى بۈگۈنكى ئىستىقبالغا ئىگە قىلغان ئاشۇ قەدىردان ئۇستازلىرىمنى مەڭگۈ پەخىرلىنىش، سېغىنىش بىلەن ياد ئېتىمەن، ئۇلارغا چىن دىلىمدىن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. شۇ ھاياجانلىق دەقىقىلەردە گويا بالىلىقىمغا قايتىپ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە قالغان مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئانا مەكتەپ خاتىرىلىرىنى ئەسلىمەكتىمەن. ئېيتارلىق يۈرەك سۆزلىرىم ھەقىقەتەن كۆپ. بۇ خاسىيەتلىك كۈندە — ئانا مەكتەپنىڭ 50 يىللىق مۇبارەك تويىدا بارلىق ئۇستازلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلارنى ئىزگۈ تىلەكلىرىم بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى قەدىرلەپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ياخشى ئوقۇپ، ئۆزىنى تونۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، دۇنياغا يۈزلەنگەن، 21-ئەسىرنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالىدىغان يېڭى ئەسىر تۆھپىكارلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەكتەپ رەھبەرلىكى، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى — خىزمەتچىلەرنىڭ مەكتەپنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇستازلار:

سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى، خىزمەت تەجرىبەمنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبلىك پارتىيە، خەلق، مەكتەپنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى تولۇق ئاقلىيالمىدىم. كەچۈرەرسىلەر.

مەن بۇندىن كېيىن داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىشلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دېموكراتىيە، ھەقىقەت، ئىتتىپاقلىق — غەلىبە پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، غەرەزسىز ھالدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، پارتىيە، خەلق، مەكتەپنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاشقا تىرىشىمەن.

ھەممىڭلارنىڭ خىزمىتىڭلارغا مۇۋەپپەقىيەت، تېنىڭلارغا سالامەتلىك تىلەيمەن.

1998-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: مىجىت ناسىر ئەپەندى ئاتاقلىق ناخشىچى، مەرھۇمە پاتەم قۇربانغا تەزىيىدە. رىشات ئەزىزى فوتوسى (M2)



# دەپتەر ھاشىيەسىدىكى پۈتۈكلەر

ئۆتكۈر ھاشىموف

ئەزىز ئوقۇرمەنلىرىم! بۇ كىتابچىنى سەل كەم 40 يىل يازدىم. بۇلار مېنىڭ كۆزىتىشلىرىم، ئويلىرىم. . . بىر قەدەر ئارمانلىق، بىرقەدەر ئىستىھزالىق، بىر قەدەر تەبەسسۇملۇق خۇلاسىلىرىم. . . ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئالاھىدە ئەسەر قىلساممۇ بولارئىدى. . . مەيلى. مەن بۇلارنى ئۇزاق ئويلاپ يازدىم. ئىلتىماس: سىزلەرمۇ كىتابنى ئالدىرىماستىن، ئويلىنىپ ئوقۇغايسىزلەر. . .

ئۇشبۇ كىتابنى ھاياتنىڭ پارچە ئاچچىق-چۇچۇكلىرىنى مەن بىللە تېتىغان ئۆمۈر يولدىشىم، مەسلەكدىشىم، بالىلىرىمنىڭ ئانىسى ئۆلمەسخانغا بېغىشلايمەن.

ـ مۇئەللىپ

## تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان

«تەبىئەت گۈلتاجى»

كىيىك ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن كوكات يەيدۇ، ئەمما بىر-بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ. شىر ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن كىيىكنى يەيدۇ، ئەمما بىر-بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ. ئادەم كوكاتنىمۇ يەيدۇ، كىيىكنىمۇ يەيدۇ، كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن شىرنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. . . كېيىن. . . ئۇرۇش قىلىپ بىر-بىرىنىڭ بېشىنى يەيدۇ. . .

**دارۋىنغا ئېتىراز**

دارۋىن تەلىماتى ناتوغرا. ئادەم مايمۇندىن ئەمەس، مايمۇن ئادەمدىن تارقالغان. ئايىغى يەردىن ئۈزۈلمىگەنلەر ئادەم بولۇپ قالغان. ئايىغى يەردىن ئۈزۈلگەنلەر بولسا مايمۇن بولۇپ، دەرەخلەرگە چىقىپ كەتكەن. . . بۇ جەريان ھامان داۋاملاشماقتا. . .

**ئەڭ ئەقىللىق جانىۋار**

دۇنيادا ئەڭ ئەقىللىق جانىۋار ـ بېلىق! بىرىنچىدىن، گاچا، ئىككىنچىدىن، قۇيرۇقىنى توختىماستىن لىكىلدىتىدۇ!

**ھەقىقەت**

شۇنچىلىك شېرىنكى، تېتىپ كۆرگۈڭ كېلىدۇ. شۇنچىلىك ئاچچىقكى، تىلىڭنى كۆيدۈرىدۇ!

**قارلىغاچ**

ئېتىبار قىلغان بولغىيدىڭىز، قارلىغاچلار پەيزى يوق، نائەھلى ئائىلىلەرگە ھېچقاچان ئۇۋا سالمايدۇ. گاھىدا قارلىغاچ ئادەمدىن ئەقىللىقراقمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

## ئايال قەلبى

ئايال قەلبى تەتۈر ماگنىتقا ئوخشايدۇ: يېقىنلاشسالا ئۇزاقلىشىدۇ، ئۇزاقلاشسالا يېقىنلىشىدۇ.

## ھوشيار بولۇش

ئايال سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرسە، ھوشيار بولۇڭ، يالقۇنلۇق مۇھەببەت كۈندەشلىككە، كۈندەشلىك شۈبھىگە، شۈبھە مەنمەنچىلىككە، مەنمەنچىلىك بولسا دۈشمەنلىككە ئايلىنىشى مۇمكىن.

## گۆدەك ھىدى

ئايال گۆدەك ھىدىنى تۇنجى بالىسى تۇغۇلغىنىدىلا ھېس قىلىدۇ. ئەر بولسا گۆدەك ھىدىنىڭ نېمىلىكىنى نەۋرىلىك بولغاندىن كېيىن چۈشىنىدۇ. . . بىز ئەرلەر دائىم كېچىكىپ يۈرىمىز. . .

## ئاتىلار ۋە بالىلار

ئۇ ئاددىي ئادەم ئىدى، ھامماللىق قىلاتتى. تۆت قىز، ئۈچ ئوغۇلنى قاتارغا قوشتى. ئوغۇللىرىنى ئۆيلىدى، قىزلىرىنى ياتلىق قىلدى. ھەممىسىنى ئۆي-جايلىق قىلدى.

كۆز يۇمۇۋاتقىنىدا: «ھەممىڭلاردىن مىڭ-مىڭ رازىمەن» دېدى.

قاراشسا، كېپەنلىكى يوق ئىكەن. . .

## ئازغۇن بەندىلەر

ئادەملەرگە ھەيرانمەن. ئاتا-ئانىلىرى تىرىكلىكىدە ئىككى ئېغىز تاتلىق سۆزنى بىكارغا ئېيتمايدۇيۇ، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن مىڭ-مىڭلاپ پۇل سەرپلەپ، شۇ سۆزلەرنى قەبرە تېشىغا يازدۇرۇپ قويىدۇ.

## كۈلكە ۋە يىغا

كۈلۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم-بەختسىز ئادەم. يىغلاشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىككى ھەسسە بەختسىز ئادەم!

## ماھىيەت ئايىنماس

ساپال تاۋىقىڭ سۇنسا، داد سال: داڭگالغا ئايلىنىدۇ. ئالتۇن قاچاڭ سۇنسا، پەرۋا قىلما: باھاسى چۈشمەيدۇ.

## يۈك كۆتۈرگەن. . .

«يۈك كۆتۈرگەن ئادەم تۆرگە چىقىدۇ» دېيىشىدۇ. . . ھە، چىقىدۇ، ئەلۋەتتە چىقىدۇ! پەقەت يۈك كۆتۈرگەننى يۆلەپ قويىدىغان قول بولسا، بەس!

## پايتەخت

ھەممە ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.
ھەممە ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ.
كېلىشىدۇ.
ئوقۇشىدۇ.
ئىشلىشىدۇ.
تۇرمۇش قۇرۇشىدۇ.
ئۆي-جايلىق بولۇشىدۇ.
ۋە . . . يەكدىللىك بىلەن ئۇنى غەيۋەت قىلىشىدۇ.

نەچارە، پايتەخت بولغاندىن كېيىن چىدايدۇ.

## لەيلەك

ئانا ياش ئىدى، نەۋجۇۋان① ئىدى. بالاخام ئىدى، گۆدەك ئىدى. . . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا-بالا يېزىغا -يىراق تۇغقانلىرىنىڭكىگە بارىدىغان بولۇشتى. ئانا قەددىنى غاز تۇتۇپ، تېز-تېز يۈرەر، بالا بولسا ئۇياق -بۇياققا قاراپ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلار ئىدى. يېزا بازىرىدا يېرىمىنى چاقماق سوقۇپ ئۇچۇرۇپ كەتكەن ھەيۋەتلىك چىنار بار ئىدى. بالا دەرەخنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى: چىنارنىڭ يېيىلىپ ئۆسكەن شېخىدا سۇپىرىدەك چوڭلۇقتا بىر ئۇۋا قارىيىپ كۆرۈنەر، ئۇۋىدا بولسا ئاياغلىرى، تۇمشۇقى ئۇزۇن بىر قۇش تۇرار ئىدى.

بالا مۆجىزە كۆرگەندەك چىپپىدە توختاپ قالدى.

- ئانا، ئاۋۇ نېمە؟ - دېدى شۇ ياقتىن كۆزىنى ئۈزمەي.

- لەيلەك، ئوغلۇم، لەيلەك! - ئانا ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، - يۈر، جېنىم بالام.

بالا ھېچقاچان بۇنداق قۇشنى كۆرمىگەنىدى. قۇش نېمىشقىدۇر بىر ئاياغلاپ تۇرار ئىدى. ئۇ يەنە توختاپ قالدى.

- نېمە ئۇ، ئانا؟ - دېدى يەنە چىنار ئۇچىغا كۆز تىكىپ.

- لەيلەك، ئوغلۇم، لەيلەك.

- نېمىشقا بىر ئايىغىدا تۇرىدۇ؟

ئانا كۈلدى:

- بىر ئايىغى چارچىغاندۇر بەلكىم. ماڭ، جېنىم قوزام.

بالا ھېچقاچان بۇنداق قۇشنى كۆرمىگەنىدى.

قۇش نېمىشقىدۇر بويىنىنى سوزۇپ تۇمشۇقىنى ئاسمانغا قارىتىپ سىلكىتەر، شۇ چاغدا «تاراق-تاراق» ئاۋاز ئاڭلىنار ئىدى.

بالا يەنە توختاپ قالدى.

- نېمە ئۇ ئۇزى ، ئانا؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق بار ئىدى، ھەيرانلىق بار ئىدى. ئانا بولسا ئالدىرار ئىدى. چېچىدىن تولا ئىشى بار. تېخى شەھەرگە قايتىشى كېرەك.

- لەيلەك دېدىمغۇ، تاتلىقىم، - دەپ ئاستا ئېگىلىپ ئوغلىنىڭ مەڭزىدىن سۆيدى، - ساڭا سالام بېرىۋاتىدۇ.

ئانا ياش ئىدى، نەۋ جۇۋان ئىدى.

. . . ئارىدىن 35 يىل ئۆتتى. بالا يىگىت بولدى. ئانا ياشىنىپ قالدى، ئايىغىدىن مادار، كۆزلىرىدىن نۇر كەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا-بالا كۈتۈلمىگەندە يەنە شۇ يېزىغا بېرىپ قېلىشتى. يىگىت قەددىنى غاز تۇتۇپ تېز-تېز يۈرەر، ئانا بولسا تېلىققان ئاياغلىرىنى ئېغىر-ئېغىر كۆتۈرۈپ باسقانچە ھاسىراپ كېلەر ئىدى. يېزا بازىرىدىكى يېرىمىنى چاقماق سوقۇۋەتكەن چىنار ھېلىمۇ بار ئىكەن. مانا قاراڭكى، چىنارنىڭ يېيىلىپ ئۆسكەن شېخىدا سۇپىرىدەك چوڭلۇقتىكى ئۇۋا يەنىلا قارىيىپ كۆرۈنەر، ئۇنىڭدا ئايىغى، تۇمشۇقى ئۇزۇن لەيلەك تۇرار ئىدى. يىگىت لەيلەككە

بىر قاراپ قويدى-دە، قەدەملىرىنى تېزلەتتى. ئارقىدا قېلىۋاتقان ئانا نۇرسىزلىنىپ قالغان كۆزلىرىنى چىنارغا، چىنار شېخىدا قارىيىپ تۇرغان ئۇۋىغا تىكتى. شاختا ئېسىلىپ تۇرغان نەرسە كۆزىگە غەلىتە كۆرۈندى.

— ئاۋۇ نېمە، ئوغلۇم؟— دېدى توختاپ.

— لەيلەك، ئانا، لەيلەك.

ئانا ياخشى ئاڭلىمىدى. ئۈچ-تۆت قەدەم يۈرۈپ يەنە توختاپ قالدى. سىۋەتتەك نەرسە ئىچىدە بىر نەرسە ئاقىرىپ كۆرۈنىدۇ، قىزىق...

— ئوغلۇم، نېمە ئۇ؟— دېدى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئانا. ئوغۇل چىپ توختىدى، غەشلىكى كەلدى. ئۇ، ئالدىراپ تۇرۇپتۇ، ئىشى چېچىلىپ تولا! ئادەم قېرىغىنىدا ئەزمە بولۇپ قالىدىكەن-دە!

— لەيلەك! دېدى يىرگىنىپ، -لەيلەك دەۋاتىمەنغۇ، پاڭمۇ سىز!

شۇنداق دېدى-دە، ئاچچىقى بىلەن تېز-تېز يۈرۈپ كەتتى. نە چارە، يىگىت ياش، يىگىت نەۋقىران. ئۇنىڭ ئىشلىرى كۆپ، تېخى شەھەرگە قايتىشى كېرەك... ئۇنىڭ خام، گۆدەك باللىرى بار...

## تارىخنىڭ «خاتاسى»

9-ئەسىر. مۇھەممەد ئەل‌خارەزمى ئالگېبرا پەنىگە ئۇل سالدى.

10-ئەسىر. ئەبۇنەسىر فارابى ئارىستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا» ئەسىرىگە ئەڭ تولۇق شەرھ يېزىپ، «2-ئۇستاز» ئۇنۋانىنى ئالدى.

11-ئەسىر. ئەبۇ رەيھان بېرۇنى يەر بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنى ئۆلچىدى. ئىبنى سىنا تېبابەت قامۇسى — «تېب قانۇنلىرى» نى ياراتتى.

14-ئەسىر. ساھىبقىران ئەمىر تېمۇر ياۋرو-ئاسىيانىڭ يېرىمىنى تەسەررۇپىغا ئالدى. ئىلىم ئەھلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۆلمەس ئابىدىلەر ياراتتى.

15-ئەسىر. ئۇلۇغبېك 1019 يۇلتۇزنىڭ ھەرىكەت جەدۋىلىنى تۈزدى. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆلمەس «خەمسە» سىنى يازدى.

16-ئەسىر. «بابۇرنامە» ئالەمگە تارقالدى.

17-ئەسىر. شاھ جاھان دۇنيادىكى يەتتە مۆجىزىنىڭ بىرى «تاجمەھەل» نى سالدۇردى.

20-ئەسىر. ئۆزبېك سوۋېت ئالىملىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن «ئىختىرا» يارىتىشتى؛ تارىخنىڭ «خاتاسى» نى تۈزىتىپ، ئۆتمۈشتە بىزنىڭ پۈتۈنلەي «ساۋاتسىز» بولغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىشتى...

## خام سۈت ئەمگەن

ئادەم ئۈچ نەرسىنىڭ قەدرىنى دائىم كېچىكىپ بىلىدۇ: ياشلىق، ساقلىق، تىنچلىق.

## ئارال ۋە قىتئە

ئىنسانىيەت ئارال بولۇپ ئەمەس، قىتئە بولۇپ ياشاشنى ئۆگىنىۋالغىنىدا ئىدى، كۆپ بالالارنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولار ئىدى.

## باش ئەيىبدار

تۇرمۇش سىناقلىرىغا بىز چوڭلار بەرداشلىق بېرەلمىسەك، باللاردا نېمە گۇناھ؟ نېمىشقا بىزنىڭ ئەيىبىمىز ئۈچۈن گۆدەكلەر يېتىم قىلىپ، خورلۇق تارتىشى كېرەك ئىكەن؟

## زۇلۇم

ئادەملەرنى قورقۇپ ياشاشقا مەجبۇرلايدىغان جەمئىيەت — زاۋاللىققا ئەڭ يۈزلەنگەن جەمئىيەتتۇر.

## مۇناپىق

ئانىسىنى ھۆرمەتلىمەيدىغان ئادەم قوشنا مومايىنى ھۆرمەتلەيمەن، دېسە ئىشەنمەيمەن. ئۆز خەلقىنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخىنى ھۆرمەتلىمىگەن ئادەم باشقا خەلقلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخىنى ھۆرمەتلەيمەن، دېسە ئىشەنمەيمەن.

## «ئۆزبېكنىڭ ئىشى»

تاغدەك پىلان بەردى.

— ئورۇندايسەن!— دېدى.

— ئورۇندىيالمايمەن،-دېدى.

— ئورۇندايسەن!!— دېدى.

— ئورۇندىيالمايمەن!!- دېدى.

— قاملىسەن!!!-دېدى.

ئورۇندىدى... بالا-چاقىسى كۆپ ئىدى...

ئوردىن بەردى... پىلاننى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن.

كېيىن قامىدى... يالغان مەلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن... ئۇنىڭ بالا-چاقىسى كۆپ ئىدى...

## ئىنكارچى

مىللەتچىلىك بەكمۇ خەۋپلىك ئىللەت. مىللىي ئىنكارچىلىق بولسا ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك. مىللەتچى قوشنىسىنى يامان كۆرىدۇ. مىللىي ئىنكارچى بولسا ئۆزىنىمۇ يامان كۆرىدۇ.

## ئانا تىل

قانچە كۆپ تىلنى بىلسىڭىز، شۇنچە ياخشى. بىراق ئادەم ئانا تىلىدا پىكىر قىلىدۇ، ئانا تىلىدا چۈشەيدۇ، ئانا تىلىدا يىغلايدۇ... ئۆلۈم ئالدىدا ئانىسىنى ئانا تىلىدا ئەسلەيدۇ...

## ئازچىلىق ۋە كۆپچىلىك

«ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ!» يېقىملىق شوئار! بەلەن شوئار!

پەقەت... خۇدا ھەققى، بىر نەرسىنى ھېچ چۈشىنەلمەيمەن: دۇنيادا دانالارغا قارىغاندا نادانلار، قابىلىيەتلىكلەرگە قارىغاندا قابىلىيەتسىزلەر ھەمىشە كۆپرەك بولغان. دېمەك... كەچۈرۈڭ... ئۇ يېقىنغا ئەقلىم يەتمىدى...

## ئەپسانە

قەدىمي تۈركىي ئەپسانە بار. ئەيتۇرلەركى، ئاللا ئەرشىئالادىن يەرگە چۈشۈپتۇ. قارىسا، ئىنسى-جىنسىز ئارالدا بىرتال تۈك ياتارمىش. «مەيلى، -دەپتۇ كەرەملىك خۇدا، -مۇشۇنىڭغىمۇ جان ئاتا قىلاي». شۇ زامان جانسىز تۈك ئادەم قىياپىتىگە كىرىپتۇ. ئادەم قاراپتۇكى، تەڭرىتائالانىڭ قۇدرىتى چەكسىز ئىمىش: خالىسا جانلىقنى جانسىز قىلىدۇ، خالىسا جانسىزغا جان ئاتا قىلىدۇ. ئادەم ئويلىنىپ قېپتۇ: نېمىشقا خۇدا شۇ خالىغىنىنى قىلىشقا قادىرۇ، مەن قىلالمايمەن؟ نېمەم كەم ئۇنىڭدىن؟!

... شۇنداق قىلىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ھەسەت

دېگەن قارا نىيەت پەيدا بوپتۇ.

ئاللانىڭ قەھرى كېلىپ، پەرمان قىپتۇ:

«ئادىمىزات ماڭا ھەسەت قىپتىمۇ، دېمەك، بىر-بىرىگە تىنچلىق بەرمەيدۇ. ھەسەتچى دوزاخقا تۇترۇق بولسۇن!»

شۇ سەۋەبلىك دوزاخ يالقۇنجاپ يانارمىش.

### «ياخشىغا كۈن يوق»

خەلقىمىز: «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دەيدۇ. ھەق گەپ! يامانلار ياخشىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۆزلىرىنىڭكىگە قوشۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇزاق ياشايدۇ.

### ئەڭ ئېغىر جازا

ئافرىقا قەبىلىلىرىدىن بىرىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمنى سازايى قىلىش، قاماپ قويۇش، ئۆلتۈرۈش دېگەن گەپلەر يوق ئىكەن. ئۇزىنى يالغۇز قەبىلىدىن ھەيدەپ چىقىرىدىكەن، خالاس.

ئەسلىدە ئادەم ئۈچۈن يالغۇزلۇق ئەڭ ئېغىر جازادۇر.

### چۈش

بېشىمغا تەشۋىش چۈشسە، بىر نەرسىدىن قاتتىق سىقىلسام، ئانام چۈشۈمگە كىرىدۇ. خۇشال چاغلاردا بولسا، خالىسامۇ نە ئانامنى، نە ئاتامنى چۈشۈمدە كۆرەلمەيمەن... قىزىق...

### ھالال ۋە ھارام

بەزىلەر: «ھالال ۋە ھارام» دېگەندە يەپ-ئىچىش مۇمكىن بولىدىغان ۋە يەپ-ئىچىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەرنى چۈشىنىشىدۇ... يۈزەكى چۈشەنچە! ئەسلىدە بۇ «قىلىشقا بولىدىغان ۋە قىلىشقا بولمايدىغان» ئىشلارنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

نان-ئەڭ تەۋەرۈك نېمەت، بۇنى بىلىسىز. بىراق ناپاك يول بىلەن تېپىلغان نانمۇ ھارام! «نېنىڭنى ھالاللاپ يە» دېگەن سۆز سەۋەبسىز ئېيتىلمىغان.

### كۆچ ۋە ئادالەت

ئادالەت كۆچكە بويسۇنغان يۇرت-ۋەيرانە يۇرت.

كۆچ ئادالەتكە بويسۇنغان يۇرت-بوستان يۇرت.

### بۆرچ

بۇلبۇل چېغىدا بالا چىقارغىنىدىن كېيىن سايراشنى بەس قىلىپ، بالىپانلىرىغا يەم توشۇيدۇ.

### بازار ئېگىلىكى

تۈنۈگۈنلا كولخوزدا كەتمەن چېپىپ دۈمبىسىگە توپا قوندۇرۇپ، بىرى ئىككى بولمىغان دېھقان بۈگۈن يەر ئېلىپ، بالا-چاقىلىرى بىلەن گۈللەپ-ياشنىسا، كۆكسىنى كېرىپ يۈرسە قۇۋىنىمەن.

ئامىتىنى بەرسۇن! بۇ-بازار ئېگىلىكى!

تېخى تۈنۈگۈنلا زاۋۇتتىن ئالغان مائاشىنى قايسى بىرىگە يەتكۈزۈشنى بىلمەي رەڭگىنى سارغايتىپ يۈرگەن ئىنژېنېر بۈگۈن قوشما كارخانا ئېچىپ، سېسىپ-چىرىپ ياتقان مېۋىلەردىن شەربەت ئېلىپ بېيىپ كەتسە، شادلىنىمەن.

قەدىنىنى چاقسۇن! بۇ - بازار ئېگىلىكى!

تۈنۈگۈن كاتەكتەك ئۆيىگە تىقىلىپ-سوقۇنۇپ، «كونىلىق سارقىتى» - بۆشۈك ۋە ساندۇق ياسىغانلىقى ئۈچۈن باجگىردىن بالاغا قېلىپ يۈرگەن ھۈنەرۋەن بۈگۈن چوڭ كارخانا ئېچىپ راھىتىنى كۆرسە، يەنە بىر قېتىم خۇشھال بولىمەن.

بەرىكە تاپسۇن! بۇ-بازار ئېگىلىكى!

تۈنۈگۈن ئېلىپنى تاياق دېيەلمەي ئوقۇتقۇچىسىدىن دەككىسىنى يېگەن ۋە ئاخىرى «خۇداسىزلار جەمئىيىتى» دە تىنىم تاپقان بىچارە بالا بۈگۈن «بىز نېمىسېن» (سودىگەر) بولۇپ، ئايروپىلان سېتىۋالسا، ھەيران بولمايمەن. بۇ ھەم بازار ئېگىلىكى!

تۈنۈگۈن بۈيۈك ئىختىرالار قىلغان ئالىمنىڭ تالانتلىق شاگىرتى بۈگۈن ئىلمىنى تاشلاپ كارخانىچىغا ئايلانسا، پاپكىسىغا «شەرتنامە» لەرنى سېلىپ، ئۇيان-بۇيان چېپىپ يۈرسە، ھەيران قالمايمەن. بۇمۇ بازار ئېگىلىكى!

تۈنۈگۈن ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن شاپاشلاۋېرىپ كېسەل بولۇپ قالغان چالا ساۋات «ناخشىچى» بۈگۈن تويمۇتوي يۈرسە، «ياگۇئار» پىكاپتا ماڭسا، ھەيران قالمايمەن. بۇھەم بازار ئېگىلىكى!

تۈنۈگۈن بىر راستقا مىڭ يالغاننى قوشمىسا كۈنى ئۆتمەيدىغان ئېشەك بىدىكى بۈگۈن «زامانىۋى بروكېر» ②گە ئايلىنىپ، ئۈچ قەۋەتلىك داچا سالدۇرسا، ھەيران قالمايمەن. بۇمۇ بازار ئېگىلىكى!

ئەمما، تۈنۈگۈن ئېلىپنى تاياق دېيەلمىگەن خۇداسىز بۈگۈن مىڭلاپ كىشىنى توپلاپ «ئەمرى مەرۇپ» قىلسايۇ، ئۆزۋاقتىدا ئۇنىڭغا دەشنام بەرگەن ئوقۇتقۇچىسى چاي توشۇپ يۈرسە، بۇنىڭغا ھەيران بولماي ئىلاجىم يوق!

ئاشۇ ئوقۇتقۇچى ئەتىسىگە مەكتەپنى تاشلاپ، «ئىپپودروم» ③غا بېرىپ سىگارت ساتسا، ھەيران بولماي ئىلاجىم يوق!

تۈنۈگۈن بۈيۈك كەشپىياتلار ياراتقان ئالىم، بۈگۈن ئەڭ ياخشى شاگىرتلىرىدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن مەيۈسلىنىپ بېكەتتە تۇرسا، «بىتىم» بىلەن ئوقۇشقا كىرگەن 1-كۇرس ئوقۇغۇچىسى «ئىنوماركا» پىكاپتا لاي چاچرىتىپ ئۆتسە، بۇنىڭغا ياقام تۇتماي ئامالىم يوق!

ئالىم شۇ ئەھۋالدا تراموايغا چىقىشتىن قىسىنىپ، ئۆيىگە پىيادە قايتسا، ھەيران بولماي ئىلاجىم يوق!

تۈنۈگۈن ئېشەك بازىرىدا بىدىكلىك قىلغان «زامانىۋى بروكېر» بۈگۈن ئۈچ قەۋەتلىك داچىسىنى «يۇسا»، چالاساۋات «ھاپىز» (ناخشىچى) بىر سائەت «ھاڭرىغىنى» ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىدىن تۇتام-تۇتام پۇللارنى چاچسا...

سورۇننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان شائىر يۈرەك قېنى بىلەن يازغان غەزەللىرىنىڭ تۇپراققا مىلىنىپ ياتقىنىدىن كۆڭلى ئۆكسۈپ، يىغلىشتىن چىقىپ كەتسە، ھەيرەتلەنمەي ئىلاجىم يوق!

شۇ سورۇننىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا دەل شۇ «ناخشىچى» نى بىر تىيىن ھەق ئالماي داۋالىغان دوختۇر ھەم ئولتۇرغان بولسىيۇ، «ناخشىچى» نىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ: «ھە، سىزمۇ كەپقاپسىز دوختۇر؟» دەپ مەسخىرە قىلسا...

دوختۇر بولسا: «خەپ، ئەتىدىن باشلاپ

ئۆلۈكتىن كېيىنلىك تىلەيدىغان بولسام!» دەپ قەسەم ئىچسە. . .

ھەيرەتلەنمەي ئىلاجىم يوق!

بۇنداق بازارغا ئوت چۈشۈپ، كۆلى كۆككە سورۇلسۇن! ! !

### ئايال زاكاۋىتى
### (ئەپسانىۋى ھېكمەت)

ئەمىر ئۆمەرخان④ - خان بولغان، تەڭداشسىز شائىر بولغان .

نادىرە بېگىم⑤-جۈپتى ھالالى، خانىش بولغان، تەڭداشسىز شائىرە بولغان. خان ئوردىسىدا ئىزچىل ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان مۇشائىرىلەردە مەنمەن دېگەن شائىرلارنى «بىر چوقۇشتا» قاچۇرۇپ يۈرگەن.

بۇنى قاراڭكى، خان ئائىلىسىدىمۇ ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا «غىدىڭ-پىدىڭ»لار بولىدىكەن !

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆمەرخان بىلەن نادىرە بېگىم ئەرزىمەس بىر ئىشتا گەپ تالىشىپ قاپتۇ. ئەسلىدىنلا نادىرە بېگىم ھەقلىق ئىكەن. ئەمما ئۆمەرخان -خان-دە!

- مەلىكەم، -دەپتۇ خان غەزەپ ئىچىدە مىنىپ، -سىزگە رۇخسەت! سەلتەنەت خەزىنىسىدىن ئۆزۈڭىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئېلىڭ-دە، يۇرتىڭىزغا كېتىڭ!

بەزمى جەمشىد داۋام ئېتىپتۇ. ئۆمەرخان چارچاپ، مۈگدەپ قاپتۇ. . .

بىر چاغدا خان كۆزىنى ئاچسا، قوش ئاتلىق پەيتۇندا كېتىۋاتقانمىش. كەڭ دالا. . . ھەممە ياق قاپقاراڭغۇ. . . ئاسماندا يۇلتۇزلار. . . نەۋكەرلەر ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى گۈرسۈللەيدۇ. . . قارىسا، يېنىدا نادىرە بېگىم ئولتۇرغانمىش. . .

- بۇ، نەھال؟- دەپتۇ خان ھەيران بولۇپ، -نەيەرگە كېتىۋاتىمىز؟

- ئەنجانغا!- دەپتۇ نادىرە بېگىم كۈلۈمسىرەپ، -ئۆزىڭىز يۇرتىڭىزغا كېتىڭ، دەپ ئەمىر قىلدىڭىز.

خان شۇ كۈنى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكنى ئەسلەپ ، يەنە ئاچچىقلىنىپتۇ.

- مەن سىزنى ئەنجانغا كېتىڭ، دېگەنتىم! ئەنجانغا مەنمۇ بارىمەن، دېمىگەن!

- توغرا ئېيتىدۇرلار، ئالەمپاناھ! -دەپتۇ نادىرە بېگىم، -سىلى مېنى ئەنجانغا ئەۋەتىۋېتىشنى ھۆكۈم ئەتتىلەر، ئەمما سەلتەنەت خەزىنىسىدىن ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئېلىپ كەت، دېدىلەر. ھۆكۈملىرى ۋاجىب! سەلتەنەت خەزىنىسىدە مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ بىباھا بايلىق - ئۆزلىرى بولۇلار! مەن ئەنە شۇ خەزىنىنى ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ كېتىشكە جەزم ئەتتىم.

. . . كارۋان دەرھال ئارتقا قايتىپتۇ.

ئەنە شۇ جەننەتماكان ئەمىر ئۆمەرخان سارىيىدا ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ، دېيىشىدۇ.

### كۆڭۈل

ئادەم ھەممە نەرسىگە تويۇشى مۇمكىن. بايلىققا. . . مەنسەپكە . . . شان-شۆھرەتكە. . . خۇدايىم كەچۈرگەي ، ھەتتا. . . جانغا ھەم. . . قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەندە «ئامانىتىڭنى ئالغايسەن ياراتقان ئىگەم» دەيدىغانلار چىن دىلىدىن ئېيتىشىدۇ.

ئادەم ھەممە نەرسىگە تويۇشى مۇمكىن. پەقەت بىرلا نەرسىگە - مېھىرگە تويمايدۇ. بۇ جەھەتتە شاھ بىلەن گاداي باراۋەر.

ھالبۇكى، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئەرزان نەرسە يوق. بىر ئېغىز تاتلىق سۆز، كىچىككىنە مېھرىبانلىق قىلغانغا ھېچكىمنىڭ بىر نېمىسى خوراپ قالماس! بىزلەر بولساق شۇنىمۇ بىر-بىرىمىزدىن ئايايمىز. . .

### شەرق پاجىئەسى

شەرق ئايالى بىر قەدەر زەبۇن بولغان.

غەربتە ئايال بىر قەدەر ئەركىن بولغان.

شەرقتە پادىشاھنىڭ ھەرىمى بولغان. ھەرەمدە رەسمىي تەن ئېلىنغان كېنىزەكلەر بولغان. خالىسا ئون، خالىسا قىرىق. . .

غەربتە قىرال (پادىشاھ) نىڭ ھەرىمى بولمىغان. ئەمما ئۇنىڭ رەسمىي تەن ئېلىنغان ئويىنىشى (فاۋورىتكىلىرى) بولغان. خالىسا ئون، خالىسا قىرىق. . .

شەرقتە تۆت خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت بېرىلگەن.

غەربتە بىر خوتۇن تەن ئېلىنغان.

شەرقتە تۆت خوتۇننىڭ ھەر بىرى ئۆز بالىسىنى تەختكە دەۋاگەر قىلىپ تەربىيىلىگەن.

غەربتە ئونلاپ فاۋورىتكىلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ بالىسىنى تەختكە دەۋاگەر دېيىشكە ھەققى بولمىغان.

شەرقتە نى-نى سەلتەنەتلەر ئۆگەي ئاكا-ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا خامتالاش بولۇپ، پارچىلىنىپ كەتكەن.

غەربتە بۇ مەسىلە بولمىغان.

خۇلاسە: غەربتە قىرال بىر قەدەر دانا، ئاياللار بولسا بىر قەدەر ئەركىن ۋە . . . ئانچىكى ساددا بولغان. شەرقتە پادىشاھ بىر قەدەر ساددا، ئاياللار بولسا بىر قەدەر زەبۇن ۋە. . . خېلىلا مەككار بولغان!

شەرقنىڭ ئەڭ چوڭ پاجىئەسى - رەسمىي قانۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان كۆپ خوتۇنلۇقلۇق!

### قائىدە

بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ، ئەمما ئۇنى قۇيرۇقىدىن تازىلايدۇ.

### چاقپەلەك

مەكتىپىمىز يېنىدىن ئۆستەڭ ئاقار ئىدى. ئۆستەڭدە چاقپەلەك بار ئىدى. چوڭ تەنەپپۇستا چاقپەلەكنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەر ئىدىم. . . ياغاچ گەردىشى كونىرىغان، تۆمۈر چۆمۈشلىرى داتلىشىپ كەتكەنىدى. چاقلىرىغا يېشىل سۇ ئوتلىرى چاپلىشىپ كەتكەنىدى. . . بىر كىم مۇنداقلا تۇرتۇپ قويسا ، راستتىن غۇلاپ كېتىدىغاندەك. . . چاقپەلەك نالىلىك غىچىرلاپ ئايلىنىدۇ، ئۆشنىسىدە سۇ كۆتۈرۈپ، يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىدۇ. . . يۇقىرىغا چىقىۋالغان سۇ ئارقىغا قايتمايدۇ. . . چاقپەلەك بۇنىڭغىمۇ رەنجىمەيدۇ. يېڭىدىن يېڭى سۇ تامچىلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقىرىۋېرىدۇ. . . نالىلىك غىچىرلايدۇ. . .

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ، شۇ چاقپەلەك

چۈشلىرىمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقا شۇنداق بولۇشىنى ئۇزاق ئويلىدىم...

سۇك... بىر ھەقىقەتنى چۈشەندىم. مەن چاقپەلەكنى ئەمەس، ئۇستازلىرىمنى سېغىنغانىكەنمەن.

سۇ-سۇ ئەمەس، مەن ئىكەنمەن! چاقپەلەك-چاقپەلەك ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلىرىم ئىكەن!

مېنى - بىر تامچە سۇنى داغدام ھايات يولىغا چىقىرىپ قويغان ئۇستازلىرىم-چاقپەلەك جاپاسىنى ئاقلىيالىدىممىكىن؟... بىلمىدىم.

## بازار ۋە مازار

بازاردا ھايات قاينايدۇ... مازار بولسا مەرھۇملارنىڭ ماكانى...

بازاردا شاھ-شاھ، گاداي-گاداي، مازاردا شاھمۇ گاداي باراۋەر...

بازاردا كۈن بويى شاۋقۇن-سۈرەن تىنمايدۇ. مازار بولسا سۈكۈنات مەسكەنى⑥...

بازار بىلەن مازار بىر-بىرىدىن نەقەدەر ئۇزاق. ..لېكىن...

ئەقلى جايىدا ئادەم ھېچقاچان بازارنى بۇزمايدۇ. ئەقلى جايىدا ئادەم ھېچقاچان مازارنىمۇ بۇزمايدۇ.

ئەقلى جايىدا ئادەم قايسى يۇرتقا بارسۇن، بازارنى ئايلىنىدۇ. ئەقلى جايىدا ئادەم قايسى يۇرتقا بارسۇن مازارنىمۇ ئايلىنىدۇ. بازارغا كىرىپ شۇ يۇرتنىڭ ماددىي بايلىقىنى كۆرىدۇ. مازارغا بېرىپ ، مەنىۋى بايلىقىغا باھا بېرىدۇ...

بازار بىلەن مازار بىر-بىرىدىن نەقەدەر يىراق،
بازار بىلەن مازار بىر-بىرىگە نەقەدەر يېقىن!

## مېۋىلىك دەرەخ

مېۋىلىك دەرەخ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن يېنىدىن يېڭى كۆچەت ئۈسۈپ چىقسا، قۇۋىنىدۇ. كۆتەك ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆچەتكە غەشلىك قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ خالاش-خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، كۆچەت ئۈسۈۋېرىدۇ.

## ئات مىنگەن ئادەم

باباتاغقا چىققىنىمدا قىزىق ۋەقە بولدى.

يېرىم كېچىگىچە مالچىلار بىلەن پاراڭلاشتۇق. تونۇر كاۋاب يېدۇق... مېزبانلار⑦ قاپقارا، تەمبەل بىر يىگىتنى كۆرسىتىپ: مانا شۇ بۆرىباي كىيىك ئوغلىقىنى قوغلاپ تۇتىۋالغان، دېيىشكىنىدە، راستىنى ئېيتسام ئىشەنمىدىم. تاشكەنتتىن كەلگەن ئاقنانچىلارغا نېمىلا دېسەڭ ئىشىنىۋېرىدۇ ، دەپ ئويلاشسا كېرەك. ئادەم كىيىككە يېتەلەرمىدى؟

ئەتىسىگە... ھەممىمىز ئاتلىق يەنىمۇ يۇقىرىراق يايلاققا يول ئالدۇق. خېلى يۈردۇق. بىر چاغدا بەلگىچە ئۆسكەن ئوتلاق ئوتتۇرىسىدىكى كىگىز ئۆي ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتۇق. مەنمۇ ئۆزۈمنى يەرگەتاشلىغانىدىم، سول ئايىغىم ئۈزەڭگىگە قىسىلىپ قالدى. ماڭا بۇ كۈلكىلىك ھالەت ئىدى. قولۇم يەردە ، ئايىغىم ئۈزەڭگە بىلەن ئات قارنى ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان بولۇپ، ھەر قانچە قىلسامۇ چىقىرالمايمەن. كۈلۈۋەتتىم.

قارىسام ئاتتىن چۈشكەن مېزبانلار تۇرغان جايلىرىدا قېتىپ قېلىشىپتۇ. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدە دەھشەت... شۇ چاغدا ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدا تۇرغان بۆرىباي ، ئىشەنسىڭىز، تۆت ئاتلاشتا يېتىپ كەلدى. ئاتنىڭ يۈگىنىنى مەھكەم چاڭگاللىدى. شۇ ئارىدا باشقىلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئايىغىمنى ئۈزەڭگىدىن ئاجرىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇشتى. يول بويى جىمغىنە كەلگەن ئات بىردىنلا قۇلاقلىرىنى شىڭشايتىپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

مەن تېخىچە ھېچنېمىگە چۈشەنمەي تۇراتتىم.

- بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىڭىز، ئاكا! - دېدى بۆرىباي ھاسىراپ، - ئاياغ ئۈزەڭگىدە قالسا، ئات ئۈركۈيدۇ. ئۈركىدىمۇ، ئىش تامام! ئېسىلىپ قالغان ئادەمنى تېپىپ يۈگرەۋېرىدۇ. ئادەم تېپىك يەپ، تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، بىر خالتا گۆشكە ئايلىنىدۇ.

.. ھېلىمۇ ياخشى، ۋاقتىدا ئۈلگۈردۇق...

شالاڭ ساقاللىق ياشانغان مالچى بولسا يەلكەمنى قاقتى:

- خۇدا ئالدىدا بىر گۇناھ قىپسەن، ئوغلۇم! ئاتقا مىنىشتىن بۇرۇن ئىگەردىن چۈشۈشنى ئويلاپ قويۇش كېرەك...

## سىناق

بىر ئىشنى كۆپ كۆزەتتىم. ئانا غىزاغا ئولتۇرغان ھامان بوۋاق يىغلاشقا باشلايدۇ. ياشانغانلار بۇ چاغدا بالىنى شەيتان چىمدايدۇ، دېيىشىدۇ. بىلمىدىم... خۇدايىم كەچۈرگەيكى، مېنىڭچە ، گەپ شەيتاندا ئەمەس، بۇ - تەڭرىنىڭ ئانا مېھرىنى سىناش ئۇسۇللىرىدىن بىرسى بولسا كېرەك.

## شام يانمىسا

ئەربىلەن ئايال مۇناسىۋىتىدە ئەيىبنى نوقۇل ئەردىن ئىزدەش ئىنسابتىن ئەمەس. شام يانمىسا پەرۋانە يېقىن كەلمەيدۇ.

## قىرىق جان

خوتۇن كىشىنىڭ جېنى قىرىق بولىدۇ، دېسە ئەجەبلەنمەڭ. چۈنكى ئۇ بىر جانىنى ئۆزىگە ئېپقىلىپ ، ئوتتۇز توققۇزىنى بالىلىرىغا بېرىدۇ...

## ساددا ۋە بۈيۈك

قەدىمكى رەسساملارنىڭ پەرىشتىلەرنى گۆدەك قىياپىتىدە تەسۋىرلىگىنى سەۋەبسىز ئەمەس، بالا شۇ قەدەر سادىدىكى، بىز ئۇنىڭ دەرىجىسىگە چۈشەلمەيمىز. بالا شۇ قەدەر بۈيۈككى، بىز ئۇنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەيمىز!

## ئەقىل ۋە مەنسەپ

ئەقىل ئارقىلىق مەنسەپكە ئېرىشىش مۇمكىن، مەنسەپ ئارقىلىق ئەقىلگە ئېرىشكىلى بولماس.

## يەپ تويمىغان يالاپ تويماس

قەدىم زاماندا كۆزى ئاجىز بىر كىشى بولغانىكەن. كۆزى ئاجىزلىق ئەيىب ئەمەس، ئەلۋەتتە. خۇللاس، شۇ ئادەم تىرىكچىلىكى تەسلىشىپ قالغانلىقتىن ئۆزىگە ئوخشاش قارىغۇ بىر تىلەمچىگە شاگىرتلىققا كىرىپتۇ. تىلەمچىلىك ھۈنىرىنىڭ سىرلىرىنى ئۆگىتىشنى سوراپتۇ.

- بۇ ھۈنەرنىڭ ئۈچ قائىدىسى بار، - دەپتۇ

ئۇستاز، - قەيەردە بولسا ھەم، كىمدە بولسا ھەم، قانچە بولسا ھەم ئالىۋېرىسەن!

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇستاز تىلەمچى ھامماممنىڭ ئىسسىق خانىسىدا مۆكدەپ ئولتۇرسا، يان تەرەپتىن ئاۋاز كەپتۇ:

- خەير قىلىسىلا!

- ئېسىڭ جايىدىمۇ؟ - دەپتۇ ئۇستاز تىلەمچى، - ھاممامدىمۇ سەدىقە سورامدىكەن؟

- قەيەردە بولسا ھەم! - دەپتۇ ھېلىقى ئاۋاز.

ئۇستاز تىلەمچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ:

- نېمىدېگەن دىتسىز بىر نېمىسەن، يالىڭاچ ئادەمدە پۇل نېمە قىلسۇن؟

- قانچە بولسا ھەم!

ئۇستاز تىلەمچى شاگىرتىنى ئاۋازىدىن تونۇپ قېلىپ:

- ھەي، بەتبەخت! ئەمدى كېلىپ ئۆز ئۇستازىڭنى شىلماقچىمۇ سەن؟

- كىمدىن بولسا ھەم! - دەپتۇ شاگىرت تىلەمچى.

ئەلۋەتتە، پارىخور تىلەمچى ئەمەس. پارىخور باشتا ئۆزىنى بىلىپ يۈرىدۇ. «ئىنساب» بىلەن ئالىدۇ. ئەمما بارا-باراقەيەردە بولسا ھەم، قانچە بولسا ھەم، كىمدە بولسا ھەم ئېلىشقا ئۆگىنىدۇ.

ۋە... ئاخىرى ھامماممغا يالىڭاچ كىرىدۇ... ئېغى كىم بىلسۇن... قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكىچە تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىرىمۇ خېلىلا تېپىلىپ قالىدۇ.

## تەتۈر ھەقىقەت

ئادەم قانچە كۆپ قىزىقسا شۇنچە كۆپ ئوقۇيدۇ. قانچە كۆپ ئوقۇسا شۇنچە كۆپ بىلىدۇ. قانچە كۆپ بىلسە ياشىمىقى شۇنچە قىيىنلىشىدۇ.

## ساۋاب ۋە گۇناھ

ئادەمىزاتنىڭ تەبىئىيتى قىزىق بولىدۇ: ئۆزىنىڭ تىرىقتەك ساۋابى تۆگىدەك، تۆگىدەك گۇناھى تىرىقتەك تۇيۇلىدۇ...

## ئالداش

بىز ھەممىمىز يالغانچىلارمىز. قېنى، ئېيتىڭچۇ، قايسىبىرىڭىز ئەقەللىيسى بىرەر قېتىم گۆدەككە يالغان ئېيتمىغان دېيەلەيسىز؟ ھالبۇكى، گۆدەكنى ئالداش ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقتۇر!

## بۇزۇلغان نىكاھ

ئۆينى قانۇنىي بۆلۈشتىڭىزلەر...
مال-مۈلۈكنى قانۇنىي بۆلۈشتىڭىزلەر...
مۇھەببەت پارچىلاندى...
ساداقەت پارچىلاندى...

بالىچۇ؟ بالىنى قايسى قانۇن بىلەن بۆلىسىزلەر؟ ئانىسى بىلەن بولسا ئاتىسىز قالسا، ئاتىسى بىلەن بولسا ئانىسىز قالسا... ياخشىسى ئۇنىمۇ ئىككىگە بۆلۈڭلار، بىر پارچىسى-ئەرگە، يەنە بىر پارچىسى-خوتۇنغا!

قېنى، كۆتۈرمەمسىزلەر پالتىنى، ھۇ، بالىنىڭ ئۇۋالى تۇتقۇرلار!

## بىرتال گۈگۈت

ئۇنىڭ كېچىسى قوپۇپ چېكىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئادەتتىكىدەك، كېچە سائەت ئۈچتە ئويغاندى. قارىسا بىرتالمۇ گۈگۈت قالماپتۇ. قېرىشقاندەك، خوتۇنى تۇغقانلىرىنىڭكىگە كەتكەنىدى... «ئۆيدە ھەممە نەرسە بار، ئاددىي ئېلېكترىك ئىسسىتقۇچ يوق ئىدى...» تاماكا خۇمار قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە قىينىلىپ چىقتى. ئىككى تال تاياقنى سۈركەپ ئوت چىقىرىدىغان ياۋايى قەبىلىلەرگە ھەۋىسى كەلدى...

بۇ ئادەم لازېرلىق قۇرۇلمىنى ياراتقان مەشھۇر ئالىم ئىدى.

ئىنسان نەقەدەر قۇدرەتلىك، ئىنسان نەقەدەر ئاجىز!

## قەرز

بالام كۆيۈمسىز چىقىپ قالدى، دەپ ئۆكۈنمەڭ. بەلكى سىزگە ئادالەتسىزلىك بولۇپ تۇيۇلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئۆزى ئادالەتتۇر... سىز ئاتا-ئانىڭىزدىن ئالغان قەرزنى بالىڭىزغا بېرىسىز. بالىڭىز بالىسىغا... ھايات زەنجىرى ئۈزۈلمەسلىكى كېرەكقۇ، ئەخىر.

## تۆمۈر تۇمشۇق

بالا چاغلىرىم... كۈز ئىدى. بارالڭ ئاستىدىكى سۇپىدا دەرس تەييارلاۋاتىمەن. ھاممام بىر بۇلۇڭدا مۆكدەپ ئولتۇرىدۇ... قاندەك قىزارغان تەك يوپۇرماقلىرى ئاستا چايقىلىدۇ. ئۈرۈك غازاڭلىرى ئۈنسىز لەيلەپ تۆكۈلىدۇ. باغ تەرەپتىن ھامان بىرخىل سادا كېلىدۇ: «توك - توك - توك، توك - توك». ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىدۇ. پىكرىڭنى چاچىدۇ... ئاخىرى چىدىمىدىم، ھاممامدىن سورىدىم:

- نېمە ئۇ، ھاما؟

ھاممام چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى:

- نېمىنى سورايسەن، بالام؟

- ئاۋۇ توكۇلداۋاتقاننىچۇ، نېمە ئۆزى؟

ھاممام بىرپەس قۇلاق سېلىپ تۇردى. كېيىن ئاغزىدىكى ناسنى تۈكۈرۈپ ھىجايدى:

- تۆمۈر تۇمشۇقتۇ ئۇ.

- نېمىشقا ھەدەپ توكۇلدىتىۋېرىدۇ؟ جېنىمىغا تەگدىغۇ ئۆزى!

- ئۇنداق دېمە، بالام، - دېدى ھاممام خۇرسىنىپ، - خۇدايىم ئۇنى شۇنداق ياراتقان، دەرەخلەرنىڭ قۇرتىنى يەپ تازىلايدۇ... - ئۇ ئۇزاق جىمىپ قالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، - ئەگەر، ئاللا ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىكى قۇرتلارنى تازىلايدىغان شۇنداق جانىۋارنى ياراتسا، ھەممە جەننەتكە كىرمەسمىدى...

## ئامانەتكە خىيانەت

ئۆمۈر تەڭرىتائالانىڭ ئادەمزاتقا ئۆلچەپ بەرگەن ئامانىتىدۇر. بىز بولساق، كۆپىنچە ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىمىز.

## «تويچىباي»

تويچىباي توي قىلىدىغان بولدى: سۈننەت تويى...

«سەۋزە توغراش» قا كەلگەن مەھەللە ئاقساقال-

لىرى: «100كىلوگۆرۈچ دەملەش شەرتمىدى، ئۆزۈڭىزنى قىينىماي قويۇڭ» دېگەنىدى، ئۇ ئەستايىدىل خاپا بولدى:

-نېمە، مەن ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈمگەيارىشائارزۇ - ھەۋىسىم بار، ئۆلپەتلىرىم بار . . . مەنمۇ يۇرتنىڭ ئىشىنى يېگەنمەن . . .

شۇنداق بولدى . . . 100كىلو ئەمەس، 120كىلو گۈرۈچ دەملەندى . . .

تاڭ ئاتماستىن ناخشىچىلار چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا توۋلاشتى . . . توپ - توپلىشىپ ئادەملەر كېلىشتى . . .

تويچىباي «120كىلو ئاشنىڭ تېگىدە بىر كەپكۈر ئاش قالمىغانلىقى»نى سۆزلەپ يۈردى. . .

. . . ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۆيىدە قىي-چۇۋ بولۇپ قالدى. ئۆزى ۋارقىرايتتى، خوتۇنى دادلايتتى.

. .

قانداقلا بولسۇن يېقىن قوشنام . . . چىقتىم. قارىسام، تويچىباي ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدا تۇرۇپتۇ. كۆزلىرى باشقىچە، نوقۇل بىر گەپنى تەكرارلايدۇ: «ئۆزۈمنى ئۆلتۈرسەم قۇتۇلىمەنمۇ؟ ئۆلۈپ كەتسەم قۇتۇلىمەنمۇ سەنلەردىن؟ ! »

يەڭگە نېرىراقتا شۇمشىيىپ تۇرۇپتۇ.

- توي قىلىمەن دەپ 150مىڭ سوم قەرزگە بوغۇلدۇم! - دېدى قوشنام چىرقىراپ، - 150مىڭ! . . . ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىشەي! . . .

يەڭگە مېنى كۆرۈپ بىراز تەسكىن تاپتى بولغاي، ئېرىنى يوپۇتتى:

- قويۇڭ دادىسى، ئۆزۈڭىزنى بېسىۋېلىڭ. . .

-كېيىن ئايۋان تەرەپكە قاراپ مۇشت كۆتۈرۈپ دوق قىلدى، - سەن، قىز ئۆلگۈرگە قاچان ئەقىل كىرىدۇ-ھە؟ ! مەن ئۇنى نانغا چىقارتسام، كىتاب ئەكىرىپتۇ! . . ھېھ، ساڭا كىتاب ئوقۇشنى بۇيرۇغان ئوقۇتقۇچىڭنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسۇن! 30سومغا⑧كىتاب ئالامدىغان، جۇۋاينىمەك؟ ! كىتاب ساڭا ئاش-نان بولاتتىمۇ، يەر يۇتقۇر!

. . . قوشنامنىڭ 7-مۇ يا8-سىنىپتىمۇ ئوقۇيدىغان قىزىغا ئەمدى كۆزۈم چۈشتى. قىز بالا ئايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ، ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇغىنىچە ئۈنسىز ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلار ئىدى.

. .

ئۇندىمەي چىقىپ كەتتىم.

راستىنى ئېيتسام، ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم. . ئۆزبېك بولغىنىمغا ئۆيالدىم. . .

## تۆگە ۋە ئېشەك

Aتۆتىنچى‌سىنىپتا ئوقۇر ئىدىم. غەلىتە ئوقۇتقۇچىمىز بار ئىدى، ئۆزى ئۆسكۈلەڭ، بويىنى ئۇزۇن، ھەرقەدەم باسقىنىدا بېشى لىكىلدايدىغان، تۆگىنىڭ دەل ئۆزى. . . شوخلۇق قىلساق كايىمايدۇ، پەقەت: «ھە، بالام، بالىجانىم-ھە! » دەپ خورسىنىپ قويىدۇ. بىز تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ توپىلاڭ قىلار ئىدۇق. . ئەمما ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ شېئىر ئوقۇغىنىدا سىنىپىمىز جىمجىت بولۇپ قالىدۇ. . . شۇ شېئىرلارنىڭ بەزى مىسرالىرى چالا-پۇلا ئېسىمدە قالغان. «ھەقىقەتنى كۆرگەنلەرنىڭ كۆزى كوردۇر، ھەقىقەتنى تىڭشىغاننىڭ قۇلىقى پاڭدۇر. . . »

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچىمىز دەرسكە كىرمىدى. ئەتىسىگە ھەم، ئىندىنىغا ھەم. . .

قىزىق، بىز ئۇنى سېغىنىشقا باشلىدۇق.

بىر ھەپتىدىن كېيىن يېڭى ئوقۇتقۇچى كەلدى. Bتۆتىنچىنىڭ مۇئەللىمى . «كىتابلىك» مۇئەللىم. كۆرۈنۈشى شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ھەممىسى شۈكلىشىپ كەتتى. ئارىمىزدىكى دادىلراق بالىلارنىڭ بىرسى : «ئۆزۈمىزنىڭ مۇئەللىمى قېنى؟ » دەپ سورىغانىدى، «كىتابلىك» مۇئەللىم چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

- شائىر مۇئەللىمىڭ ماگاداندا⑨-دېدى قولىنى شىلتىپ، - ئۇ مۇئەللىم ئەمەس، خەلق دۈشمىنى! سوۋېتكە قارشى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان! مۇتەئەسسىپ ! دىندار! مۇئەللىمىڭنى سېغىنىغان بولساڭ، ئاتاڭغا ئېيت: ئىككىلەڭنى مۇئەللىمىڭنىڭ يېنىغا ئەۋەتمىز!

كېيىن بىر-بىرىدىن ۋەھىملىك گەپلەر تارقالدى: «شائىر ئوقۇتقۇچى خەلق دۈشمىنى ئىكەن. يېڭى مۇئەللىم تېگىشلىك جايغا يېزىپ بېرىپتۇ. . . »

«كىتابلىك» مۇئەللىم يەنە خېلى يىللار دەرس بەردى. ئەمما بىرەر قېتىممۇ «شېئىر» ئوقۇمىدى.

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتتى. نەۋرۇز بايرىمى بولىۋاتقانىدى. بىر چاغدا مىكروفوندا تونۇش، مەغرۇرانە ئاۋاز جاراڭلاپ قالدى:

- بۇرادەرلەر ، ياراتقان ئىگەمگە شۈكرانىلەر ئېيتىڭلار: ئەسىرىي ئەنئەنىلىرىمىز تىكلەندى. نەۋرۇز - خەلق بايرىمى، ھەممىمىزنىڭ بايرىمىمىز!

. . . قارىسام، ئۆزىمىزنىڭ «كىتابلىك» مۇئەللىمىمىز ئىكەن. ئانچە ئۆزگەرمەپتۇ. ھامان تېتىك، مەغرۇرانە. . . پەقەت ئەگنىدە جىگەررەڭ كىتېل ئەمەس، تون، بېشىدا دوپپا. . .

«كىتابلىك» مۇئەللىمنىڭ كېيىنكى مەھەللىيا بولۇپ، ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان بوۋايغا ئېتىبار بەرمەپتىمەن.

بىرچاغدا بوۋاينىڭ ئۆزى گەپباشلىدى:

- سىز مېنى تونۇمايسىز، مەن سىزنىڭ كىتابلىرىڭىزنى ئوقۇيمەن بالىجانىم!

«بالىجانىم» دېگىنى قانداقتۇر قەلبىمدە سېغىنىش تۇيغۇلىرىنى ئويغاتقاندەك بولدى. پاكىزە كىيىنگەن، قەددى پۈكۈك بوۋايغا دىققەت بىلەن قارىدىم.

- سىز. . .

- ھە، مەن بولىمەن، - دېدى بوۋاي مۇلايىم كۈلۈپ، - مەن ھېلىقى «شائىر» ئوقۇتقۇچىڭىزمەن. . . خۇرسەنمەن بالىجانىم، يازغانلىرىڭىزدىن خۇرسەنمەن.

. . . ئەگەر «كىتابلىك» مۇئەللىم مىكروفوندا ۋەزىنى سوزمىغىنىدا، باشقا ماۋزۇغا كۆچكەن بولارىدۇق. . .

- ئۇستاز، -دېدىم بوۋايغا، - مۇنۇلار ھامان

ۋەزخانلىق قىلىشىۋاتىدۇ. گەخىرسىز. . .

– نەچارە، – دېدى بوۋاي خاتىرجەم گەلپازدا، – ئېشەك قانچە خالىسا، قەيەردە خالىسا، ھاڭراۋېرىدۇ، بالىجانىم. . . مېنىڭ ھېچكىمگە خوسۇمىتىم يوق. . . – بىر پەس گويلىنىپ تۇردى-دە، يەڭگىل كۈلۈمسىرىدى،– بىر تەمسىلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ . . . ئېسىنى يوقاتقان چالنى مەزۇر تۇتقايسىز. بۇ گەپلەرنى كىتابتىن ئوقۇدۇممۇ، يا1952-يىلى «ئۇياق» قا يوللىغىنىمدا «ئېتكاپ» تا ئاڭلىدىممۇ، ئېسىمدە يوق. ئەمما مەنىسى مۇنداق:

قەدىم زاماندا بىر كارۋانبېشى بولغانىكەن، كۆپ يۇرتلارغا بېرىپتۇ، كۆپ ئەرزىيەت چېكىپتۇ. . . يېشىنى ياشاپ، يەيدىغىنىنى يەپ، ۋاقتى -قازاسى يەتكىنىنى سېزىپتۇ. بالا-چاقا، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بىلەن رازى-رىزالىق سورىشىپتۇ. «مېنىڭدىن رازىمۇ سىزلەر؟ » دەپتۇ. «مىڭدىن مىڭ رازىمىز» دېيىشىپتۇ.

توساتتىن كارۋانبېشىنىڭ ئېسىگە يەنە بىر قەدىردانى كەپتۇ. قىرىق يىل خىزمىتىنى قىلغان تۆگىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشماقچى بولۇپتۇ.

«بەزى چاغلاردا كېرىكىدىن ئارتۇق يۈك ئارتتىم، بەزىدە ئۇسساپ قالدىڭ، ئاچ قالدىڭ. مېنىڭدىن رازىمۇ سەن؟ » دەپ سوراپتۇ تۆگىدىن.

«رازىمەن،– دەپتۇ تۆگە، – توغرا، يۈكمۇ ئارتتىڭ، ئۇسسۇزمۇ قالدۇردۇڭ، نېمىلا قىلغان بولساڭ كارۋان مەنزىلگە بىخەتەر يەتسۇن، دەپ قىلدىڭ. . . ئەمما بىر قېتىم سېنىڭدىن دىلىم قاتتىق ئاغرىغان. بىر قېتىم چۇلۇۋۇرۇمنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويدۇڭ. . . شۇ چاغدا ئېشەك توپا توزۇتقىنى يەتمىگەندەك بىر-ئىككى مەرتە تۇمشۇقۇمغا تەپتى. . . سەن بولساڭ كۈلۈپ تاماشا قىلدىڭ» .

بوۋاي جىمىپ قالدى. يەنە يېنىك كۈلۈمسىرىدى:

– ياخشى كارۋانبېشى يۈك ئارتمىغان تۆگىسىنى ئېشەككە تەپتۈرمەيدۇ. . .

مىكروفوندا بولسا «كىتىبلىك » مۇئەللىم هامان نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى:

– مانا، خۇداغا شۈكۈر، دىنىمىز تىكلەندى. مەلىمىزدە مەسچىت سېلىنىۋاتىدۇ. ئىمانلىق بولايلۇق. ئوت بالاسىدىن، سۇ بالاسىدىن ، تۆھمەت بالاسىدىن ئاسىرىغاي. . .

قەيەردىدۇر ئېشەك هاڭرىدى. ئۇزاق، ئىنجىقلاپ هاڭرىدى. . .

## قولىيازما

هاياتىمدا كۆپلەپ خەتلەر – قولىيازمىلار يېزىشىمغا توغرا كەلدى. كىتابلار، ئەسلىلىكلەر، كۈندىلىكلەر ، سۇرەتلەر. . . پەقەت بىر قېتىم خەت يېزىشنىڭ تولىمۇ قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

چەت ۋىلايەتلەرگە بارغىنىمىزدا يېتىمخانىغا تەكلىپ قىلىنىشتى. داستىخان مول-كۆل ئىدى. شېرىنلىكلەر. . . باللارنىڭ ئۆزلىرى ياپقان ياغلىق توقاچلىرى . . . تامىقىم غىق بوغۇلۇپ بىر يۇتۇم سۇمۇ ئۆتمەي قالدى. كېيىن كونسېرت قويۇشتى. باللارخۇشهال ناخشا ئېيتىۋاتىسىمۇ، يىغلاۋاتقانغا ئوخشار ئىدى. قىزچاقلار شوخ-شوخ ئۇسسۇلغا چۈشۈۋاتىسىمۇ يىغلاۋاتقانغا ئوخشار ئىدى. قىزچاقلار شوخ-شوخ ئۇسسۇلغا چۈشۈۋاتىسىمۇ كۆزلىرىدە مۇڭ بار، غۇسسە بار. . . بىر قىزچاقنىڭ پۇتىدىكى تۇفلىلىرى ئىككى خىل.

ئۇچرىشىش ئاخىرىدا يېتىمخانا ژۇرنىلى – خاتىرە دەپتىرىگە سۆز قالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشتى. ئۇزاق ئويلىنىپ قالدىم. سولڭ يازدىم: «شۇ دەرگاھتىكى باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۆلگەن بولسا، خۇدا رەھمەت قىلسۇن. تىرىك بولسا، يۈزلىرى قارا بولسۇن، قارا بولسۇن، قارا بولسۇن! »

مېھىر

قۇياش بۇلاق سۈيىگىمۇ، ماغزاپ سۈيىگىمۇ ئوخشاشلا نۇر چاچىۋېرىدۇ.

يەر لەيلىقازاقنىمۇ، چېقىرتىكەننىمۇ ئوخشاشلا ئۆستۈرۈۋېرىدۇ.

. . . ئاتا-ئانىغا بالىنىڭ ياخشى-يامىنى يوق. .

## يوقچىلىق ۋە توقچىلىق

بىر نەرسىنى هېچ چۈشەنمەيمەن: كىتاب ئوقۇيدىغانلاردا پۇل يوق. پۇلى كۆپلەر كىتاب ئوقۇمايدۇ. . .

## تەۋرەنمە دۇنيا

مېھىر – ياخشىلىق، قەھىر – يامانلىق بەلگىسى، دېگەن گەپ بار. . .

ئۇنىڭ تەتۈرسىچە بولسىچۇ؟

ئېيتايلۇق، بىر نامەرد بىر گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈردى، سىز رەھىم قىلىپ ئۇنى جازادىن ساقلاپ قالدىڭىز، ئۇ ئەتىسىگە يەنە باشقا بىر گۇناھسىزنى ئۆلتۈرىدۇ. سىزنىڭ مېھرىڭىز ياخشىلىققا ئەمەس ، يامانلىققا سەۋەب بولدى. . .

دۇنيادا سائەت تىبشىدەك تەۋرىنىپ تۇرىدىغان ھەقىقەتلەرمۇ بولىدۇ. . .

## نۇر ۋە كۆلەڭگە

ئاللا ئىنساننى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ مۇكەررەم زات قىلىپ ياراتقان. بەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق، يامان ئادەملەر قايەردىن پەيدا بولىدۇ؟

نە چارە، نۇر بار ئىكەن ، كۆلەڭگىمۇ بولىدۇ.

. . بۇ يېقى ئۆزىڭىزگە باغلىق: خالىسىڭىز نۇر بولۇڭ، خالىسىڭىز كۆلەڭگۇ. . .

## ئاي ۋە قۇياش

ئاي قۇياشتىن نۇر ئالىدۇ. قۇياش قانچە يارقىن پارلىسائاي شۇنچە تىنىقلىشىدۇ. ئەر قانچە كۆپ مېھىر بەرسە، ئايالنىڭ ھۆسنى شۇنچە ئېچىلىدۇ. . .

## «سېنىڭدىن ھەرىكەت»

قەدىمدىن قالغان لەتىپە بار. بىر يۇرتنى سۇ بېسىپتۇ، ھەممەيلەن ھەر ياققا قېچىپتۇ، قارىسا بىر ئادەم ئۆگزىدە ئولتۇرارمىش. سۇ ئوشۇقىغا كېلىپ قالغانىكەن. . .

يېنىغا بىر قېيىق كېلىپ توختاپتۇ.

«قېيىقتا چىق» دېيىشسە باش چايقاپتۇ.

«مەن ئۆمۈر بويى تائەت-ئىبادەت قىلدىم، تەڭرىم مېنى پاناھىدا ساقلايدۇ!»

سۇ بېلىگە چىققىنىدا يەنە بىر قېيىق كېلىپ توختاپتۇ.

«قېيىققا چىقساڭچۇ» دېيىشسە، باش چايقاپتۇ.

«مەن ئۆمۈر بويى تائەت-ئىبادەت قىلدىم، تەڭرىم مېنى پاناھىدا ئاسرايدۇ!»

ئاخىرى سۇ بويىنىغىچە چىقىپتۇ، يەنە بىر قېيىق ئۈزۈپ كەپتۇ.

«ھەي بەرىكە تاپقۇر، قېيىققا چىق، چۆكۈپ كېتىسەن!» دېيىشسە باش چايقاپتۇ.

«مەن ئۆمۈر بويى تائەت-ئىبادەت قىلدىم، تەڭرىم مېنى پاناھىدا ساقلايدۇ!»

قېيىق نېرى كېتىشى بىلەن ھېلىقى ئادەم «غىق» قىپتۇ-دە، چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇ دۇنياغا بېرىپ خۇداغا نالىپتۇ:

«مەن ئۆمۈر بويى تائەت-ئىبادەت قىلدىم، ياراتقان ئىگەم! سەن بولساڭ جېنىمغا ئارا تۇرمىدىڭ...»

«ئەي غاپىل بەندە! - دەپتۇ تەڭرى، - سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىر ئەمەس ئۈچ قېتىم قېيىق ئەۋەتتىمغۇ، يەنە نېمە ھەققىڭ قالدى؟!»...

... ئەلۋەتتە، تائەت-ئىبادەت قىلىش كېرەك. ئەمما، خۇدا ئادەمگە ئەقىل-پاراسەت دېگەن نېمەتنى پەقەت ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا بەرگەن ئەمەس...

## سەككىزىنچى مۆجىزە

بەدىئىي ئىجاد شۇنداق دەرەخكى، شاخلىرىدا ئومۇمىي ئىنسانىي مېۋىلەر يېتىلىدۇ، يىلتىزى بولسا مىللىي زېمىندە تۇرىدۇ.

* * *

ئەدىب قايسى تىلدا ئەسەر يازسا، شۇ خەلقنىڭ يازغۇچىسى سانىلىدۇ. بۇ يەردە مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى يوق.

* * *

يازغۇچىلىق - ئىككى پىرسەنت تالانت، 98 پىرسەنت ئەمگەكتۇر، دېگەن گەپ توغرا بولسا، دۇنيادىكى ھەممە چۆمۈلىلەر يازغۇچى بولۇپ كېتەرىدى!

* * *

ئىزتىراپ چېكىپ يېزىلغان ئەسەر ھوزۇر قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

* * *

تەسەۋۋۇر قىلىڭ: سىز تەسۋىرىي سەنئەت مۇزېيىغا كىردىڭىز. ماي بوياق رەسىملەردىكى رەڭلەرنى، ئادەملەرنىڭ قىياپىتىنى كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ ھاياجانغا چۈشىسىز. تەسەۋۋۇر قىلىڭ: سىز ئۇنئالغۇدا ناخشا ئاڭلاۋاتىسىز. چالغۇ ئاھاڭلىرى، ناخشىچىنىڭ ئاۋازىنى قۇلىقىڭىز بىلەن ئىشتىپ، ھاياجانغا چۈشىسىز... ئەمدى يەنە تەسەۋۋۇر قىلىڭ: سىز كىتاب ئوقۇۋاتىسىز، ئاق قەغەزدە قارا سىزىقلار - ھەرپلەردىن بۆلەك ھېچبىر رەڭ يوق، ھېچكىم كۈيمۇ چالمايدۇ، ئەمما ئەسەرنى ئوقۇشقا كىرىشىشىڭىز بىلەن كۆز ئوڭىڭىزدا رەڭدار مەنزىرىلەر پەيدا بولىدۇ. قۇلىقىڭىز تۇيۇقسىز ئاجايىپ ئاھاڭلار جاراڭلاشقا باشلايدۇ. ئۆزىڭىز بىلمىگەن ھالدا قاتتىق ھاياجانغا چۈشىسىز...

ھېچ شۈبھىسىزكى، بەدىئىي ئەدەبىيات - دۇنيادىكى سەككىزىنچى مۆجىزە!

* * *

ئۆز خەلقى تونۇمىغان، ئۆز خەلقى سۆيمىگەن يازغۇچىنى جاھان ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئىشەنمەيمەن.

* * *

قەغەز ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۆزلەر يېزىلىدۇ. پايتىما كىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۆزلەرنى يازغىلى بولمايدۇ. قەغەز پاك بولغانلىقى ئۈچۈن زەررىچە چوغ چۈشسە، يېنىپ كېتىدۇ. پايتىما كىر بولغانلىقى ئۈچۈن پۇقسىيدىيۇ، يانمايدۇ. يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن قابىلىيەت بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ.

قەلبى قەغەزدەك ئاق، قەغەزدەك يانىدىغان ئادەمدىنلا ھەقىقىي يازغۇچى چىقىدۇ.

* * *

يازغۇچى ئۆزى ھېس قىلغان ھەممە نەرسىنى تولۇق - تۆكۈس قەغەزگە چۈشۈرەلمەيدۇ. ئوقۇرمەن قەغەزگە چۈشۈرۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس ھېس قىلالمايدۇ. دېمەك، كىتاب يېزىۋاتقان قەلەمكەشنىڭ ھاياجىنى، كىتاب ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەن ھاياجىنىدىن ئون ھەسسە كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئەسەر ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا ئاز - تولا تەبەسسۇم قىلسىڭىز، بىلىڭكى، ئەنە شۇ قۇرلارنى راستتىنلا كۈلۈپ يازغان. كىتاب ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا كۆزىڭىزگە بىر تامچە ياش كەلگەن بولسا، بىلىڭكى، قەلەمكەش شۇ سەھىپىلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ يازغان.

* * *

قابىلىيەتسىز يازغۇچى مېكىيانغا ئوخشايدۇ. ياڭاقتەك بىر تۇخۇمنى كاككىلايدۇ-دە قاقاقلاپ ئالەمنى بېشىغا كىيىدۇ.

* * *

ئىجادىيەت 100 مېترلىق قىسقا مۇساپىلىق يۈگرەش مۇسابىقىسى ئەمەس، ئۇزاق ۋە مۇشەققەتلىك يولدۇر.

* * *

ئەڭ خالىس ئىككى دانىشمەن - ئوقۇرمەن ۋە ۋاقىت سىنىقىدىن ئۆتكەن ئەسەرلا ھەقىقىي ئەسەردۇر.

* * *

ئۈچ بالىسى بىلەن خوتۇنىنى تاشلاپ كەتتىدە، «بالىلار بەختىنى ئويلاڭ» دەپ شېئىر يازدى.

قايىل، ئەپچىلەم!

* * *

يازغۇچىنىڭ ئوقۇرمەنگە ئېيتىدىغان دەردى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئەسەر تىلى شۇنچە پىششىق

بولىدۇ.

* * *

قەدىمكى كىمياگەرلەر ئالتۇننىڭ ساپ ياكى ساختىلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ماھەكتاش ئىشلىتەر ئىكەن. يازغۇچىنىڭ سۆزى ماھەككە ئوخشايدۇ. ئۇ بىر ئېغىز سۆزى ئۈچۈن مىڭلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ. بىر ئېغىز يالغىنى ئۈچۈن مىڭلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ. . . قەلەمكەشنىڭ بۈيۈك بەختى ھەم، بۈيۈك بەختسىزلىكى ھەم شۇنىڭدا!

* * *

تەنقىدتىن بىزار بولغان شائىر ئېيتىپتۇ:

- سىز باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى نوقۇل تەنقىد قىلىدىكەنسىز. ئۆزىڭىز بىرەر پارچە شېئىر يېزىپ كۆرگەنمۇسىز؟

تەنقىدچى ئېيتىپتۇ:

- مەن كۈن ئارىلاپ تۇخۇم يەيمەن. ئەمما تۇخۇمنىڭ مەززىسىنى بىلىش ئۈچۈن تۇخۇم تۇغۇشۇم شەرت ئەمەس.

شائىر ئېيتىپتۇ:

- مەنمۇ كۈن ئارىلاپ ئادەملەر توغرىسىدا شېئىر يازىمەن. ئەمما ئادەمنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گۆشىنى يەۋاتقىنىم يوقتۇ!

* * *

زادى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ ئەڭ تىرەن پەلسەپىۋى ئەسەردە كۆپىنچە تەلۋە قاتنىشىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئەڭ جىددىي ئەسەردە مەسخىرىۋاز پۈتلىشىپ يۈرىدۇ؟

پەيلاسوپنىڭ يەتتە ئۇخلاپ چۈشىگە كىرمىگەن دانا پىكىرنى تەلۋە بىلمەيدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

ئاسماننىڭ تۆۋرۈكى مەن، دەپ يۈرگەن ئەزىمەتلەر ئويلاشقا پېتىنالمايدىغان ھەقىقەتنى مەسخىرىۋاز ئېيتالمايدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

* * *

ھەسەت ئۆسۈپ-ئۆسۈپ غەرەزگە، غەرەز پىتنىگە ئايلىنىدۇ. پىتنە بولسا ھەرقانداق رەزىللىكنىڭ ئانىسىدۇر.

* * *

ھەسەتخورنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى غەلىتە. «ئەگەر پالانچى بولمىغىنىدا مېنىڭ ئىشىم يۈرۈشۈپ كېتەر ئىدى» دەپ ئىچىنى مۈشۈك تىرنايدۇ. باشقا ساھەلەرنى بىلمەيمەنۇ، لېكىن ئىجاد ساھەسىدە بۇ - مەنىسىز خام خىيال. ئىجاد - ئەمەل كۇرسىسى ياكى دۆلەت تۇرالغۇسى ئەمەسكى، بىراۋنىڭ ئورنىنى بىراۋ ئىگىلەيدىغان. ئوقۇرمەن مېھرىنى زورلاۋاتلىق قىلىپ ھەم، تىلەمچىلىك قىلىپ ھەم ئېلىپ بولمايدۇ.

* * *

شۆھرەت - يېقىملىق، ئەمما ئالدامچى نەرسە. ئۇ، تاغ چوققىسىغا ئوخشايدۇ. قانچە ئېگىز كۆتۈرۈلسىڭىز شۇنچە قاراڭغۇلىشىدۇ. ھوشيار بولۇڭ! ئورۇنسىز بىر قەدەم قويسىڭىز، ھاڭغا ئۇچۇپ چۈشۈشىڭىز ئېنىق!

* * *

مەكتەپ ئوقۇتقۇسىنىڭ سۆزى 30بالىغا يېتىپ باردۇ.

دارىلفۇنۇن پروفېسسورىنىڭ سۆزى 100تالەبەگە يېتىپ باردۇ.

ناتىقنىڭ سۆزى 1000تىڭشىغۇچىغا يېتىپ باردۇ.

قەلەمكەشنىڭ سۆزى بىر يولىلا 10مىڭ، 100مىڭ ئوقۇرمەنگە يېتىپ باردۇ. دېمەك، ئۇنىڭ سۆز مەسئۇلىيىتىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇقراق.

* * *

ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ غەلىتە خۇسۇسىيەتلىرى بار: ئوڭ قولىڭىز ئاغرىسا، چەپ قولىڭىز ئەرزىيەت چەكمەيدۇ. چەپ ئايىقىڭىزغا يارا چىقسا، ئوڭ ئايىقىڭىز ئاغرىمايدۇ. ئەمما ئوڭ كۆزى كۆلگەن ئادەمنىڭ سول كۆزىمۇ تەبەسسۇمدىن پارلاپ كېتىدۇ. سول كۆزى ئاغرىغان ئادەمنىڭ ئوڭ كۆزىگىمۇ ياش كېلىدۇ.

مېنىڭچە، يازغۇچى بىلەن تەنقىدچىنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق بولۇشى كېرەك: ئىككىلىسى جان تومۇرى ئارقىلىق بىر-بىرىگە تۇتاشقان بولۇشى لازىم. ئەگەر بۇ كۆز ئۇ كۆزنى ئۆيۈش كويىدا بولسا، ئىككىلىسى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ.

* * *

يازغۇچى، بولۇپمۇ چوڭ ھەجىملىك ئەسەر يارىتىۋاتقان يازغۇچىنىڭ قىسمىتى ناتونۇش ئارالغا بېرىپ قالغان سەيياھنىڭ قىسمىتىگە ئوخشايدۇ. سەيياھقۇ ئارالغا تاسادىپەن بېرىپ قېلىشى مۇمكىن (روبىنزون كروزوغا ئوخشاش). ئەدىب بولسا بولسا ناتونۇش ئارالغا - بىر ۋاراق ئاپئاق قەغەز يېنىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن باردۇ. . . ئارالدا ئۆز سەلتەنىتىنى يارىتىدۇ. ئۆز ئاھالىسىگە جان ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار ئارىسىدا ياشايدۇ. . . بارا-بارا ئارالغا شۇنچىۋالا كۆنۈپ كېتىدۇكى، ئۇنىڭدىن كەتكۈسى كەلمەيدۇ. ئەمما بەربىر ئۆز ئارىلىنى تاشلاپ كېتىشى، ھەتتا ئۇنى ئۇنتۇشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، باشقا ئارالنى كەشپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

* * *

قەلەمكەش ئۆز ئەسىرىگە قەلبىنىڭ بىر بۆلۈكىنى ئەمەس، بەلكى تەلتۆكۈس ھەممىسىنى بېغىشلىشى كېرەك.

* * *

ھەقىقەت ھاۋاغا ئوخشايدۇ. رەڭگىنى كۆرمەيسىز، ئاۋازىنى ئىشتمەيسىز، پۇرىقىنى سەزمەيسىز. يالغانغا دۇچ كەلسىڭىز ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك بوغۇلۇپ قالىسىز. . . ئوقۇرمەنمۇ ئەسەردىكى ھەقىقەتنى تەبىئىي نەرسە دەپ قوبۇل قىلىدۇ. زەررىچە يالغاننى كۆرسە بوغۇلۇپ كېتىدۇ. ھەقىقىي ئىجادكار ئۆزى كۆرمىگەن، ئىشتمىگەن ۋەقەنىمۇ شۇ دەرىجىدە ھەققانىي تەسۋىرلەيدۇكى، ئوقۇرمەن ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.

* * *

ھېكايە ئورنىغا قىسسە (پوۋېست)، قىسسە

ئورنىغا رومان يازىدىغان قەلەمكەش زىيان تارتىدۇ. ئىلاجى بولسا رومان قۇۋۋىتى بىلەن قىسسە، قىسسە قۇۋۋىتى بىلەن ھېكايە يازغان تۈزۈك.

* * *

دراماچىلىقنى ئەدەبىياتنىڭ گۈلتاجى، دېيىشىدۇ. توغرا، دراماچىلىق - ئەدەبىيات ۋە سەنئەت سىنتېزى. بىراق، مېنىڭچە بولسا، رومانىنى ئەدەبىيات گۈلتاجى، دېگەن بولار ئىدىم. چۈنكى ھەقىقىي روماندا نەسىر ھەم، نەزم ھەم، دراما ھەم، رەڭ ۋە ئاھاڭ ھەم بولىدۇ...

* * *

بىر تائىپە ئادەملەر باركى، ئۇلار: مەن ھاياتتا كۆپنى كۆردۈم، پېنسىيىگە چىقتىم، ئەمدى بىمالال ئەسەر يازسام بولىۋېرىدۇ، دېيىشىدۇ. يەنە باشقابىر تائىپە بار، مەن كۆپ كىتاب ئوقۇدۇم، كۆپ مەلۇماتلىقمەن، يازغۇچىلىق قىلسام بولىدۇ، دېيىشىدۇ. ئىككىلا پىكىر ھەم خاتا. يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن خۇدا بەرگەن تالانت كېرەك. يېزىش ئۈچۈن بولسا، چىداپ بولماس ئېھتىياج كېرەك. مانا قاراڭكى، ئېھتىياجنىمۇ كۆڭۈلگەخۇدا سالىدۇ!

* * *

ھەرقانداق مۇھىم غايىمۇ ئىنسان قىسمىتىگە ئايلانمىسا، قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىۋېرىدۇ.

* * *

تالانتلىق ئەدىب ھاياتىدا ئىككى قېتىم خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتىدۇ. بىرىنچىسى، نېمىلا يازسا چىقىرىشى مۇشكۇل بولغان پەللە. ئىككىنچىسى، نېمىلا يازسا چىقىرىشى ئاسان بولغان پەللە. ئۇ، بىرىنچى باسقۇچتىن ئامان-ئېسەن ئۆتىدۇ. ئەمما ئىككىنچى باسقۇچتىن ئۆتۈشى قىيىن، بەك قىيىن.

* * *

بۈيۈك تالانت ئالدى بىلەن خەلق ئېتىبارىنى، كېيىن خەلق مۇھەببىتىنى ۋە نىھايەت خەلق ئېتىقادىنى قازىنىدۇ. ئەنە شۇ ئۈچ باسقۇچنىڭ ھەربىرى بىر ئۆمۈرگە تەڭ.

## يۈزتۇرانە

### (ئۇچرىشىشلاردىكى سوئال-جاۋابلار)

- تالانت تۇغما بولامدۇ ياكى ھەممىسى ئەمگەككە باغلىق بولامدۇ؟

- چەت بىر يېزىدا ئىككى قەدىردان دوست بولغانىكەن . ئىككىلىسى بىر يوتقاندا تېپچەكلىشىپ، بىر جاڭگالدا پادا بېقىپ ۋايىغە يېتىپتۇ. يىگىت يېشىغا يېتىشكەندە ئىككىلىسى پىيادە، چورۇقىنى سۆرەپ چوڭ شەھەرگە يول ئېلىپتۇ. كاتتا ئوقۇشقا كىرىشىپتۇ. تەقدىر تەقەززاسىنى كۆرۈڭكى، ئىككىلىسى بىر ساھىبجامال قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىپتۇ. تەقدىر تەقەززاسى بىلەن دوستلاردىن بىرى كاتتا مەنسەپدار، يەنە بىرى شائىر بولۇپ يېتىشىپتۇ. تەقدىر تەقەززاسىنى كۆرۈڭكى، قىز مەنسەپدارنى تاللاپتۇ.

شائىر ھىجران ئەلىمىدە يېنىپ، شېئىرلار پۈتۈپتۇ. داڭقى يىراق-يىراقلارغا كېتىپتۇ.

شائىر بەرىبىر شائىر-دە! تىلى ئۆتكۈر، سۆزى كەسكىن بولىدۇ. ئۇ، سابىق ئاغىنىسى بىلەن سابىق سۆيگىنى كېلىپ قالغان چاغلاردا «ئاغىنىسى»نى چىقىۋېلىشتىن ئۆزىنى تۇتالمايدىكەن. كۆنۈلەرنىڭ بىرىدە ئايال بۇنداق كەمسىتىشلەرگە چىدالماي، مۇنداق دەپتۇ:

- ماڭا قارا! سېنى شائىر قىلغان مەن بولىمەن! ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭ سېنى شائىر قىلدى. ئەگەر مەن بولمىسام، سەن شائىر بولماس ئىدىڭ! قاچانغىچە ئېرىمنى مازاق قىلىسەن؟

شائىر خاتىرجەم جاۋاب بېرىپتۇ:

- توغرا، مەن ساڭا بېغىشلاپ كۆپ شېئىرلار يازدىم. ئەگەر سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ھەممىنى شائىر قىلىشقا قادىر بولسا، نېمىشقا يېنىڭدا ئولتۇرغان تومپىيىڭ شۇ كەمگىچە شائىر بولمىدى؟

... ئېيتىشلىرىچە، بۇ - ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى سەمەدۋۇرغۇن ئىكەن.

* * *

- ئەسەرلىرىڭىزنىڭ قەھرىمانلىرىنى ھاياتتىن ئالامسىز ياكى ئىچىڭىزدىن توقۇپ چىقىرامسىز؟

- ئۇنىسىمۇ، بۇنىسىمۇ ئەمەس. چۈمۈلە نېمە تاپسا، ئۇۋىسىغا توشۇيدۇ. ئۆمۈچۈك ئىچىدىن سۈيۈقلۇق چىقىرىپ تور توقۇيدۇ. چۈمۈلىگە ئوخشاش يولدا نېمىنىلا كۆرسە، ھەممىسىنى قەغەزگە چۈشۈرۈدىغان ئادەم ھەقىقىي يازغۇچى ئەمەس. ئۆمۈچۈك ئوخشاش ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، ھەر نەرسىنى ئىچىدىن توقۇپ چىقىرىدىغان ئادەممۇ يازغۇچى ئەمەس.

قەلەمكەش ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشىشى كېرەك. ھەسەل ھەرە 100گرام بال يىغىش ئۈچۈن 1مىليون تال گۈلگە قونىدىكەن. شۇنچىلىك شەربەت توپلاش ئۈچۈن46 مىڭ چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدىكەن (يەر شارىنى ئېكۋاتور بويلاپ ئايلىنىپ ئۈچۈش بىلەن تەڭ) . ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھەسەل ھەرىسى ھەر تامچە گۈل شەربىتىنى تۇمشۇقىدىن 240قېتىم تۆكۈپ، قايتا يۇتۇپ، پىششىقلايدىكەن. ئەمما، بۇتېخى ھەسەلنىڭ تەييار بولغانلىقى ئەمەس. شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەل ھەرىسى ھەسەلنى مەخسۇس كاتەكچىگە جايلاشتۇرۇپ، بىر سائەت قانات قېقىپ يەلپۈپ، تازىلايدىكەن. بال-ھەسەلنىڭ بۇزۇلماسلىقى شۇنىڭدىن:

ھەقىقىي ئەسەر دۇنياغا كەلگىچە قەلەمكەشمۇ تەخمىنەن شۇنچىلىك رىيازەت چېكىدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئەسىرى بۇزۇلمايدۇ.

* * *

- بۇ دۇنيادا ئىنسابلىق ئەركەك يوق. ئىككى قېتىم تۇرمۇش قۇرۇپ، يالغۇزمەن. ھەممىسى ۋاپاسىز، ھەممىسى زىناخور! نېمىشقا شۇنداق ئىنسابسىز ئەرلەرنى شەرمەندە قىلىدىغان كىتاب يازمايسىز؟

- راست ئېيتىسىز. بۇ دۇنيادا «ھەممە» ئەركەكلەر ۋاپاسىز! ئۇلارنى شەرمەندە قىلىدىغان كىتاب يېزىشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. .. پەقەت ... بىر نەرسىنىڭ تېگىگە

يېتەلمەيۋاتىمەن. ئىنساپسىز ئەركەكلەر كىم بىلەن زىنا قىلىۋاتىدۇ؟ باشقا سەييارىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئورفاچى شەيتانلار بىلەنمۇ؟ شۇلارنى تۇتۇپ بەرسىڭىز، سىز ئېيتقان كىتابنى ئەلۋەتتە يازىمەن!

* * *

— سىز مۇھەببەت توغرىسىدا كۆپ يازسىز، ئېيتىڭچۇ، ئۆزىڭىز مەڭگۈلۈك سۆيگۈگە ئىشىنەمسىز؟

— ئىشەنمەيمەن. بىرىنچىدىن، بۇ پانىي دۇنيادا مەڭگۈلۈك نەرسىنىڭ ئۆزى يوق. مۇمتاز (كلاسسىك) ئەدەبىياتتا «ئىشقى پانىي» ۋە «ئىشقى باقىي» دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ ئالاھىدە-ئالاھىدە ئىپادىلىنىشى سەۋەبسىز ئەمەس. ئىككىنچىدىن، سىز ئېيتماقچى بولغان سۆيگۈ (گېپىم قوپال بولسا، كەچۈرۈڭ)، ئەركەكنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئايالغا، ئايالنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئەركەككە تەبىئىي تەلپۈنۈشىدۇر...

ھېچ شۈبھىسىزكى، مۇھەببەت — تولىمۇ ئالىي، تولىمۇ سىرلىق تۇيغۇ. بۇنداق بولمىغىنىدا، تەڭرىتائالا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ بۇ گۇناھىنى كەچۈرمەس ئىدى. قەلبىدە مۇھەببەت بار ئادەم رەزىللىك قىلمايدۇ... بىراق بەربىر، بۇ ئىلاھىي ۋە مەڭگۈلۈك چۈشەنچە ئەمەس! سېزىپ تۇرۇپتىمەن. ئۇنداق بولسا، نېمىشقا سىزلەر — قەلەم ئەھلى ئىشقىي مۇھەببەت ھەققىدە بۇنچىۋالا كۆپ يازىسىزلەر، دېمەكچىسىز. گەپ شۇنىڭدىكى، سۆيگۈ تەڭرى تەرىپىدىن ئادەملەرگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەردىن بىرى، ئىنساننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرغۇچى ئامىل. دېمەك ئىنسان قىسمىتى توغرىسىدا يازغان ئىجادكار بۇ مەسىلىنى چەتلەپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلۇغ ھېمىڭۋاينىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: «يازغۇچى ئۈچۈن ئۈچ مەڭگۈلۈك تېما بار: مۇھەببەت، ئەمگەك، ئۇرۇش، ئۆلۈم. قالغان گەپلەر شۇلار ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ...»

ئەپسۇس، ئەڭ يالقۇنلۇق سۆيگۈمۇ «مۇراد-مەقسىتى»گە يەتكەندىن كېيىن سوۋۇشقا باشلايدۇ. بەزىلەردە بالدۇرراق، بەزىلەردە كېچەرەك... ئۆمرىدە ئەقەللىي بىر قېتىم: «بۇ بىلەن ئەمەس، باشقا بىرسى بىلەن ياشىسام بەختلىكرەك بولار ئىدىم» دېمەيدىغان (ياكى شۇنداق دەپ ئويلىمايدىغان) ئايال ھەم، ئەركەكھەم كەمدىن-كەم تېپىلىدۇ. نېمىشقىدۇر، يەتتە قات ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن سۆيگۈ ئورنىنى ۋاقتى كېلىپ تۇرمۇشنىڭ ئاددىي «نەسرى» ئىگىلەيدۇ: تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، بالا-چاقا غېمى، ئۇقۇشۇلماسلىق، مەنمەنچىلىك...

تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇنىڭسىز ئۆلىمەن-ئۆچىمەن، دەپ يۈرگەنلەرنىڭ بۈگۈن ئەرزىمەس ئىكىر-چىكىرلەر ئۈچۈن بىر-بىرلىرىنى ئېكەكتەك پۇچۇلاشلىرىنى، كۈندەشلىك قىلىشلىرىنى، ئاستىرتتىن يامانلىق قىلىشلىرىنى، بالىلىرىنى يېتىم قىلىشلىرىنى ئېيتمايلا قويايلۇق، ھەتتا ئەڭ ساداقەتلىك ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىشىق-سۆيگۈ دېگەن تۇيغۇلار بارا-بارا خىرەلىشىدۇ.

..

يەنە سوئال بېرىشىڭىز مۇمكىن: ئۇنداق بولسا، مۇھەببەت دېگەننىڭ ئۆزى قۇرۇق گەپ ئىكەن-دە؟

ياق، ئۇنداق ئەمەس! بۇنداق ئائىلىلەردە ئىشق - مۇھەببەت خىرەلەشكىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر-بىرىنى ئاۋايلاش، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىنى كەچۈرۈش، چىدام، مۇرەسسە، مادارا ۋە نىھايەت ئۆزگىچە مېھىر دېگەن چۈشەنچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە بۇلار سۆيگۈگە ئوخشاش جەزبىلىك، سىرلىق بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما مېھىر — خۇشتارلىق، ئىشق، ئاشىق-مەشۇقلۇق، سۆيگۈ — مۇھەببەت دېگەنلەردىن ھەم كەڭرەك، تىرەنرەك چۈشەنچە!

... سۆيگۈ ئىنساننى يارىتىدۇ. مېھىر بولسا ئىنسانىيەتنى ساقلاپ قالىدۇ!

سىز بىلەن بىزگە ياقامدۇ-ياقمامدۇ، ھايات ھەقىقىتى شۇ!

* * *

— تەنقىدكە مۇناسىۋىتىڭىز؟

— بۇرۇن ئاغرىنىپ قوبۇل قىلاردىم. ھازىر.. ئۈرۈقچىغا ئوخشىتىمەن. مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىمەن.

* * *

— نېمىنى ئارزۇ قىلىسىز؟

— شۇنداق ئەسەر يازسامكى، ئوقۇرمەن ئۇنى ئوقۇۋاتقاندا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇسا، ئەسەر قەھرىمانلىرى ھاياتى بىلەن ياشىسا، كىتابنى ئوقۇپ بولغان كۈنى كېچىسى ئۇخلىيالماي تولغىنىپ چىقسا.. ۋاقتى كېلىپ، شۇ كىتابنى قايتا قولىغا ئالغىنىدا باشقىدىن ھاياجانلانسا... ئارزۇيۇم — شۇ.

## كۈلكىگە يېقىن پاراڭلار

### تاشكەنت ئايروپورتىدىكى دىكتور بىلدۈرۈشى

— دىققەت! دىققەت! ئۈرگەنچ-تاشكەنت يۆنىلىشى بويىچە 24-نۆۋەتلىك ئايروپىلاندا ئۇچۇپ كەلگەن يولۇچى تېشەباي⑩ بالتابايېۋىچ دېھقانبايېۋ! سىزنى ئوغلىڭىز ئالبېرت، قىزىڭىز ئوفېلىيە، كۈيئوغلىڭىز فرىدرىخ، كېلىنىڭىز لۇئىزا، نەۋرىلىرىڭىز رىچارد، ئېرنېست، ئىزابېللا، كارلسون، سىلۋىيە، زىكو، ئىندىرا، كاستىلىئو، چاندرا، ماتىلدا، ئارچىبالد ۋە چەۋرىڭىز ماشخوردا كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ..

### «گەپ ئاڭلىمايدىغان بالا»

بىرگە ئىشلەيدىغان كەسپدىشىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە باردىم. 80دىن ئاشقان ئانىسى بار، پەرىشتىدەك ئاپئاق موماي... ئالدىغا بېرىپ زىيارەت قىلدىم... موماي ئالدى بىلەن دۇئا قىلدى. كېيىن ھەسرەتلەندى:

— ئاۋۇ بالىغا ئېيتساڭچۇ! گەپكە زادى قۇلاق سالمايدۇ. پەلتۇ كىيمەي كوچىغا چىقىدۇ. شاماللاپ قالمىسۇن، بالا!

مومايىنى پەپىلىدىم. «بالا»نى كايىپ قويۇشقا

ۋەدە بەردىم.

ئەنە شۇ بالا 62 ياشقا كىرگەنىدى.

بوۋاي

قەشقەر دەريا ۋىلايىتىگە بارغىنىمىزدا، پالانى يېزىدا تەۋەررۇك ياشقا كىرگەن بوۋاي بار، بىر زىيارەت قىلساق، دەپ قېلىشتى.

باردۇق. كونىراپ كەتكەن دەرۋازىدىن كىردۇق. كەڭ هويلا، ئەتراپى پاكار تام بىلەن ئورالغان، ھەتتا كىچىك بالىمۇ بىر ئاتلاپ ئۆتەلەيدۇ. هويلىداتوخۇلار قاقاقلاپ يۈرىدۇ. كات ئاستىدا قۇلاق-قۇيرۇقى كېسىلگەن يوغان ئىت تۆت ئايىغىنى سوزۇپ مۆگدەپ يېتىپتۇ. كىم كەلدى، دەپ قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى.

كۆرپە باپ رەختتىن ئۈزۈن، كەڭ كۆڭلەك كەيگەن موماي ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى.

پاكار، سالقىن ئۆيگە كىردۇق. زەدىۋال تارتىلغان تام تۈۋىدە ئولتۇرغان بوۋاي بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشتۇق. ئەگىنىدە يول-يول يەكتەك، بېشىدا ئىخچام مىسقالىي ⑪ سەللە، چاچ-ساقىلى، ھەتتا كىرپىكلىرىگىچە ئاقارغان.

نېمىشقىدۇر، بوۋاينىڭ قولىقى ئېغىر بولسا كېرەك، دېگەن خىيالدا ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ ئەھۋال سورىدىم:

- ئوبدان تۇردىلىمۇ، ئاتا؟

- خۇداغا شۈكرى، تېتىكمەن،- دېدى بوۋاي خاتىرجەملىك بىلەن، - نېسىۋىمىزنى يەپ يۈردۇق، بالام. لېنىننىمۇ كۆردۇق. . . ئۇستىخانوفچى (ستاخانوفچى دېمەكچى. مۇھەررىردىن) ⑫بولدۇق.

- سىز لېنىننى كۆرگەنمۇ؟ - دەپ سورىدى مېھمانلارئارىسىدىكى ياش مۇخبىر.

- ئۆزىنى كۆرمىدىم، - دېدى بوۋاي، - ئەمما لېنىن دېگەن كولخوزدا ئىشلىدۇق. يەنەكەل لېنىن (كالېنىن دېمەكچى. مۇھەررىردىن) دېگەن كولخوزدا ئىشلىدۇق. يەنە بىرى بار ئىدى، تېمىرنىيازېف. . .

- تېمىر يازېف،- دېدى مۇخبىر تۈزىتىش كىرگۈزۈپ.

- شۇنداقتۇر، دېدى بوۋاي، - شۇ تېمىرنىيازېف-تىمۇ ئىشلىدۇق.

مۇخبىر بالا مەمەدان ئىكەن، بوۋاينى گەپكە سالدى.

- بوۋا، سىز مۆتىۋەر ئادەمسىز، كۆپ جايلاردا بولغاندۇرسىز-ھە؟

- مەنمۇ؟ - دېدى بوۋاي قەددىنى رۇسلاپ،- چىيەلى⑬بازارنى كۆردۈم، چىراغچىنى⑭كۆردۈم، ئوغلۇم موتىسكلىتتا كاسانغا⑮قەدەر ئاپىرىپ كەلدى. ھەي بالام، بۇ دۇنيادا مەن كۆرمىگەن يەر قالمىدى!

مۇخبىر بالا «تېبابەتچىلىك ئېنسىكلوپېدىيىسى»نى تازا ھەجىلىگەن ئوخشايدۇ، بوۋاينى تېخىمۇ زېغىرلاپ سوراققا تارتتى:

- ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزنىڭ سىرى نېمىدە، دەپ قارايسىز؟ زېلېننى⑯كۆپ ئىستېمال قىلغاندۇرسىز؟ سۈت-قېتىق ئىچكەندۇرسىز؟

- زېلېن-پېلىنىڭنى بىلمىدىم، قېتىقنى كۆپ ئىچكەندۇرمەن، سۈزمىنى كۆپ يېگەندۇرمەن. . .

- گۆشتىن پەرھىز تۇتقاندۇرسىز؟

- ئوتتەمە⑰! - بوۋاي ناھايىتى ھەيران بولدى،- گۆش يېمىگەن ئەركەك ئەركەك بولامدۇ؟ دوسۋاي قوينىڭ⑱قۇيرۇقىنى يېگەنمەن!

- كەچۈرسىز، ئىچكىلىك مەسىلىسى. . .

- بۇ. . . - بوۋاي قۇۋلۇق بىلەن باش ئىرغىتىپ، - ئەمما بۇ بالايىبەتتەردىن پايدا كۆرگەن ئادەم يوق. ئاغزىمغا ئالمىغىنىمغا ئۈچ يىل بولدى!

مۇخبىر بىر ئاز تىمگىرقاپ قالدى.

- قانچە دەيسىز؟

- ئۈچ يىل!

مۇخبىر باشقا گەپ تاپالمىغان ئوخشايدۇ. ئەمما «ئائىلىۋى ئەھۋال»دىن چۈشتى.

- موماي بىلەن ئىناقمۇسىزلەر، بوۋا؟

- ئىناق، بالام، ئىناق،- دېدى بوۋاي ئوغىسى قايناپراق.

- زادىلا سەن-پەن دېيىشىپ باقمىغانمۇ؟

- بۇ، ئۇنداق ئىشلارمۇ بولغان. نېمىشقا كەچ كەلدىڭ، دېگەن، قايسى گۆرگە باردىڭ، دېگەن. قىزغانغان-دە! مەن بارسام ياتىڭىگە باراتتىممۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ جۇمەگۈل سەتەڭنىڭكىگە بارغانمەن-دە!

- كەچۈرۈڭ ئاتاخان،- دېدىم گەپكە ئارىلىشىپ،- نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

- مەنمۇ؟ ئانام رەھمىتى: سەن ئات يىلى ئۈجمە پىشقاندا تۇغۇلغانسەن، شۇ يىلى كاپىرلار بۇخاراشەرىفنى ئالالماي قىلىچى سۇنغان، دېيۈىدى. . . شۇ يىلى ئۈجمە پىشقاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ ئۈجمىلەرنى تۆكۈپ تاشلىغانىكەن . . . - ئويلاپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى بوۋاي، - پاشپورتتا (پاسپورت - كىملىك دېمەكچى. مۇھەررىردىن) 97، ئانامنىڭ ئېيتىشىچە 104.

- كۆز تەگمىسۇن، تېتىككەنسىز، - دېدىم بوۋاينى روھلاندۇرۇپ،- خۇدا بۇيرۇسا يەنە تېخى 100 ياش ياشايسىز.

- بىلمىدىم بالام، - بوۋاي مەسلىك ئايىغىنى سىيلاپ قويدى، - ئايىغىم بەك ئاغرىيدۇ. بۇ يېشىمدا مۇنداق بولسام ھەيرانمەن، قېرىغىنىمداقانداق قىلارمەن. . .

ئۇ، دېرىزىگە قاراپ چاقىردى:

- هاي ناربىبى، چاي-پاي كەلتۈرمەمسەن؟ - كېيىن ھەسرەتلەندى، - قولىقى پۈتۈنلەي گاس بولغان، ئاڭلىمايدۇ. چاي دېسەم تەرەت سۈيى ئەكىرىدۇ! ھەي، باشقا بىر خوتۇن ئالسام بولۇرمىكىن-ھە! قىلغان كېپى ئۆزىگە يېقىپ قېلىپ ھى-ھىلاپ كۈلدى بوۋاي، - خوتۇننىڭ يامىنى يوق، بالام! ۋاقتى-ۋاقتىدا قاشلاپ تۇرساڭ، بەس!

موماي نان-چاي ئېلىپ كىردى، داستىخان يايدى.

- ئەۋرىلەرنىڭ يوق ۋاقتىدا هازىرمۇ دۇمبىسىنى قاشلاپ تۇرىمەن،- دېدى بوۋاي،- توغرىمۇ ناربىبى؟

- شۇنداق،- دېدى موماي ھېچنېمىنى

ئاڭلىرالماي، — نارقۇلىڭىزنىڭ كېلىنى قوزىلاپتۇ.
.. قىز...

— گەنە دېمىدىممۇ! — دېدى بوۋاي، — مەن بۇنىڭ دۇمبىسىنى قاشلايمەن، ئۇنىڭ چەۋرە كېلىنى قىز تۇغىدۇ. ياخشى قاشلىمىغان ئوخشايمەن-ھە...

## ئەڭ سايرىغاق قۇش

بۇلبۇلنىڭ ئەركىكى سايرايدۇ، ئادەملەردە ئايال.

## «تەدبىركار» [19]

يېڭى كىتابىمغا قەلەم ھەققى ئالغانىدىم. يەتتە مىڭ. شۇنىڭدىن يەتتە مىڭنى كىتابنى كۆچۈرگەن ماشىنىستقا بەرسەم، قالغىنىغا مۇنداقراق ئۆتۈك كىيەرمىكىن، دەپ پۇل ساناپ ئولتۇرغانىدىم. ئىشىك جىرىڭلاپ قالدى. ئاچسام، يەتتە-سەككىز ياشلاردىكى بالا تۇرۇپتۇ، قولىدا چوڭ سومكا.

— سۇ كېرەكمۇ تاغا؟ — دېدى «ر»نى ياخشى ئېيتالماي.

— قانداق سۇ؟

— مىنېراي[20] سۇ.

ۋاي شۇمتەكەي، ئۇسسۇغىنىمنى نەدىن بىلىۋالغاندۇ بۇ؟

— كېرەك، — دېيىشىم بىلەن سومكىسىنى شاراق-شارۇق قىلىپ يەرگە قويدى. بىر شىشە سۇ ئېلىپ، ئەسكى لاتىدا ھەپىسلە بىلەن ئېرتتى. يانچۇقىدىن ئاچقۇچ چىقىرىپ، پاقىلدىتىپ ئاچتى.

— مەڭ، تاغا!

سۇنى شىشە بىلەنلا كۆتۈرۈپ غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتىم.

— يىگىمە بەش سوم! — دېدى بالا كۆزۈمگە تىكىلىپ.

— ھايانكەشلىك قىلىش ياخشى ئەمەس، — دېدىم نەسىھەت قىلىپ.

— مەن ھايانكەش ئەمەس تاغا، تەدبىكايمەن. يىگىمە بەش سوم!

ئاتاڭ ئايلانسۇن سەندەك «تەدبىركار»دىن. شۇ قىلغىنىڭغا بىر ئەدىپىڭنى بەرمىسەم!

ھېلىقى ساناۋاتقان 100 سوملۇقلاردىن بىرنى ئۇزاتتىم.

— ئاشقىنىنى قايتۇر! — دېدىم غوتۇلداپ.

بالىچاق پۇلنىڭ ئۇيېقىنى ئۆرۈپ، بۇ يېقىنى ئۆرۈپ ئالدىرىماي تەكشۈردى. ئوڭ يانچۇقىغا قول سالغانىدى، بىر تۇتام يۈز سوملۇقلار ئېلىشىپ چىقتى. سول يانچۇقىغا قول تىققانىدى، ئەللىك سوملۇقلار چىقتى. مەيدە يانچۇقىدىن ئون سوملۇقلار، بەش سوملۇقلارنى چىقاردى. چاققانلىق بىلەن ساناپ يەتمىش بەش سوم ياندۇردى.

— بوتۈيكىنى بېيىلڭ! يەنە سۇ كېرەك ئەمەسمۇ؟

— كېرەك ئەمەس، — دېدىم مەنمۇ ئىختىيارسىز «ر»نى ئېيتىشقا تىلىم ئەپلەشمەي.

ئەمدىلا ئىشىكنى يېپىۋاتقانىدىم، بالا سوراپ قالدى.

— سىز شائىيمىسىز تاغا؟

ۋاي شەيتانەي! كىتابىمۇ ئوقۇيدىكەندە بۇ؟!

— مەن بالىلارنى يازمايمەن، — دېدىم يۇمشاپ. يازسام كىتابىمدىن ساڭا بىرەر گىدىم.

— كىتابمەس، — دېدى بالىچاق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ «زېلېنى» بارمۇ؟

ھەيران بولدۇم.

— نېمە ئۇ «زېلېنى» دېگەن؟

— «كۆك»دىن، دوللاي! — بالا بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ چۈشەندۈردى. دوللاي بارمۇ؟

— دوللار؟ مېنىڭدە دوللار نېمە قىلسۇن؟! ئومۇمەن، ساڭا دوللارنىڭ نېمە كېرىكى؟

— شۇ بەشىمىڭىم باي گىدى، — دېدى ئۇ دانە-دانە قىلىپ، — شۇنى دوللايغا ئالماشتۇرماقچىدىم. دوللاي بارمۇ، تاغا؟

ئىشىكنى جاق قىلىپ ياپتىم. نېرىقى ياقتا شىشىلەرنىڭ چاقۇر-چۇقۇرى ئىشتىلدى...

## «بوتۇلكا» ھاجى

ئاغىنەم ئوغلىنى ئۆيلىگەنىدى. ئەمدى... توي بولغاندىكىن... ئۆزىڭىز بىلىسىز... ھېلىقى قورغۇردىن ئاز-پاز ئىچىشىپ ئولتۇرساق، سورۇنىمىزغا ئاق يەكتەك، ئاق بۆك كەيگەن كەتمەنساقال يىگىت كېلىپ قوشۇلدى. كېلىن-كۈيەۋگە بەخت - سائادەت تىلەپ پاتىھە قىلدى.

— ياراتقان ئىگەمگە شۈكرانىلەر بولسۇن! — دېدى قىرائەت بىلەن، — مۇقەددەس سەپەر شەرىپى كەمىنىگىمۇ نېسىپ بولدى.

«قۇتلۇق بولسۇن!» دېدۇق. داستىخاندا ھېلىقى «شەيتان سۈيى» تۇرغىنىدىن ئۇيالدۇق.

ھاجى ئاكىمىز زېرەك ئىكەن، ئارىغائوڭايسىزلىق چۈشكىنىنى دەرھال بايقىدى.

— سىزلەر بەھوزۇر، تەقسىر، — دېدى ساقىغا،

— تويدا خۇش كەيپچىلىك قىلىشنىڭ ئەيىپى يوق.

ساقى مىڭ-مىڭ ئۆزرىخالىق سوراپ، پىيالىلەرگە ئاز-ئازدىن قۇيدى. ئاستىرتتىن باقسام، ھاجى ئاكىمىزنىڭ كۆزلىرى سۇغاچۇشكەن مۇنچاقتەك يالتىراپ كېتىپتۇ. ساقىمۇ شۇم بالائىكەن، بايقاپ قېپتۇ.

— سورىغانىنىڭ ئەيىپى يوق ھاجى ئاكا، مۇبادا ئۆزلىرىمۇ...

ھاجى ئاكىمىز ئېغىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك بىرپەس ئويغاپاتتى.

— نەچارە، تەقسىر، — دېدى خۇرسىنىپ، — مەيلى، كۆڭلىڭىز قالمىسۇن...

— قايسىسىدىن؟

— كەمىنىگە «قىزىلى» بولىۋېرىدۇ، — دېدى ھاجى ئاكا كەمتەرلىك بىلەن.

ساقى پىيالىگە بىر يۇتۇم كونياك قۇيۇپ ئۇزاتقانىدى، ھاجى ئاكىمىز يەنىمۇ سۇنۇقراق ئاۋازدا قوشۇپ قويدى:

— جانلىقراق بولغايلا، تەقسىر.

ئۇ، پىيالىنى ئېلىپ قىسىقىغىنە نوتۇق سۆزلىدى:

— ياشلار تەڭ ياشاپ، تەڭ قېرىسۇن! بالا —

چاقىلىق، نەۋرە - چەۋرىلىك بولسۇن! قېنى، كۆتۈرۈۋەتتۇق.

خۇددى سوغۇق چاي ئىچىۋاتقاندەك، قاپقارا ساقىلىنىڭ بىرتال تۈكىمۇ مىت قىلمىدى. تەرخەمەكنى گېزەك قىلىپ: «ياراتقان نېمىتىڭگە شۈكرى» دەپ قويىدى.

- ئاخىرىغىچە ئالماپسىزغۇ هاجى ئاكا؟ - دېدى ساقى پىيالە تېگىدە قالغان كونياككا قاراپ .

- هەر نەرسىنىڭ قانۇن -قائىدىسى بار، ئۇكام! - دېدى هاجى ئاكا سالاپەت بىلەن، - ئىچكىلىك خەمىر، يەنىكىم مەكرۇھ نەرسە. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدەسۇ هەم بار. سۇ-ئەڭ پاكىزە نېمەت. شۇنداققۇ؟ كەمىنە سۇنى ئىچتىم. مەكرۇهى تېگىدە قالدى . . . بىر چاغلاردا بىزمۇ بۇنىڭدىن بىسىيارنوش ㉑ ئەيلىگەنىمىز. بىر ئۆلپىتىمىز بولىدىغان، غەلىتە گەپلەرنى تېپىپ يۈرەرىدى. بىرگېپى هېچ ئېسىمدىن چىقمايدۇ: «بىرىنچى قەدەھ بىلەن ئىككىنچى قەدەھ ئارىسىغا قىل سىغماسلىقى كېرەك» ، دەرئىدى.

ساقى هاجى ئاكىنىڭ ئىشارىسىنى دەرهال چۈشەندى. شۇزامات پىيالىنى توشقۇزدى.

- ئى -ئى -ئى، ئۇنداق قىلمىسىڭىزچۇ، ئۇكام؟ - دېدى هاجى ئاكا رەنجىپ، - كەمىنە بىرچاغلاردىكى گەپلەرنى دەۋاتىمەن، - شۇنداق دېدىيۇ، «مەكرۇھ» قىسمىنى تېگىدە قالدۇرۇپ، پىيالىنى ساقىغا ئۇزاتتى.

بىرسى سەپەر تەسىراتلىرىنى سورىغانىدى، هاجى ئاكىمىز ئېچىلىپ كەتتى:

- ۋاي، نېمىسىنى دەيسىز ئۇكىجان! ئۇياقلار خىزىر نەزەر سالغان يۇرت دەڭا! هەر قەدەمدە دۇكان، هەر چامدامدا تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى !توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىدۇ! ئاپلېسىنلەرنى بىكارغا تارقىتىدۇ، خالىسىڭىز بىر ساندۇق ئېلىڭ، خالىسىڭىز بىر تونىنا ئېلىڭ! بولۇپمۇ «تېخنىكا» ئەرزان، «سونىي» دەمسىز، «پىلىپس» دەمسىز، «ئايۋا» دەمسىز . . . «ۋىدىك» (سىنئويغۇ دېمەكچى) دەمسىز ئىككىنى ئالسىڭىز بىرسى بىكارغا.

- نېمىشقا؟- دېدىم بىلمەسلىككە سېلىپ، -بىرسىنى پۇلغا، بىرسىنى بىكارغا بېرەمدۇ؟

هاجى ئاكىمىز باش چايقاپ كۈلدى:

- نېمىشقا بىكارغا بولىدىكەن؟ بىزدىكىسىدىن ئىككى هەسسە ئەرزان بولغاندىكىن، بىرىنىڭ پۇلى چۈنتەكتە قالىدۇ-دە. تىجارەتنىڭ ئەيىبى يوق. مانا، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزى يول ئېچىپ بەردى. تۆت «ۋىدىك» ئەكەلگەنىدىم، ئىككىسى پايدىغا قالدى. ئوغلىمىزمۇ قىزىقىدۇ «تېخنىكا» غا، - ئۇ، ساقىغا قاراپ تامىقىنى مەنىلىك قىرىپ قويىدى.

ساقى پىيالىگە يەنە قۇيدى. هاجى ئاكىغا ئۇزىتىۋېتىپ شۇملۇق بىلەن سورىدى:

- ئۇياقتا مەنىۋى مەسىلىگە قانداق قارىشىدۇ؟

- هەي، هەي، هەي، گۇناهقا پاتماڭ ئۇكام!- دېدى هاجى ئاكىمىز ئېغىر-ئېغىر باش چايقاپ،- ئىچكىلىك ئىچكەن ئادەم ئۆلۈمگە مەهكۇم قىلىنىدۇ. ئۇ، مەكرۇھ قىسمىنى قالدۇرۇپ، پىيالىنى يەنە ئۇزاتقانىدى، ساقى كۈلدى:

- بىر ئۆلۈمدىن ئامان قېپسىز-دە، تەقسىر!

هاجى ئاكا: «مۇشۇنداق دىتسىز بىلەنمۇ ئولتۇرامدىغان» دېگەندەك چوڭقۇر تىندى.

- ئەمدى رۇخسەت قىلغايلار،- دېدى تەۋەززۇ بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ،- كەمىنىلىرىنىڭ ئىشلىرى كۆپ. . .

كۆپ ئۆتمەي مەنمۇ سورۇندىكىلەردىن رۇخسەت ئېلىپ تۇردۇم. تويدىن چىقىۋاتسام پەستىكى سورۇندىن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ نۆۋەت هاجى ئاكىمىز قاتتىق-قاتتىق سۆزلەۋاتاتتى:

- ماڭا قارا، هەي براتان! ㉒ سەن نېمىنى بىلىسەن! ئېپپودرومدا ئەسكى-تۇسكى سېتىپ ئولتۇرۇپسەن-دە! سىگارتنى ئەپكەل، «مالبورو» مۇ ㉓ ؟ هە، يارايدۇ. «پالمالى» تاماقنى رازدرازات ㉔ قىلىدۇ. ئۇياقلارچۇ، هەي، دېمەيلا قويۇڭلار، خىزىرنىڭ نەزەرى چۈشكەن جاي -دە! «تېخنىكا» - كاپىيكا ㉕ ! ئالتە «ۋىدىك» ئەكېلىۋېدىم، ئۈچى پايدىسىغا قالدى. تىجارەتنىڭ ئەيىبى يوققۇ، شۇنداقمۇ؟

## ساتىراشخانىدا

چاچ ئالدۇرغىلى كىرسەم ، ئادەم كۆپ ئىكەن. بىر بوۋاي بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ قالدىم. گەپچى بوۋايكەن، خېلى پاراڭلىشىپ قالدىم.

بوۋاي نۆۋىتى كېلىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغىنىدا، ساتىراش سورىدى:

- چاچمۇ، ساقالمۇ، ئاتا؟

- ساقال، - دېدى بوۋاي،- هەققى قانچە بولىدۇ؟

ساتىراش «30سوم» دېۋىدى،- بوۋاي چۆنتىكىدىن دەرهال ئون سوملۇقتىن ئۈچنى چىقىرىپ ئۇزاتتى.

- ئاۋۋال خىزمەت قىلايلۇق،-دېدى ساتىراش خىجىللىق ئاهاڭىدا.

- ئالىۋەر بالام، ئالىۋەر! - دېدى بوۋاي مۇلايىملىق بىلەن،- خىزمىتىڭنى قىلىپ بولغىچە 50 سومغا چىقىپ كەتمىسۇن يەنە!

## يولى تېپىلدى

(ئەركىن ۋاهىدوفنىڭ 50 ياشقا كىرگىنىگە بېغىشلاپ تاشكەنت دۆلەت دارىلفونى تەلەبىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇچرىشىشتا سۆزلەنگەن نۇتۇق)

ئەركىن ۋاهىدوف ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن چېغىدىلا تونۇلغان شائىر ئىدى. ئۆزۈڭىز بىلىسىز، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئادەم ئالدىدا ئۆيلىنىش مەسىلىسى كۆندىلەڭ بولىدۇ. شۇ ئىش توغرىسىدا ئەركىن ئاكا سەئىد ئەهمەد ئاكىغا مەسلىھەت سالپتۇ.

- ئاقساقال،- دەپتۇ،- خەۋىرىڭىز بار، بىر-ئىككى كىتابىم چىقتى، ئۈچ مىڭ سومچە پۇلۇممۇ بار، لېكىن قايسىبىرىگە يەتكۈزۈشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ماشىنا ئالايمۇ، ئۆي سالايمۇ، خوتۇن ئالايمۇ؟ ماشىنا ئالسام ئۆي سالالمايمەن، ئۆي سالسام خوتۇن ئالالمايمەن، ئۆيلەنسەم ماشىنىغا پۇل

قالمايدۇ. . . نېمە قىلاي؟

سەئىد ئەھمەد ئاكا پېشانىسىنى رەشىد ئەبزىيىنىڭ گارمۇنىدەك پۈرۈشتۈرۈپ چوڭقۇر ۋە ئۇزاق ئويغا پېتىپتۇ. ئاخىرى چىرايى ئېچىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

- بالام، مەن ئويدان ئويلاندىم. ھېسابلاپ كۆرسەم، ئۈچ مىڭ سوم پۇلۇڭ ھەممىسىگە يەتكۈدەك. مەسلىھەت شۇكى، سەن ئاپتوبۇس سېتىۋال! ئاپتوبۇس دېگىنى ماشىنا بولىدۇ، رولىنى قاياققا بۇرىساڭ، شۇ ياققا كېتىۋېرىدۇ. بۇ-بىرىنچى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى كەڭ-ئازادە بولىدۇ. يوتقان-كۆرپىنى كۆتۈرۈپ كىرسەڭ تەييار ئۆي بولىدۇ. بۇ- ئىككىنچى. ئۈچىنچى، ئاپتوبۇس ئالغاندىكىن، تەبىئىيكى، ئىچىدە بىلەتچىسى بولىدۇ. شۇ بىلەتچىنى خوتۇن قىلىپ ئالىسەن، ئىش تامام، ۋەسسالام!

## ھەمدوستلۇق

ئەر ئۆيىگە كەلمىدى. خوتۇنى كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. تاڭ سەھەردە ئېرىنىڭ دوستىغا تېلېفون بەردى:

- ۋاھاپجان ئاكىڭىز كەلمىدى. خەۋىرىڭىز بارمۇ، قەيەرلەردە يۈرگەندۇ؟

- ئەنسىرىمەڭ، كېلىدۇ!- دېدى ئېرىنىڭ دوستى،- ۋاھاپجان بىزنىڭكىدە يېتىپ قالدى. تۈنۈگۈن كېچە مەجلىس سوزۇلۇپ كەتكەنىدى.

خوتۇن ئېرىنىڭ ئىككىنچى ئاغىنىسىنىڭكىگە تېلېفون بەردى.

- شۇنىڭغىمۇ بوغۇلامسىز؟- دېدى ئىككىنچى دوست،- تۈنۈگۈن چىرچىققا㉖بېرىۋىدۇق. خىزمەت ئىشى دەڭا. . . ۋاھاپجان بىزنىڭكىدە ئىدى. . .

خوتۇن ئېرىنىڭ ئۈچىنچى ئاغىنىسىغىمۇ تېلېفون بەردى.

- خاتىرجەم بولۇڭ يەڭگە!- دېدى ئۈچىنچى دوست،- تۈنۈگۈن چەت ئەلدىن مېھمانلار كېپقالدى دەڭا! شۇلارنى جايلاشتۇرغۇچە تاڭ ئېتىپ قالدى. ۋاھاپجان ئاكا بىزنىڭكىدە يېتىپ قالدى. . .

خوتۇننىڭ پىغانى پەلەككە يېتىپ، دوستىغا تېلېفون بەردى:

- ئېرىم ئۆيگە كەلمىدى. ئۈچ ئاغىنىسىغا تېلېفون بەرسەم، ئۈچىلىسىلا ئېرىڭ بىزنىڭكىدە قونۇپ قالدى، دەيدۇ!

دوستىنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

- ئۈچىلىسى يالغان ئېيتىپتۇ. ئېرىڭ مېنىڭكىدە ئىدى!

## ئىزاھاتلار

①نەۋجىۋان - ياش، يېتىلىۋاتقان. ②بروكېر - ۋاستىچى سودىگەر. ③ئىپپودروم - بەيگە مەيدانى. بۇ يەردە تاشكەنت شەھىرىدىكى بەيگە مەيدانى يېنىغا قۇرۇلغان سودا بازىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ④ئەمىر ئۆمەرخان - قوقان خانلىقىنىڭ 9-خانى، شائىر، تەخەللۇسى «ئەمىرىي». ⑤نادىرە بېگىم (1792 - 1842) -شائىرە، مەرىپەتپەرۋەر ۋە دۆلەت ئەربابى. ئەسلى ئىسمى ماھلەر ئايىم، «نادىرە»، «كامىلە»، «مەكنۇنە» (يوشۇرۇنغۇچى) دېگەن تەخەللۇسلارنى قوللانغان. ⑥مەسكەن-تۇرالغۇ، ياشايدىغان جاي، ماكان. ⑦مېزبان - مېھمان كۈتكۈچى، زىياپەت، توي ئىگىسى. ⑧30سوم-جۇڭگو پۇلىغا سۇندۇرۇلسا، تەخمىنەن50 . 1يۈەنگە توغرا كېلىدۇ. ⑨ماگادان - سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى (ھازىرروسىيە فېدېراتسىيىسى) نىڭ يىراق شەرقتىكى ماگان ئوبلاستى. مەھبۇسلار جازالاگېرلىرى جايلاشتۇرۇلغان يەر. ⑩تېشە - مېتىن-جوتۇ. ⑪ مىسقالىي ، مىسقالىي داكا - يۇقىرى سۈپەتلىك نېپىس داكا. ⑫ ستاخانوف - سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1930-يىللاردىكى مەشھۇر ئەمگەك نەمۇنىچىسى، كۆمۈركان ئىشچىسى. ستاخانوفچىلىق - سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداش ھەرىكىتى. ئۇستاخانوفچى - ستاخانوفچى - شۇ ھەرىكەت ئاكتىپى، ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغۇچى. . . ⑬، ⑭، ⑮ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى قەشقەر دەريا ۋىلايىتىدىكى يېزا-قىشلاقلارنىڭ ناملىرى. ⑯زېلېن - روسچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «يېشىل». بۇ يەردە كۆكتات، يەل-يېمىش قاتارلىق يېشىل يېمەكلىكلەرنى دېمەكچى. ⑰ئوتتەمە - بىلجىرلىما، جۆيلىمە، قوپالراق ئېيتقاندا، پوق يەپسەن، دېگەن مەنىدە. ⑱قوينىڭ بىرتۈرى. ⑲ «تەدبىركار» - ئۆزبېك تىلىدىكى يېڭى ئاتالغۇ بولۇپ، ئېنگلىزچىدىكى «بىزنېسمەن» (تىجارەتچى) سۆزىنىڭ تەڭدىشى. ⑳مېنبىرال سۇ دېمەكچى. ㉑نوش-ئىچىش، ئىچمەك. ㉒براتان - ئەسلى روسچە «برات» (ئاكا-ئۇكا، بۇرادەر، جانلىق تىلدا «ئاغىنە، ئاداش») نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، ياشلار بولۇپمۇ تاپتىن چىققانلار ئۆزئارا سۆزلەشكەندە روسچە سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. ㉓ «مارلىبورو» ماركىلىق چەت ئەل تاماكىسى نامىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى. ㉔رازدراژات - روسچە سۆز بولۇپ، «قوزغاتماق، غىدىقلىماق» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇ يەردە «تاماقنىڭ ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. ㉕كاپېيكا - «كوپېك» سۆزىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، بۇ يەردە «چەتتىن مال ئېلىپ كەلسەڭ، شاراقشىتىپ پۇل تاپىسەن» دېمەكچى. ㉖چىرچىق - تاشكەنت شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سانائەت شەھىرى.

«جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (ئۆزبېكچە) نىڭ 1998-يىل مارت سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : **يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق**(M2)

بۇ سان 1999-يىل 1-مارتتا تىزىشقا يوللاندى، 30-مارتتا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1) رىسالەت مۇھەممەت(M2) . بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# هايات هەقىقەتلىرى

## ئىشلىرىڭىز ئۇتۇقلۇق بولسۇن

كىرىش

«1952-يىلي ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى بىر يەھۇدىينى زۇڭتۇڭلۇققا تەكلىپ قىلىدۇ، ئۇ كىشى بۇ تەكلىپنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىدۇ. زۇڭتۇڭ بولۇشنى رەت قىلغان بۇ كىشى كىم؟ بۇ — ئېينىشتېين ئىدى.

ئامېرىكىدىكى بىر رادىئو شىركىتى بىر ئالىمنى رادىئو نۇتقى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ئېنىمىنى سۆزلىسە بولىۋېرىدىغانلىقىنى، مىنۇتىغا 1000 ئامېرىكا دوللىرى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، بۇ تەكلىپمۇ چىرايلىقچە رەت قىلىنىدۇ. بۇ ئالىم كىم؟ بۇ — يەنە شۇ ئېينىشتېين ئىدى».

ئېينىشتېين مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ كۆپ قىسىم بىلىمىمىز ۋە ئېتىقادىمىز بىزگە باشقىلار ياراتقان تىل بىلەن باشقىلار ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن».

ئېينىشتېينگە ئوخشاشلا داڭلىق بولغان يەنە بىر ئىلىم مۇئەككىلى نيۇتون مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن يىراقنى كۆرەلىگەن بولسام، بۇ مېنىڭ گىگانتلارنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ تۇرغانلىقىمدا!».

دەرۋەقە، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئىچىدە باشقىلارنىڭ پىكرىدىن پايدىلانمىغان بىرىمۇ بولمىسا كېرەك؛ ئۇلار ئۆز ئىشلىرىدا دائىم دېگۈدەك ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىدىيە-پىكىرلىرىدىن ئىلھام ئالغان بولىدۇ. رېئاللىق شۇكى، كىشىلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىدىيە-پىكىرلىرى بىلەن تولۇق تونۇشلۇقى بولغان ھالدا ئۇ ئىدىيەلەرنىڭ يېڭى ئەھۋالغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن چاغدىلا يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

باشقىلارنىڭ پىكرى، تەجرىبە-ساۋاقلىرىدىن كۆپرەك پايدىلانساق، ئۆتكۈزىدىغان سەۋەنلىكلىرىمىز ئازراق بولىدۇ؛ پەقەت نادان ۋە جاھىل كىشىلەرلا باشقىلارنىڭ ئىنتايىن چوڭ بەدەل تۆلىشى ھېسابىغا قولغا كەلگەن بۇ قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلىرىغا نەزەر سالمايدۇ. ھازىر بىز بۇ تەجرىبە-ساۋاقلاردىن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا پايدىلىنىدىغان تۇرساق، نېمىشقا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىمىز؟

باشقىلارنىڭ پىكرىدىن پايدىلىنىش ھەرگىزمۇ ئۇلار نېمە دېگەن بولسا، شۇ بويىچە قىلىش، نەگە يېتەكلىسە شۇ يەرگە مېڭىش دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر سىزنىڭ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى دەستەك قىلىۋالىدىغان، ئۇنىڭغا ئۆلۈك ئېتىقاد قىلىدىغان ئادىتىڭىز بولسا، ئۇنداقتا ياخشىسى ئۇ پىكىرلەرنى ئاڭلىمىغىنىڭىز تۈزۈك، ئاڭلاپ سالسىڭىز تارتقان زىيىنىڭىز تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

دانالار خەزىنىسى

يېقىن ھايات يولىدىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئىچىدىن بىر قىسىم كىتاب ئوقۇش پۇرسەتلىرىنى تاپالىغانىدى. كۆرگەنلىرىم كۆپ ئەمەس، شۇنىسى ئوقۇغانلىرىمدىن خاتىرە قالدۇرۇش ماڭا ئادەت بولۇپ قاپتۇ. يېقىندىن بۇيان دەپتەرلىرىمنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋېتىپ، ئۇلاردىن يالغۇز ئۆزۈملا پايدىلانسام بىر ئاز پېخسىقلىق بولۇپ قالامدۇ قانداق، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم ـ دە، كىتاب ئوقۇش پۇرسىتى كۆپ بولمىغان كىشىلەرگە پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن نىيەتتە، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا «ھېكمەتلەر» نامىدا مۇنداقلا رەتلەپ چىقتىم.

يېقىن پاراسەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ يەردە يېزىلغانلارنى بىردىنبىر شىپالىق تۇرمۇش رېتسېپى دەپ چۈشىنىپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇلار بىزنىڭ بىرەر مەسىلىنى توغرا قارارلاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرەلىسە، ياكى ھېچ بولمىغاندا بىرەر ئىشتا بىزگە ئىلھام بېرىپ، پىكرىمىزنى ئويغىتالىسا شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.

تېكىستلاردىن بىر قىسمىلىرىنىڭ ستاتا مەنبەسى كۆرسىتىلمەي قالدى. بۇ، بىرىنچىدىن، مېنىڭ ئەينى چاغدىكى بىپەرۋالىقىمنىڭ نەتىجىسى بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن مەن ئوقۇغان ماتېرىياللاردىمۇ بۇ تېكىست ئاپتورلىرىنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلمىگەنىدى.

ـ مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

# ھېكمەتلەر

## 1. نەسىھەتلەر

### «قابۇسنامە» دىن ھېكمەتلەر

▲ ئارتۇقچە يۇۋاش بولساڭ خەلق سېنى باسىدۇ، زىيادە ئۆتكۈر بولساڭ، خەلق سەندىن قاچىدۇ. «يۇۋاش بولساڭ باسارلار، يامان بولساڭ ئاسارلار». يۇۋاشلىق ۋە ئۆتكۈرلۈك ئارىسىدا مۆتىدىل بول، شۇندىلا خەلققە دوست بولالايسەن.

▲ سۆز تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: بىر تۈرلۈك سۆز باركى بىلىپ قويۇش كېرەك، ئەمما سۆزلىمە (بىراۋنىڭ ئەيىبىنى بىلسەڭمۇ سۆزلىمە، بۇ غەيۋەت دېيىلىدۇ). يەنە بىر تۈرلۈك سۆز بار، بىلمە ھەم سۆزلىمە (بۇ سۆز يالغان سۆزدۇر). يەنە بىر تۈرلۈك سۆز بار، بىلىۋال ھەم سۆزلە (پايدىلىق سۆز). يەنە بىر تۈرلۈك سۆز باركى، سۆزلەيسەن بىلمەيسەن (بۇ، قۇرئاندىكى ئايرىم ئىبارىلەر).

▲ ھوشيار كىشى نېسى نەرسىنى دەپ نەقنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك.

▲ ئەگەر دۈشمەن كىشى بولسىمۇ، بىر ئىشنى مەسلىھەت سالسا توغرا مەسلىھەت بېرىش كېرەك، خۇسۇسەن بۇ ئىشتا ئۆزىڭمۇ نەپ تېگىدىغان بولسا.

▲ دانا دۈشمەن ئۆز ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى كۆزلەپ، كۆرۈنۈشتە بەك يۇۋاش-يۇمشاقلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قەلبىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. لېكىن ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئاجايىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ. شۇڭا، دۈشمەن قانچە مۇلايىملىق كۆرسەتسە، ئۇنىڭدىن شۇنچە گۇمان قىلىش كېرەك.

▲ كىشى بىلەن ئالدىرىمايراق دوست بول، دۈشمىنىڭگە ئالدىرىمايراق دۈشمەنلىك قىل. بىر كىم بىلەن بەك قىزغىن دوست بولۇپ كەتمىگىن، ئۇنىڭدىن ئاداۋەت يېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بار. دۈشمىنىڭگە دۈشمەنلىك قىلىشقىمۇ بەك ئالدىراپ كەتمىگىن، ئۇنىڭدىن دوستلۇق كېلىش ئېھتىمالى بار.

### شەيخ سەئدىي ھېكمەتلىرىدىن

▲ دوستۇڭغا ئۇنچە كۆپ قۇۋۋەت بەرمە، چۈنكى ئەگەر دۈشمەنگە ئايلانسا سېنى يېڭىۋالىدۇ.

▲ ھېچكىم مەندىن ئوق ئېتىشنى ئۆگەنمىدى، ئاخىر مەنمۇ بولمىدىم ئاڭا نىشان.

▲ يوشۇرۇن ساقلىماقچى بولغان سىرىڭنى ھېچكىمگە ئاچما، گەرچە بەك سەمىمىي دوستۇڭ بولسىمۇ؛ چۈنكى بۇ دوستۇڭنىڭمۇ سەمىمىي دوستى بولۇشى مۇمكىن گويا زەنجىرسىمان.

«سىرىمنى دەي ساڭا، ئېيتما كىشىگە»
دېگەندىن ئەلۋەتتە سۈكۈت ياخشىراق.
ئەي پاك دىل باشتىن توس بۇلاق سۈيىنى،
ئۆستەڭلەپ ئاقاندا تەس بولۇر توسماق.

▲ دىلنى رەنجىتىدىغان خەۋەرنى ئۇقساڭ سۈكۈت قىل، باشقىلار يەتكۈزسۇن.

* * *

▲ ئاچچىقلىنىش ئەخمەقلىقتىن باشلىنىپ پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ـ پىفاگور

▲ ئەگەر دانا بولساڭ، دۆلەتمەنگە، ھاكىمغا، گۆدەككە، قېرىغا، زاھىدقا، دانىشمەنگە، ئايالغا، ئەخمەققە ۋە مۇئەللىمگە قارشى چىقما.

ـ ھىندى ھېكمىتى

▲ يا كىشىلەر ئوقۇشقا ئەرزىگۈدەك ئىشلارنى ياز، يا كىشىلەر يازغۇدەك ئىشلارنى قىل.

▲ ئەخلاقنى سېتىپ بايلىق ئالما، ئەركىنلىكنى سېتىپ ھوقۇق ئالما.

ـ فرانكلىن

▲ تۇرمۇشۇم خاتىرجەم بولسۇن، ياخشى نام-شەرىپىمنى ساقلاپ قالاي دېسىڭىز رىئايە قىلمىسا بولمايدىغان مۇنداق بىر قانۇنىيەت بار، ئۇ بولسىمۇ «كۆپ تېپىش، ئاز خەجلەش». ھەممە جايغا تۇزاق قۇرۇلغان بۇ جەمئىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش يوق.

ـ سلس

▲ قىلغان ھەر قانداق ئىشىڭدىن پۇشايمان قىلما، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەجرىبىدۇر. ھەتتا سېنى يەرگە قاراتقان، رەسۋا قىلغان ئىشلارمۇ قىممەتلىك تەجرىبە دېيىشكە ئەرزىيدۇ. سەن بېشىڭدىن ئۆتكەن ھەر قانداق بىر ئىش بىلەن «بېيىپ» كېتىسەن.

ـ ئېلىشۋاز بروم

▲ باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان ئادەم بولالمىغانلىقىدىن قايغۇرماڭ، چۈنكى سىزمۇ ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان ئادەم بولالمايسىز.

ـ ت. توماس

▲ئامىتىڭ كەلگەندە ساڭا يېقىنلاشمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا يامان ئادەم بولۇشى ناتايىن. چۈنكى ئەتراپىڭغا ئولاشقان كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ جاينى تېخىمۇ قىستا-قىستاڭ قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلار ئۆزىنى چەتتىرەك تۇتقان بولۇشى ئېھتىمال. شۇنى بىلگىنكى، ئامىتىڭ قېچىپ ئەتراپىڭ بوشاپ قالغاندا، سېنى ئىزدەپ ياخشى مەسلىھەت بېرىدىغان كىشىلەر كۆپىنچە ئەنە شۇ ئادەملەر ئىچىدىن چىقىپ قالىدۇ.

- مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

* * *

▲ئاچچىقلىنىش - باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىنى جازالىغانلىقتۇر.

▲ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، سىزنى مەغلۇب قىلالايدىغىنى باشقىلار ئەمەس، ئۆزىڭىز، سىزنى ھەقىقىي تۈردە قۇتقۇزالايدىغىنىمۇ باشقىلار ئەمەس، يەنىلا ئۆزىڭىز.

▲تۆت نەرسە تۆت نەرسە بىلەن تۈگەيدۇ: تەنتەكلىك - رەسۋالىق بىلەن؛ قوپال سۆزلۈك - كۆڭۈلسىزلىك بىلەن؛ غەزەپ - پۇشايمان بىلەن؛ ھورۇنلۇق - خار-زارلىق بىلەن.

▲تۆت نەرسە ئادەمنىڭ ئابرويىنى تۆكىدۇ: ھەزىل - چاقچاق، ئاچكۆزلۈك، ئاغزى بوشلۇق، شالالاقلىق.

▲تۆت نەرسە ئادەمنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ: دوستلارنىڭ سەمىمىي مەسلىھەتى بىلەن ئىش كۆرۈش؛ دۈشمەن بىلەن خۇش مۇئامىلىدە بولۇش؛ ئاچچىق سۆزنى يۇتۇش؛ نەپس ئارزۇسىنى پەسەيتىش.

▲تىلنىڭ ئەقىلنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشىغا يول قويما.

▲تىڭشاشتا بىرىنچى، سۆزلەشتە ئاخىرقىسى بول.

▲ئۆزۈڭ توغرا دەپ بىلگەن ئىشنى قىلغۋەر. بەربىر قىلساڭمۇ تەنقىدلەيدىغانلار چىقىدۇ، قىلمىساڭمۇ تەنقىدلەيدىغانلار چىقىدۇ.

▲ساقلىنىش قىيىن بولغان زىياننى بىۋاقىت كەلگەن پايدىدىن ئەۋزەل بىلىڭ.

▲ئىككى يۈت بىلەن ئىككى كالپۇك ئارىسىدىكى ئەزالىرىڭدىن ئېھتىيات قىل.

▲دۈشمىنىڭگە ئۆلۈم تىلىگىچە، ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە.

▲ئىسلام تەمسىلىدە، گەپ قىلىشتىن ئىلگىرى مۇنداق ئۈچ نەرسىنى ئويلاش تەۋسىيە قىلىنغان: بىرى، قىلغان سۆزۈم راستمۇ ياكى يالغانمۇ دېگەننى ئويلاش؛ يەنە بىرى، چوقۇم ئېيتىش كېرەكمۇ دېگەننى ئويلاش؛ ئۈچىنچىسى، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويارمەنمۇ دېگەننى ئويلاش.

▲ئۆڭىڭدىن قورقما، چۈنكى ئۇمۇ سېنىڭدىن قورقىدۇ.

## 2. كىشىلىك تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى

▲ئەسلىدىن دۈشمەن بولغانلار بىلەن ئۆلپەت بولۇش قەھرىلىك يولۋاس ياكى زەھەرلىك يىلانغا دوست بولغانلىقتۇر.

- «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن

▲دوستلار زىنداندا ئەسقاتىدۇ، داستىخان ئۈستىدە ھەممە دوست كۆرۈنىدۇ.

▲مەنمەنچىگە نەسىھەت قىلغان ئادەم ئۆزى نەسىھەتكە موھتاج.

- شەيخ سەئدىي

▲سىز ۋە مەن ھازىرقى مۇشۇ دەقىقىدە ئەبەدىي باغلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدا - ئەبەدىي كەلمەسكە كەتكەن ئۆتمۈش، شۇنداقلا چەكسىز سوزۇلغان كېلەچەكتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدا تۇرىمىز. ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەتە ئۈچۈن پەرىشان بولما» دېگەن سۆزىگە ياكى ۋىليام ئوسلېر كىراملىرىنىڭ: «تۇرمۇش تامامەن تەنھا بۈگۈن ئىچىدە» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلالىسىڭىز ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن بولىسىز.

▲ئىنسان دۇنيادا نەچچە ئون يىللا ياشايدىغان تۇرۇقلۇق، نۇرغۇن ۋاقتىنى زايە قىلىپ، بىر يىل ئىچىدىلا ئۇنتۇلۇپ كەتكىلى بولىدىغان ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرىدۇ... چۆرۈۋېتىشكە ۋە ئۇنتۇپ قېلىشقا تېگىشلىك ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرمەڭ؛ ئۆمۈر دېگەن بەك قىسقا.

- دېيىل كارنېگ

▲شەكىللىنىپ بولغان پاكىتنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈز بېرىدىغان ھەر قانداق بەختسىزلىكنى يېڭىشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

- ۋىليام جېمىس

▲ھاياتىمىزدىكى قىسقىغىنا مۇساپە نېمىدېگەن ئەگرى - توقاي-ھە، ئۇششاق باللار: «چوڭ بالا بولغان چېغىمدا» دېيىشىدۇ، چوڭ بالا بولغاندا نېمە بولماقچى؟ چوڭ باللار: «چوڭ بولۇپ ئادەم بولغاندىن كېيىن» دېيىشىدۇ، چوڭ بولۇپ ئادەم بولغاندىن كېيىن نېمە بولماقچى؟ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئوي-پىكرى «پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن» گە ئۆزگىرىدۇ. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى ئەسلىسە تېنىنى تىترەك باسىدۇ. .. بىز تولا چاغلاردا ھاياتلىق تۇرمۇش ئىچىدە، ھەر بىر كۈن ۋە ھەر مىنۇت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلىۋېلىشقا ئامالسىز قالىمىز.

- ستېفان رىكولىك

▲روھىي پەرىشانلىق كەلگۈسى ئۈچۈن غەم يەيدىغان كىشىگە چىڭ ئەگىشىۋالىدۇ... بارلىق ئەقىل-پاراسىتىڭلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بارلىق سەمىمىي نىيىتىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، بۈگۈنكى خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەڭلار، بۇ، كەلگۈسىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى.

- ئوسلېر كىراملىرى

▲ئەخمەققە بېرىدىغان جاۋاب سۈكۈتتۇر.

- «قابۇسنامە» دىن

▲خائىن مۇلايىم، خۇشامەتچى ساختىپەز كېلىدۇ.

- ئەلشىر نەۋائىي

▲رېئاللىق ماڭا، پادىشە بولساڭ بولغىنىكى، ئالدانغان تەقۋا بولما، دەپ ئۆگەتتى.

- «ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئايال» دىن

▲ئەقىلسىز ئۆتمۈش بىلەن ماختىنار، كالتە پەم كېلەچەك بىلەن، ئاقىل ھازىر بىلەن.

- ھىندى ھېكمىتى

▲ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ سادا قەتمەنلىك خىسلىتى دەل ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئاسانلا قىلتاققا چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ئۇنى ئۇنچىۋالا ئەيىبلەپ كەتمەڭ، ئۇ يولۇققان قىسمەتكە دۇچ كەلسىڭىز سىزمۇ شۇنداق بولۇپ قالاتتىڭىز. ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنداق قىسمەتكە يولۇقمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن خۇداغا رەھمەت ئېيتىڭ.

— مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

▲دۈشمىنىڭگە قەرز بەرسەڭ، ئۇنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن، دوستۇڭغا قەرز بەرسەڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

— فرانكلىن

▲غەيرىي ئىشنىڭ ئۆمرى قىسقا.

— ژوۋاننىي بوككاچچو

▲ئۆزىنى بىلىش ۋە سىر ساقلاشتىن مۈشكۈل ئىش يوق.

— دىئوگېن

▲كېسەللىك پۇل ياكى كىشىنىڭ مەرتىۋىسىگە ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەيدۇ.

— جيا جىنرۋي

▲ئەگەر ئەنسىزلىك ۋە غەم-قايغۇنى چۆرۈپ تاشلاشنى بىلىدىغان بولسا، ھازىر دوختۇرغا كۆرۈنۈپ يۈرگەنلەرنىڭ 70 پىرسەنتى ئۆزىگە ئۆزى دوختۇر بولالايدۇ.

— دوكتور گوبىل

▲بىر ئادەم ئەگەر باشقىلارنىڭ ئېھتىياجى چۈشىدىغان بىر خىل ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولسا، مەيلى قانداق جايدا بولمىسۇن كۆمۈلۈپ قالمايدۇ.

— ئېمرسون

▲تۈنۈگۈنكى ۋاقىت-ئۆتمەس چەك، ئەتىكى ۋاقىت ئالدىن كېلىشىپ قويغان چەك بولىدۇ. پەقەت بۈگۈنكى ۋاقىتلا پۇل بولۇپ، ئۇمۇ شۇ سائەت، مۇشۇ مىنۇتتىلا ئوبوروتچانلىققا ئىگە.

— ساكىمىڭ يىياڭ (ياپون)

▲بىراۋنىڭ ھەقىقىي پەزىلىتىنى ئۆلچەشتە، ئۇنىڭ كىشى بىلمىگەن ۋە سەزمىگەن پەيتلەردە نېمىلەرنى قىلغانلىقىغا قاراش كېرەك.

— مونتېسكيو

▲بەزىدە تىرىكلەرنى چۆكۈرۈش ئۈچۈن ئۆلۈكلەر ئاجايىپ ماختىلىدۇ.

— جالالىددىن رۇمى

▲خۇشال بولۇشنىڭ يولى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىشتا ئەمەس، بەلكى قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارنى ياقتۇرۇشۇڭدا.

— جامس. م. بارىرىنى

▲جىمجىتلىقتا يەتتە خاسىيەت بار: 1. ئۇ، زىبۇ-زىننەتسىز گۈزەللىك؛ 2. سەلتەنەتسىز ھەيۋەت-قۇدرەت؛ 3. مېھنەتسىز ئىبادەت؛ 4. سېپىلسىز قورغان؛ 5. ئۆزرىدىن قۇتۇلۇش؛ 6. پەرىشتىدەك ئازادىلىق؛ 7. ئەيىبلەردىن خالىيلىق.

— لوقمان ھەكىم

▲بارلىق ھۇجۇم سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىش ۋاقتى ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋاقتىدىن كۆپ ئېشىپ كەتسە، ئېھتىمال بىزنىڭ ئىشىكنى تاقاپ، ئىشنى توختىتىشىمىزغا توغرا كېلەر. مەن قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشىپ ئۆزۈم ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان ئىشنى چوقۇم تاكى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىمەن. ناۋادا ئاخىرقى نەتىجە مېنىڭ توغرا قىلغانلىقىمنى ئىسپاتلىسا، ھېلىقى قارشى مۇقاملار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولىدۇ. ناۋادا ئاخىرقى نەتىجە مېنىڭ خاتا قىلغانلىقىمنى ئىسپاتلىسا، ئۇنداقتا ئون پەرىشتە مېنى ئاقلىغىنى بىلەنمۇ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ.

— ئابراھام لىنكولن

▲تاقەت قىلىشنى بىلىش، ئازار يېگەندە ئۈن چىقارماسلىق، 100 قېتىم يىقىلسا 101-قېتىملىقىشنى قايتا باشلاشنى ئۆگىنىۋېلىش، بۇ، ئادەملەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا، مۆجىزە يارىتىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ماھارەت.

— «ئاشىن» دىن

▲بىر ئۆلۈكنىڭ روھى قايتا تىرىلمەكچى بولغاندا، ئەزرائىل ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى تازا باي قىلىۋېتەيمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن باي بولۇشنى خالىمايمەن، باياشادلىقنىڭ قايغۇسىمۇ بولىدۇ، مەن قايغۇسى يوق كۆڭۈللۈك كۈن ئۆتكۈزۈشنى خالايمەن.

— ئەگەر شۇنداق جاي بولسا، سەن مېنى شۇ يەرگە باشلاپ بارساڭ قانداق، — دەپتۇ ئەزرائىل.

— ياپون يۇمۇرى

* * *

▲بېشىڭىزغا بەخت قۇشى قونغاندا، دوستىڭىز سىزنى چۈشىنىدۇ، بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە سىز دوستلىرىڭىزنى چۈشىنىسىز.

▲يالغانچى ئادەم خاتىرىسى كۈچلۈك ئادەمدىن بەك قورقىدۇ.

▲مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالمايدىغان ئادەم مەخپىيەتلىككە ھەممىدىن بەكرەك قىزىقىدۇ.

▲ئۆيگە كەلگەن ئادەمنى بىلىش قىيىن، ئۇنى بىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە بېرىش كېرەك.

▲ئېگىز نەرسىنى ئاسانلا شامال سوقىدۇ، ئاق نەرسىگە ئاسانلا كىر يۇقىدۇ.

▲تىرىشچان كىشىلەرنىڭ تۆككەن تەرى قول قوشتۇرۇپ تۇرغۇچىنىڭ كۆز يېشىدىن قىممەتلىك

▲ئاھ ئۇرۇش-ئاجىزلارنىڭ ئادىتى، ھەرىكەت قىلىش-غالىبلارنىڭ خاراكتېرى.

▲تارتىنساڭ سۆزۈڭنى كەم قىلۇر، ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كەم قىلۇر.

▲ياخشى ئىشنى ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ، يامان ئىشنىڭ دۇمبىقى ھەممە يەردە ياڭرايدۇ.

▲ئەگەر ئۆزىمىز ئىگە بولغان تەجرىبە-ساۋاقلىرىمىزنى ساتالىغان بولساق ھەممىمىز مىليونېرغا ئايلانغان بولاتتۇق.

▲قېرىلار كۈچسىزلىك ۋە ئاجىزلىق، ياشلار بولسا تەجرىبىسىزلىك تۈپەيلىدىن ناھايىتى كۆپ پايدىلىق نەرسىلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

▲مۇرەككە شاپىلاقدىغانلىق «سۆزۈمگە كىرسەڭ بويۇنۇمغا مىنىمەن» دېگەنلىك.

▲تەجرىبە-ئىنتايىن كېرەكلىك بىلىم، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېرىشىدىغان چاغدا بەك كېچىكىپ قالىدۇ.

▲سىناپ كۆرۈلگەن شەيتان، سىنالمىغان پەرىشتىدىن ياخشى.

▲ھەقىقىي بايلىق-ساغلام بەدەن، ئاددىي-ساددا تۇرمۇش ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىدۇر.

▲دوستلارنىڭ ھەسىتى — دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن يامان.

▲تۇرمۇش سەمىمىي ئادەملەرنىڭ دوستى، ساختىپەزلەرنىڭ جازا مەيدانى.

▲ئۆز پىكرىدە ھەددىدىن زىيادە چىڭ تۇرۇۋېلىش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالىماسلىق كۆپ ھاللاردا مەغلۇبىيەتكە

ئېلىپ بارىدۇ.

▲باتۇرلار ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ، ئاجىزلار باشقىلارنى.

▲ۋاقىتتىن ئالتۇن كېلەر، ئالتۇنغا ۋاقىت كەلمەس.

▲ياشلار تەجرىبىلىك، قېرىلار چەبدەس بولسا، دۇنيا تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ.

▲ھىيلە بىلەن تۈلكە تۇتۇلار، جاسارەت بىلەن بۆرە.

▲يول تاپالىغان چاشقان مۈشۈكنىمۇ چىشلەيدۇ.

▲بىر دەملىك ئاچچىققا ھاي بەرگەن يۈز كۈنلۈك غەمدىن قۇتۇلغاي.

▲قورساق سەككىز ئۈلۈش تويسا، دوختۇرنىڭ ھاجىتى يوق.

▲گۈلزارلىقتا ئەتىرنىڭ قەدرى يوق.

▲ئىتنى ئەركىلەتسەڭ ئاغزىڭنى يالايدۇ.

▲ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتىدۇ.

▲ئەزمە ئويلاپ بولغىچە، تەۋەككۈلچى مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

▲خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا بولماس.

▲ۋاز كېچىشنى خالىمىغان نەرسىڭىزگە ئۆزىڭىزمۇ ئىگە بولالمايسىز، لېكىن ئۇ نەرسە سىزنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ.

▲بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ھەقىقىي ئۇتتۇرغۇچىلار ئارىماققا ئۇتىدىغانلىك كۆرۈنىدىغانلاردۇر.

▲سەن تەشۋىش قىلغان ئىشنى قىلساڭ تەشۋىش تەبىئىي ھالدا يوقىلىپ كېتىدۇ.

▲كۈلۈمسىرەش چارچىغانلار ئۈچۈن ئارام ئېلىش، مۈڭگا پېتىپ قالغانلارغا كۈندۈز، ھەسرەت چېكىۋاتقانلار ئۈچۈن كۈن نۇرى، دەرد-ئەلەملەرنى تۈگىتىشتە تەبىئەت دۇنياسىدىكى شىپالىق دورا.

▲يولدىن چىقمايدىغان شەھەر ئاھالىسى بىلەن قائىدە-يوسۇنلۇق، بىلىملىك كىشىلەر سودىگەر بولالمايدۇ. سودا بىلەن شۇغۇللىنىشتا تەۋەككۈل قىلىش روھى ۋە قانۇندىكى بەزى يوچۇقلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

* * *

▲بىرى مەززىلىك يېمەكلىكنى ئۆزى بىر چىشلەم يەپلا، ھەممىنى يەنە بىرىگە يېگۈزىدۇ، يەنە بىرى يەپ-يەپ پەقەت بىر چىشلەم قالغاندىلا يەنە بىرىگە يېگۈزىدۇ، بۇلار كىم بىلەن كىم؟ ئالدىنقىلىرى ئانا بىلەن بالا؛ كېيىنكىلىرى بالا بىلەن ئانا.

-مۇشاۋمى

## 3. ئۆزىنى تۇتۇش ۋە ئۆزىنى تەربىيىلەش

▲ئۆزىگە ھاي بېرىش ئازابلىقتۇر، ئەمما ئۇنىڭ مېۋىسى شېرىندۇر.

-روسسو

▲غەزەپنى تەرك ئەتمەك ھەممە ياخشى خۇيلارنىڭ ئاتىسى، ئاچچىقلانماق بارلىق يامان خۇيلارنىڭ ئانىسى.

▲ئادەمنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇنىڭ ئۆز ئاچچىقىنى باسالىشى بىلەن بولىدۇ.

- «كەلىلەۋە دىمنە» دىن

▲كىم ئەقىللىق؟ ھەممىلا ئادەمدىن ئۆگىنىشكە ماھىر بولغانلار ئەقىللىق. ئۆتكەن دانىشمەنلەر مۇنداق دېگەنىدى: «كېتىپ بارغان ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئۇستازىم بار».

▲بىلىمنىڭ كۆپىنچىسى باسما سودىگەرلىرى زىيان تارتقان كىتابلاردىن كېلىدۇ.

«ئوكسفورد ئەقلىيە سۆزلىرى توپلىمى» دىن

## تالانتلىق بولۇپ يېتىلىش فورمۇلاسى

### 1. ئېدىسون فورمۇلاسى:

98% جاپالىق ئەمگەك+2% سەزگۈرلۈك=تالانت

### 2. ئېينشتېين فورمۇلاسى:

ئۇتۇق $=x+y+z$

فورمۇلادىكى x - تىرىشچانلىق، y - توغرا ئۇسۇل، z - قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش.

### 3. جۇڭگونىڭ تالانت ئىلمىي تەتقىقاتى فورمۇلاسى:

$$F=f(x,y,z,g)=f(xyzg);f=(o)O$$

F (تالانت) بولسا، x (ئىرسىيەت ئامىلى)، y (سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق)، z (مۇھىت)، g (پۇرسەت) لەرنىڭ فونكسىيىسىدىن ئىبارەت.

مۇھىت دېگەندە، دەۋر ئېقىمى، جەمئىيەت ئېھتىياجى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، شۇنىڭدەك ئائىلە، مەكتەپ، خىزمەت ئورنى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ پۇرسەت دېگەندە، ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى پۇرسەت ئېھتىماللىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. فورمۇلادا تۆت ئەزا كۆپەيتمە ھالىتىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ خالىغان بىرى نۆلگە تەڭ بولسا، تالانت ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

### ساغلاملىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ فورمۇلاسى:

$$Q=\frac{\alpha+b+c+d}{x+y+z}$$

فورمۇلادىكى Q - ساغلام، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش. α - كەيپىيات تۇراقلىقى، b - ھەرىكەت، c - مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش، d - قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش رىتىمى، x - ھورۇنلۇق، y - ھاراق، z - تاماكا.

▲كەمتەرلىك - دانا بىلەن نادانىنى ئايرىيدىغان مىزاندۇر.

▲ھەر قانداق قېرىلىقمۇ سالماقلىق بىلەن گۈزەلدۇر.

▲ بېرىلىپ تىڭشاش ۋە ئورۇنلۇق جاۋاب قايتۇرۇش ئادەمدىكى ئەڭ ئالىي مۇكەممەللىكلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

▲ پېسخىكىسى ساغلام كىشىلەرنىڭ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، خۇشخۇي كېلىدۇ؛ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن كۆڭلىدە غۇم ساقلىمايدۇ؛ كەيپىيات جەھەتتە تۇراقلىق بولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ؛ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىدۇ؛ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ؛ ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىدۇ؛ كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار كېلىدۇ؛ بىئارامچىلىقتىن ۋاقتىدا قۇتۇلالايدۇ.

▲ خۇدا ئۆز گۇناھىغا تۇۋاقىلغان بىر گۇناھكارنى، زادى خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن 100 ئادىل كىشىدىنمۇ ياخشى كۆرگەنىكەن.

▲ ھازىرقى تىنچ دۇنيادا، سىنىڭ قان ئاققۇزۇشتىن قورقماي پىداكارلىق كۆرسىتىشتەك جاسارىتىڭگە بولغان ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەت ناھايىتى ئازىيىپ كەتكەن بىر چاغدا ئادەتتىكىچە

غەيرەت-جاسارەتلا كۆپايە قىلىدۇ. ئالايلۇق، ئازدۇرۇشقا قارشى تۇرالايدىغان غەيرەت، باشقىلارنى دورىمايدىغان غەيرەت، چىن سەمىمىيىتىڭنى ئىپادىلەيدىغان غەيرەت، چىن ئادەم بولۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان غەيرەت، ئۆز يولۇڭدا ماڭالايدىغان غەيرەت قاتارلىقلارنىڭ بولۇشىلا كۇپايە.

## 4. كىشىلەرئارا مۇناسىۋەت

### شەيخ سەئدىي ھېكمەتلىرىدىن

▲ ئىتائەت قىلىش ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلغان دۈشمەن پەقەت كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى «دوستلارنىڭ دوستلۇقىغا ئىشەنچ يوق» دېيىلىۋاتقان يەردە دۈشمەننىڭ خۇشامەتكويلۇقىغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن؟!

▲ دۈشمەننى يۇمشاق مۇئامىلە بىلەن دوستقا ئايلاندۇرالمايسەن، بەلكى ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىسەن.

▲ نادانغا سۈكۈت ساقلاشتىن ياخشى نەرسە يوق. ئەگەر ئۇ بۇ مەسلىھەتنى چۈشەنسە، نادان بولماس ئىدى.

ئېنىقكى، سەندىن ھايۋان تىل ئۆگەنمەس،
ئۇنىڭدىن سەن ئۆگەن سۈكۈتتە بولماق.

▲ ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ زۆرۈر قائىدىلىرىدىن بىرى مۇنداق: ياكى ئۆزۈڭگە ئۆي سېلىۋال، ياكى ئۆي ئىگىسى بىلەن چىقىشىپ ئۆت.

### «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن ھېكمەتلەر

▲ سۈلھ قىلىدىغان چاغدا دۈشمەن بىلەنمۇ دوست بولۇپ ھاجەتنى راۋا قىلماق كېرەك.

▲ ئەگەر ماڭا ئۇنىڭغا يېقىن بولۇش شەرىپى مۇيەسسەر بولسا، مۇنۇ بەش ئىشنى قىلىمەن: بىرىنچىسى، پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن خىزمەت قىلىمەن؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ تەبئىيىتىگە ياقىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن؛ ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭ خۇي-پەيلىنى كىشىلەرگە ياخشى تەرىپ قىلىپ بېرىمەن؛ تۆتىنچىسى، ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش، ياخشى تەدبىرلەرنى يولغا قويسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ياخشى تەرىپ-تەۋسىيە قىلىپ ماختايمەن؛ بەشىنچىسى، ئەگەر بىرەر ئىشنى باشلىماقچى بولسا، ئۇنىڭ زېھنىنى شېرىن سۆزلەر ۋە ياخشى تەمسىللەر بىلەن ئۇنىڭغا بايان قىلىمەن.

▲ دوست ئۈچ قىسىم بولىدۇ: بىرىنچى، خالىس دوست؛ ئىككىنچى، دوستىنىڭ دوستى؛ ئۈچىنچى، دۈشمىنىنىڭ دۈشمىنى. دۈشمەنمۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاشكارا دۈشمەن؛ ئىككىنچىسى، دوستىنىڭ دۈشمىنى؛ ئۈچىنچىسى، دۈشمىنىنىڭ دوستى.

▲ ھەر كىمدە مۇنۇ ئالتە خىسلەت بولسا، ئۇنىڭ دوستلۇقىدا قۇسۇر يوق بولىدۇ: ئاۋۋىلى شۇكى، ئەگەر دوستىنىڭ ئەيىبىنى بىلسە ئۇنى كىشىگە ئىزھار قىلماسلىق كېرەك؛ ئىككىنچىسى، دوستىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسە بىرىنى ئون قىلىپ ئېيتىش كېرەك؛ ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان بولسا، مىننەت قىلماسلىق ۋە نەزەرىدە تۇتماسلىق كېرەك؛ تۆتىنچىسى، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت يەتسە ئۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك؛ بەشىنچىسى، ئەگەر ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئۆز تەرىپىگە بىرەر خاتالىق يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنى كۆڭلىگە ئالماسلىق ۋە ئەپۇ قىلىش كېرەك؛ ئالتىنچىسى، ئەگەر ئۆزرە قويسا قوبۇل قىلىش كېرەك.

### دېنىيل كارنىگ ھېكمەتلىرىدىن

▲ قارشى تەرەپنى ياردەمگە تەكلىپ قىلساڭ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپلا قالماي، بەلكى سەنمۇ دوستلۇق ۋە ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن.

▲ باشقىلارغا چىن دىلىدىن قىزىقىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئاي ئىچىدە ئېرىشىدىغان دوستى، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىزىقىشىنى كۈتىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە تاپقان دوستىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

▲ بۈگۈندىن كېيىن ناۋادا سىز ئۆلگىچە ئۇنتۇمايدىغان ئاداۋەت پەيدا قىلاي دېسىڭىز، كىشىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان تەنقىدتىن بىرەرنى ئېلان قىلسىڭىزلا كۇپايە.

▲ خۇددى دوكتور جونسون ئېيتقاندەك: «قىيامەت قايىم بولمىغىچە ئاللا بەندىلىرىنى سوراق قىلمايدۇ» غان تۇرسا، ساڭا ۋە ماڭا نېمە قويۇپتۇ؟!

▲ باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، بىز بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ مەنتىقىلىق ئادەم بولماستىن بەلكى ھېسسىياتقا، بىرتەرەپلىمە قاراشقا تولغان، مەغرۇر ۋە شۆھرەتپەرەس ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك.

* * *

▲ باشقىلارغا قىزىقمايدىغان ئادەمنىڭ ئۆز ئۆمرىدە يولۇقىدىغان قىيىنچىلىقى ھەممىدىن كۆپ بولىدۇ، باشقىلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىمۇ ھەممىدىن زور بولىدۇ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەغلۇبىيىتى مۇشۇنداق ئادەملەردىن كېلىدۇ.

**- ئاف ئادېلا**

▲ ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئاددىي كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.

**- گالىلې**

▲ كىشىلەرگە تەربىيە بەرگەندە، تەربىيە بېرىۋاتمىغاندەك بولغىن، نامەلۇم شەيئىينى ئۆگىتىۋاتقاندەك ئۆتتۈرىغا قويغاندا، ئۆزۈڭ ئۇنتۇپ كەتكەن شەيئىي قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغىن.

**- «ئوكسفورد ئەقلىيە سۆزلىرى توپلىمى» دىن**

▲ ھېچكىمگە دۈشمەن بولما، ئەگەر بىراۋ ساڭا دۈشمەن بولسا قورقما، ئەمما دۈشمەننىڭ ھىيلە-مىكرىگە بىپەرۋالىق قىلما... ۋاقتى كەلمىگىچە دۈشمەنگە ئۆزۈڭنىڭ دۈشمەنلىكىڭنى بىلدۈرمە. دۈشمەن كۆزىگە ئۆزۈڭنى قانچە چوڭ كۆرسەتسەڭ بولسا، شۇنچە چوڭ، ئۇلۇغ كۆرسەتكىن. ھەر قانچە ئاجىز بولساڭمۇ ئۆزۈڭنى ئاجىز كۆرسەتمە... ئەمما دۈشمىنىڭ ھەر قانچە ئاجىز، كىچىك بولسىمۇ ئۇنى تۆۋەن، خار چاغلىما.

**- «قابۇسنامە» دىن**

▲ سەن كىشىلەرنىڭ باھاسىغا پەرۋا قىلماسلىقىڭ مۇمكىن، ئەمما كىشىلەرنىڭ ساڭا باھا بېرىشىنى توسۇشقا ئامالىڭ يوق.

**- «جېمغۇرلۇق ئىلمى، گە سۆز بېشى» دىن**

▲ بىلىمسىز كىشىلەر چوڭ ئەربابلاردىن

نۇقسان تېپىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاشۇ ئىشتىن ناھايىتى زور لەززەت ئالىدۇ.

- شوپېنخائۇئېر

▲ كىشىلەر سىنى كېرەك قىلمىغاندا، تۇرمۇشنىڭ قىلچە مەنىسى بولمايدۇ، ھاياتمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

- خىرۇششېف

▲ يۇقىرىغا ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيەت، تەڭلەرگە ھۆرمەت قىلىش ئەدەب، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە ھۆرمەت قىلىش ئالىيجانابلىقتۇر.

- فرانكلىن

* * *

▲ ھەقىقىي دوست ئەتراپتا ھېچكىم قالمىغاندا، كەمچىلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۆپچىلىك ئالدىدا ئابرويىڭىزنى كۆتۈرىدۇ. غەلىبە قازانغىنىڭىزدا سىزگە ئىلھام ۋە رىغبەت بېرىدۇ.

▲ ئۇلار ھەر قاچان بىزگە غەمخورلۇق قىلىدۇ، بىراق باشقۇرۇۋالمايدۇ، كۆڭۈل بۆلىدۇ، بىراق چەكلىمەيدۇ.

▲ كىمكى نۇقسانسىز دوست ئىزدىسە، دوستسىز قالىدۇ.

▲ ئەگەرى مىخنىمۇ تۈزلىگىلى بولىدۇ، ئۇنى قايتا قاققاندا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ يەنە ھېلىقى جايدىن ئېگىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

▲ باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە تولىمۇ سەزگۈر بولۇپ كەتمە، ساڭا قارشى چىققانلارغا ياخشىچاق بولۇشقا تىرىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. سەن ئۇنىڭغا قانچە ياخشىچاق بولمەن دېسەڭ، شۇنچە ۋشمەنلىك بولۇپ قالىسەن.

▲ سىز ئۆزىڭىزگە قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان چېغىڭىزدا، سىز ئۇنىڭغا قارشى گەپ تېپىپ رەددىيە بېرەلەيسىز، لېكىن «كولۇپلا قويغان» ئادەمگە سىز يەنە نېمە دېيەلەيسىز؟

▲ كىشىلەر بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنىڭ ئېپى، ئۇلار بىلەن ئۇلار ئەڭ قىممەتلىك دەپ بىلگەن ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىش.

▲ باشقىلارغا ھەددىدىن زىيادە يېقىنچىلىق قىلساڭ ھۆرمىتىڭنى كەتكۈزۈپ قويىسەن - دە، ئۇ سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

▲ ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا ھاقارەتكە سەل قاراش كېرەك؛ ھاقارەتكە سەل قاراش مۇمكىن بولمىغاندا، كەمسىتىش كېرەك؛ كەمسىتىشنىمۇ قاملاشتۇرالمىغاندا، ھاقارەتكە سۈكۈت قىلىشتىن باشقا ئامال يوق.

▲ كۈلكە - ئەڭ ياخشى دىپلوماتىيە تونى.

▲ مېھمانخانا خوجايىنى ئەر كۈتكۈچى ئالماقچى بولۇپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كەلگەنلەردىن مۇنداق سوئال سوراپتۇ:

- ئەگەر بىرەر ئۆينىڭ ئىشىكىنى تەسادىپىي ئېچىپ كىرىپ قالغىنىڭلاردا، ئۆيدە يالىڭاچ ھالدا يۇيۇنىۋاتقان ئايال مېھماننى كۆرۈپ قالساڭلار، ئۇنىمۇ سىلەرنى كۆرۈپ قالسا قانداق قىلىسىلەر؟

A مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «كەچۈرۈڭ» دەپ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتىمەن.

B مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «كەچۈرۈڭ خانىم» دەپلا ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتىمەن.

C مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: «كەچۈرۈڭ ئەپەندى» دەپلا ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتىمەن.

خوجايىن C كىشىنى كۈتكۈچىلىككە تەكلىپ قىلىپتۇ.

## 5. ئاياللار، مۇھەببەت ۋە نىكاھ

▲ ئاياللار قوپاللىقنى، قارىملىقنى ئەپۇ قىلىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ كەمسىتىلىشىنى ھەرگىزمۇ ئەپۇ قىلمايدۇ.

- خالبورتون

▲ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئوماق قىزلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ ئوبدان ئىنئام ئۇلارغا يىگىت ئاتا قىلىش ئىكەن.

- شېكسپىر

▲ ئەرلەر ھامان خوتۇنلىرىنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى ئەر بولۇشنى، ئاياللار بولسا ئەرلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئاخىرقى خوتۇنى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

- ئوسكاۋارد

▲ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنى پەيدا بولغان چاغدا يوشۇرغىلى بولمايدۇ، يوقالغاندا بار قىلىپ كۆرسەتكىلى بولمايدۇ.

- «سىزا بورىي خانىم» دىن

▲ ئايالنىڭ ئاق كۆڭۈل بولسا بەختلىك بولىسەن، قارا كۆڭۈل بولسا پەيلاسوپ.

- سوقرات

▲ ئايال كىشى ياش ئەر ئۈچۈن خوجايىن، قىران ئەرلەر ئۈچۈن دوست، قېرى ئەر ئۈچۈن كۈتكۈچى.

- بېكون

▲ ئۇھ، ئاياللار! سىلەر ئەرلەرنىڭ مەككارلىقىدىن ئاغرىنىسىلەر، لېكىن ئۆزۈڭلارنىڭ شاللاق، ئۇجمە كۆڭۈل ئىكەنلىكىڭلار ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا دەستەك بولىدۇ.

- ن. م. كارامزىن

▲ ئېرىنىڭ كىشىلەرگە بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرىنى بىلمەسلىككە سىلىپ يۈرۈدىغان خوتۇن ياخشى خوتۇن ھېسابلىنىدۇ.

- ماۋخام

▲ مىنىڭچە، ئەرلەر مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدا ئايالىغا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن: بىرى، ئۇنى ئايال دەپ قارىمىغان چاغدا، يەنە بىرى، ئەر ياۋايى ھايۋانغا ئايلانغان چاغدا.

▲ مەيلى قانچىلىك قەيسەر ئەر بولسۇن، ئۇنىڭ قەلبىدە چوقۇم بىر ئاجىزلىق تەرىپى بولىدۇ. مەيلى قانچىلىك نەتىجە قازانغان ئەر بولسۇن، ئۇنىڭ قەلبىدە چوقۇم بىر ھەسرەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇلار بۇ تەرىپىنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش جىنسلىقلار ئالدىدا ئاشكارىلاشنى خالىمايدۇ. بىراق دائىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغان ئايالغا دەردىنى تۆكىدۇ.

- چېن شياڭگاۋ

* * *

▲ ئەرلەر تېجەشلىك بولسا پىخسىق، ئىچى تار دېيىلىدۇ. ئاياللار ئىقتىسادچىل بولسا، ئۆي تۇتۇشقا ماھىر دەپ تەرىپلىنىدۇ.

▲ ئاياللار ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلايدۇ، ئەرلەر ئۆز مۇھەببىتىنى قارشى تەرەپكە تېزرەك بىلدۈرۈشكە ئالدىرايدۇ.

▲ ئاياللار ئۇششاق ئىشلارغا ئېتىبارسىز قارىسا تەربىيە كۆرمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەرلەر كىچىك ئىشلارغا ئېتىبارسىز قارىسا سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ.

▲ ئاياللار قورقۇپ كەتكەندە كۆزىنى چىڭ يۇمىۋالىدۇ، ئەرلەر قورقۇپ كەتكەندە كۆزىنى يوغان ئاچىدۇ.

▲ ئەرلەر ئىشلەش ئۈچۈن ياشايدۇ، ئاياللار مۇھەببەت ئۈچۈن.

▲ قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ۋاپادارلىقىدا، يىگىتلەرنىڭ گۈزەللىكى جەسۇرلۇقىدا.

▲ دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ «بولىدۇ» دېگىنى «بولارمىكىن» دېگىنى، «بولارمىكىن» دېگىنى «بولمايدۇ» دېگىنى، ئەگەر كېسىپلا «بولمايدۇ» دېسە، ئۇ چاغدا ئۇ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى بولماي قالىدۇ.

ئاياللارنىڭ «بولمايدۇ» دېگىنى «بولارمىكىن» دېگىنى، «بولارمىكىن» دېگىنى «بولىدۇ» دېگىنى. ئەگەر كېسىپلا «بولىدۇ» دېسە، ئۇنداقتا ئۇ ئايال بولماي قالىدۇ.

▲ چىرايلىق ئايال گۆھەر بولسا، ئەقىللىق ئايال غەزىنىدۇر.

▲ ئاياللارنىڭ چىرايى ئاساسەن ئۈچ خىلغا بۆلىنىدۇ: چىرايلىق، يېقىملىق، ئادەتتىكىچە ياكى سەت.

چىرايلىق ئاياللار تولىمۇ يۈكسەك ۋە سۈرلۈك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، كىشىلەر بۇ خىل ئاياللارغا يېقىنلىشالمايدۇ.

چىرايلىق ھەم مۇلايىم ئاياللار تولىمۇ ئاز، بۇ خىلدىكىلەر ئەرلەرنى ئۇچايلا مەھلىيا قىلىۋالىدۇ.

يېقىملىق ئاياللارنىڭ چىرايىدىن دەماللىققا ئەيىب، نەئارتۇقچىلىقىنى كۆرستىپ بېرەلمەيسىز، ئەمما ئۇلار ھەممىدىن بەك سېھرىي كۈچكە ئىگە. ئۇلار ئۆزىنى سىزگە يېقىشلىق كۆرسىتەلەيدۇ. ئالايلۇق، چېچىنى يېقىملىق ياسىتىدۇ، كىيىمنى يارىشىملىق كىيىدۇ، سۆز-ھەرىكەتلىرىمۇ جايىدا. . . بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ نۇقسان تاپالمايسىز. بۇ خىلدىكى ئايالغا ئېرىشكەن ئەرلەر ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلىدۇ.

ئادەتتىكىچە ياكى سەت خىلدىكىلەرنىڭ بەش ئەزاسى تازا جايىدا ماسلاشمىغان دېيىشمۇ بولىدۇ. بىراق كىشىلەر سەتنىڭ تولىسى مۇلايىم، دېيىشىدۇ.

ئاياللاردىكى چىرايلىق ياكى سەتلىك پەقەت ۋاقىتىنچە، مۇلايىملىق چەكسىزلىككە ئىگە. ئايالنىڭ گۈزەللىكى مۇلايىملىقىدا تەبئىي جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. مۇلايىم بولمىسا، ھەر قانچە گۈزەل چىرايمۇ ئادەمنى يىرگەندۈرۈپ قويىدۇ.

▲ ئۆز بەدەن گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان ئاياللارغا قارىغاندا، ئۆز پاراستىنى نامايان قىلغان ئاياللار كۆپتىن كۆپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولسا كېرەك. بىراق ئەرلەر ھەمىشە بەدەن گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان ئاياللارغا ئامراق كېلىدۇ.

▲ ئايدىڭ كېچىلەردە گۈل تۈۋىدە بېرىلگەن ۋەدىلەر ئانچە ئىشەنچلىك بولماس ئىمىش.

▲ ئاشىقنىڭ كۆزىدە چوقۇرمۇ زىناق.

▲ كۈچلۈك مۇھەببەتنىڭ تورىغا چۈشكەن كىشى، بۇ دۇنيادا ئۆزى ئاشىق بولغان قىزدىن باشقىلىرى دۇنياغا ئۇشۇقچە تۆرەلگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ.

▲ يوشۇرۇن مۇھەببەت ئايرىلىش كۈنى مەلۇم بولىدۇ.

▲ يىگىت كۆيۈپ قالغاندا، تۈگمەس ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولىدۇ؛ قىز كۆيۈپ قالغاندا بولسا دۆتلىشىپ كېتىدۇ.

▲ توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئىككى كۆزنى يوغان ئېچىپ ئوبدان قاراپ تولۇق ئويلىنىش، توي قىلغاندىن كېيىن بىر كۆزنى ئۇچۇق قويۇپ، بىر كۆزنى يۇمۇۋېلىش كېرەك.

▲ خوتۇنىڭىزدىن گۇمان قىلسىڭىز ئۇ سىزنى ئالدايدۇ، گۇمان قىلمىسىڭىز، ئۇسىزدىن گۇمان قىلىدۇ.

▲ ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ پىكرى بىردەك بولغاندا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب، ئىككىمىزنىڭ پىكرى بىردەك بولمىغاندا ئايالىمنىڭ دېگىنى ھېساب.

▲ ھەر كۈنى خۇشال ئۆتەي دېسىڭىز ئايالىڭىزنىڭ ئائىلە باشقۇرۇش ماھارىتىنى ھەرگىز ئەيىبلىمەڭ، ئايالىڭىزنى ئانىڭىزغا كەلسە-كەلمەس سېلىشتۇرۇپ يۈرمەڭ.

▲ ئايالىڭىزنىڭ ئالدىدا باشقا ئاياللارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلمىغىنىڭىز تۈزۈك.

▲ ئات ئورۇقلۇقتا بوزۇلار، خوتۇن غېرىب-لىقتا.

▲ ئەر ئۆز ئايالىنىڭ ئاشنىسىنى ھەممىدىن كېيىن تونۇيدۇ.

### 6. جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەت

▲ بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقمىغان ۋە پۇل-مېلىدىن ئۈمىد ئۈزگەن كىشى پادىشاھلارغا نەسىھەت قىلسۇن.

— شەيخ سەئدىي

▲ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئاڭلىغان قۇلاقتىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن كۆزدىن قورقىدۇ. ئۇلار ئالىيجاناب ئىنسان تەبئىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەيگەن تاجىسىدىن باشقا ھېچقانداق خىسلىتى قالمىدى.

— «گراف مونتى-كرىستو» دىن

▲ چوڭ ئەربابلارنىڭ خۇپىيانە جىنايەتلىرىگە كۆز تىكىش ئادەتتە ناھايىتى خەتەرلىك ئىش.

— شېكسپىر

▲ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى ئىككى خىل كىشىگە: بىرى، ئاقىل-دانىش، چارە-تەدبىر ۋە ئابروي-نوپۇزدا ئۆزىدىن ئارتۇق بولغانلارغا؛ يەنە بىرى، ھۆكۈمرانىنىڭ سىرى-ئەسرارىدىن خەۋەردار بولغانلارغا زادى ۋاپا قىلمايدۇ.

▲ باتۇر بىر ئۆلىدۇ، قورققان مىڭ ئۆلىدۇ.

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

▲ كىمكى زالىمغا مەدەت بەرسە، ئاللا ئۇنى شۇ زالىمنىڭ قولى بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

— «ھەدىس» تىن

▲ پاكلار ئۆلگە، ناپاكلار كۆلگە بولۇر. ھاكىمىيەت ئادىل بولسا، ئەل غۇلغۇلا قىلماس.

— كۇڭزى

▲ ھەممە كىشى تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولىدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ ياشاش، ئەركىن بولۇش ۋە بەختىنى كۆزلەش ھوقۇقى بار، كىشىلەر

مۇشۇ هوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈنلا هۆكۈمەت قۇرىدۇ؛ ھەر قانداق شەكىلدىكى هۆكۈمەت بۇ مەقسەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا خەلق ئۇنى ئۆزگەرتىپ ياكى بىكار قىلىپ، يېڭى هۆكۈمەت قۇرۇشقا هوقۇقلۇق.

**- 1776-يىلى تۈزۈلگەن ئامېرىكا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»دىن**

▲ قانۇن - زىرائەتنى يەپ كېتىدىغان قۇشلارنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن تىكلەپ قويىدىغان قارانچۇق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك؛ ئۇچار قۇشلار قارانچۇقنى تولا كۆرۈپ كۆزى پىشىپ قالسا، قارانچۇقنىڭ ھېچبىر قورقىدەك نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلىۋالىدۇ - دە، ئۇنىڭدىن قورقماقتا يوق، شۇ قارانچۇقنىڭ ئۆزىگە چاڭگا سالىدىغان بولىدۇ.

**- شېكسپىر**

▲ ئەركىنلىك مۇنداق نەرسە، باشقىلارغا بەرمىسەك، ئۆزۈڭمۇ ئېرىشەلمەيسەن.

**- ۋات**

▲ ئەركىن ۋە ئادىل بىر دۆلەتتە، بايلىق ھۆرۈن ۋە قابىلىيەتسىزلەر ئىلكىدىن ئىشچان، باتۇر ۋە ئىرادىلىكلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ.

**- ئېممرسون**

▲ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسىي كىشىلەرنى بويسۇندۇرىدىغان بىر خىل ماھارەت.

**- جۇخۇڭ**

▲ لاچىن قۇشلارنى تۇتۇپ قېنى مۇزلىماستىن يەيدۇ، ئارانلا ئۈچ يىل ياشايدۇ؛ قۇزغۇن چىرىندىلارنى يەيدۇ، 100 يىل ياشايدۇ.

**- «كاپىتان قىزى»دىن**

▲ ئۇ ھەممىنى بىسىپ چۈشەيدۇ، چۈنكى ئۇ، دېگىنىنى قىلمايدۇ، قىلغىنىنى دېمەيدۇ، ئويلىغىنىنى ئېيتمايدۇ.

**- مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق**

▲ بەزى ھۆكۈمرانلار گەپنى ئاز قىلىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ دانالىقىدىن ئەمەس، ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئۇنچىقماسلىق بىلىمسىزلىكىنى، ساۋاتسىزلىقىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. ئۇلۇك نېمىشقا سۇرلۇك؟ چۈنكى ئۇ سۆزلىمەيدۇ.

**- مەمتىمىن هوشۇر**

▲ زەئىپلىك ۋە رەزىللىكنى جۇل-جۇل كىيىملىك تىلەمچىلەر، نامرات بىچارىلەردىن ئىزدەپ تېپىش ئاسان، چۈنكى ئۇلاردىكى ئاجىزلىق، ئۇلاردىكى پاجىئە، ئۇلاردىكى خاراكتېر مېيىپلىقى، ئۇلاردىكى ئاددىي نەيرەڭ خۇددى ئۇستىباشلىرىغا ئوخشاشلا كۆزگە ئۇچۇق-ئاشكارا تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بىراق ئەمەلدارلار، پۇلدارلار، ئاتالمىش زىيالىيلاردىكى زەئىپلىك ۋە مەينەتچىلىك دىنىي ھەل، ئەخلاقىي تون، ئالىيجانابلىق رەڭلىرى، دىيانەت زىغ-زىغلىرى، تەلىمات ھەشەمەتلىرى بىلەن توسۇلۇپ قالىدۇ.

**- ئابدۇقادىر جالالىددىن**

▲ ئەڭ ئالىي قانۇن شۇكى، مالنى ئىشلىتەلەيدىغان ئىگىسىگە بېرىش.

**- تورو**

* * *

▲ ئىجتىمائىي ھاۋانىڭ قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن ۋاقتى كۆپىنچە مەلۇم چوڭ ئىشلارنىڭ هازىرلىنىۋاتقان پەيتى بولىدۇ.

▲ يۇقىرىدىكىلەر كەلسە-كەلمەس ئىش قىلسا، تۆۋەندە غەيۋەت-شىكايەت كۆپىيىدۇ.

▲- ئاپەت قاچان تۈگەيدۇ؟

-ئاپەت خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ئۆڭشالغان چاغدا ئاندىن تۈگەيدۇ.

▲ - مۇناپىقلىق، سەن نەدىن تۇغۇلدۇڭ؟

- خۇشامەتچىلىكتىن.

- خۇشامەتچىلىك سەن نەدىن تۇغۇلدۇڭ؟

- تەمەگەرلىكتىن.

- تەمەگەرلىك سەن نەدىن تۇغۇلدۇڭ؟

- لاياقەتسىزلىكتىن.

▲ زوراۋانلىق - قىساس پىچىقىنى بىلەيدىغان بىلەي دېمەكتۇر.

▲ ئۆتمۈشكە ئارىغمىتېكىلىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن باھا بېرىشكە بولمايدۇ. ستالىنىنىڭ تۆھپىسى بىلەن جىنايىتىنىڭ قايسىسى كۆپرەك؟ مەسىلىنى مۇنداق قويۇش ئەخلاقسىزلىق. چۈنكى ھەر قانداق تۆھپە ۋە ھېشىلىكنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

▲ پادىشاھ قەرزدارىڭ بولسا، ئەرزىڭنى خۇدا ئاڭلىسۇن.

▲ زەمبىرەك زۇۋانغا كىرگەندە، مۇنازىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ.

▲ ئوقۇغۇچى پروفېسسوردىن سوئال سوراپتۇ:

- قانداق نەرسە ئەقىلغە سىغمايدۇ؟

پروفېسسور شۇنچە ئويلاپمۇ جاۋابىنى تاپالماپتۇ.

- پروفېسسور، سىزگە جاۋابىنى دەپ بېرەي، - دەپتۇ ئۇ ئوقۇغۇچى سۆزىنى داۋام قىلىپ، - سىز قېرىغان بولسىڭىزمۇ ياش خوتۇنىڭىز بار، بۇ قانۇنلۇقيۇ، ئەقىلغە سىغمايدۇ؛ خوتۇنىڭىز ياش، تەبىئىيكى ئاشنىسى بار، بۇ ئەقىلغە سىغىسىمۇ، لېكىن قانۇنسىز؛ سىز بايىلا ئۇنىڭ ئاشنىسىغا تولۇق نومۇر قويدىڭىز، بۇ ھەم ئەقىلغە سىغمايدۇ، ھەم قانۇنسىز.

## 7. ئىنسان تەبىئىتى ۋە پىسخىك ھادىسىلەر

**«گراف مونتى-كرستو» رومانىدىن ھېكمەتلەر**

▲ ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا ئەقىل-پاراسىتىنىڭ يوشۇرۇن مەنبەلىرى ئېچىلىدۇ.

▲ خۇدا ئىنساننىڭ قۇدرىتىنى چەكلەپ قويغان بولسىمۇ، نەپسىنى چەكلىمىگەن.

▲ سودا ئىشلىرىدا بېرىپ-كېلىشلەر بولىدۇ، دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ.

▲ ئۆلۈم پەيتى ئادەمنىڭ ئۆز ئۆمرىدە تارتىپ يۈرگەن چۈمپەردىسىنى يۇلۇپ تاشلايدۇ.

* * *

▲ قورقۇنچنى سەزمەي خەتەرلىككە ئىنتىلىدىغان ئادەم ئەر ئەمەس، بەلكى ئەڭ كۈچلۈك قورقۇنچنى باسالايدىغان ۋە قورقۇنچقا بويسۇنماي خەتەر توغرىلىق ئويلايدىغان ئادەم ئەردۇر.

**- ك. د. ئۇشىنسكىي**

▲ دۇنيادا ھېچقانداق ئىشنىڭ تەسىرلىك نۇتۇقتەك قۇتراتقۇلۇق رولىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تەسىرلىك نۇتۇق، ناتىقلىقنىڭ نەيرەڭلىرى ۋە سېھىرلىك كۈچى بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغان تىڭشىغۇچىلارنىڭ نېرۋىلىرىنى بىخوتلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى ئۇقۇملارنى ئاستىن-ئۈستۈن

قىلىپ، ھېسسىياتنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ.

- مارك تۋېن

▲كىشىلەر ھامان ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرى ۋە تەرسالىقلىرى پەيدا قىلغان كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتكە ئىشىنىشنى خالىمايدۇ.

▲بىر كىشىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن ساداقىتى ھەقىقىي بولىدىغان بولسا، سەن ئۇنى يامان كۆرسەڭمۇ، سېنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتمەيدۇ. بۇمۇ خۇددى ساختىپەز ئادەمگە قانچە ياخشى مۇئامىلە قىلغان بىلەن ئۇنى تەسىرلەندۈرەلمىگەنگە ئوخشاش.

▲بەختسىز كىشىلەرنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغان نەرسە باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاش.

- شېكسپىر

▲كايىش بىلەن ئادەمنى تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ، دېگەندىن كۆرە ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ، دېگەن تۈزۈك، بۇنداق ئەھۋالدا ئەڭ ياخشى ئامال سەۋر-تاقەت قىلىش.

-ن.م. كارامزىن

▲سىز بىراۋ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇستۇنلۇك تالىشىپ، قارشى تۇرۇپ، بەزىدە غالىب كېلىپمۇ قالارسىز، ئەمما بۇ غەلىبە قۇرۇق غەلىبىدىن ئىبارەت. چۈنكى سىز مەڭگۈ قارشى تەرەپنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلمەيسىز.

-فرانكلىن

▲مەن. . . ئۆزخان، ئۆز بەگ پادىشە بولۇشقا رازىمەنكى، قۇللارچە ياشاشقا زادىلا رايىم يوق.

- «ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئايال» دىن

* * *

▲دۇنيادا ئالتە خىل ئادەم بار، ئۇلار: بىر ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئويلايدىغانلار، بىر ئىشنى قىلغاچ ئويلىنىدىغانلار، ئويلىنىپ بولۇپ ئىش قىلىدىغانلار، ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئويلانمايدىغانلار، ئويلىنىدىغان ئەمما قىلمايدىغانلار، ئويلانمايدىغان ھەم قىلمايدىغانلار.

▲كىشىلەرنى تۆت دەرىجىگە ئايرىشقا بولىدۇ: قولىدىن ئىش كېلىدىغان خۇيى يوقلار بىرىنچى دەرىجىلىك بولىدۇ؛ قولىدىن ئىش كېلىدىغان خۇيلۇقلار ئىككىنچى دەرىجىلىك بولىدۇ؛ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان خۇيى يوقلار ئۈچىنچى دەرىجىلىك بولىدۇ؛ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان خۇيلۇقلار تۆتىنچى دەرىجىلىك بولىدۇ.

بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەر ئاز تېپىلىدىغان ئەتىۋارلىق گۆللەرگە ئوخشايدۇ. قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆزىگە خاس مىجەز بولىدۇ. ئايرىملىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ھۆرمەتلىنىپ، يېتەرسىزلىكلىرىگە سۈكۈت قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى كىشىلەر زىيان كەلتۈرمەيدۇ، بولمىسا كەملىك قىلمايدۇ. تۆتىنچى خىلدىكى كىشىلەر شاللىنىپ قېلىپ، كىشىلەر ئىچىدە ئېھتىمال ئىسمىلا ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

▲ئالەم ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە خۇي-پەيلىگە قاراپ تۆت خىلغا بۆلىنىدۇ: بىرىنچىسى، دەيدۇ قىلىدۇ، بۇ، تىرىكچىلىك يولىنى بىلىدىغانلارنىڭ قائىدىسىدۇر؛ ئىككىنچىسى، دېمەيدۇ قىلىدۇ، بۇ، مەردلەرنىڭ قائىدىسىدۇر؛ ئۈچىنچىسى، دېمەيدۇ قىلمايدۇ، بۇ، بىخىل، ھىممىتى پەسلەرنىڭ خىسلىتىدۇر؛ تۆتىنچىسى، دەيدۇ قىلمايدۇ، بۇ، مۇناپىقلارنىڭ ئۇسۇلىدۇر.

▲ئادەملەر بىر-بىرىنى داۋاملىق يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا كۆزىتىپ يۈرىدۇ: بۇنىڭدا ھېچقانداق مەنپەئەتدارلىق، مەنىۋى كېلىشىم ۋە راي مەۋجۇد بولمايدۇ. ئومۇمەن ئادەملەر بىر-بىرىگە ئەينەك.

## 8. ئومۇمىيەت قائىدىلىرى

▲دەرۋىشلىك باشقا، گادايلىق باشقا، ئۆزلىكىدىن دۇنيانى تاشلىۋەتكەن كىشىنى دەرۋىش دەيمىز؛ بىر كىشىنى دۇنيا تاشلىۋەتكەن بولسا، ئۇنى گاداي دەيمىز.

▲ياخشى ئىشقا سايە قىلغۇچى ساۋابتا شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچى بىلەن باراۋەردۇر.

- «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن

▲شان-شەرەپ دېگەن نەرسە خەلق ئاممىسىنىڭ مەشھۇر شەخسلەرگە بەرگەن مۇكاپاتى. ئۇ، ئىسسىق هاراقتەك كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. لېكىن ئىسسىق هاراق كۆپ ئىچىۋېتىلسە، كىشىنى مەست قىلىدۇ، بىخۇتلاشتۇرىدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

- ئېينشتېين

▲ئادەم -ئۆز سۆزى ئاستىدا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. سۆزلىمەي تۇرۇپ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ.

- «قابۇسنامە» دىن

▲خۇدانىڭ ھۆكمى كېچىكىپ قالغاندا، خۇدا بىزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ؛ لېكىن قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى بىزنى يادىغا ئالىدۇ.

▲تاكى تەڭرى بەندىنىڭ ھاياتىغا چەك قويغىچە ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-پاراستى مۇنداق ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلىنىدۇ: «كۈتۈش» ۋە «ئۈمىدۋار بولۇش».

- «گراف مونتى-كرستو» دىن

▲ئىشنىڭ رەزىل ياكى رەزىل ئەمەسلىكى، شۇ ئىشنى قانداق ئۇسۇلدا بايان قىلىشقا باغلىق.

-زولانىڭ «تانتاس» ھېكايىسىدىن

▲شارائىتقا باقمىغان ئەخمەق ئادەم، شارائىتقا ماسلاشقان قابىل ئادەم، شارائىتنى ئۆزگەرتكەن ئۇلۇغ ئادەم.

- «ياشلار بىلەن سۆھبەت» دېگەن كىتابتىن

▲ئاددىي ئادەملەر راھەتنى ياكى ئازابنى تاشقى شارائىتتىن كۈتىدۇ. پىكىر قىلىشنى بىلىدىغان كىشىلەر بولسا، ئۇلارنى ئۆزىدىن كۈتىدۇ. مارك ئاۋرېلىي (رىم ئىمپېراتورى ۋە پەيلاسوپى) «ئاغرىق-ئادەمنىڭ ئاغرىق ھەققىدىكى چۈشەنچىسى. ئىرادىلىك بولۇپ، ئاشۇ چۈشەنچىسىنى ئېڭىدىن چىقىرىۋېتىپ زارلاشنى توختاتسىلا، ئاغرىق ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ» دېگەنىدى.

-چېخوفنىڭ «ئالتىنچى پالاتا» دېگەن پوۋېستىدىن

▲تىلغا ئارتۇقچە يول قويۇلماسلىق؛ گەپ-سۆزدە ھەمىشە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنماسلىق كېرەك. تىل يېشىپ بېرەلمىگەن ئىشلارنى ئەمەلىيەت يېشىپ بېرەلەيدۇ. ھەر قانداق چاغدا ئەمەلىيەتنى سۆزلىتىدىغان ئادەم بىر تالاي سۆزلەيدىغان ئادەمگە قارىغاندا كۆپ خاتىرجەمدۇر.

ئەگەر سىزنىڭ توغرا بولسا نېمىشقا چېچىلىسىز؟ ھەدېسىلا ئاچچىقلىنىپ شۇ ئارقىلىق باشقىلارنى تەسىرلەندۈرىمەن دېسىڭىز، ئۇ

قاملاشمايدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارى ئۆزگىچە بولىدۇ، ئۇنداق ئازابلىنىپ ياشاشنىڭ، يېنىدىكى ئادەملەرگە ئۇنچىۋالا كۆپ خاتالىقلارنى ئارتىپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ باشقىلارنى چۈشەنمەيدىغان ئادەم يەنە قانداقمۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى تەلەپ قىلالىسۇن؟

- ۋاڭ مېڭ

▲بىر ئالىم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ باھاسىنى ئويلىشىشى كېرەك، ئۆز ۋاقتىدىكى ھاقارەت ۋە ماختاشلارنى ئويلىشىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

- باسىر

▲تارىخ-خاتالىقلارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، ئۇرۇنۇشلار جەريانىدۇر.

-رادىي فىش

▲ھاياتتا ئىككىلا نىشان بولىدۇ: بىرى، ئۆزۈڭگە كېرەكلىك نەرسىنى قوغلىشىش؛ يەنە بىرى، قوغلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇش؛ پەقەت ئەڭ ئەقىللىق كىشىلا ئىككىنچى نىشانغا يېتەلەيدۇ.

-لوگال پىئاسال سىمىت

▲نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل بولۇشى، ھەربىر نەرسىدە بىر تۈرلۈك خۇسۇسىيەت بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲خۇدايىتالادىن ئۆزگە ھەممە ئىشنى ياخشى بېجىرىدىغان ۋە ھەمىشە ھەقدادىغا يەتكۈزىدىغان بىرەرمۇ كامىل ئۇستا يوق.

-ژۇۋاننىي بوككاچچو

▲تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىمكى، كەمچىلىكى يوق كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

- لىنكولىن

▲«ئىقتىسادچان بولۇش» دېگەن سۆز «پۇل تېجەش ئۇسۇلى» دەپ ئەمەس، «پۇل خەجلەش ئۇسۇلى» دەپ چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك.

▲تالانتلىق كىشىلەرنى بايقىيالىغان ئادەملا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم ھېسابلىنىدۇ، تالانتلىق كىشىلەرنى بايقاش بايلىق يارىتىشتىن قىممەتلىك.

-بورھن

▲ئىنسانىيەت تارىخى خارلانغۇچىلارنىڭ غەلىبىسىنى ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىدۇ.

-تاگور

▲دانا ئادەم ئۆز دۈشمەنلىرىدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

-ئارىستوفان

▲نېسىۋە ھەممىگە باراۋەر بېرىلىدۇ، ئەمما ھەر كىم ئۆز قورىبى يەتكىچە ئالىدۇ.

- جالالىددىن رۇمى

▲زوردۇن سابىرنىڭ «قۇياش ۋە ھەمىسى» ناملىق ھېكايىسىدە (بۇ ھېكايە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994-يىل 4-، 5- (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. مۇھەررىردىن) ئېيتىلىشىچە، ئىككى دوست گۈزەللىك توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ھەمىشە تەسۋى سېرىپ يۈرۈدىغان بىر كىشىنىڭ ئاشىنىسى بارلىقىنى بىلىدىكەن. بىرى يەنە بىرىدىن سوراپتۇ:

-سىزچە ئۇنىڭ تەسۋىسى بىلەن ئاشىنىسىنىڭ قايىسى گۈزەللىك، قايىسى رەزىللىك؟

-ئەخلاق نۇقتىسىدىن تەسۋىسى گۈزەل، چىنلىق نۇقتىسىدىن ئاشىنىسى گۈزەل، -دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يەنە بىرى.

- مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

* * *

▲سوقۇشۇش - ئاجىزلارنىڭ قورالى.

▲تاش بىر نېمىنى كېسەلمىگىنى بىلەن شەمشەرنى بىلەپ ئىتتىك قىلالايدۇ.

▲خاتالاشماس ئادەمدىن ھېچنەرسە چىقماس.

▲تىلىدىن كەلگەن قولىدىن كەلسە، ھەر كىم پادىشاھ بولۇر.

▲بىر تاغا ياڭاقنى ياڭاقچىلىك تاش چاقار.

▲يامانلار سىرتقى كۆرۈنۈشىدىلا تەنتەنە قىلىدۇ، ئۇ، ئۆز ئىچىدە جازاسىنى تارتىپ يۈرىدۇ، لېكىن مەغرۇرانە كۈلۈش بىلەن ئىچىدىكى ئازابنى باسىدۇ.

▲قانۇن تەقىپ قىلالمىغان نەرسىلەرنى گاھىدا نومۇس تەقىپ قىلالايدۇ.

▲نومۇس - تاشقى ۋىجدان، ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇس.

▲دۇنيادا قەدىمدىن تارتىپ شائىر، ھاراقكەش ۋە كىچىك بالىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كىشىلا ئەپۇ قىلىنىپ كەلمەكتە.

▲ۋىجدان - كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان تەڭشىگۈچ.

▲ھەسەتخورلۇق - قەلبتىكى ئۆسمە.

▲يېرىم يولدا توختاپ- قالغان كىشى مەڭگۈ نەتىجە قازىنالمايدۇ.

▲ بەزىدە سۈكۈت ھەر قانداق گەپتىنمۇ مەنىلىك بولىدۇ.

▲رەقىبىڭ ھەر قانچە چۈشەندۈرسەڭمۇ بەربىر ئىشەنمەيدۇ، دوستۇڭغا چۈشەندۈرۈش كەتمەيدۇ.

▲ئەگەر بىرەر مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ئۇنىڭغا ئىسىلىۋالماسلىق، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش كېرەك، ۋاقتى كەلگەندە ھەممە ئىش ئۆز يولىدا ھەل بولىدۇ.

▲ھەممە ئادەم سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن، بىراق تەكرار سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشلا ھەقىقىي سەۋەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

▲ھاماقەتلىك - پۇت، قول ياكى تىل ھەرىكىتىنىڭ چوڭ مېڭە ھەرىكىتىدىن تېز بولۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

▲ھاۋايى ھەۋەس تەبەسسۇم بىلەن باشلىنىپ، پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ئادەملەرنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى، ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ھەممىنى بىلىمەن دەپ قارىغانلىقىدىن.

▲ئۆزىڭىزنى قالتىس چاغلىغان ياكى بارلىق ئايەت - خاتالىقلارنى تەقدىرىڭىز بىلەن باغلىۋالغان چاغلىرىڭىزدا كاللىڭىز ئىشلىمەس بولۇپ قالىدۇ.

▲تەمەخور قەلەندەردىنمۇ پەس تۇرىدۇ، چۈنكى قەلەندەر ئۆزىنى يوشۇرمايدۇ، تەمەخور بولسا ئۆزىنىڭ خار ۋە قۇللىقىنى پىنھان تۇتىدۇ.

▲خاتىرجەملىك - كۈرەش ۋە مېھنەتنىڭ ئاپىرىدىسى، سەن خاتىرجەملىككە موھتاج، خاتىرجەملىك كۈرەشكە موھتاج.

▲«سۆيگىنىڭ بولمىسا زېرىكىسەن، رەقىبىڭ بولمىسىمۇ زېرىكىسەن» - بىكونىنىڭ بۇ سۆزى نەقەدەر ھەيران قالارلىق - ھە!

سۆيگىنى بىلەن رەقىب بىر-بىرىگە قارشى ئۇقۇمدىكى شەخسلەردۇر. سۆيگىنىڭ ساڭا ئۈمىد بېغىشلايدۇ، رەقىبىڭ ساڭا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. ھەر ئىككىسى جىددىيلىك پەيدا قىلىپ، قانائەتچانلىقنى يوقىتىدۇ. سۆيگىنىڭ بولمىسىغۇ تاپىسەن، رەقىبىڭ بولمىسا ئىزدەپ يۈرمىسەڭمۇ بولىدۇ.

### 9. ئۆزگىچە پىكىرلەر

▲ ئالىم ھاراققا ئوخشايدۇ، كونىرىغانچە قىممىتى ئاشىدۇ؛ بىلىم خوتۇن كىشىگە ئوخشايدۇ، كونىرىغانچە قىممىتى چۈشىدۇ.

– «قورغان» رومانىدىن

▲ كەمبەغەل – بايلارنىڭ ئىچ پۇشۇقى ئاز كىشىلەرنى ھەسەتخورلۇق بىلەن ئاتىشى.

▲ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت – كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان قۇرۇق گەپ.

▲ جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەسەرلىرىنىڭ ھەرپ تىزىلىشى تىك شەكىلدە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئوقۇغاندا گويا: «راست، بەرھەق» دېگەندەك قىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا باش لىڭشىتىپ، ئوقۇغانلىرىنى تەستىقلاپ تۇرىدۇ. لېكىن، غەرب ئەسەرلىرىنىڭ ھەرپ تىزىلىشى توغرا شەكىلدە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئوقۇغاندا خۇددى: «بولمايدۇ، ئۇنداق ئەمەس» دېگەندەك توختىماستىن بېشىنى چايقايدۇ. شۇڭا، جۇڭگولۇقلار قەدىمكى ئەسەرلەردىن نەقىل ئىزدەپ قانائەت تاپىدۇ، غەرب ئالىملىرى ئالدىنقىلارنى ئۈزلۈكسىز ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلاردىن ھالقىپ ئۆتىدۇ.

– زولەي

---

تەييارلىغۇچى: مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

# ھېكمەتلەر

## نىتزى ھېكمەتلىرىدىن

▲ پەلسەپە – ھاياتلىق سەنئىتى.

▲ ئۆلمەيدىغان روھمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ.

▲ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھەر قانداق مىللەت چوقۇم ئۆزىنىڭ خۇداسىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

▲ ئەخلاق باشقىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشتۇر ياكى باشقىلارنى قول قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بىر نەرسىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىش ۋاستىسىدۇر.

▲ ئىچ ئاغرىتىش تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ، چۈنكى ئۇ ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغان نەرسىلەرنى ساقلاپ قالىدۇ.

▲ قەيەردە ئىرادە بولمايدىكەن، شۇ يەردە ھالاكەت بولماي قالمايدۇ.

▲ خۇشاللىق تۇيغۇسى – ئىرادىنىڭ قانماسلىقىدىن ئىبارەت.

▲ شەيئىينىڭ قىممىتىنى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى مۇشۇ جەرياندىكى مۇساپىنىڭ قانداقلىقى بەلگىلەيدۇ.

▲ ئۇلۇغۋار جىنايەت بولمىغان يەردە ئۇلۇغلۇقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

▲ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى شەيئىيلەرگە كۆچۈرەلمىگەن ئادەم شەيئىيلەردە مەنە پەيدا قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇ شەيئىيدە مەنا بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ.

▲ ھوقۇق ئىرادىسى پەقەت قارشىلىق ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ئوبيېكتقا خوجايىن بولۇش ئىرادىسى كۈچەيگەنسېرى، ھېسسىيات تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ.

▲ بىز پەقەت ئۆزىمىز ياراتقان دۇنيانىلا چۈشىنەلەيمىز.

▲ قىممەتنى بەلگىلەيدىغان، ئۇزۇن يىللىق ئىرادىگە يېتەكچىلىك قىلغان ئادەم ئەڭ يۈكسەك ئادەمدۇر.

▲ ئۇلۇغۋار كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە شەيئىيلەرگە قىممەت ئاتا قىلىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنى باشقىلار بىلەن تەڭ دەپ قارايدىكەن ياكى باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلىمايدىكەن، بۇ چوقۇم قۇللۇقنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ.

▲ ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئادەمنى بىتچىت قىلالمايدۇ.

▲ دۇنيانىڭ قىممىتى – بىزنىڭ شەرھىيلىشىمىزدە.

---

تەييارلىغۇچى: ئېلتېكىن

## شەيخ سەئدىي ھېكمەتلىرىدىن

▲ كىرىشتىن بۇرۇن چىقىشنى ئويلا.

▲ بايلىق – مالدا ئەمەس، ھۈنەر – قابىلىيەتتە؛ ئۇلۇغلۇق – ياشتا ئەمەس، باشتا.

▲ پەسكەش، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، رەزىل ۋە تۈزكور ئادەم شۇكى، ئەھۋالدا ئازغىنا ئۆزگىرىش بولغاندا، بۇرۇنقى خوجايىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇزۇن يىللىق نېمەتلىرىنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

▲ كىمىكى خىيانەت بىلەن شۇغۇللانسا، قولى ھېسابتا تىترەيدۇ.

▲ تەھقىق قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئوڭۇشلۇق بار.

▲ كەمبەغەللەرگە پۇل قەرز بەر، بايلاردىن نەرسە سورا، ئۇلار ئىككىنچى ئەتراپىڭدا ئايلانمايدۇ.

▲ تىلەمچى ئېيتتى: بايلار سىلەردە ئىنساب بولۇپ، بىزدە قانائەت بولغان بولسا، ئۇ چاغدا تىلەمچىلىك ئادىتى دۇنيادىن يوقالغان بولاتتى!

▲ كىشى ھەرگىز ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىقرار قىلمايدۇ، پەقەت شۇ كىشىكى، بىرسى سۆزلەۋاتقان چاغدا، سۆز تۈگىمەي تۇرۇپلا سۆز باشلىسا، بۇ، ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆز نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى!

▲ نېمىگە كۆڭلى چۈشسە، كۆزگە شۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ!

▲ كىرىم دېگەن ئاقار سۇ، تۇرمۇش دېگەن چۆرگىلەپ تۇرغان تۈگمەن.

▲ ئۈچ نەرسىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس: تىجارەتسىز مال؛ بەھس – مۇنازىرىسىز ئىلىم؛ سىياسەت-قانۇنى بولمىغان دۆلەت.

▲ يامانلارغا رەھىم قىلىش – ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر، زالىملارنى ئەپۇ قىلىش – كەمبەغەللەرگە جەبىر سېلىشتۇر.

▲ پادىشاھنىڭ دوستلۇقىغا ۋە گۆدەكلەرنىڭ

خۇش ئاۋازىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئاۋۇالقىسى بىر گۇمان بىلەن ئايىنىپ قالىدۇ، كېيىنكىسى بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

▲ دۈشمەننىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىش خاتا، لېكىن ئاڭلاپ قويۇش راۋا. چۈنكى، ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىش قىلساڭ توغرا بولۇپ چىقىدۇ.

▲ ھەددىدىن زىيادە غەزەپلىنىش ۋەھىمە تۇغدۇرىدۇ. ئورۇنسىز يۇمشاقلىقمۇ ھۆرمەتنى كەتكۈزىدۇ. قوپاللىق قىلما، كىشىلەر سەندىن بىزار بولىدۇ؛ ئۇنچىلىك يۇۋاشمۇ بولۇپ كەتمە، كىشىلەر سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

▲ يىلاننىڭ بېشىنى دۈشمەن قولى بىلەن يەنچىپ تاشلا. ئەگەر دۈشمەن غالىب كەلسە، يىلاننى ئۆلتۈرگەن بولىسەن، ئەگەر يىلان ئۈستۈن چىقسا، دۈشمەندىن قۇتۇلىسەن.

▲ كىمىكى كۈچ-قۇۋۋىتى بار چېغىدا ياخشىلىق قىلمىسا، يامان كۈنگە قالغاندا جاپا-مۇشەققەت تارتىدۇ.

▲ تېز قولغا كەلگەن نەرسىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ.

▲ كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبىنى تاتلاپ ئاچما، چۈنكى ئۇلارنى رەسۋا قىلىش بىلەن بىللە ئۆزۈڭنىمۇ ئىشەنچىسىز ئادەم قىلىپ قويىسەن.

▲ كىمىكى ئىلىم ئۆگىنىپ ئەمەلدە ئىشلەتمىسە، يەرنى ھەيدەپ قويۇپ، ئۇرۇغ چاچمىغانغا ئوخشاش.

▲ كىمىكى نەسىھەت ئاڭلىمىسا، ئۇنىڭ نېسىۋىسى تاپا-تەنە ئاڭلاش بولىدۇ.

▲ بىر كىشىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئاش-نېنىنى ھېچكىم يېمىگەن بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىنى ھېچكىم ئەسلىمەيدۇ.

▲ ئىرادىسىز ئوقۇغۇچى پۇلى يوق ئاشىقا، بىلىمسىز ساياھەتچى قاناتسىز قۇشقا، ئەمگىكى يوق ئالىم مېۋىسىز دەرەخقە، ئىلىمسىز زاھىد ئىشىكى يوق ئۆيگە ئوخشايدۇ.

▲ ئىككى كىشى ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ: بىرى، بارتۇرۇپ يەپ-ئىچمىگەن، يەنە بىرى، بىلىمگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ھېچ ئىش قىلمىغان.

---

تەييارلىغۇچى: مەخسۇت راھمان (دېھقان)

▲ تۇنجى گۇناھ ئۇقماسلىقتىن بولىدۇ.

▲ سۆز ئوينىتىش گۇناھكارنىڭ خىسلىتى.

▲ كىچىكلەرنى بوزەك قىلساڭ، چوڭلارنىڭ زۇلمىغا دۇچ كېلىسەن.

▲ دانا بولساڭ، بىمەنە سۆز قىلما.

▲ ئەقلىڭ بولسا پىكىردە ئۇچۇق بول.

▲ ئەگەر ئىنسان يىراقنى كۆرسە، ھاياتىدا ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ.

▲ ئەگەر دۇنيادا ئىززەت تاپاي دېسەڭ، ئۆزگىلەرگە يامان كۆزدە باقمىغىن.

▲ سۆزى قوپال كىشى دوستىنىمۇ دۈشمەن قىلىدۇ.

▲ بىراۋ ئەيىبىڭنى ئېيتسا خاپا بولما، تۆھمەت قىلسا ئۇنىڭدىن پەندىيات ئېيلە.

▲ مەرد ئادەم ئۆز كۈچىگە بېقىپ سۆزلەيدۇ.

▲ چېقىمچىنى ئوت ياققۇچى دەپ بىلگىن.

▲ دەريالارنى كۈچ بىلەن توسۇش مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما چېقىمچىنىڭ تىلىنى توسۇش مۇمكىن ئەمەس.

---

تەييارلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن (ئوقۇغۇچى)

## «كەلىلە ۋە دىمنە» دىن ھېكمەتلەر

▲ ياخشىلىق ئاخىرىغا يەتمىسە، ئۇ، ياخشىلىق ھېسابلانمايدۇ.

▲ مۇيەسسەر بولمايدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلما، بۇ، قۇرۇقلۇقتا كېمە سۆرىگەنگە ياكى دەريادا ئات چاپتۇرغانغا ئوخشاش.

▲ غېرىبلارغا ياخشىلىق قىلىش - كىشىنىڭ ياخشى نامىنى چىقىرىشقا سەۋەب بولىدۇ.

▲ جاھان خەلقىنىڭ دوستلۇقى نەپسى ئۈچۈن، غەرىزى دۇنيالىقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر.

▲ ھايا - ئىماننىڭ جۈملىسىدۇر.

▲ قانائەتتىن ئىززەت، تەمەدىن خارلىق كېلىدۇ.

▲ ئالماقنىڭ راھىتى تىلىمەكنىڭ جاپاسىغا ئەرزىمەس.

▲ جاھىل كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىمۇ غېرىب ۋە يات بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

▲ جاپا-مۇشەققەت بىر كىشىدە توختاپ قالمىغاندەك، دۆلەتمۇ بىر كىشىگە مەڭگۈلۈك بولمايدۇ.

▲ مەغرۇر كىشى ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.

▲ كىشى ئۆزىنىڭ خارلىقىغا تەن بەرسە، ئۇنىڭغا بالا-قازا ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، چارە يوللىرى يېپىلىدۇ.

▲ ياخشى خۇي - ئاخىرەتنىڭ سەرمايىسى.

▲ ئادىمىزاتنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقى يۈز بىلەندۇر.

▲ غاپىل كىشىلەر دۈشمەننىڭ يالۋۇرۇشى ۋە مۇلايىملىقىنى كۆرۈپ ئاداۋەتنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشنا بولىدۇ.

▲ يامان بىلەن سۆھبەت قىلماقتىن زەھەرلىك يىلان بىلەن ئۈلپەت بولماق ياخشىراق.

▲ نامۇناسىپلارنىڭ دىدارىغا قاراپ يۈرۈش - دوزاخ ئازابىدىن يامان.

▲ ئۆز ھالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۆزىدىن كىچىك كىشىگە مۇلازىمەت قىلىشنى ئېغىر كۆرمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئار قىلمىغان كىشى ھەر قانداق سەۋەب بىلەنمۇ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

▲ كۆپچىلىك بىر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كىم مەردلىك قىلسا شۇ مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئەگەر ھەممىيلەن تەڭ مەردلىك قىلسا كۆڭلى مۇرادىغا يېتىدۇ.

▲ يېقىن دوستلارنى ئەزىز تۇتۇش ۋە مەككار دۈشمەندىن پەرھىز قىلىش كىشىنى تولۇق مۇرادىغا ۋە ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ.

▲ خوتۇنلارنىڭ 20 ياشقىچە بولغان مەزگىلى ئارزۇ ۋە ئۈمىد مەزگىلىدۇر. 20-30 ياشقىچە بولغان ۋاقتى بولسا، تەلەپكارلار كۆڭۈللىرىنىڭ راھىتى ۋە رىغبەت قىلغۇچىلار جانلىرىنىڭ لەززىتىدۇر. 30 دىن تاكى 40 قىچە ئارىلىقتا ئۇلار مال ۋە پەرزەنتىنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇلارنىڭ غېمىنى يېگۈچى بولىدۇ. 40-50 كىچە ئارىلىقتا ئۇلار نام ۋە نومۇس پەيدا بولىدۇ. ئەگەر 50 تىن ئۆتكەن بولسا، ئۇنى قارا بالا ۋە قاتتىق ئاپەت قاتارىدا سانىماق كېرەك. ئۇنداق چاغدا ئۇلار سۇر يەر، مېۋىسىز دەرەخ، زەھەرلىك

يىلان، نەشتەرلىك چايانغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲كىشى بىلەن ئالدىرىماي‌راق دوست بول، دۈشمىنىڭگە ئالدىرىماي‌راق دۈشمەنلىك قىل.

▲بىۋاپالىقنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇق ۋە خارلىقتۇر.

▲يالغان قەسەم قىلماق ئۆمۈرنىڭ راۋاجىنى ۋەيران قىلىدۇ، ۋەدىگە تۇرماسلىق تىرىكلىكنىڭ ئىمارىتىنى يىقىتىدۇ.

▲كىشى دەرەخ بولسا، ۋەدە يىلتىز.

▲ئاغرىنىپ قالغان دوستتىن ھەزەر قىلماق، ئۇنىڭ ئېتىقادى ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بەد گۇمان بولماق ئامانلىق ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

▲ھەر قانداق كىشى مۇنۇ بەش خىسلەتنى ئۆمۈرنىڭ سەرمايىسى ۋە يول جابدۇقى قىلسا، ھەر قەيەرگە بارسا غەرىزى ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۆزىگە ھەمسۆھبەت تېپىپ ئىززەتلىك بولىدۇ: بىرىنچىسى، بەتقىلىقلىقتىن يىراق بولماق؛ ئىككىنچىسى، ياخشى ئىش قىلىدىغان بولماق؛ ئۈچىنچىسى، تۆھمەت قىلىدىغان ۋە رىيا قىلىدىغان ئىشلاردىن پەرھىز قىلماق؛ تۆتىنچىسى، ياخشى خۇيلۇق بولماق؛ بەشىنچىسى، ھەممە ۋاقىتتا ئەل بىلەن ياخشى چىقىشماق ۋە ئەدەب ساقلىماق.

▲سۇلتانلىق ئىشى ئىككى خىل كىشىگە مۇناسىپ كېلىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، باغرى قاتتىق، ئۆزى زىرەك؛ ئىككىنچىسى، نومۇسلۇق بولۇشنى ئۆزىگە خۇي قىلغان كىشى.

▲پادىشاھنىڭ غەزىپى كەلسە، ئۇنىڭغا لەنىتى شەيتان مەسلىھەتچى بولىدۇ.

▲پادىشاھنىڭ ئاچچىقلانغان ۋاقتى شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا غالىب كېلىدىغان ۋاقتى.

▲جىسمانىي ھالاۋەت بىلەن روھىي ھەقىقەتنىڭ لەززىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

▲ھەر ئىشقا لايىق ئادەم، ھەر جايغا مۇناسىپ سۆز بار.

▲كىشى ھوش قۇلىقىنى ئاچسا، ھەر بىر سۆزدىن بىر پايدىلىق ھېكمەت تاپالايدۇ.

▲ھېرىسنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇقتۇر.

▲ھەق سۆز ئاچچىق ئاڭلىنىدۇ. غەرەزسىز نەسىھەت قوپال تۇيۇلىدۇ.

▲بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دۆلەت-سائادىتىگە سەۋەب بولىدىغان سۆھبەت ئاچچىقىنى يۇتماق ۋە سەۋر قىلماقتۇر.

▲ھەر قانداق ئىشنىڭ پايدىلىقراقى ئىشنىڭ يولىنى بىلىش ۋە مۇئامىلىشۇناسلىقتۇر.

▲كىشىنىڭ ھوزۇرى يالغۇزلۇقتا، پاراغىتى خىلۋەتتە.

▲ئادىللىق-ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يېتىشنىڭ ۋاستىسى.

▲دىن بىلەن پادىشاھلىق قوشكېزەكتۇر.

▲كۆڭلى يۇمشاق كىشىلەر خۇداغا يېقىن بولۇر.

▲ئۇلۇغلۇقنىڭ دەسمايىسى ئەقىل ۋە ئەدەبتۇر.

▲جاپا-مۇشەققەتكە چىدىيالايدىغان كىشىلەرلا ئۇلۇغلۇق ماقامىغا يېتىشەلەيدۇ.

▲چوڭ خەتەرگە ئۆزىنى ئۇرۇش، خىيالىي مەنپەئەت ۋە ۋەھىمىلىك پايدىنى كۆزلەپ، ئۆزىنى چوڭ ھالاكەتكە سېلىش جاھىللىقنىڭ ئالامىتى.

▲ھېجىيىپ تۇرغان كىشىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

▲سۇ ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئۈستىدىكى كىچىككىنە چۆپنى يۇتۇپ كەتمەيدۇ.

▲مەككارلىق ئوقىنى دوستلۇق ياسى بىلەن ئاتسا دەل تېگىدۇ.

▲ئېغىزدىن چىققان سۆز ئورنىدىن چاچرىغان كۆزدۇر. سۆزنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمىغىنىدەك، كۆزنىمۇ ئورنىغا سالغىلى بولمايدۇ.

▲تىل كۆڭۈلنىڭ ئايغاقچىسىدۇر، كۆڭۈل بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر، مىجەز بولسا ئۇنىڭ خەزىنىسىدىكى جاۋاھىردۇر.

▲جاھاندا ئالتە نەرسىنىڭ ئالتە نەرسىسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس: دۇنيانىڭ مېلى ھەرىكەتسىز بولمايدۇ. نەپسىنىڭ خاھىشى مېھنەتسىز بولمايدۇ. خوتۇنلار بىلەن بىللە بولماق بالاسىز بولمايدۇ. يامانلارغا قوشۇلماق نادامەتسىز بولمايدۇ. بېخىلدىن تەمە قىلماق خارلىقسىز بولمايدۇ. پادىشاھقا مۇلازىم بولماق ئاپەتسىز بولمايدۇ.

▲يالغاننى تولا ئاڭلاۋەرسىمۇ راستلىقنىڭ يۈزى يېپىلىدۇ.

▲ياخشى ئويلانغان پىكىر پەھلىۋانلىقتىن ياخشى.

▲ئالتە نەرسىدىن-ئەمەلسىز سۆزدىن، جەبىرلىك مالدىن، تەجرىبىسىز دوستلۇقتىن، رىئايە قىلىنمىغان ئىلىمدىن، مەقسەتسىز سەدىقىدىن ۋە ساقىسىز تىرىكلىكتىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ.

▲ئۆزى خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشىگە رەھىم قىلىش خاتادۇر.

---

تەييارلىغۇچى: مەخسۇت راھمان (دېھقان)

## ئابدۇللا تالىپنىڭ «لالە-قۇربان» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲زۇلۇم كۆپەيسە زاۋالى يېقىنلايدۇ. يىغا بىلەن كۈلكە ئالمىشىپ تۇرىدۇ. زالىمنىڭ.تاجىسىنى مەزلۇملار سۇپۇرگە قىلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ. ھەزىلكەش تەقدىرنىڭ ئويۇنى ئەنە شۇ.

▲مەنسەپ ئەھلى قولىغا ئامەت كەلگەن چاغدا پۇقرالارنى قاقتى-سوقتى قىلىپ بىر مەھەل قىنىغا پاتماي قالىدۇ. قولىدىن ئامەت كېتىپ مەنسىپىدىن قالدىمۇ. . . ئۇ، هارام تاپاۋىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ-دە، خارۇ-زارلىق سەھراسىغا يول ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

▲ئەگەر ھاكىمىيەتنىڭ يۈرىكى بىلەن پۇقرانىڭ يۈرىكى بىر بولسا، بۆرى بىلەن قوي بىر قوتاندا ئىناق ئۆتەلەيدۇ. . .

▲ئەلدىن بەخت كۆچسە، تەخت كۆچىدۇ.

▲ھەق-ناھەق زاكۇنى سورۇنلىرى ـ كىشىنىڭ تىلىنى بىلەيدىغان بىلەي تاش.

▲ئاچچىق-تاتلىقنى تېتىغان بىلىدۇ، يىراق-يېقىننى يۈرگەن بىلىدۇ، ياخشى-ياماننى كۆرگەن بىلىدۇ.

▲كۆچەت كىچىك چېغىدا پەرۋىش غېمىدا بولىدىكەنمىز، بوي تارتىپ قالغاندا ئۇنى قوغداش غېمىدا بولىدىكەنمىز، كېيىنكى غەم ئالدىدىكىسىدىن چوڭ بولىدىكەن.

▲زورلۇق بوسۇغىدىن كىرسە، ئادالەت تۈڭلۈكتىن قاچار.

▲تارىخ چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە ئېيتىپ

بىرىشى ئارقىلىق ئۆلنىپ ماڭىدۇ.

▲ ھاياتلىقتا تاش بىلەن تۇپراق، تەقدىر بىلەن پەلەك، ئادەم بىلەن ئالەم بىر-بىرى بىلەن گىرە ئىكەن؛ تاش - تۇپراق ئەجىر قىلغاننى بىلىدىكەن، تەقدىر پەلەكمۇ ئەسلى ھالىتىدە ئادىل ئىكەن، ئاسمان ئەمدۇرىدىكەن، تۇپراق يېگۈزىدىكەن. لېكىن چاتاقنىڭ يىلتىزى-گۇناھى كەبىرنىڭ بارى ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئىكەن، ئادەم ئادەمنى يەيدىكەن.

▲ شەيتان ۋەسۋەسىگە سالغاندا پالۋان قاپقانغا دەسسەيدۇ.

▲ بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى، لايىق جۈپ كەلسە پۈتىدۇ ئىشى.

▲ رايىش بولساڭ دانىش يېنىڭدا.

▲ «دۇنيا» دېگەن گۈللىغۇچى مەنىسىدە، «پانىي ئالەم» دېگەن يالغانچى مەنىسىدە، «ئىنسان» دېگەن ئۇنتۇغاق، ۋاپاسىز مەنىسىدە؛ تەقدىرنى پالاكەتلەشتۈرگەن، ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان ئاشۇ ئۈچ نەرسە.

▲ تولا تەگكەن ئىشنىڭ تېگى قۇرۇق.

▲ كۈچىلىغانسېرى ئوت ئۆلغۈيدۇ، تاتىلىغانسېرى زىددىيەت يوغىنايدۇ.

▲ بۆرىگە تاقابىل تۇراي دېسەڭ ئىت بىلەن دوست بول.

▲ دەۋرنىڭ يۆتكىلىش ھامىلدارلىقى بىلەن سىزىكى تۇتقاندا زاۋاللىق كۆلەڭگىسى بەلگە بېرىدۇ، لېكىن ئىشتىيى سازلىشىپ كېتىدۇ، كۆزى تويسا نەپسى تويمايدۇ.

تەييارلىغۇچى ئىمىر مۇھەممەت

## ئابدۇللا تالىپنىڭ «لالە-قۇربان» رومانىدىن ماقال-تەمسىللەر

▲ زۇلۇم كۆپەيسە، زاۋالى يېقىنلايدۇ.
▲ دولقۇننىڭ ئەۋجى سۇنىڭ تەكتىدە.
▲ ئىت قورققىنىدىن قاۋايدۇ.
▲ ياش تۆككىچە مۇشت تۈگ.
▲ ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار.
▲ دۇكان كۆرگەن بالىدىن ئادەم چىقىدۇ.
▲ زاماننىڭ بېشىغا پىت چۈشكەندە قامچىغا زورلايدۇ، ئەمەلدارنىڭ بېشى قايغاندا پالچىغا زورلايدۇ، چوڭ-كىچىكلىرى بىرلىشىپ پۇقرانى غاجايدۇ. دەسمايىسى تۈگەپ غالتەككە چىققاندا تۆھمەتكە زورلايدۇ.
▲ ئوتنى سەل چاغلىماڭ كۆيدۈرىدۇ، دۈشمەننى كىچىك چاغلىماڭ ئۆلتۈرىدۇ.
▲ قورغاننى ئىچىدىن ئالماق ئاسان.
▲ ئالدىرىغاندا ئەقىل قاچىدۇ.
▲ مېنى يامان دېسىڭىز ئەنە ئەيسا غوجىڭىز.

تەييارلىغۇچى: مەخسۇت راھمان (دېھقان)

## ساباھىددىن ئەلىنىڭ «جۇۋىلىق خانىم» ناملىق كىتابىدىن ھېكمەتلەر

▲ ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان دوستلىرىغا بىپەرۋالىق پوزىتسىيىسىدە بولۇش، ئەزەلدىن «سىز» لەيدىغان دوستلىرىنى بىردىنلا قەدىناسلارچە «سەن» لەپ چۈشۈپ، كەمتەر - مۇلايىم بولىۋېلىش، سۆزلەۋاتقان ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىۋېتىپ، خىيالىغا كەلگەن مەنىسىز سوئاللارنى سوراش ھەمدە بۇ قىلىقلىرىنى تەبىئىي بىر ئىش دەپ بىلىش، بۇنداق چاغلاردا يەنە شەپقەتكە تولغان تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويۇش. . . بۇلار ئالاھىدە مەنسەپكە ئېرىشكەن ئادەملەرنىڭ مۇھىم ئادەتلىرى بولسا كېرەك.

▲ نېمە ئۈچۈندۇر تەڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكىلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ بېشىغا پالاكەت كەلسە ياكى بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالسا، بۇبالا-قازادىن بىرساق قايتىمىز، دەپ شادلىنىمىز ۋە ئۇ بىچارىلەر بىزگە كېلىدىغان بالا-قازالارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالغاندەك، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ھىممەت ئاتا قىلغىمىز كېلىپ كېتىدۇ.

▲ ئادەملەرنى ئۆز جىنسلىرىدىن بىرىنىڭ قۇدرىتىنى، مەرتىۋىسىنى سىناپ كۆرۈشتىن باشقا يەنە شېرىن مەست قىلىدىغان نەرسە بارمىدۇ؟ بولۇپمۇ مەلۇم مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىش پۇرسىتى كېلىپ قالغاندا ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

▲ ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنى بەكمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن، كۆز ئالدىدىكى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قات-قېتىغىچە روشەن كۆرۈۋالغان بىر ئادەمنىڭ ئوڭاي ھاياجانلىنىشى ۋە ھەر قانداق بىر ئادەمگە ئاچچىقلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق ئادەم ئۆز ئالدىدا بارلىق چاكىنىلىقى بىلەن پىرقىراپ يۈرگەن كىشىگە نىسبەتەن تاشتەك قېتىپ تۇرۇشتىن باشقا نېمىمۇ قىلالىسۇن؟! بىزنىڭ ئىچىنىشلىرىمىز، خاپىلىقلىرىمىز، غەزەپلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ كۈتۈلمىگەن، چۈشىنىلمىگەن تەرەپلىرى ئۈچۈنلا ئەمەسمۇ؟ ھەر قانداق ئىشقا ھازىرلىنىپ قويغان ۋە كىملەردىن نېمىلەر كېلىشىنى بىلىدىغان ئادەمنى تەۋرىتىش مۇمكىنمۇ؟

▲ ئادەم زادىلا چىدالمايمەن، دەپ پەرەز قىلغان نەرسىگە بەك تېز ئۆگىنىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چىدايدۇ.

▲ بۇ دۇنيادا قايغۇ ئىچىدىكى بىر ئادەمنىڭ مەجبۇرىي كۈلۈش ئۈچۈن تىرىشقىنىنى كۆرۈشتەك ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك.

▲ ھېچقانداق بىر ئايال، ئارزۇ-ھەۋەسكە بېرىلگەن ئەر كىشىچىلىك ئاجىز ۋە كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

▲ ئادەملەر بىر-بىرىگە مەلۇم بىر چەككە قەدەر يېقىنلىشالايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئۈچۈن تاشلانغان ھەر بىر قەدەم (ئۇلارنى) تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

تەييارلىغۇچى: ئۆمەرجان سىدىق

## مىر ئەھمەت سېيىت، پالقۇن روزىلارنىڭ «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتابىدىن ھېكمەتلەر

▲ ئىنساننىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرى نادانلىقتىن تۇغۇلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەر قانداق خەلقنىڭ نادانلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

▲ مائارىپى يوق مىللەت كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ.

▲ بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانىسى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى؛ جاھىللىق

ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم-مەرىپەت دەۋرى؛ سۈسلۇق ۋە بىكار تەلەپلىك ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى. باشقا مىللەتلەر ئىلىم-مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا. سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ بولسا ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق، يوقىلىش ۋە ئۆلۈم بولىدۇ. ھېلھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار.

▲تىلنىڭ كۈچى - مىللەتنىڭ كۈچى دېمەكتۇر.

▲ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق بولمىسا، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى بولمايدۇ.

خۇداغا ئىشەن، ئەمما تۆگەڭنىمۇ مەھكەم باغلا.

---

تەييارلىغۇچى: قەييۇم مەمىت (ئوقۇغۇچى)

## «ھەدىس» دىن ھېكمەتلەر

▲بەش نەرسە كېلىشتىن بۇرۇن بەش نەرسىنى غەنىيمەت بىل: ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھاياتلىقىڭنى، ئاغرىقتىن بۇرۇن سالامەتلىكىڭنى، مەشغۇلىيەتتىن بۇرۇن بوش ۋاقتىڭنى، قېرىلىقتىن بۇرۇن ياشلىقىڭنى، پېقىرلىقتىن بۇرۇن باي ۋاقتىڭنى.

▲ئالىم ياكى مۇئەللىم، ئاڭلىغۇچى ياكى ئىلىمنى سۆيگۈچى بول، بەشىنچىسى بولۇپ قېلىشتىن ساقلان، ھالاك بولىسەن!

▲گۈزەل ئەخلاقلىق مىللەت بەختىيار، يامان ئەخلاقلىق مىللەت بەتبەخت.

▲ھەر قانداق ئەل ئۆز ئابرويىنى ئۆزى يوقاتمىغىچە ئاللا ئۇنى يوقاتمايدۇ.

▲ھەر بىر بالا تۇغۇلۇشتا ئەيىبسىز، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق.

▲قىيامەت كۈنى ھەممىدىن كۆپرەك ئازاب چەككۈچى ئۆز ئىلمىسىنى نادانلىقتا قويغۇچىدۇر.

---

تەييارلىغۇچى: تۇردى سايىت

## ئەخەت تۇردىنىڭ «ھايات شۇنداق» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲يالغان گەپنىڭ پۇتى بولمىغىنى بىلەن قانىتى بار.

▲چىراي كۆيدۈرەر، خۇلق سۆيدۈرەر.

▲ئاياللار زاتى ئاجايىپ بىر دۇنيا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھەم نازۇك، ھەم ئەۋرىشىم كېلىدۇ. ئۇلار ھەمىشە ماختىلىشقا موھتاج، ئۇچۇشقا ئامراق. ئەڭ سەت ئاياللارغىمۇ «گۈزەلسەن» دەپ ماختىساڭ ئىشىنىدۇ، خۇشال بولىدۇ. ماختاش، ئۇچۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئاياللارغا سېلىنغان قارماق يېمى.

▲پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە يوق نەرسە دېھقاننىڭ خورجۇنىدا بار.

▲قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتىدۇ.

▲كولكە-ئاپتاپتۇر، ئۇ، ئىنسان يۈزىدىكى قىشنى ھەيدەيدۇ.

▲ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان بولىدۇ. ھەمىشە ئۇلۇغلۇق بىلەن رەزىللىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈرىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا چەكسىز تاغ-دەريا يوق، ئۇلارنىڭ ئارىسى پەقەت بىر قەدەم.

▲كىشىنىڭ ئارزۇسى ھەر خىل بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئېيتقۇسىز شىرىن ئارزۇسىنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەم ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز نەرسە بولۇپ تۇيۇلۇشى تەبىئىي ئەھۋال.

▲بالىلىق دەۋرىدىكى ئۆچمەنلىك ھەقىقىي ۋە ئەڭ ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان ئۆچمەنلىكتۇر.

---

تەييارلىغۇچى: يۈسۈپ ھەمدۇل

## بېلىنىسكىي ھېكمەتلىرى

▲ئادەم قانچىلىك قۇدرەتلىك، ئەخلاقىي جەھەتتە قانچىلىك يۈكسەك بولسا، ئۆزىنىڭ زەئىپ تەرەپلىرى ۋە كەمچىلىكلىرىگىمۇ شۇنچىلىك جۈرئەت بىلەن قارىيالايدۇ.

▲ھەقىقەتنى يالغاندىن پەرق ئېتىشتە، كۆپىنچە كۆلكە ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ.

▲بىرەر نەرسىنىڭ مەنىسىگە يەتمەي، ئۇنى چۈشەنمەي تۇرۇپ تىللىغىنىڭ چالا ساۋاتلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

▲ھالال ئادەملەرنىڭ شۇنداق بىر بەلەنە ئادەتلىرى باركى، ئۇلار يۈزسىزلەر، نومۇسسىزلار ئالدىدا ھەمىشە ئۇيات ھېس قىلىپ، يەرگە قاراپ قېلىشىدۇ.

▲ئايالنىڭ ئاياللىقىنى ئاشۇ ئايالنىڭ قانداق ئەر كىشىنى سۆيگىنىدىن بىلسە بولىدۇ.

▲ئېيتىدىغان سۆزۈڭ بولمىسا، سۈكۈت قىلغىنىڭ ياخشى.

▲بىپەرۋالىق ۋە ھورۇنلۇق-جان بىلەن تەننىڭ ھەقىقىي مۇزلىشى.

▲نومۇس-ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۆل تېمى.

---

تەييارلىغۇچى: ئىمام ئىسمائىل

## ئۆم-ئىناقلىق ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲يىل ياش قوشۇدۇ، ئىتتىپاقلىق باش.

▲ئۆملۈكتە كۆتۈرگەن يۈك يەڭگىل.

▲ئەخلاق زىننىتى-گۈزەل تىل.

▲تەن بىرلىكىنى كۆتمە، دىل بىرلىكىنى كۆت.

▲دوستلار ئارا ئىناقسىزلىق دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىدىغان كاۋىكىدۇر.

## ئائىلە ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲سىرتتىكى ھەر قانچە چوڭ بەختمۇ ئائىلىدىكى بەختكە يەتمەيدۇ.

▲مەيلى پادىشاھ ياكى دېھقان بولسۇن، ئائىلىدە ئىناق بولغىنى ئەڭ بەختلىكتۇر.

▲ئىناقسىز ئائىلە — تىرىكلەر كۆيۈپ ئازابلىنىدىغان دوزاخ.

▲دۇنيانى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىلا، ئاندىن ئائىلىدىن ياخشى ھېچقانداق جاينىڭ يوقلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

▲ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئۇنى ۋەيران قىلماقچى دېسە، بىرلا ئادەم بولسا كۇپايە.

## ئابدۇرېھىم نىزارىي ھېكمەتلىرىدىن

▲تەۋەككۇلگە ئېيتىلغان سۆز بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتىن باشقا پايدا كەلتۈرمەيدۇ.

▲ھاياتتا مۇنۇ ھەربىكەلەردىن نېرى بول: ئاتا-ئانىنىڭ سۆزىگە كىرمەسلىك، كۈن چىققىچە ئۇخلىماق، جامائەتنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەك.

▲كىم تەكەببۇرلۇقنى ئۆزىگە ئادەت قىلسا،

ئاقىۋەت ئىرىشىدىغىنى ئەل-جامائەتنىڭ لەنىتىدۇر.

▲ياخشى ئادەمنى چىقىپ-ئەيىبلەيدىغان كىشى خۇددى ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرگەندەك تۈكۈرۈكى يېنىپ ئۆزىنىڭ يۈزىگە چۈشىدۇ.

▲ئاتا رەھىمدىل، ئوغۇل ۋاپادار، ئەر ئىنسابلىق، خوتۇن دانا بولسا، ئۆينىڭ دۆلىتى شۇدۇر.

## ھېكمەتلەر

▲دۇنيادا ئادەمگە كېلىدىغان شۇملۇق، خەلقنىڭ غەزەپ-نەپرىتىگە پىسەنت قىلماي يامان ئىش قىلغانلىقتىن كېلىدۇ. ئاندىن قالسا، ھالال مېھنەت سۆيمەي ھورۇنلۇق قىلىپ گادايلاشقانلىقتىن كېلىدۇ.

▲بىلىم ئالمىغان ياش-تام تۈۋىدىكى تاش.

▲ياشلىقىڭدا ئادەتلەنسەڭ، قېرىغاندا كۆنۈكسەن.

▲بىلىم قوغلىغان ئوزار، قىمار ئوينىغان تۇزار.

▲سالامەتلىك جان راھىتى، ئىناقلىق كۆڭۈل راھىتى.

▲ئالدامچىنىڭ گېپى چىرايلىق، كۆڭلى تۈزىنىڭ قىلىقى.

▲ئادەم بىلىمى دۆلەت، بىلىمسىزدە قۇرۇق سۆلەت.

## تىل ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲قانچە كۆپ تىل بىلسەڭ، شۇنچە ئۇزاق ياشايسەن.

▲ئىنسان ئۈچۈن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان بايلىق - تىل، ئانا تىل بولمىسىكەن، ۋەتەن، خەلق بولمىدۇ.

▲خەلقنىڭ ئۆمۈر ئۆلچىمىنى ئۇنىڭ تىلى بەلگىلەيدۇ.

▲دۇنيادىكى ھەممە گۈزەللىك ۋە سېھرىي كۈچ تىلدا بولىدۇ. ئىنسان ئانا ئەللىيىنى بىرىنچى بولۇپ ئەنە شۇ تىل ۋاستىسىدا ئاڭلايدۇ.

▲تىلى تاتلىق ئادەمنىڭ دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

تەييارلىغۇچى: ئەھمەتجان تاشتۆمۈر

## ھېكمەتلەر

▲ئىككى نەرسە بىر ئادەمدە جەم بولسا، ئۇ كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ يولى ئېتىلىدۇ: بىرسى، كېرەكسىز سۆزلەرنى بىلجىرلىسا، ئىككىنچىسى، يالغان سۆزلىسە.

▲ھەر قانچە ئىشەنچلىك ۋە يېقىن دوستۇڭ بولسىمۇ، دوستۇم دەپ ئىشىنىپ سىرىڭنى ئېيتىشتىن ساقلان. ئويلىغىنىكى، ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغان سىرىڭنى دوستۇڭ ساقلىيالارمۇ؟

**- ئەھمەد يۈكنەكي**

▲شىرىن تىل ئاچچىق تىلغا ئۇرۇلسە، ئۇ خۇددى قەنتنى ھاراققا ئارىلاشتۇرسا ھارام بولغىنىدەك زىيانلىق نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

▲سىرىڭنى ساقلا، ئەگەر ئۇنى ئاشكارىلىساڭ، قايتىدىن يوشۇرۇش ئۈمىدىدە بولما. كۆڭۈلدىكى سىر خۇددى نەپەسكە ئوخشايدۇ، چىقارغان نەپەسنى ھېچكىم قايتۇرۇۋالمايدۇ.

**- ئەلشىر نەۋائىي**

▲جاپا چېكىپ ئىلىم ئىگىلىسەڭ، كىتابنىڭ ھەر بېتىدىن ساڭا جەننەتنىڭ يۈزلەپ ئىشىكى ئېچىلىدۇ.

**- ئەھمەد خوجامنىياز قىسسۇرىي**

▲ھەسەل نەدە بولسا، ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ. ھەسەل يېيىشتىن ئاۋۋال ھەرىنىڭ زەھرىنى تېتىشقا توغرا كېلىدۇ.

▲كىشىگە ھەر بالا كەلسە تىلىدىن كېلىدۇ، كىم ياخشى، كىم يامان، تىلىدىن مەلۇم بولىدۇ.

**- ئەھمەد يۈكنەكي**

▲جاپا-مۇشەققەت - تالانتنىڭ شوتىسى.

▲تەكەببۇرلۇق، ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ۋە ئالدىراقسانلىق كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ چوڭ يوشۇرۇن خادا تاشتۇر.

**- بالزاك**

▲كىشى كىتابنىڭ قۇلى بولۇپ قالسا، ئۇ، ئادەمنى ئۆلۈمگە باشلايدۇ. ئادەم كىتابنى قورال قىلغاندا كىتابتىكى بىلىم تىرىلىدۇ.

**- خۇالوگن**

▲ئادەم ئۆزىنى تونۇۋېلىشنى بىلگەندىلا ئاندىن قابىل ھەم كۈچلۈك بولىدۇ.

**- گوركىي**

▲ئادەم قانچە كۆپ پىكىر يۈرگۈزسە، شۇنچە ئاز گەپ قىلىدۇ.

**- مونتېسكيو**

تەييارلىغۇچى: ھاۋاگۈل قۇناجى (ئوقۇغۇچى)

## بىلىم ھەققىدە چەت ئەل ماقال-تەمسىللىرى

▲بىلىم - جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان قانات.

**- ئەنگلىيە**

▲بىلىمسىزلىك - خۇراپاتلىقنىڭ ئانىسى.

**- فرانسىيە**

بىلىمدىن ياخشى دوست، كېسەلدىن يامان دۈشمەن يوق.

**- ھىندىستان**

▲بىلىمنىڭ قىممىتى ئىگىلەشتە ئەمەس، ئىشلىتىشتە.

**- گرېتسىيە**

## ھېكمەتلەر

▲قۇرۇق شاختا مېۋە بولماس، قۇرۇق گەپتە قىممەت.

▲قورقۇنچاقلىق نەدە بولسا، ھاقارەت شۇ يەردە.

▲ھەسەتخورلۇق پاراكەندىچىلىكنىڭ ئۇرۇقى.

▲يەردىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار، ئەلدىن ئايرىلغان مەڭگۈ يىغلار.

تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتجان توختى (ئوقۇغۇچى)

## «مىڭ بىر كېچە» دىن ھېكمەتلەر

▲چېچىلغان نۇتۇق سۆزدۇر،
تىزىلغان نۇتۇق دۇردۇر.

▲. . . ساڭا تۆت تۈرلۈك ۋەسىيىتىم بار:

بىرىنچىسى، مەنىسى يوق - تېتىقسىز ئادەملەرگە ئارىلاشما! شۇنداق قىلساڭ ئۇلارنىڭ يامانلىق، شۇملۇقلىرىدىن ساقلىنىسەن.

ئىككىنچىسى، باشقىلارغا يامانلىق قىلما! ئۇ سېنى خىجالەتتە قويىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۆز ئەيىبىڭنى ئۆزۈڭ بىلىپ تۈزەت، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى سۆزلەشتىن ساقلان!

تۆتىنچىسى، ئىچىملىك ئىچمە، ئۇ، كىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ، كۆلكىگە

قويىدۇ، ھەر قانداق پىتنە-پاساتنى تۇغدۇرىدۇ، بارلىق ئەسكىلىك شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ئادەم ھالىسى ئۈچ نەرسىدىن: توپلىغان ماللىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغىنىغا، ئارزۇلىرىغا يېتەلمىگىنىگە، قىلىش مۇمكىن بولغان ياخشى ئىشلارنى قىلالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ دۇنيادىن ئۆتىدۇ.

▲ئالدىن كۆرۈش، ئويلاپ ئىش قىلىشتىن تاشقىرى ئەقىل يوق. ھۆسنى-خۇلقتىن ئارتۇق مەنزۇر نەرسە، ئەدەپكە تەڭ مىزان يوق.

▲سەندىن سورالمىغان سۆزگە قىستۇرۇلۇپ جاۋاب بەرمە. قىچقىرىلمىغان يەرگە بارما! ئۇلار سېنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان نەسىھىتىڭگە ۋە بەرگەن مەسلىھەتىڭگە يامان نىيەت بىلەن مۇكاپات قايتۇرىدۇ. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋۇز دەپ ئاتالغان.

▲بىلىمسىز - پاسىققا ئاشنا بولما! ئۇ سېنى يامان يولغا باشلايدۇ، ياخشىلىققا يولاتمايدۇ؛ يالغانچىغا ھەمراھ بولما! ئۇ سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى يوشۇرۇپ، يامانلىقىڭنى ئاشۇرۇپ سۆزلەيدۇ.

▲ھەممە نەرسىنى تۈزەش مۇمكىن، لېكىن بۇزۇلغان ئادەمنى تۈزىگىلى بولمايدۇ، تەقدىرنىمۇ قايتۇرغىلى بولمايدۇ.

▲كىشىنىڭ ئەقلىنى ئۆزگەرتىپ، نادانلىق، قىلىقسىزلىق، جاھالەت، ھاكاۋۇرلۇققا باشلايدىغان، كىشىنى ئەدەب-ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان نەرسە مانا بۇ ئىچىملىكتۇر. ھەممە پەسكەشلىكمۇ، ئەدەبسىزلىك، قىلىقسىزلىقمۇ مەستلىكتىن باشلىنىدۇ. ئۇ ھەممە پەسكەشلىك، ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئانىسى...

▲باشتا ماختاپ كېيىن قارىلىغانلار ئىككى مەرتىۋە يالغانچى بولىدۇ.

▲كىچىنىڭ جىمجىتلىقىغا ئىشىنىش ئادەملەرنى ئەپسۇسلىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ئۈمىدسىزلىك ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، ھورۇنلۇق، يالقاۋلىق ھاياتنى خاراب قىلىدۇ.

▲تەجرىبىلىك ھۆكۈمالار: «كۆڭۈلدىن مالاللىق ۋە غەم-قايغۇنى كۆتۈرۈۋېتىشنىڭ داۋاسى ئۈچ ئىش بىلەندۇر. بىرىنچىسى، كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرسە؛ ئىككىنچىسى، ئاڭلىمىغان نەرسىلەرنى ئاڭلىسا؛ ئۈچىنچىسى، بارمىغان يەرلەرگە بارسا» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

▲ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ لەززەتلىك نېمە - بەدەننىڭ ساقلىقى، ئۆزىنىڭ ئامانلىقى.

▲بېخىل، غەيۋەتخور، خۇي-پەيلى يامان، پىتنە-ئىغۋا بىلەن كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىدىغان بەتنىيەت ئادەملەردىن يىراق قاچ!

▲«سەھەر قوپقان ئىنتتىن قورق» دېگەندەك، كىم بۇرۇن ھەرىكەت قىلسا، ئىزدىگىنىنى تاپار.

▲يىپ ئۆتكۈزۈلگەن يىڭنە يوقالمايدۇ.

▲ئايال كىشىنىڭ قارىنىدا بالا ياتقان بىلەن، يۈرىكىدە سىر ياتمايدۇ.

▲ئاشىقلارنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن بىرى، ياردىن ئۆتكەن خاتالىقنى كەچۈرۈم قىلىشتۇر.

▲سۆيگۈنۈڭدىن يىراق تۇرۇش سەن ئۈچۈن ياخشىلىق ھەم پايدىلىقراق. كۆزۈڭ كۆرمەيدۇ، كۆرمىگەندىن كېيىن دىلىڭ رەنجىمەيدۇ.

---

تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋاھىت مۆلجەرى

## ھېكايەتلەر ۋە ھېكمەتلەر

▲بىر كىشى ئارىستوتېلدىن:

- ئەي دانىشمەن، سەن شۇنچىۋالا بىلىمىڭنى قانداق قىلىپ ئۆگىنىپ بولالىدىڭ؟-دەپ سورىدى.

- مەن بىلىم ئېلىۋاتقان چاغلىرىمدىكى ياندۇرغان چىراغ ياغلىرىنى ئۆلچەپ قارىساڭ، ئۆمرۈم بويىچە ئىچكەن نەرسىلىرىمدىن كۆپلىكىنى كۆرىسەن.

▲بىر كىشى دانىشمەندىن:

- مەن ئوقۇغان، ئاڭلىغانلىرىمنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىمەن، بۇ نېمە سەۋەبتىن؟- دەپ سورىدى.

-ئۇنداق بولسا قولۇڭدىن ياردەم سوراپ، ئاڭلىغانلىرىڭنى دەرھال يېزىپ قوي.

▲ئەگەر بىر كىشى بىلەن سۆھبەتلەشسەڭ، ئۇنىڭ ئەقلىگە قارا، دىنىغا قارىما. چۈنكى، ئۇنىڭ دىنى ئۆزى ئۈچۈن، ئەقلى ھەم سەن ئۈچۈن، ھەم ئۆزى ئۈچۈن.

▲ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەش، ئۇنىڭ ئەقلىدىن ساڭا پايدا يۇقىدۇ، رايىڭغا قاراپ بېرىلگەن مەسلىھەت ساپ ئەمەس.

▲ئەگەر دۈشمىنىڭ ئۆز ئىشىدا سەن بىلەن مەسلىھەتلەشسە، سەن ئۇنىڭغا توغرا مەسلىھەت بەر، خەيرىخاھلىق كۆرسەت. «ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم، نېمە بولسا بولسۇن، ئەدىپىنى يېسۇن» دەپ يامان يولغا سالما. چۈنكى ئۇ ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنى تاشلاپ، سەندىن ئۈمىد بىلەن مەسلىھەت سورىدى. بۇ، ئىنسان بولۇشنىڭ ياخشى ئالامىتىدۇر.

▲پەيلاسوپتىن:

- سىز قاچاندىن بۇيان ئەقىللىق؟ دەپ سورىدى.

- تۇغۇلغاندىن بۇيان ئەقىللىقمەن، -دەپ جاۋاب بەردى.

- بەللى، بوۋاق بالىنى ئەقىللىق ساناش مۇمكىنمۇ؟

- قورسىقىم ئاچسا يىغلىدىم، ئەمچەك بەرسە جىم بولدۇم. دېمەك، كىشى ئۆز ئېھتىياجىنىڭ مىقدارىنى بىلەلىسىلا ئەقىللىق.

▲بىر كىشى ئارىستوتېلدىن:

- ئىلىم ئارتۇقمۇ؟ پۇل-مال ئارتۇقمۇ؟ دەپ سورىدى.

- ئەلۋەتتە ئىلىم ئارتۇق، - دېدى پەيلاسوپ.

- ئۇنداق بولسا ئالىملار باي كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ-يۇ، ئەمما بايلار ئالىملارنىڭ بوسۇغىسىغا كەلمەيدىغۇ؟

- دۇرۇس، ئالىملار پۇل-مالنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ. لېكىن بايلار ئىلىمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئالىملارنىڭ ئالدىغا كەلمەيدۇ.

▲كېڭەش - يېرىم خاتىرجەملىكتۇر.

▲كىشىگە تىلىڭ بىلەن نەسىھەت قىلغىچە، ئەمەلىي ھەرىكەت - ئەخلاق-پەزىلىتىڭ بىلەن نەسىھەت قىل.

▲بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ يوشۇرغىن، بىر كىشىدىن ياخشىلىق كۆرسەڭ پاش قىل.

▲ھەر نەرسە ئەقىلغە موھتاج. ئەقىل ۋە تەجرىبە قوشكېزەك بولۇپ، سۇ بىلەن تۇپراققا ئوخشاش. چۈنكى سۇ بىلەن تۇپراق قوشۇلماي مەھسۇلات تۇغۇلمايدۇ.

▲ئەقىل - تەجرىبىگە موھتاج، ئىلىم - ئەقىل-پەزىلەتكە موھتاج، شادلىق - تىنچلىققا موھتاج، يېقىنلىق - مۇھەببەتكە موھتاج.

▲ ئۆز-ئۆزىنى تونۇغان كىشى ئەقىللىقتۇر. ئەخمەق ئۆزىنى تونۇپ يەتمىگەچ ئەقىلسىز.

▲ بىر كىشى پەيلاسوپتىن:

- كىشىنىڭ ئەقلىنى قانداق كۆرىسەن؟ - دەپ سورىدى.

- مەن، كىشىنىڭ ئارقا يەلكىسىنى كۆرسەم، ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرىمەن.

- ئەگەر يۈزىنى كۆرسەڭچۇ؟

- كىشىنىڭ يۈزىدىن بىر كىتاب ئوقۇيمەن، دەپ جاۋاپ بەردى.

تەييارلىغۇچى: تاھىرھاجى ياقۇپ

## گيوتىنىڭ «ياش ۋېرتېرنىڭ دەردى» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ ئادەم بالىسى قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ، ئاخىرى پۇشايمان يەيدىغان غەلىتە مەخلۇق.

▲ شائىرنىڭ قىلىدىغىنى گۈزەل شەيئىلەرنى بايقاش ھەمدە ئۇلارنى دادىل ئىپادىلەپ بېرىش.

▲ دۇنيادا ھەممىدىن ساپ، ئادەمنى ھەممىدىن ئارتۇق تەسىرلەندۈرىدىغان كۆڭۈللۈك ئىش، ئۆزىگە سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان ئۇلۇغ كۆڭۈلنى كۆرۈش.

▲ قانداق ئادەملەر كاتتىلارغا كىرىدۇ؟ مېنىڭچە، كۆزى باشقىلارغا قارىغاندا ئۆتكۈر، باشقىلارنىڭ كۈچى ۋە قىزغىنلىقىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان تولۇق جاسارەتكە ۋە پاراسەتكە ئىگە ئادەم كاتتا ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

▲ ھەممە بەخت-سائادەتنىڭ مەنبەسى ئۆزىدە بولغاندەك، بارچە ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ يىلتىزىمۇ ئۆزىدە.

▲ بەختسىزنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن ئۈمىدسىز تىرىشچانلىق خۇددى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان يالقۇن ئاخىرقى قېتىم لاۋۇلدىغاندەكلا بىر ئىش بولىدۇ.

تەييارلىغۇچى: مەخسۇت راھمان (دېھقان)

## ھېكمەتلەر

▲ سۆيگۈ كۆپىنچە ئەقىللىق كىشىلەرنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ ۋە ئەقىلسىزلارغا ئەقىل بېرىدۇ.

- د. دىدرو

▲ ھېچقانداق نەرسە ئەر يۈرىكىنى سۆيگۈ تۇيغۇسىدىن كۈچلۈك رام قىلىپ يۇمشىتالمايدۇ.

- گ. سىنكېۋىچ

▲ چىن مۇھەببەت تۈرمە ۋە چېگرىنى بىلمەيدۇ.

- پروپېرتىسى

▲ كىمگە نېمىنى سۆزلەۋاتقانلىقىڭنى پات-پات ئويلاپ تۇر.

- كوراتسى

▲ بىلگىنىڭنى ھەدەپ سۆزلەۋەرمە، ئەمما سۆزلەۋاتقىنىڭنى بولسا ھەر ۋاقىت بىل.

- م. گ. ئودىئوس

▲ پەقەت ئۈچ ئادەملا سىر ساقلىيالايدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۆلگەن بولسا.

- ب. فرانكلىن

▲ ئەگەر ئادەملەر بىر-بىرىنى باشتىن ئاخىر ئېنىق بىلگەنلىرىدە، بىر-بىرىدىن پىتىراپ قاچقان بولاتتى.

- ئى. كانت

▲ دۈشمەننىڭ بىلىشى لازىم بولمىغان سۆزنى دوستۇڭغىمۇ تىنما.

- ئا. شوپېنخائۇئېر

▲ ھەقىقەت مەشئىلى كۆپىنچە ئۇنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ قولىنى كۆيدۈرىدۇ.

- پ. بوئاست

▲ زۆرۈر سۆزنى ئېيتالمىغىنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىم ئەتتەڭ دەيسەن. تىلىڭنى يىغمىغانلىقىڭ ئۈچۈن مىڭ قېتىم ئەتتەڭ دەيسەن.

- ل. ن. تولستوي

▲ دانانىڭ تىلى قەلبىدە، تەنتەكنىڭ قەلبى تىلىدا.

- ن. ۋ. شېلگونوف

▲ كىم قانچىلىك نادان بولسا، خۇلاسە چىقىرىشقا شۇنچە ئالدىرايدۇ.

- ئە. كونديلياك

▲ ئۆز ھاياتىنى ياخشىلاشنى ئويلىمىغان ئادەم، دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ سۇنىڭ تۈگىشىنى كۈتكەن تەنتەككە ئوخشايدۇ.

- كوراتسى

▲ باشقىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان كىشىلەرگە قارىغاندا ئۆزىنى ئۆزى يوقاتقانلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ.

- ژ. لېببوك

▲ ھۇرۇن ئادەمنىڭ جىمجىت - سۈرەلمىلىكى توختام سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا قۇرت-قوڭغۇز، پاسكىنا ئىت بېلىقلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق.

- م. ۋ. لومونوسوف

▲ ھەقىقىي ناتىقلىقنى كۆرەلمەيدىغان جەمئىيەتتە قۇرۇق ۋەزخانلىق، سۆز رىياكارلىقى ياكى ئېتىقسىز سەپسەتىۋازلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ناتىقلىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تايانچلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۆتمۈشتىمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق.

- ئا. پ. چېخوف

▲ سۆز قايسى دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

- ئا. ئى. گېرتسېن

▲ ئۆز تىلىغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىغا قاراپ ھەر بىر كىشىنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنى، پۇقرالىق قەدىر-قىممىتىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

- ك. گ. پائوستوۋىسكىي

▲ مەدەنىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىگەللىكى ئاياللىغا بولغان مۇناسىۋەتتە بەلگىلىنىدۇ.

- م. گوركىي

▲ سۆيگۈ چېچەك كېسىلىگە ئوخشايدۇ، قانچە كېچىكىپ چىقسا شۇنچە خەۋپلىك.

- د. جېررولد

خوتۇن خەق كېچىسى مۈشۈكتەك سۈركۈلىدۇ، كۈندۈزى يىلاندەك تولغىنىدۇ.

- چىڭگىز ئايتماتوف

تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت كېرىم ۋارىسى (دېھقان)

## «چەتئەل ئەقلىيە سۆزلىرى» دىن جەۋھەرلەر

▲ زور كەلكۈننى توسۇغىلى، چوڭقۇر قۇدۇقنى تىندۇرغىلى بولىدۇ، لېكىن خەلقنىڭ ئاغزىنى

ئەتكىلى بولمايدۇ.

— ۋېتنام

▲ كەلگەنگەن قىش پەسلى، يىراق ئەمەس باھار پەسلى.

— ئەنگلىيە

▲ بورانىنىڭ گۈركىرىگىنىگە تاغ تەۋرىمەيدۇ.

— ياپونىيە

▲ قەھرىمانىنىڭ ئومۇرتقىسى قاتتىق، خائىنىنىڭ تىزى يۇمشاق كېلىدۇ.

— ئافغانىستان

▲ شىر يېمەس ھەرگىز ئىتتىن ئاشقانىنى، ئۆلسىمۇ ئاچلىقتىن ئۆڭكۈردە — غاردا.

— ئىران

▲ ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى چۈشكە ئوخشاش دەپ قالما، دۇنيا ئەمەس ئۇيقۇدا، ھامان ھەرىكەت قىلماقتا.

— پارس

▲ ھەقىقىي كىشىلىك ھايات پۇختا، سەممىي كىشىگىلا مەنسۇپ.

— گرېتسىيە

▲ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى بەرداشلىقتىن، مەغلۇب بولۇشى ئالدىراقسانلىقتىن.

— ئىران

▲ كىچىك ئىشقا ئۇستا بولساڭ، چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن.

— ياپونىيە

▲ ئون پاراڭچى بىر ئىشلەمچىگە يەتمەيدۇ.

— كامبودژا

▲ گەپلا قىلىپ ئىش قىلماسلىق ئۆزىنى ئالدىغانلىق.

— بىرما

▲ ئۈمىدلا بولۇپ ئەمەلىيەت بولمىسا چۈشىدە ھوسۇل يىغقانلىق بولىدۇ.

— فىلىپپىن

▲ ئوت-چۆپ باسقان يەردە ئاشلىق، قۇرۇق گەپ تولا يەردە پاراسەت ئاز بولىدۇ.

— مىسىر

▲ تالا-تۈزگە چىقىپ تۇرىدىغان بالا ئۆيدىن چىقمايدىغان ئاتا-ئانىسىدىن كۆپرەك ئىش بىلىدۇ.

— ئافرىقا

▲ مىڭ تۈرلۈك قىياس بىر پاكىتقا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— ھوللاندىيە

▲ خام خىيال خۇددى ساپال كۈپتەك ئاسان سۇنىدۇ.

— يەمەن

▲ ئادەمنىڭ ئابرويى ئەمگەكتىن كېلىدۇ.

— ئافغانىستان

▲ ۋەدە — قەرز دېمەكتۇر.

— ئافرىقا

▲ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش — ئابرويىغا كاپالەتلىك قىلىش دېمەكتۇر.

— ئالبانىيە

▲ ساپ ئالتۇن ئوتتا بىلىنىدۇ، ئادەم ۋەدىسىدە.

— ياپونىيە

▲ ياخشى نام مىڭ چاقىرىمغا كېتىدۇ، يامان نام تۈمەنمىڭ چاقىرىمغا.

— يۇگوسلاۋىيە

▲ شەھۋانە نەپسىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن يوق.

— پارس

▲ نادانلارچە قىزغىنلىق — يۈگەنسىز ئاتتۇر.

— ئاسىيا

▲ تاقەت قىلماق قىيىن، ئەمما مېۋىسى شېرىن.

— ئاسىيا

▲ ئۆزگىلەرگە دەرد كەلسە شادلانمىغىن خوپ بولدى دەپ، كىم ساڭا كېپىل بولالايدۇ پېشكەلچىلىك بولمايدۇ دەپ.

— روسىيە

▲ ئارىلاشقان ئادىمىڭگە قاراپ پەزىلىتىڭنىڭ يېرىمىنى بىلگىلى بولىدۇ.

— لاتىن ئامېرىكىسى

▲ تەكەببۇرغا كەمتەر بولما، كەمتەرگە تەكەببۇر بولما.

— ياۋروپا

▲ يالغان سۆزلەش — چۈشكۈنلۈشۈشنىڭ باشلىنىشى.

— ئەنگلىيە

▲ ئاچكۆز نامىنى بۇلغايدۇ، پۇلپەرەس ئەخلاقىنى

— ھىندىستان

▲ تونجى ئىسمىڭنى ئاتا-ئاناڭ قويىدۇ، يامان ئىسمىڭنى ئۆزۈڭ قويىسەن.

— موڭغۇلىيە

▲ ئادەم تىللاش-ئەدەبسىزنىڭ پرىنسىپى.

— فرانسىيە

▲ مەسئۇلىيەتتىن باش تارتقىنىڭ ۋىجدان يۈكىنى ئېغىرلاتقىنىڭ.

— گرېتسىيە

▲ شەرمەندە بولغىنىڭغا پۇشايمان قىلىش، تېخى چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەن روھىي دۇنياسىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىق بولىدۇ.

— گرېتسىيە

▲ كۆچەت -نوتا ئاسان ئېگىلىدۇ، ياشلار ئاسان خاتالىشىدۇ.

— ئافغانىستان

▲ ئىشەندۈرەي دېسەڭ خەقنى، ئالتۇندىنمۇ قىممەت بىل گەپنى.

— گرېتسىيە

▲ ئانىنىڭ كۆڭلى-بالىنىڭ دەرسخانىسى.

— ئامېرىكا

▲ تەلەپچان ئۇستازنىڭ تىللىشى مېھرىبان دادىنىڭ پەپىلىشىدىن ئەلا.

— ئىسرائىلىيە

▲ بۇ بىر مەڭگۈلۈك ھەقىقەتكى، قورشاۋدا قالغان پادىشاھتىن زىنداندىن بوشانغان ئەسىر بەختىيار بولىدۇ.

— ئىران

▲ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان پادىشاھ، گويا تەختتە ئولتۇرغان قۇلغا ئوخشايدۇ.

— ئافغانىستان

▲ خورازنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭ بىلەن تاڭ ئېتىشنى توسۇۋالالمايسەن.

— ئافرىقا

▲ قەھرىمانىنىڭ جاۋابى بىرلا: «قۇربان بولۇش، ياكى غەلىبە قىلىش!»

— ئافغانىستان

▲قەھرىمان بىلمەس قورقۇشنى ھامان،
قورقۇنچاق قالماس ئۆلۈمدىن ئامان.

-موڭغۇلىيە

▲قىلىچىمىز چىققانىكەن قىنىدىن، قالمىغاي ياۋ ئالدىدا مازاققا.

-ئىسپانىيە

▲جىندىن قورقساڭ جېنىڭنى جىن ئالار.

-ئاسىيا

▲نەدە بولسا قورقۇنچاق، شۇ يەردە بار ئاھانەت.

-رومىنىيە

▲كار قىلمىسا نەسىھەت، زورلاش زۆرۈر ئاقىۋەت.

-ئەنگلىيە

▲ئادەم ئىززەت-ئابرويىنى قوغداش ئۈچۈن كورەشكە ئاتلانغاندا دىن تارقاتقۇچىنىڭ توقۇم كىتابىغا ئەمەس، قىلىچ بىلەن دۇمباق ساداسىغا موھتاج بولىدۇ.

-ئەنگلىيە

▲بەدىنىڭگە كىرسە تىكەن، ئالغۇلۇقتۇر ئۇنى تىكەن بىلەن.

-كامبودژا

▲كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا قىلىچ-خەنجەر يول ئاچار.

-ھونگرىيە

▲يىلان توتساڭ بېشىنى يانچىۋەت.

-ئالبانىيە

▲ئۆزگىنىڭ سەۋەنلىكى كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى كەينىگە ئۆتۈۋالىدۇ.

-فرانسىيە

▲ئىچى بوش دۇمباقنىڭ ئاۋازى بەك چىقىدۇ، ھاكاۋۇر ئادەمنىڭ گېپى يوغان بولىدۇ.

-چاۋشيەن

▲قورۇق ھارۋا بەك جالاقلايدۇ.

-ۋيېتنام

▲تولا مياۋلىغان مۈشۈك چاچقاننى ئاز تۇتىدۇ.

-كۇبا

▲مىكيان كۈن بويى قاقاقلىسىمۇ، تۇغىدىغىنى بىرلا تۇخۇم.

-بىرما

▲خۇدانىڭ ئىنسانغا بىر تىل، ئىككى قۇلاق بەرگىنى، ئاز گەپ قىلىپ، جىق ئاڭلىسۇن دېگىنى.

-پارس

▲كۆرەڭلەش - يىقىلىشنىڭ بىشارىتى.

-ئەنگلىيە

▲دىمىقىنى ئۈستۈنىنىڭ يىقىلار يېرى ھاجەتخانا.

-ئالبانىيە

▲كۆرەڭ ئادەم چىرىگەن ياغاچقا ئوخشايدۇ، ئوتقا سالسا يانماستىن تۈتۈنلا چىقىرىدۇ.

-ئافغانىستان

▲پاقا ئۆزىنىڭ ئەسلىدە قۇمۇچاق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

-چاۋشيەن

▲ئۆزۈڭنى تەكشۈرۈپ تۇر، ئۆزگىدىن زارلانما.

-ياپونىيە

▲ياخشى تەرەپنىلا ئويلىغان ئادەم خەۋپ-خەتەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

-ھىندىستان

▲پاشىلار تەڭ ئېتىلسا پىلنىمۇ تىز پۈكتۈرۈدۇ.

-ئېفىئوپىيە

▲چۈمۈلىلەر بىرلەشسە زەھەرلىك يىلاننىمۇ باش ئېگىدۇ.

-ئەرەب

▲كىيىمنى سىم-سىم يامغۇر كاردىن چىقىرىدۇ، دوستلۇقنى ۋىت-ۋىت گەپ.

-موڭغۇلىيە

▲قورقۇنچاقني دوست تۇتساڭ بۇزار ئىشىڭنى، دۈشمەننى دوست تۇتساڭ ئالار بېشىڭنى.

-ئالبانىيە

▲ۋاپاسىز ئادەمدىن ۋاپادار ئىت ياخشى.

-پارس

▲خائىن چىقسا ئارىدىن مەخپىيەتلىك ئېچىلار، ئوسال ئوغۇل تۆرەلسە ئۆي - ئائىلەڭ چېچىلار.

-ھىندىستان

▲كۆڭۈلنىڭ سىرىنى كۆز ئاشكارىلايدۇ.

-ئافغانىستان

▲بىپەرۋالىق بىلەن باشلانغان مۇھەببەت پەقەت ھېسسىيات ئويۇنىدىن ئىبارەت، ئۇ خۇددى باھاردىكى چېچەككە ئوخشاش بالدۇر ئېچىلىپ، بالدۇر توزۇيدۇ.

-ئەنگلىيە

▲ئاسان كەلگەن بەخت ئاسان كېتىدۇ.

-ئىسلاندىيە

▲تىرىشچان - ۋاقىتنىڭ خوجايىنى، ھورۇن - ۋاقىتنىڭ قۇلى.

-چاۋشيەن

▲ساقىلى بارلار بىلىملىك ھېسابلانسا، ئۆچكىمۇ دەرس ئۆتەلەيدۇ.

-دانىيە

▲كىتاب بەزى كىشىلەرگە مول بىلىم بېرىدۇ، ئەمما ھەزىم قىلالمايدىغان كىشىلەرنى ساراڭ قىلىدۇ.

-ئىتالىيە

▲بىر ياخشى كىتاب ئوقۇش بىرقانچە ئالىيجاناب ئادەم بىلەن مۇڭداشقانغا باراۋەر.

-گېرمانىيە

▲دۇنيادا ئىككى خىل ئادەم مەڭگۈ قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ: بۇنىڭ بىر خىلى بىلىم ئىزدىگۈچىلەر، يەنە بىرخىلى بايلىققا ھېرىسمەنلەر.

-ئەرەب

▲دۈشمەننى يېڭىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى - ئۇنىڭ ئەمدى كۆتۈرگەن پۇتىنى چىقىۋېتىش.

-كۇبا

▲ئالدىراڭغۇ ئادەم بىر ئىشنى ئىككى قېتىم قىلىدۇ.

-پارس

▲بېرىشىڭدا خاتا مېڭىپ قالغان يول ئېسىڭدە بولسا، قايتىشىڭدا راۋان بولىدۇ.

-ئەرەب

▲ئىت قاۋىسا قاۋاۋەرسۇن، پسەنت قىلماي يولۇڭغا مېڭىۋەر، قاۋاپ-قاۋاپ توختاپ قالىدۇ.

-مېكسىكا

▲ئاقىل بىر يىقىلسا تەربىيە ئالىدۇ، ئەخمەق بىر يىقىلسا قوپالماي قالىدۇ.

-ھىندىستان

▲ مىش-مىش ئۆسەك سۆز ياۋۇز ئارمىيىگە ئوخشايدۇ.

ـ موڭغۇلىيە

▲ تۆھمەتخور تۆھمەتتە ئۆلىدۇ، ھەتتىنخور ئۆسەكتە.

ـ چاۋشيەن

▲ شېرىن-شېكەر، ياغلىما سۆز قان چىقارماي جان ئالىدىغان خەنجەر.

ـ سوۋېت ئىتتىپاقى

▲ دۈشمەننى مېھمانخانىغا باشلىغىنىڭ — زەھەرلىك يىلاننى قوينۇڭغا تاشلىغىنىڭ.

ـ ئالبانىيە

▲ قىيىنچىلىق ئالدىدا قەيسەر بول، خۇشال چاغدا ھوشيار بول.

ـ موڭغۇلىيە

▲ سۇ بىلەن ئوت تىلسىز دۈشمەن.

ـ سۇرىيە

▲ جىنچىراغ ئۆچۈش ئالدىدا بەك يورۇيدۇ، دۈشمەن يوقاش ئالدىدا تېخىمۇ غالجىرلىشىدۇ.

ـ موڭغۇلىيە

▲ كىم يەرشارىنى ياپالىسا، جىنايىتىنىمۇ ياپالايدۇ.

ـ ئەنگلىيە

▲ قارايۈز مەككار توپىلاڭدىن پايدىلىنىپ جىنايى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ـ ئەنگلىيە

▲ سودىگەر دوستىنى ئالدايدۇ.

ـ ھىندىستان

▲ زورلۇق كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئەخمەق ۋە ئاجىز ئادەمدۇر.

ـ چاۋشيەن

▲ مۇستەبىتلىك بار يەردە تالانتلىقنىڭ ھالىغا ۋاي.

ـ روسىيە

▲ ئەقىللىق، بىلىملىك ئادەم ئەخمەقلەر ئارىسىدا گويا قارىغۇ ئالدىدىكى ساھىبجامال.

ـ پارس

▲ باشقىلارنىڭ ماختىشىغا خۇشتار بولغان ئەخمەق خۇددى ھۆپپىدە ئىششىپ كەتكەن جەسەتكە ئوخشايدۇ.

ـ چېخوسلوۋاكىيە

▲ ئەخمەقنىڭ پۇلى بىلەن مەرتىۋىسى ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن ھادىسە ۋە مەسخىرە ئېلىپ كېلىدۇ.

ـ فرانسىيە

▲ ھەدىسە سۆزلەش، ئەمما ئاڭلاشنى خالىماسلىق بىلىمسىزلىك بىلەن ئەخمەقلىقنىڭ ئالامىتى.

ـ ئىتالىيە

▲ ئەخمەقنى سەگەكلەشتۈرىدىغان نەرسە سۆز ئەمەس، تەتۈرپىشانىلىك.

ـ گرېتسىيە

▲ ھۇرۇنلۇق — جىنايەتنىڭ ئۇۋۇسى.

ـ فرانسىيە

▲ ھۇرۇن — تىنىقى بار ئۆلۈكتۇر.

ـ كانادا

▲ مەككار دائىم ساختا كۈلكە بىلەن نىقابلىنىۋالىدۇ.

ـ ئەنگلىيە

▲ يالغانچى تولا قەسەم ئىچىدۇ.

ـ ئىتالىيە

▲ ساختىپەز گەپدان كېلىدۇ.

ـ ياۋروپا

▲ ياشلار نۇرغۇن يالغان نەرسىگە ئىشىنىدۇ، ياشانغانلار نۇرغۇن راست نەرسىدىن گۇمانلىنىدۇ.

ـ گېرمانىيە

▲ باش — خەزىنە، تىل — ئاچقۇچ، كۆز — قاراۋۇل، قول — بايلىق.

ـ پارس

▲ ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنىدۇ، يۈز يىلدا يەر.

ـ قىرغىز خەلق ماقالى

## ۋ. گ. ياننىڭ «چىڭگىزخان» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ ئەگەر كىشى ۋولقان ئېتىلىپ ئۆز يېزىسىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقى، مەزلۇم خەلقنىڭ زوراۋان ھاكىمغا قارشى قوزغىلىڭى ياكى نامەلۇم ۋە باشباشتاق خەلقنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە باستۇرۇپ كىرىۋاتقانلىقىغا ئوخشاش پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرنى كۆرسە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ قالدۇرۇشى كېرەك. ئەگەردە ئۇ ھېكايە سۆزلىرىنى قەلەم ئۇچى بىلەن تىزىش سەنئىتىدىن خەۋەرسىز بولسا، ئۆز ئەستىلىكلىرىنى تەجرىبىلىك بىر قەلەمكەشكە سۆزلەپ بېرىشى كېرەك. قەلەمكەش بۇنى ياخشى بىر قەغەزگە يېزىپ، نەۋرە-چەۋرىلىرىگە قالدۇرسۇن.

ئاجايىپ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق بۇ ھەقتە سىر ساقلاپ ئۆتۈپ كەتكەن كىشى، ئۆلۈمنىڭ سوغ قوللىرى بېشىغا تېگىپ تۇرغان ھالىتىدە خۇددى قىممەتلىك بويۇمنى چاپانغا ئوراپ چوڭقۇر يەرگە كۆمۈۋەتكەن بېخىل ئادەمگە ئوخشايدۇ.

▲ بىز شۇنداق زاماندا ياشاۋاتىمىزكى، غەزەپ قۇلىقى ھەربىر تۆشۈكتىن بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن چىققان پىچىرلاشنى تىڭشايدۇ. بىز كېچە-كۈندۈز شائىرنىڭ: «جىمجىتلىق كۈچ، باشقا ھەممە نەرسە زەئىپلىكتۇر» دېگەن سۆزلىرىنى يادىمىزدا تۇتۇشىمىز كېرەك.

▲ ئېتىڭنى ئۇرما، يولدىشىڭدىن ئايرىلىسەن.

▲ يولۇڭدا ئۇچرىغانغا ياخشى گەپ قىلىپ خۇشال قىلغىن، بەلكى باشقا كۆرمەسسەن.

▲ قوغلىغان يەردىن دەررۇ كەت، چاقىرغانلارنىڭ ئالدىغا خۇشال بولۇپ بارغىن.

▲ يۈزدىكى تاتۇق جەڭچىنىڭ زىننىتى.

▲ (چىڭگىزخان) ئېگىز بويلۇق كىشى، ھازىر ئاتمىش ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، تېخى ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك. سالماقلاپ قەدەم تاشلىشى ۋە قوپال ھەرىكەتلىرىدىن ئېيىققا ئوخشايدۇ. ھەييارلىقتا تۈلكە، ئاچچىقى يامانلىقتا يىلان، ئەپچىللىكتە قاپلان، ھارماسلىقتا تۆگە، ئۆزىگە ياققان كىشىگە مېھرىبانلىقتا ئۆز بالىلىرىنى ئەركىلەتكۈچى چىشى شىر. پىشانىسى كەڭ، ئۈچكە ساقال، كۆزلىرى سېرىق ۋە مۈشۈككە ئوخشاش. كىرپىك يۇمايدۇ. ھەممە خانلار ۋە ئاددىي ئەسكەرلەر ئۇنىڭدىن خۇددى يانغىن ياكى چاقماقتىن قورققاندەك قورقىدۇ. ئەگەر ئۇ ئون ئەسكىرىگە دۈشمەننىڭ مىڭ ئەسكىرىگە ھۇجۇم قىل، دەپ بۇيرىسا، ئەسكەرلەر ئويلاپ تۇرماستىن كېتىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار غەلىبە قىلىشقا ئىشىنىدۇ.

▲ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ جاھاننى ئېلىش

مۇمكىن، بىراق ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ ئۇنى باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

▲ كىمىكى قىلىچنىڭ قارا دەستىسىنى تۇتۇشنى خالىمىسا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغىغا دۇچ كېلىدۇ.

▲ كىشىنىڭ روھى چۈشسە ئۇنىڭ ئېتىمۇ چاپالمايدۇ.

▲ ۋاقىتتىن ئىلگىرى ۋايساش كېرەك ئەمەس، بۈگۈنكى كۈن تېخى تۈگىگىنى يوق، كەلگۈسى كۈنىمىز بولسا كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر بىلەن لىق تولۇق.

▲ «ھەقنى سۆزلىگەن ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ» دېگەن ماقال بار. ھەقنى سۆزلىگەن كىشى ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلىدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر يالغاننى تاغدەك-تاغدەك دۆۋىلىۋېتىدۇ.

## ھېكمەتلەر

▲ خاراكتېر كىشىلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقتىكى ماھىيىتىدىن ئىبارەتتۇر.

-داۋىد مۇدى

▲ خاراكتېر بىر ئادەمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ نېمىنى دېيەلمەيۋاتقانلىقى ۋە قىلالمايۋاتقانلىقىنىمۇ ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

-نورمان دوگلاس

▲ پۇل تەربىيە كۆرمىگەن ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدۇ، تەربىيە پۇلى يوق ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدۇ.

-ماسىرىن كوكس

▲ پۇل جىنايەتنىڭ مەقسىتى، ئۇ، كۆپ ھاللاردا جىنايەتنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالىدۇ.

-ھېنرى فىلدىڭ

▲ تەجرىبە گويا بىر ئالىي مەكتەپكە ئوخشايدۇ، ئۇ سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئەخمەق ئىكەنلىكىڭىزنى تونۇتىدۇ.

-كوسموساردو

▲ تەجرىبە - تەلەپچان ئوقۇتقۇچى، ئۇ ئالدى بىلەن سىزدىن ئىمتىھان ئېلىپ، ئاندىن سىزگە دەرس ئۆتىدۇ.

-سىۋتدېمموس

▲ ھەرقانداق ياپون باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشكىنىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئاكتىپلىق بىلەن يېقىنلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشىدۇ.

-بىر ياپوننىڭ سۆزىدىن

▲ غەلىبىنىڭ بولسا يۈز ئاتىسى بار، مەغلۇبىيەت بولسا يېتىم بالا.

- بېسسىل

▲ دۇنياغا نەزەر سالساق، مۇستەبىت تېررورلۇق بىلەن ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك چوقۇم بىر-بىرى بىلەن باغلىنىدىكەن: مۇستەبىت تېررورلۇق پەللىگە چىققاندا، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكمۇ مۇقەررەر پەللىگە چىقىدىكەن؛ ئەكسىچە، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك پەللىگە چىققاندا، مۇستەبىت تېررورلۇقمۇ مۇقەررەر پەللىگە چىقىدىكەن. دۇنيانىڭ قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى تارىخى بۇ ئىككىسىنىڭ ئايرىلماس قوشكېزەكلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ بىر تېئورما. مۇشۇ تېئورمىغا ئاساسەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى كۆزەتسەك، ھەرگىز خاتالاشمايمىز.

- يەن شيۇ

▲ ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى بويى بىلەن ئۆلچەنمىگەندەك، خەلقنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىمۇ ئۇنىڭ سانى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بىردىنبىر ئۆلچەم - ئۇنىڭ ئەقلىي كامالىتى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ۋايىغا يەتكەنلىكىدۇر.

- ۋىكتور ھيوگو

▲ ئەڭ ياۋۇز زوراۋانلىق - قانۇن سايىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئادالەت بايرىقى ئاستىدا ئىش ئېلىپ بېرىشتۇر.

- مونتېسكيو

* * *

▲ باتۇرلۇق بىلەن ئۆمرۈڭ قىسقارمايدۇ، قورقۇنچاقلىق بىلەن ئۆمرۈڭ ئۇزارمايدۇ.

## ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ بىزنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىز ئۆز پەيلى-خۇيىمىزدىن

▲ مېنىڭچە، رۇسلارنىڭ بىزدىن يۇقىرىلىقى ئۇنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن بولسا كېرەك. ئەمما بىزنىڭ كۈندىن كۈنگە كەينىگە كېتىشىمىزگە ئۆز ئارا كېلىشەلمەسلىكىمىز سەۋەب بولماقتا.

▲ سىياسەت توغرىسىدا ئويلىنىپراق سۆزلە! ئەرزىمىگەن سەۋەبلەر بىلەن ھالاك بولغان جانلارنى دائىم كۆز ئالدىڭدا تۇت. سەن بىلەن مېنىڭ كۆڭۈللىرىمىزدىكى ياراتقۇچىغىلا مەلۇم.

▲ بۇ تېنچسىزلىق ۋاقتىدا سەن بىلەن مېنىڭ ھاياتىمىزنىڭ تەھلىكە ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما!

▲ ھاكىملارغا گەرچە توغرا بولغاندىمۇ قوپالراق سۆز قىلىش ئۆلۈمنى تىلەش بىلەن تەڭ.

▲ «ئەجىلىڭنىڭ يېتىشى قىلغان ئەيىبىڭدىن ئەمەس، بەگ ئاكاڭنىڭ قانسىرىشىدىن!»

▲ «دۈشمەن قاچسا باتۇر كۆپىيەر»

▲ دۇنيا - ئارزۇ-ھەۋەس ئۆيى.

▲ ئۇ، ئۆز خاھىشىغا قارشى كەلگەن ھەقىقەتنى كۆرمەيدىغان قىزىق بىر مىجەزگە ئىگە ئىدى.

▲ غەزەپ ئۈستىدە ئېيتىلغان سۆزلەر ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ مۇھاكىمە ۋە مۇتالىئەسىگە لايىق بولالمايدۇ.

▲ سىز ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ خوتۇنىڭىزغا مۇھەببەتسىز بولسىڭىز ئۆزىڭىزمۇ ئىقرار بولىسىز: ئۆيگە كىرسىڭىز خوتۇنىڭىز باردەك، كوچىغا چىقسىڭىز يوقتەك.

▲ يامانىنىڭ جىنازىسىدىن ياخشىنىڭ ھېكايىسى پايدىلىقراق.

▲ «ئورۇنسىز ماختانساڭ بېلىڭ سۇنىدۇ.»


▲ «چاۋاك ئىككى قولدىن تەڭ چىقىدۇ.»

▲ ئاش ئىگىسى بىلەن مەززىلىك.

▲ «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار.»

---

تەييارلىغۇچى: دىلئارام قۇربان (ئوقۇغۇچى) (M1)



# مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى

## ـ ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسخكسى ئۇستدە سېلشتۇرما تەتقىقات

ئەسەت سۇلايمان

1

يېڭى ئىرانىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. كەينىمىزدە ئۇزاق تارىخنىڭ سىرلىق

### مۇھاكىمە

مۇساپىسى، ئالدىمىزدا يېڭى ئەسىرنىڭ سىناقلىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى ئەلمىساقتىن بۇيان كۆنۈككەن تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز، تەپەككۇر ئەندىزىمىز ۋە روھىيەت قۇرۇلمىمىز بىر مەيدان كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. مۇشۇ بىر ئەسىردىن بۇيان، بولۇپمۇ 30-يىللاردىكى بوران-چاپقۇنلۇق مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىدىن بۇيان، سوۋېتچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە يېقىنقى يىللاردىكى تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن ئېقىپ كىرگەن غەربچە

ئەندىزە ئارقىلىق ئۆزىمىزنى سەگىتىپ كەلگەن روھىيەت تۈزۈلمىمىز يېڭى ئىرانىڭ كەسكىن سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ-يوق؟ ئېغىر يوقىتىشلار بەدىلىگە ئېرىشكەن ھازىرقى زامان ئېڭىمىز كۈنساناپ ئۆزگىرىش ياساۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە تەپەككۇر ئەندىزىسىگە ماسلىشالامدۇ-يوق؟ ئىزدىنىش ۋە رىقابەتكە تولغان 21-ئەسىرنى قانداق روھىي تەييارلىقىمىز بىلەن كۈتىۋالىمىز!؟...

دەرۋەقە، بىزلا ئەمەس، بەلكى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا بۇنداق سوئاللارنى ئۆز-ئۆزىدىن تالاي قېتىم سورىغانلىقى تەبىئىي. قايتا تەپەككۇر ياكى قايتا ئويلىنىش بىز ئۈچۈن تېخى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدىكى ئومۇمىي تەپەككۇر خاھىشىغا ئايلانغىنى يوق. بىز نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تالاي يوقىتىشلار ئىچىدە ئۆز-ئۆزىمىز ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلىكىنى، روھىيەت قۇرۇلمىمىزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. چۈنكى بىزدە ئۇزاق ئاسىيادىكى شەرق تېرىمچىلىرى بىلەن ئويغاق ياۋروپادىكى غەرب تەۋەككۇلچىلىرىنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا، مەركىزىي ئاسىياغا خاس چاڭقاق ۋە قۇرغاق پىسخىكا شەكىللەنگەندى. يەنە كېلىپ ھەم شەرقچە سۈكۈناتقىمۇ ھەم غەربچە تەمكىنلىككىمۇ ماس كەلمەيدىغان بۇنداق مۇرەككەپ روھىي ئەندىزىنى شەرھىيلەش ئاسان ئەمەس ئىدى.

پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياۋروپا ئويغىنىشىدىن كېيىنكى 500 يىللىق ھەل قىلغۇچ تارىخىي جەريان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ پار ماشىنىسىنىڭ گۈدۈكىدىن ئىلھام ئېلىپ ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان، ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى روھىي چاڭقاقلىقىنى يېڭى دەۋرنىڭ تەپەككۇر ئىنقىلابى ئارقىلىق سۇغۇرىدىغان بىر جەريان بولدى. «ۋەھالەنكى، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ياۋروپا بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈزۈپ قويغان ئوتتۇرا ئاسىيا بۇ يېڭىلىقلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇرۇۋېرىپ، يېقىنقى زامان مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى» (1). جۇغراپىيىلىك يېتىملىك ۋە ئىچكى ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان روھىي مەھكۇملۇقى بۇ يەرگە دېڭىز يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى ئېلىپ كېلەلمىدى. تاكى 20-ئەسىرنىڭ پەردىسى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر، قاتمۇ-قات تاغلار بىلەن پايانسىز قۇملۇقلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان بۇ رايوننىڭ مەنىۋى تۇرغۇنلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىغىدەك سىرتقى تەسىر ۋە غىدىقلىغۇچى كۈچ مەيدانغا كېلەلمىدى. ئۇلار ئاسىيانىڭ كىندىكىدە تۇرۇپ، قېرىپ تىنىپ كەتكەن بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ يا بېشىنى يا ئايىغىنى كۆرەلمىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ ئۇچۇرلىرى بۇ يەرگە كەمدىنكەم تەسىر قىلدى. ھىندىستاندىكى دەۋر بۆلگۈچ مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ سادالىرى ھىمالايا تاغلىرىنىڭ شىمالىغا ئاڭلانمىدى، بەلكى ھىندى ۋە گانگ دەريالىرىنىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ يىراق دېڭىز تەرەپكە ئۇزاپ كەتتى. ئۇلار شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ زىلزىلىسىنى، 4-ماي ھەرىكىتىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازلىرىنى سىياسىي سېھىرگەرلەرنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرىدىن پۈتكەن قورغان-سېپىللار ئىچىدە تۇرۇپ يىراقتىن ئاڭلىدى، خالاس. 30-يىللاردا كۆتۈرۈلگەن مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى گەرچە ئۇلارنى بىر مەزگىللىك سەگەكلىك پۈرسىتىگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى پاجىئە بىلەن تۈگەلەندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى سابىق سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى ئارقىلىق ئۆزلەشكەن ماتارىپ ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسى شۇنداقلا ستالىنچە سىياسىي فورما مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللارغىچە چوقۇنغان ئىجتىمائىي غايىسىنى ھاسىل قىلدى. 80-يىللاردىن باشلاپ، ئىسلاھات دولقۇنلىرى ئىچىدە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن چايقىلىپ كىرگەن غەرب مەدەنىيىتى مىللىتىمىزنىڭ سولغۇن روھىيىتىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى. قىسقىسى، نەچچە ئەسىردىن بۇيان، يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى نەتىجىسىدە سىرتقى مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۈرسىتىدىن مەھرۇم قالغان مەركىزىي ئاسىيا ئۆزىدە تۇراقلىشىپ قالغان روھىيەت ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىغۇدەك ئىمكانىيەتكە زادىلا ئىگە بولالمىدى. كۈنساناپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتى ئۇلارنى ئارتۇقى بىلەن بەدەل تۆلەشكە قىستاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار ئاخىرى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى روھىي ئېنېرگىيىنىڭ يېتىشسىزلىكىنى، ھەقىقى مەنىدىكى ھازىرقى زامان مىللەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز تەپەككۇر ئىنقىلابىغا تەييارلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. يەر شارىنىڭ بىر ئۇچۇر تورىدىن شەكىللەنگەن كىچىككىنە كەنتكە ئايلىنىشى مەركىزىي ئاسىيانىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. شۇنداق، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قاتنىشىش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئاتاقلىق تۈركولوگ بارتولد ئۆز دەۋرىدىلا ناھايىتى ئېنىق ئېيتقانىدى: «ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى زور دەرىجىدە دۇنيا مەدەنىيىتىگە قانچىلىك قاتنىشىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» (2).

## 2

«ئوتتۇرا ئاسىيا»، «مەركىزىي ئاسىيا»، «ئىچكى ئاسىيا» دېگەن بۇ جۇغراپىيىلىك ناملار پەقەت يېقىنقى بىر - ئىككى يۈز يىلدىن بۇيان ئىلىم ساھەسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جۇغراپىيىلىك ناملارنىڭ كونكرېت كۆرسىتىدىغان دائىرىسى ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشلار تا ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىدە بىرلىككە كەلمىدى. ئومۇمەن ئوتتۇرا ياكى مەركىزىي ئاسىيا دېگەندە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى، يەنى دەريالىرى

ئوچۇق دېڭىزغا ئېقىپ بارالمايدىغان كەڭ رايونلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. مانا مۇشۇ تۆت ئەتراپى دېڭىز-ئوكيانلاردىن يىراق، ئىقلىمى قۇرغاق، مۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، ئېگىز تاغ، پايانسىز چۆل، ئىچكى دەريا ۋە ئۇنى ئەگەشكەن بوستانلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن سىرلىق رايوندا قەدىمكى زاماننىڭ بۈيۈك كەشپىياتى - ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يارىتىلغانىدى. ئات تۇياقلىرى ئارقىلىق يارىتىلغان بۇ كۆچمەنلەر مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى ئارقىلىق شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتىنى تىنىمسىز ئىدىقلاپ، قوزغاپ ۋە زەرەتلەپ كەلگەنىدى. ۋەھالەنكى، ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى كۇنساناپ ئۆزگىرىدىغان قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بۇ چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنى كەلمەسكە ئېلىپ كەتتى. قەدىمكى دۇنيا تارىخىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان بۇ زونا يېقىنقى زامانغا كەلگەندە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تاشلاندۇق بەلبېغىغا ئايلىنىپ قالدى. دۇنيانىڭ بۇ رايونغا بولغان تونۇشى بارغانسېرى سۇسلاپ باردى. خۇددى تاجىك ئالىمى غاپۇروف ئېيتقاندەك يېقىنقى زامانغا كەلگەندە «دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئافرىقىنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمى ياكى بېرىش تەس بولغان شىمالىي قۇتۇپقا ئوخشاش رايونلارنى بىلگىنىگە ئۇزاق بولمىغىنىدەك، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رايونلارنى بىلگىنىگىمۇ ئانچە ئۇزۇن بولمىدى» (3). چۈنكى دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز بويلىرىغا يۆتكىلىشى بۇ رايوننىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىنى يوقاتتى. تۈركولوگ ۋامبېري قاتتىق ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى: «يۈز نەچچە يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا بولغان چۈشەنچىمىز بارغانسېرى تەپسىلىي ۋە ئېنىقلىك بولۇپ باردى. ۋەھالەنكى ماۋەرەئۇننەھىر ۋادىسى شۇنداقلا كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تونۇشىمىز بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. بىز يېقىنقى زامانغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى بۇ رايوننىڭ ئاتموسفېراسىنى قاپلاپ تۇرغان تۇمانلارنىڭ شۇنچە قويۇقلىشىپ بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز...» (4).

شەرقتە جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى، جەنۇبتا ھىندىستان، غەربتە پېرسىيە ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەدەنىيەت تىپى جەھەتتىن ھەم بىر پۈتۈن گەۋدە ھەم ئايرىم بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تەتقىق قىلىش مۇمكىن. بۇنداق بولۇشى، بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ جەھەتتىن ئورتاق مەدەنىيەت بىرلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى، كىچىك جەھەتتىن چوڭ بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان رايونلارنىڭ ئايرىم پەرقلەرگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ياپونىيە ئالىمى يۈتىيەنخىك بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جۇغراپىيىلىك مۇھىت، ئىرقىۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى كەم دېگەندە تەخمىنەن ئۈچ بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن. يەنى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى بىرىنچى بۆلەككە، پامىرنىڭ غەربىنى، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى مەركەز قىلغان جايلارنى ئىككىنچى بۆلەككە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە يەتتە سۇ قاتارلىق جايلارنى ئۈچىنچى بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن. بۇ بۆلەكلەر ئېگىز تاغلار ۋە كاتتا دەريالار بىلەن بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرلەردە ياشاپ كەلگەن ئىرقلارمۇ دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلەنگەچكە، بۇ يەرلەر مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، بۇ يەرلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. شۇڭا بۇ بۆلەكلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش ئانچە مۇۋاپىق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ جايلار سىياسىي جەھەتتە قەدىمدىن تارتىپ بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. گاھىدا كۆپ قىسمى، گاھىدا ھەممىسى مەلۇم بىر تەسىر كۈچ ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن. بۇنداق بولمىغاندىمۇ، ھەرقايسى جايلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇش تۈپەيلىدىن بىر-بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقان ياكى بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن. چاغلاردا تاغ-دەريالاردىن ئىبارەت تەبىئىي توساقلارمۇ بۇلار ئارىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىكى خىل-خىل ئىرقلار ۋە مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ھالدا ئۆزئارا قوشۇلۇش پەيدا بولغان. تۈركلەرنىڭ غەربىي پېرسىيىگە بېسىپ كىرىپ كىچىك ئاسىيانى ئىشغال قىلغان، ئاندىن ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن قىسمىدىن باشقىلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىللەتلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تەكشۈرمەي بولمايدۇ. شۇڭا بۇ جايلار ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە - ئوتتۇرا ئاسىيا گەۋدىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تولۇق ئاساسقا ئىگە. پەقەت ئۇنىڭ جۇڭگو، پېرسىيە، ھىندىستان قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇنى ئاددىي ھالدا جۇغراپىيىۋى چۈشەنچە دەپ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ» (5).

ئومۇمەن، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەيلى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ياكى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن نىسبەتەن بىر مۇرەككەپ رايون. بۇ جاينى ئاددىي ھالدا بىر تۇراقلىق مەدەنىيەت تىپىغا ياكى مۇقىم ئەندىزىگە يىغىنچاقلىغىلى ۋە قېلىپلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ بۇ يەردە ئۇچراشقانلىقى ۋە ئۆتۈشكەنلىكى، ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلغانلىقى، چارۋىچىلىق بىلەن بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەڭ مەۋجۇد بولغانلىقى بۇ رايوننىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل

قىلغان. مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تارىختىن بۇيان ئاسىيادىكى بىر قانچە چوڭ دۆلەتلەر ۋە ئۇلار ياراتقان جاھىل خاراكتېرلىق قەدىمكى مەدەنىيەت رايونلىرىنى بىر-بىرىگە باغلىغۇچى ۋە تەڭشىگۈچى بەلباغ بولغان. بۇنداق تۆت كوچا ئېغىزىغا ئوخشايدىغان ئۆتۈشمە مۇھىت بۇ يەردە بىرلا خىل جاھىل خاراكتېرلىق مەدەنىيەتنىڭ يەرلىشىشىگە ئورۇن بەرمىگەن. شۇنداق بولغاچقا مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ئاللىقاچان قېلىپلاشقان چوڭ مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۆز ئەتراپىدىكى ئەنئەنىۋى چوڭ مەدەنىيەتلەر، جۈملىدىن خەن - تاڭ مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئىران مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى تەڭشەپ تۇرۇش، سىرتقى ئۇچۇرلارنى يەرلىك تەركىبلەر ئارقىلىق بېيىتىش، تىنىمسىز غىدىقلىنىشنى ئۆز گۈللىنىشىنىڭ پىلتىسى قىلىش بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتىدىكى توپ ئالاھىدىلىكى ئىدى. قىسقىسى بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىدىكى خاراكتېرى تۇراقسىزلىق، ئۆزگىرىش ۋە تىنىمسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇش ئارقىلىق يېڭى مەزمۇن تاپاتتى. ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ۋە چوڭ مىللەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي ۇنتەرتىپىنى بەلگىلەش، تىنىمسىز سۈركىلىش ۋە غىدىقلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مۇۋازىنىتىنى تەڭشەپ تۇرۇش ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ دىئالېكتىكىسى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئومۇمىي خاھىشىنى ئۆزى بەلگىلەپ باققان ئەمەس بەلكى سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمى يا ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى يا پەسكويغا چۈشۈرەتتى. ھېچ بولمىغاندىمۇ بۇنداق ئەھۋال يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق سودىسى زەئىپلەشكىچە بولغان دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، شەرقتىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، جەنۇبتىكى ھىندى-گانگ ھاۋزىسى، غەربتىكى ئىران ئېگىزلىكى ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى يۇنان - رۇم ساھىللىرىغا تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە ئىچكى قانۇنىيەت ۋە نىسبەتەن تۇراقلاشقان ئەندىزە بېكىتىش تەس ئىدى. سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچۇر ۋە رادىئاتسىيىسى ئارقىلىق غىدىقلىنىپ تۇرۇشقا كۆنۈككەن شۇنداقلا ئۇنى ئۆز گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدىغان بۇنداق خاراكتېر 15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى ياپونىيە ئالىمى يۇتيەنخېڭ ئېيتقاندەك، بىر قانچە چوڭ دۆلەتلەر ياكى شىمالدىكى كۆچمەنچى جەسۇر مىللەتلەرنىڭ «ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ رايوندا كۈچلۈك سىياسىي كۈچ بارلىققا كېلىدىغان تەبىئىي شەرت - شارائىت زادىلا ھازىر ئەمەس. قەدىمدىن بۇيانمۇ بۇ رايوننى تايانچ قىلغان قۇدرەتلىك بىرەر تەسىر كۈچ باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەمەس. 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن قۇدرەتلىك تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنى تارىختىكى مۇستەسنالىق دېگەن تۈزۈك. چۈنكى ئەينى چاغدىكى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ زەئىپ ئەھۋالى ئۇنى پەقەت بىر مەھەل زومىگەر بولۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ قويغان، خالاس. شۇڭا بۇ رايون تارىختا ھامان ئۆز ئەتراپىدىكى تەسىر كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان، ھەممەيلەن تەڭ تالىشىدىغان نىشان بولۇپ قالغان. . . ھەتتا بۇ خىل ئەھۋال گويا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىرگە ئايلىنىپ قالغان. بىر تەرەپتىن ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆز ئەتراپىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ توقۇنۇشىنى پەسەيتىدىغان ئارىلىق رايون بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاسىيادىكى بىر- بىرىدىن يىراق ئايرىلىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بۇ جاي ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرۇشىغا ۋە يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى» (6) . ۋەھالەنكى، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەتتىكى سەزگۈر زونا ئۆز ئۆتمۈشىگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا تۇرغۇنلۇق ۋە چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. يەنە كېلىپ بۇنداق تارىخىي قىسمەت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزىدىكى بارلىق مىللىي پەرقلەرنى ئېزىپ، ئومۇمىي «تۈركىي» ئېتنىك تەركىبكە سىڭدۈرۈپ تاشلىغان، غەربتە يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان بىر تارىخىي دەۋردە يۈز بەردى.

## 3

مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇشى ، تىنىمسىز ئۇرۇشلار ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى شۇنداقلا ھەر قايسى يات مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى تارىخ مېلودىيىسى بولۇپ كەلدى. ئەگەردە دۇنيا يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئېچىپ ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق ، شەرقتە چوڭ-كىچىك ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە قارا دېڭىز ساھىللىرىغىچە ، شىمالدا يېنىسەي ۋە سىبىرىيە داللىرىدىن جەنۇبتا قۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان چەكسىز ئۇزاق بەلباغنى كۆرىمىز. مانا مۇشۇ بىپايان ۋادىدا - ئوچۇق دېڭىزلارنىڭ نەم ئېقىمى يېتىپ كېلەلمەيدىغان ، دەريالىرىنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان، ئادەملىرى پايانسىز چۆل، ئېگىز تاغ ۋە قۇرغاق يايلاقلار ئارىلىقىدا مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىنى قوغلاپ ياشايدىغان سىرلىق زونىدا - ئىنسانىيەت ئۆتمۈشىنىڭ شانلىق بىر قىسمى يارىتىلدى. مانا مۇشۇ ئۇزاققا سوزۇلغان ئىچكى قۇرۇقلۇقتا رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ رىيازەتلىرىگە كۆنۈككەن بۇ جەسۇر ئادەملەر ئاتتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ھايۋاننى كۆندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا مىنىش تېخنىكىسىنى ياراتتى. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ۋە جەڭدە ئىشلىتىلىشى ئىنسانىيەتنى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىردى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئۆزىنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرى بىلەن شەرق ۋە

غەرب مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى. شۇندىن تارتىپ كونا قۇرۇقلۇقنىڭ مەدەنىيەت تارىخى شەرق تېرىمچىلىرى، غەربتىكى خرىستىيان ياۋروپاسى ۋە ئىچكى ئاسىيادىكى يايلاق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توختاۋسىز كۈچ سىلىشتۇرمىسى جەريانىدا مەزمۇن تاپتى. ئات يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئاچتى. ئات قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇرىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى بولغان ئېپوسچىلىق ئىراسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئات تۇياقلىرىنىڭ شىددەتلىك دۈپۈرلەشلىرى ئىنسانىيەت تەپەككۇرى ۋە ئىجادىيەت سېزىمىنى قاناتلاندۇردى.

شۇندىن ئېتىبارەن يىراق قەدىمكى دەۋرنىڭ ئىمتاسلىقى بۇزۇپ تاشلاندى. ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيادىكى چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ قويۇندەك ئۇچقۇر ئاتلىرى شەرق تېرىمچىلىرىنى تۈگمەس ۋەھىمىلەرگە سالسا، غەربتىكى قوياش پاتىدىغان ئەللەرنى دەككە-دۈككىچىلىككە بەنت قىلدى. يىراق مۇساپە ۋە تاغ-دەريالاردىن ئىبارەت تەبىئىي توساقلارمۇ ئاتلىقلارنىڭ ھەيۋىسىنى توسۇپ قالالمىدى. ھونلارنىڭ قويۇندەك ئۇچقۇر ئاتلىرى ئالدىدا ئامالسىز قالغان خەنۇدى چاڭئەندىكى ھەيۋەتلىك ئوردا- قەسىرىدە شەرق گۈزەللىرىنىڭ ناز - كەرەشمىگە تولغان ناخشا-ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈۋېتىپمۇ سەمەرقەنتنىڭ ئارغىماقلىرىنى چۈشەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق پەۋقۇلئاددە يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىنغان پەرغانە ئارغىماقلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى نەم ئىسسىق كېلىماتتا ئۆز جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى. خۇددى ياپونىيە ئالىمى جياڭشاڭبوفۇ ئېيتقاندەك: «نوپۇسى خەن سۇلالىسىنىڭ بىر ئايمىقىچىلىك كېلىدىغان ھونلارنىڭ خەن خاندانلىقىغا تۈگمەس بالايى-ئاپەت بولغانلىقى ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرىنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە ئاھ ئۇرۇشلىرى دەل شۇنىڭ سەۋەبىدىندۇر» (7) .

شەرقتىكى تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئات ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش خىيالى بەربات بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۈنۈملۈك مۇداپىئە يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. شۇنداق قىلىپ، شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ جىمجىت ياشاش ، قورغان -سېپىللارنى ئېگىز سېلىپ سىرتقى مۇداخىلىلەرنى توسۇشتەك سەۋرچان روھى ۋە بىكىك مەدەنىيەت پىسخىكىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى. سەددىچىن سېپىلىدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور مۇداپىئە لىنىيىسى تاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە قەدەر قايتا-قايتا ياسالدى. ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيادىكى كۆچمەنچى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تىنىمسىز يۈرۈشلىرى غەربتىكى ئەللەرگىمۇ غايەت زور خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كەلدى. غەرب ئەللىرىدىكى نۇرغۇنلىغان تارىخچىلار، جۈملىدىن ساسانىي ۋە ۋىزانتىيە ئوردىلىرىدىكى پۈتۈكچى مىرزىلار تىترەپ تۇرغان پەي قەلەملىرى بىلەن كۈن چىقىش تەرەپتىن كېلىدىغان ئاتلىق «يەجۇجى-مەجۇجى» لەر ھەققىدە قورقۇنچلۇق خاتىرىلەرنى قالدۇردى. قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ ئاشۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقلارنى توسۇش ئۈچۈن كافكاز تاغلىرىغا سېپىل سالدۇرغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر يىپەك يولى بويلاپ يىراقلارغىچە تارقالدى. مىلادى445-يىلى ھون ئىمپېراتورى ئاتتىلا بىلەن بىللە غىزالىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان شەرقىي رىم ئەلچىسى پرىكس ئۆز خاتىرىسىگە «تەڭرىنىڭ قامچىسى» دەپ نام ئالغان بۇ شەخس ھەققىدىكى ۋەھىمىلىك تەسۋىرلەرنى قالدۇردى (8) .

دەرۋەقە ئات مەدەنىيىتى دۇنيا تارىخىغا دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئاتلىق يۈرۈشلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى ئىنسانىيەت پىكىر تارىخىدا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىن ئىبارەت ئالاھىدە بەدىئىي تەپەككۇر ئەندىزىسىنى ياراتتى. دۇنياۋى خاراكتېرلىق چوڭ ھەربىي يۈرۈشلەر - ئالېكساندىرنىڭ شەرققە يۈرۈشى، ھونلارنىڭ ياۋروپاغا باستۇرۇپ بېرىشى، تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئاسىيادا باش كۆتۈرۈشى، ئەرەبلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ، چىڭگىزخاننىڭ رەھىمسىز ئىستېلاسى، ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەيۋىسى، ياۋروپالىقلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى ئېچىشى قاتارلىق زور تارىخىي ۋەقەلەر پەقەت ئات بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەلگە ئاشتى. ياپونىيە ئالىمى جياڭشاڭ بوفۇ: «ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەردە ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىش تېخنىكىسى مەيدانغا كەلمىگەن بولسا ئىنسانىيەت تارىخى پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بولاتتى. ئاتنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ئۈستۈنلۈك ئورنى تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىلغا يېقىن داۋام قىلدى. پەقەت بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى پارتلاپ، ئايروپىلان ۋە تانكىلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى» (9) .

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن تاكى ئورال ۋە كافكاز تاغلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان ئىچكى ئاسىيا رايونى ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىغىچە بولغان چەكسىز ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قېتىملىق قوشۇلۇشى ۋە كۆتۈرۈلۈشىگە غايەت زور قوزغاتقۇچى بولدى. دۇنيا تارىخىدىكى ھەر قېتىملىق زور ۋەقەلەر، ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەرنىڭ ئالمىشىشى، ئوخشاشمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى مانا مۇشۇ كاتالىزاتورلۇق رولىغا ئىگە سەزگۈر بەلباغنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەلگە ئاشتى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مۇشۇ تارىخىي جەرياندا شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ جاھىل، بىكىك ۋە ئەنئەنىگە ھېرىسمەن پىسخىك قىياپىتى ، غەرب ئەللىرىنىڭ دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ مەۋجلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ پىكىر تاكامۇللىقى ئىزدەيدىغان ، تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي روھىي ھالىتىنى يارىتىشىغا سىرتقى يوشۇرۇن ئېنېرتسىيىلىك كۈچ بېغىشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئەجدادلىرى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئىچىدە

ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ دەسلەپكى خېمىر تۇرۇچلىرىنى شەكىللەندۈردى.

4

قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى قەدىمكى دۇنيا، مەدەنىيىتى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ جانلىق كارتىنىسىنى ھاسىل قىلدى. گىلگامىشنىڭ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىشى، يۇنان سەركەردىسى ئاگامېنوننىڭ دېڭىزدىكى رىيازەتلىرى، «رامايانا» ئېپوسىدىكى رامانىڭ ئايالى شىدونى ئىزدەپ كۆلپەت چېكىشى، ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، سەككىز ئەۋلاد ماناسنىڭ تراگېدىك پاجىئەسى، جاڭغىر ۋە گېسارلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى قەدىمكى ئىنسانىيەت بەدىئىي تەپەككۇرىغا ئەبەدىيلىك ئۈلگە تەقدىم قىلدى.

شۇنىسى روشەنكى، ئىنسانىيەتنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىنى ئۆزىگە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى قىلدى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ سەزگۈر زونا ئارقىلىق يۈز بېرىدىغان .ھەر قېتىملىق چوڭ كۆچۈشلەر، ئىرق ۋە ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ بۆتكىلىشلىرى، كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى چوڭ تىپتىكى ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مۇھىت ھازىرلىدى. قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى پۈتكۈل مىللەتنىڭ كوللېكتىپ ئىجادى داۋامىدا يۈرۈشلەشتۈرۈلدى ۋە ئېپوس ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ ئىلاھلاشتۇرۇلدى. ئېپوسلارنىڭ كەينى كەينىدىن مەيدانغا كېلىشى ھەرقايسى ئىنسان تۈركۈملىرىدە مىللىي ئاڭنىڭ ئاستا-ئاستا ئويغىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. بېلىنىسكىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئېپوسلار بىر مىللەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدە، يەنى «مىللىي ئاڭ ئەمدىلا ئويغىنىشقا باشلىغان چاغدا، شېئىرىيەت ساھەسىدە قولغا كەلگەن تۇنجى پىششىق مېۋە» (10) ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى يارىتىلىش، تارقىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا بىر مىللەت روھىي قىياپىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى ۋە پسىخىك تىندۇرمىلىرىنى ئۆزىگە جۇغلىۋالغان بولىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئېپوسلار ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزلىرى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تىپىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئېستېتىك ئەندىزىسىنى نامايان قىلىدۇ. يۇنانلىقلارنىڭ «ئودىسا» ئېپوسىدىكى ساھىبجامال خېلىن ئۈچۈن ئون يىللاپ قانلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ۋەقەلىرى شەرقتىكى ئىرىم مىللەتلىرى ئۈچۈن ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك ھېسابلانسا، مېڭجياڭنۈنىڭ يىراقتىكى ئېرىنى ئىزدەپ سەددىچىن سېپىلىدا يىغلىشى ۋە ھىندى ئېپوسلىرىدىكى ساداقەت تېمىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان تەپسىلاتلار شەخسنىڭ قىممىتى ۋە ئەركىنلىكىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى قىلىدىغان غەربلىكلەر ئۈچۈن چۈشىنىكسىز ھادىسە ھېسابلىناتتى. شۇڭلاشقا گېگېلنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى «قەھرىمانلىق دەۋرىدە تۇرغان خەلقنىڭ ساپ ئىپتىدائىي ھاياتىي كۈچىنى ۋە مىللىي روھىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ» (11). تېخىمۇ توغرىسى، ھەر مۇنەۋۋەر مىللىي ئېپوس «بىر مىللەت روھىي ماھىيىتىنىڭ كۆرگەزمىخانىسى» (12) بولالايدۇ.

ئېپوسچىلىق دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ھەرقايسى مەدەنىيەت سىستېمىلىرىدا ماھىيەتلىك ئىچكى پەرقلەر ۋە ئېستېتىك ئەندىزىنىڭ ئاستا-ئاستا گەۋدىلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. ھەرقايسى ئىرقلار ۋە ئېتنىك تۈركۈملەرنىڭ چوڭ تىپتىكى كۆچۈشلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك قوشۇلۇشى ئۇزاقتىن بۇيان ۋائىقۇم ھالەتتە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن رايونلارنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدا زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ ياۋرو-ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ كونا قۇرۇقلۇقنىڭ مەدەنىيەت مۇۋازىنىتىدە كەسكىن دەۋرەش يۈز بەردى. يىراق شەرقتىكى چوڭ دەريا ھاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ تارىخىي تۈيغۇغا باي كەيپىياتى ئۇلارنىڭ كۆپرەك نەسرىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشنى ئىستەيدىغان ئېستېتىك فورمىسى ۋە ئىچمايىل مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ئاستا-ئاستا شەكىللەندۈرۈۋاتقان چاغدا، كونا قۇرۇقلۇقنىڭ باشقا رايونلىرىدا شېئىرىي تۈيغۇ پارتلاپ، ئېپوسچىلىق دەۋرى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇنداق بۈيۈك دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشى شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن باشلاپ غەربتە ئۇرال ۋە كافكاز تاغلىرىدىن ھالقىپ ياۋروپاغا تۇتىشىپ كېتىدىغان سەزگۈر بىر جۇغراپىيىلىك زونىنى ئۆزىگە سەھنە قىلغانىدى. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ سەھنىنىڭ كىندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدى. يەر شارىدا مۇز دەۋرى ئاخىرلىشىپ شەرق ۋە غەربتىكى ئىرقىي پەرقى زور ئىنسان تۈركۈملىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىشقا باشلىغاندىن بۇيانقى ئۇزاق دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مىللەتلەر چوڭ كۆچۈشلىرىنىڭ زۆرۈر پاسىلىغا ئايلانغانىدى. شۇڭلاشقا دۇنياۋى چوڭ ئېپوسلارنىڭ يارىتىلىشى، شۇ جۈملىدىن قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئالتۇن دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت سەھنىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يىراق ئۆتمۈشى نېمە ئۈچۈن دۇنيا ئېپوسچىلىق دەۋرىنىڭ پارتلىشى بىلەن بىۋاستە باغلىنىدۇ؟ دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ شاۋقۇنى ئارقىلىق كونا قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلىپ تۇرغان ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن قۇياش رادىئاتسىيىسى كۈچلۈك بولغان سىرلىق ئافرىقا تۇپرىقىدا نېمىشقا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى يارىتىلمىدى؟ يەنە نېمە ئۈچۈن ئىرىم مىللىتى بولغان قەدىمكى ھىندىلاردا ئىككى بۈيۈك ئېپوس مەيدانغا كەلدىيۇ، لېكىن نەچچە مىڭ يىللىق يازما تارىخقا ئىگە جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە بىرەرمۇ مۇكەممەل

ئېپوس دۇنياغا كېلەلمىدى! ؟ . . .

شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيا ئېپوسچىلىق دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۆزىگە تىنچ - مۇقىم بولغان تۇرغۇن ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئەمەس، بەلكى ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ئارقىلىق زىلزىلە ھاسىل بولغان قاينام-تاشقىنلىق تارىخىي دەۋرنى ئارقاكۆرۈنۈش قىلدى. ئاتنىڭ جەڭدە ئىشلىتىلىشى ۋە كۆچمەنچى جەسۇر مىللەتلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى چوڭ دەريا ھاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ سۈرلۈك قوۋۇقلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتتى.

ئوخشاشمىغان ئىرقلار ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانى نۇقتا قىلىپ شەرقتىن غەربكە ياكى غەربتىن شەرققە قاراپ كۆچۈشكە باشلىدى. ئات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ تۈركۈم-تۈركۈملەپ كۆچۈشى قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا سەۋەب بولدى. توختاۋسىز ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ئوخشىمىغان ئىرق، قان تىپى، مەدەنىيەت ۋە تىل سىستېمىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۇرۇلۇشى ۋە قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھىنگان تاغلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپا دېڭىز ساھىللىرىغا يېتىپ بارىدىغان بۇ تىنچسىز ئۆتۈشمە كارىدوردا قەھرىمانلىق روھى ئۇرغۇپ تۇرغان چوڭ تىپتىكى ئېپوسلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاتلىقلار مەدەنىيىتى ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوتتۇرا ۋە ئىچكى ئاسىيا رايونى ئىنسانىيەت قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۈچۈر بەلبېغى ۋە ئېپوسلارنى مەيدانغا چىقىرىدىغان سەزگۈر جۇغراپىيىلىك زونىغا ئايلانغان شۇنداقلا دۇنيا قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنىڭ دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئاۋۋالقى ئۈچرىشىش نۇقتىسى بولغان. بۇ بەلباغدا ياشىغان نورغۇنلىغان ئاتلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ جەسۇر، قارام ۋە ئۇرۇشخۇمار خاراكتېرى بىلەن چاپچىپ تۇرىدىغان ئاتلىرىنى مەدەنىيەت قوشۇلۇشىنىڭ ۋاستىسى قىلغان. نەتىجىدە مۇشۇ مەدەنىيەت بەلبېغىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەرلىك جاسارىتى ۋە قىزىققانلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان پىسخىك خاراكتېرى ئارقىلىق زەبەردەست قەھرىمانلارنىڭ داستانلىرىنى توقۇپ چىقىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان بۇ مەدەنىيەت ئۈچۈر بەلبېغى دۇنياۋى ئېپوسلارنىڭ بۆشۈكىگە ۋە چوڭ تىپتىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۈچرىشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. مۇشۇ بەلباغ بىلەن باغلانغان بارلىق مىللەتلەردە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى يارىتىلدى. شۇنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە زىلزىلە پەيدا بولمىغان ياكى غىدىقلىنىشقا ئۇچرىمىغان شۇنداقلا سىرتقى مەدەنىيەتلەر بىلەن سۇغۇرۇلمىغان رايونلاردا ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەكسىچە، سىرتقى مىللەتلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە ئاسان ئۇچرايدىغان، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ رادىئاتسىيىسىگە ئەڭ سەزگۈر بەلباغلار چوڭ تىپتىكى ئېپوسلار ئەڭ كۆپ مەيدانغا كېلىدىغان رايونلار بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا دۇنياۋى ئېپوسلارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇنداق بىر فورمۇلىنى يەكۈنلەش مۇمكىن: ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا قەدىمكى مەدەنىيىتىدىكى ئېپوسچىلىق بەلبېغىدۇر. ئوخشىمىغان ئىرق، ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئۇچرىشىش ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە دەۋرەپ تۇرغان رايونلار ئېپوسچىلىق ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ سەزگۈر ۋە قىزىق نۇقتىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئېپوسلار ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت بەلبېغى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىز پامىر ئېگىزلىكىدىكى قارلىق چوققىدا تۇرۇپ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قەدىمكى بەتلىرىنى ۋاراقلىساق، كۆز ئالدىمىزدا شۇنداق بىر مەنزىرە ئايان بولىدۇ: بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىڭ يىل مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىنى بازا قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، ئورا كۆز، چاچ-ساقاللىرى قويۇق كەلگەن ئارىيانلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ جەنۇبتا ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشى، غەربتە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىران ئېگىزلىكىگە سۈرۈلۈشى قەدىمقى دۇنيا ۋەزىيىتىدە غايەت زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئارىيانلارنىڭ بۇ قېتىملىق چوڭ كۆچۈشى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىنى تىل جۇغراپىيىسى جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلدى. ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدىكى سەزگۈر زونىدىن جەنۇب ۋە غەربكە سۈرۈلگەن بۇ زور سىرتقى ئېقىم ھىندى ۋە ئىران تۇپرىقىدا زور داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىنىڭ سۈكۈناتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. مۇشۇ قېتىمقى مەدەنىيەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى دۇنيا ئېپوسچىلىق تارىخىنىڭ تۇنجى ئالتۇن دەۋرىنى - يەنى ھىندىستاننىڭ «ماخابخاراتا» ۋە «رامايانا»، بابىللىقلارنىڭ «گېلگامىش»، يۇناننىڭ «ئودىسسا» ۋە «ئىللىئادا» ئېپوسلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بەزى ئالىملار دۇنيا ئېپوسچىلىقىدىكى بۇ تۇنجى ئالتۇن دەۋرنى «ئارىيان ۋە غەيرىي ئارىيان مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قوشۇلۇشتىن كېلىپ چىققان ئەكس سادا» (13) دەپ تەرىپلىدى.

دۇنيا تارىخى ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئارىيانلارنىڭ چوڭ كۆچۈشىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت پارتلىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاۋقۇنلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. كونا قۇرۇقلۇق جىددىي دەۋرەشكە تەقەززا بولماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ماكېدونىيىلىك ياش ئىمپېراتور ئالېكساندىر ئۇزاق ئاسىيانىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئالېكساندىرنىڭ تاكى ھىندىستانغىچە سوزۇلغان

شەرققە يۈرۈشى ئوتتۇرا ئاسىيادا گرېك-ئېللىنىزم مەدەنىيىتى دەۋرىنى ئاچتى ۋە ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك پۈتۈنلىكىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى. ھالبۇكى، بۇ دەۋر ھېچقانچە ئۇزاققا سوزۇلمىدى. شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توخار، ئۇيسۇن ، ھون، سوغدى قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ توختاۋسىز ھەربىي يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىمالىي ھىندىستان، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغىچە تۇتىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش ھادىسىسى مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ يۈگرۈك ئاتلىرى ۋە ئۆتكۈر قىلىچلىرى ئارقىلىق چوڭ زىلزىلە ھاسىل قىلغان كۆچۈش تارىخى ئاسىيا ئىرقىنىڭ ياۋروپا ئىرقىغا كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك بىر پۈتۈنلۈكى بۇزۇپ تاشلىنىپ، بىر-بىرىدىن يىراق بولغان ئىككى رايونغا ئايرىپ تاشلاندى. بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت قوشۇلۇشى ئاسىيادىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ تىنىمسىز غىدىقلىشى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان يېڭى ئېپوسچىلىق دەۋرىنى ئاچتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربكە سۈرۈلگەن ھونلارنىڭ ئورال تاغلىرىدىن يوپۇرۇلۇپ ئۆتۈپ شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىگە كىرىشى تورغۇن ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. شەرقتىن كەلگەن بۇ ئاتلىق مىللەتنىڭ زەربىسى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى غۇلىتىپ، شىمالىي ياۋروپادىكى گېرمان قەبىلىلىرىنى ساراسىمىگە سالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە گېرمان خەلقىنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسى «نىبېلۇنگېن ناخشىسى» نىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمە شەكلى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مەزكۇر ئېپوس مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىدىن كېيىنكى ھون ئىمپېراتورى ئاتتىلا بىلەن گېرمانلارنىڭ بوراندى سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلدى (14) . شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھون سەلتەنىتىدىن كېيىن ئاجايىپ گۈللىنىشكە ئېرىشكەن تۈركلەرنىڭ بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن جەڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، غەرب تەرەپكە سۈرۈلۈشى ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يېڭى كونتەرتىپنى ھاسىل قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانى بازا قىلىپ كاسپىي ۋە قارا دېڭىز ساھىللىرى ئارقىلىق كىچىك ئاسىيا ۋە بالقان يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرگەن تۈركلەر شەرقىي رىم (ۋىزانتىيە) ئىمپېرىيىسىنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن سەلتەنىتىگە خاتىمە بەردى. ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى نەتىجىسىدە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەن ئەرەبلەرنىڭ ئافرىقا قىرغاقلىرىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ئىسپانىيە ۋە فرانسىيەلەرگە ھۇجۇم قىلىشى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە غەرق بولغان خرىستيان ياۋروپاسىنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ بۇ قېتىملىق شىددەتلىك يۈرۈشلىرىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت ئۇرۇلۇشى

ئىسپانلارنىڭ «شىد ناخشىسى» ، فرانسۇزلارنىڭ «روللاند ناخشىسى» قاتارلىق مەشھۇر ئېپوسلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئورال تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ رۇس كىنەزى ئىگورنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى تار-مار قىلغان تۈركىي قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەنچى ئاتلىق قەۋملەرگە خاس شىددىتى ئارقىلىق رۇس ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى پارلاق سەھىپە - «ئىگورنىڭ يىراققا يۈرۈشى» ناملىق ئېپوسنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئىران بىلەن تۇران خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تىنىمسىز ئۇرۇشلار مىلادى 10-ئەسىردە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «شاھنامە» ئېپوسىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىغا تېما تەقدىم قىلدى. تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تايانچ قىلىپ ئېلىپ بارغان چوڭ كۆچۈشلىرى ۋە تىنىمسىز ئۇرۇشلىرى ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى باشقا خەلقلەردە ئېپوس دەۋرىنى ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېپوسلىرى - «ئالىپ ئەرتۇڭا» ، «ئوغۇزنامە» ، «دەدەقورقۇت» قاتارلىقلارنىمۇ مەيدانغا كەلتۈردى. مانا بۇ دۇنيا ئېپوسچىلىق تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئالتۇن دەۋردۇر.

تارىخ مىلادى 13-ئەسىرنىڭ سىگنالىنى چالغان چاغدا ، شىمالىي ئاسىيادىكى بارلىق كۆچمەن مىللەتلەرنى تارىخ سەھنىسىگە چىقارغان ئاشۇ سىرلىق زونىدا ھاياتىي كۈچى ۋە ياۋايى جەسۇرلۇقى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر مىللەت باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار چىڭگىزخاننىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يۈگرۈك ئاتلىرىغا تايىنىپ، تۆت ئەتراپىغا قاراپ سەلدەك ئاقتى. ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇلارنىڭ يۈرۈشلىرىنى توسۇپ قالالمىدى. بىپايان ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئۇلارنىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا بىرلىككە كەلدى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ غايەت زور قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاسى ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولسا، ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن سەگىتىپ، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە رىم پاپاسىنىڭ مۇستەبىت ئورنىنى تەۋرىتىپ تاشلىدى شۇنداقلا ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە قوزغاتقۇچىلىق رولىنى ئوينىدى. شۇڭلاشقا تارىخشۇناس ماكېندى: «ئىنتايىن رېئال مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ياۋروپا مەدەنىيىتى ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تىنىمسىز تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش جەريانىدا شەكىللەنگەن» (15) دەيدۇ. موڭغۇللارنىڭ كەڭ كۆلەملىك كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى دۇنيا ئېپوسچىلىق تارىخىدا ئۈچىنچى قېتىملىق ئالتۇن دەۋرنى ئاچتى. «جاڭغىر» ، «گېسار» ، «ماناس» ، «ئالپامىش» ، «قوبلاندى» ، «ئېرتارغىن» قاتارلىق ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

## 5

## دۇنيا ئېپوسچىلىق دەۋرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ئۈچ

قېتىملىق ئالتۇن دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زونا ئورغۇنلىغان مىللەتلەرنى تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى ئارقىلىق كونا قۇرۇقلۇق ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانىدى. مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى ۋە شىددەتلىك ئۇرۇشلىرىسىز دۇنيا تارىخىدىكى چوڭ داۋالغۇشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تېخىمۇ قىياس قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە كەم دېگەندە مۇنداق ئۈچ شەرت زۆرۈر ئىدى: بىرىنچىدىن، ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان رايون ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشىدىن شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى؛ ئىككىنچىدىن، مەزكۇر مىللەتلەرنىڭ ئىككى خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆتۈشۈش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت-شارائىتى؛ ئۈچىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلىپ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ كۆچۈش كارىدورى، يەنى دۇنيا ئېپوس بەلبېغى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جۇغراپىيىلىك ئۆتۈشمە رايون. چوڭ تىپتىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بولغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى بىزگە ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى چوڭقۇر ئارقا كۆرۈنۈشنى كۆرسىتىپ بەردى. ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن ئېپوسلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ توختاۋسىز ئېلىپ بارغان كۆچۈشلىرى ۋە يىراقتا يۈرۈشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. «ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بارلىق ئېپوسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مىللەتلەرنىڭ چوڭ تىپتىكى كۆچۈشلىرى ۋە كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ماتېرىيال مەنبەسى قىلغان. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇش ئوبيېكتى كۆپ ھاللاردا ئاسىيا مىللەتلىرى، جۈملىدىن ھون ياكى تۈركلەر قاتارلىق ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەر ئىدى. شۇ ۋەجىدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا قەدىمكى زاماندا شەرق ۋە غەربتىكى ئوخشاشمىغان مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى چارۋىچى مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ياۋروپا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ئوتتۇرا ئەسىردىكى زور بىر تۈركۈم ئېپوسلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن تۇپراق بولغانىدى...» (16).

ھالبۇكى، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا، ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىدىكى خەلقلەر ئىجادىدا چوڭ تىپتىكى ئېپوسلار زادىلا مەيدانغا كېلەلمىدى. بىز بۇنىڭدىن دۇنيا ئېپوسچىلىق بەلبېغىنىڭ پەقەت ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيادىن ياۋروپاغىچە سوزۇلغان ئات تۇياقلىرى ئاستىدا ھاسىل بولغان سەزگۈر زونا بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى كۆپىنچە ھاللاردا مەدەنىيەت كۆچۈشى ۋە قوشۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىپايان دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ قورشاۋى ئارقىلىق قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرغان ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىنىڭ تارىخى دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئاۋۋال ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇن ھالەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ يەردە ياۋرو-ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشلىرى ۋە توختاۋسىز ئۇرۇشلار ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمىغان مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇش ھادىسىسى كەمدىنكەم يۈز بەرگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ قىتئەلەردىكى يەرلىك مەدەنىيەتلەر نىسبەتەن تەنھا، پىنھان ۋە تۇرغۇن ھالەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى. شۇنداقلا چوڭ تىپتىكى داۋالغۇشلاردىن خالىي تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىلزىلىلەردىن خالىي - پىنھان مۇھىتتا چوڭ تىپتىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىنى دۇنيا ئېپوسچىلىق مەدەنىيىتىدىكى ۋائۇكۇم قۇرۇقلۇق دېيىشكە بولاتتى.

ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى نىسبەتەن بېكىك مەدەنىيەت رايونلىرىدا، بولۇپمۇ يىراق شەرق تۈزلەڭلىكىدىكى تېرىم خەلقلىرىدە ئوخشاش ئېپوسچىلىق ئەنئەنىسى كەمچىل ئىدى. شەرقتىكى تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئېپوس ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېستېتىك ھەزىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى ئۇلارنىڭ تارىخىي شەكىل ئارقىلىق گەۋدىلىنىشىنى ئىستەيدىغان گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن، ئۆزىدىن باشقا يات مەدەنىيەتلەرنى ئىنچىكە چەتكە قېقىپ كەلگەن مۇداپىئە پىسخىكىسى بەلگىلەپ قويغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانى شەرق ۋە جەنۇب تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ھىندى ۋادىسى ئاسىيادىكى جاھىل خاراكتېرگە ئىگە، ئاياللىق جەزبىگە ۋە نازاكەتلەرگە باي قەدىمكى بۈيۈك مەدەنىيەت رايونلىرى ئىدى. قەدىمدىن بۇيان ئۆزىنىڭ يۇمشاق ھېسسىياتى ۋە سېھىرلىك ناز- زىباسى بىلەن ئىچكى ئاسىيادىكى جەسۇر مىللەتلەرنى غىدىقلاپ كەلگەن بۇ رايونلاردا چوڭ دەريا لاتقىلىرىدەك تىنىپ كەتكەن ھۆل خاراكتېر شەكىللەنگەنىدى. ئۇلار باشقىلارنى غىدىقلىمايتتى، ئەمما باشقىلار ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا غىدىقلىناتتى. سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆچتۈڭگۈرلۈككە تولغان، ئەمما ئىچكى پىسخىك جۇغلانمىسى ئاجىز يايلاق مىللەتلىرى ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، ئۆزىنىڭ روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھامان، گويا ماگنىت قۇتۇبىغا ئاققان تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىدەك ئۇلارنىڭ جەزبىدار قوينىدا ئىز-تىزسىز غايىب بولاتتى. شۇڭلاشقا، ياۋروپا مەدەنىيىتى ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ توختاۋسىز ھۇجۇملىرىدىن زىلزىلە ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىگىنىدەك، شەرقتىكى چوڭ دەريا

ھاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان تىرىم مەدەنىيەتلىرىمۇ شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەھىمىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يۇمشاق ئەمما جاھىل جىسمى ئارقىلىق خورىتىش جەريانىدا پىشىپ يېتىلدى.

ئۆز قوشنىسى ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن ئىككى بۈيۈك ئېپوس - «رامايانا» ۋە «ماخابخاراتا» غا تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا، شەرقتىكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە بىرەر مۇكەممەل ئېپوسنىڭ مەيدانغا كېلەلمىگەنلىكى كىشىنى تولىمۇ تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە مىللەتلەرنىڭ چوڭ تىپتىكى كۆچۈشى ئارقىلىق يۈز بېرىدىغان ئوخشىمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىش ھادىسىسى كەمدىنكەم يۈزبەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ توختاۋسىز پاراكەندىچىلىكلىرى ئۇلارنىڭ تىرىم ھاياتىنىڭ جىمجىتلىقىغا كۆنۈككەن پىسخىك كەيپىياتىنى سەگىتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايون نىسبەتەن يېپىق جۇغراپىيىلىك شارائىتى، مۇقىم ۋە سىرتقى زىلزىلىلەردىن خالىي تىرىم ھاياتى، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەپ كەلگەن ناتۇرال ئىگىلىكى شۇنداقلا سىرتقى تەسىرلەرنى ھەر ۋاقىت چەكلەشكە تەييار تۇرىدىغان مۇداپىئە پىسخىكىسى سەۋەبلىك ئېستېتىك ئىنتىلىشتىكى يۈكسەكلىككە ئەمەس، بەلكى تارىخىي تۈيغۇغا خۇشتار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە ئېپوسلا ئەمەس، بەلكى ئەپسانە ژانىرىنىڭمۇ مۇكەممەل راۋاجلانمىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر. لۇشۈن ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «. . . جۇڭگودا ئەپسانىدىن ئىبارەت بۈيۈك ئەسەر مەۋجۇد ئەمەس، ئەگەردە بار دېيىلگەندىمۇ پارچە-پۇرات ئەپسانىلەر تا ھازىرغىچە كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلمىدى» (17). قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي خاھىشىدىكى باي تارىخىي تۈيغۇ ۋە ئەمەلىيەتچان ئەندىزە ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدا باشقا خەلقلەرگە زادىلا ئوخشىمايدىغان فورمىنى ھاسىل قىلغان. يەنە كېلىپ بۇ خىل فورما ئۇلاردا قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرى ۋە ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زادىلا ئىمكانىيەت بەرمىگەن. خۇددى گېرمان پەيلاسوپى شېللىڭ ئېيتقاندەك: «بارلىق قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەپسانە دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن. دەرۋەقە، جۇڭگو تولىمۇ قەدىمىي ئەل. ھالبۇكى، ئۇ باشقا ھېچقانداق ئەپسانىۋى تەپەككۇرغا باي مىللەتكە تەقلىد قىلىپ باققان ئەمەس. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىدىن باشقا مىللەتلەر ئەپسانىلىرىنىڭ كۆلەڭگىسىنى بايقىغىلى بولمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قەدىمىي ئەپسانىلەرگە باي نۇرغۇن مىللەتلەر ئىچىدە پەقەت جۇڭگولۇقلارلا ئەپسانە ئىجادىيىتىدىن خالىي مىللەتتۇر. ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ئەپسانە ھەرىكىتىدىن تامامەن ئايرىلغان ھالدا، ئىنسانىيەت مەۋجۇدلۇق كاتېگورىيىسىنىڭ باشقا بىر يۆنىلىشىگە بۇرۇلۇپ كەتكەن. نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئەپسانە باسقۇچى غايەت زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، پەقەت جۇڭگولا ئالاھىدە مۇستەسنالىقنى شەكىللەندۈرگەن» (18).

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرى ۋە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئوخشىمىغان مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشىدىن ئىبارەت قايىنام تاشقىنلىق ئارقا كۆرۈنۈش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش پىشىپ، تىنىپ كەتكەن روھىي جۇغلانما بىلەن ئاللىقاچان قېلىپلاشقان ئەخلاقىي ئەندىزىنى ئەمەس، بەلكى باللارچە بەڭباشلىق ياندىشقان، سىرتقا ئىنتىلىشچان مەدەنىيەت تىپىنى تەلەپ قىلاتتى. شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتلىق كۆچمەنچى مىللەتلەر تارىخ سەھنىسىگە چىقىشتىن ئاۋۋالقى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيا مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز ئەتراپىدىكى ئوخشاش بىر ئىرقىي تىپقا ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسىغا مەنسۇپ خەلقلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا ئوخشاش بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئېلىپ بېرىلغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تاكى ھونلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى باشلانغانغا قەدەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تىرىم ھاياتىدا ھېچقانچە زىلزىلە پەيدا قىلالمىدى. شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، ئات تۇياقلىرى ئارقىلىق ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا شىددەتلىك دولقۇن ھاسىل قىلغان چاغدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك «ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى»نىڭ پەيلىشى بىلەن قېرىلارچە تەمكىنلىككە ئىگە «بالدۇر يېتىلگەن بالا» بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى «گەرچە ئېپوسلار مەيدانغا كېلىدىغان ئەڭ ياخشى تارىخىي باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى مۇكەممەلچىلىككە ئىگە قىلىدىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى شەكىللەنمىگەچكە، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى» (19). ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ سەلتەنىتى باشلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تىنىمسىز پاراكەندىچىلىكلەرنى سېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گاھ كۈچىيىپ، گاھ ئاجىزلاپ تۇرىدىغان ھەربىي ئۈستۈنلۈكى شەرق تىرىمچىلىرىنىڭ بۇ نەم-ئىسسىق ماكانىدا پۈتكۈل مىللەت سۈپىتىدىكى چوڭ كۆچۈشلەر، ھايات-ماماتلىق سىناقلار ۋە يات مەدەنىيەتلەرنىڭ شىددەتلىك قوشۇلۇشىدەك ھادىسىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى مەدەنىيەتلەر، جۈملىدىن قەدىمكى مىسىر، بابىل ۋە ھىندى مەدەنىيەتلىرى يېڭىدىن گۈللەنگەن ياش ۋە كۈچتۈڭگۈر مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا بارا-بارا ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە قەدىمكى ئەندىزىسىنى يوقاتتى. ۋەھالەنكى، پەقەت جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىلا ئىزچىل ئۆزگەرمەي كەلدى، بەلكى ئۆز ئەتراپىدىكى ئۆز خاراكتېرىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئوخشاش مەدەنىيەتلەرنى ئۆز گەۋدىسىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، بارغانسېرى يوغىناپ، سەددىچىن ئارقىلىق باشقا مەدەنىيەت سىستېمىلىرىدىن ئايرىلىپ

تۇرىدىغان ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپىنى ياراتتى. بۇ خىل مەدەنىيەت تىپىدا شەخسنىڭ قىممىتى ۋە ئەركىنلىكىگە قارشى ھالدا، فېئوداللىق نەسەب-ئەھكام، ئائىلە، جەمەت ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتنى بىرلىك قىلغان سىياسىي تۈزۈلمە ھەمدە قېلىپلاشقان ئەخلاق ئەندىزىسى تەكىتلىنەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئاتتىلادىن چىڭگىزخانغىچە بولغان ئاسىيا چەۋەندازلىرىنىڭ شىددەتلىك يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئۇلى ياۋروپادا ئاللىقاچان تەۋرىتىپ تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگودا تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقانىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار جەريانىداگىرېتسىيىدىن كۆپىنچە يالىڭاچ ھەيكەللەرنىڭ ، جۇڭگودىن نەزىر-مۇراسىم ۋە يېمەك-ئىچمەك بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشىمۇ يۇقىرىقى ئوخشاشمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ روشەن پەرقلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

قەدىمكى جۇڭگودا ياكى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا قەدىمكى خەنزۇ مىللىتىدە نېمە ئۈچۈن چوڭ تىپتىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلەلمىگەنلىكى ھەققىدە گېگېل مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «جۇڭگولۇقلاردا مىللىي ئېپوسلار بولغان ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ۋە تەسىرات ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن نەسرىي شەكىلنى ئۆزىگە تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مۇنداق بولۇشىنى تارىخ باشلانغان يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن، بىرخىل نەسرىي شەكىلدە قېلىپلاشقان تارىخىي رېئاللىق بەلگىلەپ قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ دىنىي نۇقتىئىنەزەرلىرىمۇ سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللار ئېپوسلارنىڭ يارىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ناھايىتى زور توسالغۇ بولغان» (20). گېگېلنىڭ قارىشىچە، ئېپوسلار ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى، يەنى ماركس ئېيتقان «ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى» داتۇرۇۋاتقان «بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە قارشى ئۇرۇشلىرىنىڭ ئوبرازلىق ھېكايىلىرى» شۇنداقلا «قەھرىمان شەخسنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي روھىي ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان» (21) چوڭ تىپتىكى ئاغزاكى سەنئەت شەكلى ئىدى. قەدىمكى جۇڭگونىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋە ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلەيدىغان مۇستەبىت تۈزۈمى شۇنداقلا تارىخىي تۇيغۇنى ئېستېتىك ئىدىئالنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى قىلىدىغان مەدەنىيەت پىسخىكىسى ئېپوس ژانىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زادىلا ئىمكانىيەت بەرمىگەنىدى. شەرقىي ئاسىيادىكى تىرىم ھاياتىغا ماس كېلىدىغان بۇ نەم-ئىللىق بەلباغدا، قەدىمكى يۇناننىڭ شەھەر فېدېراتسىيىسى شەكلىدىكى يېرىم دېموكراتىك قۇللۇق تۈزۈمىدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرىلا قانداشلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدىغان ھاكىممۇتلەق مۇستەبىت تۈزۈم قېلىپلاشقانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ يەردە باشقا مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا ئۈستقۇرۇلمىدا «بىر خىل تۇراقلاشقان قانۇن، سىياسىي تۈزۈم ۋە ئەخلاقىي فورمىلارنىڭ نەسرىي شەكىلدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى» (22) مەيدانغا كەلدى. بەدىئىي تەپەككۇردىكى بۇنداق دوگماتىك خاھىش ئېپوستىن ئىبارەت ھەرىكەتچان ژانىرنى كەسكىن رەت قىلاتتى.

شەرق تىرىمچىلىرىنىڭ بالدۇرلا قېلىپلاشقان مەپكۇرىسىگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ يېنىك شاۋقۇنلىرىغا سىرداش بولۇپ ياشىغان قەدىمكى يۇناندا بۈيۈك ئېپوس دەۋرى ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئاتلىق يۈرۈشلىرى دۇنيا ئېپوس دەۋرىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئۇلار يەنى ئېپوس ئىجادىيىتىگە قاتناشقان بارلىق مىللەتلەر- ئارىئانلار، بابىللىقلار، يۇنانلىقلار ۋە كېيىنكى ئاسىيا چەۋەندازلىرى شەرقىي ئاسىيادىكى «بالدۇر يېتىلگەن» تىرىم مىللەتلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، تېخىچە تەنتەكلىكى كەتمىگەن، «تەرەققىياتى ئەڭ مۇكەممەل بولغان» ، «نورمال بالا» (23) ئىدى، بۇ «بالا» دا دولقۇنلاپ تۇرغان سەبىي ھېسسىيات، قايناق شېئىرىي تۇيغۇ، شوخلۇق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن قورقۇمسىزلىق بار ئىدى. ئۇلار ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان زىلزىلىلەرگە خۇشتار ئىدى. ئىنساننىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى ئىستەيتتى. باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن قېچىپ كەتكەن گۈزەل خانىش خېلېن ئۈچۈن ئون يىللاپ قانلىق جەڭ قىلىشقا تەييار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدا ئاستا-ئاستا بىخلىنىۋاتقان دېموكراتىك خاھىشلار ۋە مەڭگۈ ئويغاق سەزگۈدىكى تاشمايىل ئەندىزە ئېپوس دەۋرىنىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. شۇڭلاشقا غەربتىكى ئەللەردە ، جۈملىدىن ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان يۇنانلىقلاردا ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى باشلىنىپ، بالىلىق تەپەككۇر پارتلىغان چاغدا ، شەرقتىكى سېرىق توپىلىق جاھىل مەدەنىيەت بەلبېغىدا قېرىپ تىنىپ كەتكەن ئاسىياچە پىسخىك ئەندىزە قېلىپلىشىشقا باشلىغانىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن دۇنيادىكى ئەڭ باي تارىخىي تۇيغۇغا ۋەيلىنامىچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە بۇ تىرىم مىللىتىدە بىرەرمۇ مۇكەممەل ئېپوس مەيدانغا كېلەلمىدى.

## 6

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ شەرقتىن باشلىنىپ، چەكسىز ئۇزاق مۇساپىلەردىن كېيىن غەربتە ئۆز تاكامۇللىقىغا ئېرىشكەنلىكى بىزگە ئىنسان تارىخىنىڭ ئەمەلىيەتتە روھ تارىخى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. دەرۋەقە، بىر مىللەتنىڭ تارىخىمۇ ئۆز ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مىللىي روھنىڭ پىشىپ يېتىلىش جەريانى ئىدى. مىللىي روھ بىر مىللەت ھاياتىدىكى ھەممە تەرەپلەرنىڭ ئورتاق يىغىندىسى ئىدى. ياكى تېخىمۇ كونكرېت

قىلىپ ئېيتقاندا ، مىللەت ھاياتىدىكى بارلىق ئىپادىلەرنىڭ مىللىي روھتا قانات يېيىشى ئىدى. گېگىل ئۆز پەلسەپىسىدە دۇنيا تارىخىنى روھنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئىشقا ئېشىش جەريانى دەپ قارىدى. شۇنداقلا روھنىڭ ماھىيىتى ئەركىنلىكتە ، شۇڭا دۇنيا تارىخىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەركىنلىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىش تارىخىدۇر، دەپ ھېسابلىدى.

«مىللىي روھ» ئۇقۇمىنى ياۋروپا مەرىپەتچىلىك دەۋرىدە ياشىغان مونتېسكيۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. كېيىن گېگىل بۇ ئاتالغۇنى كۆپ قېتىم ئىشلەتتى ۋەمونتېسكيۇنىڭ «قانۇن روھى» ناملىق ئەسىرىنى «بىر گۈزەل ئەسەر» ، «ئۇلۇغۋار ئىدىيە» (24) دەپ تەرىپلىدى. گېگىلنىڭ قارىشىچە دۇنيا تارىخى جۈملىدىن روھنىڭ پىشىپ يېتىلىش تارىخى تۆت باسقۇچنى، يەنى شەرق دۇنياسى، گرېك دۇنياسى، رۇم دۇنياسى ۋە گېرمان دۇنياسىدىن ئىبارەت تۆت دۇنيانى بېسىپ ئۆتكەنىدى. بۇ تۆت دۇنيا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىنسانىيەت روھ تارىخىنىڭ باللىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋرلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭلاشقا «مىللىي روھ بىرخىل تەبىئىي بىرلىك ھېسابلىناتتى. بۇ تەبىئىي بىرلىكتە گۈللىنىش ۋە قۇدرەت تېپىشمۇ، زەئىپلىشىش ۋە يوقىلىشمۇ مۇقەررەر يۈز بېرەتتى» (25) . بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان تارىخىي دەۋرگە كىرگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئەمەلىي تەسىر كۈچىمۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋە سىرتقى بېسىملارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تامامەن يېتەتتى. مانا مۇشۇنداق باسقۇچتا مەزكۇر مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىغا جۇغلانغان جىمىكى ئېنېرگىيىلەر بىراقلا پارتلاپ چىقىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ تەپەككۇر قانىتى يېشىلەتتى ۋە پىكىر تاكاممۇللىقىنى ئىشقا ئاشۇراتتى. بۇ دەل ئۇنىڭدىكى مىللىي روھنىڭ گۈللەنگەن ۋە قۇدرەت تاپقان باسقۇچى بولاتتى. لېكىن مەزكۇر مىللەت ئۆز-ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، بۇرچىنى ئادا قىلغان ھامان، ئۇنىڭ ھاياتلىق غايىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەنزىلى ۋە ئۇلۇغۋار ئىنتىلىشلىرىمۇ غايىب بولاتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتىي كۈچىمۇ ئاستا-ئاستا خوراشقا باشلايتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللىي روھ زەئىپلىشىش ۋە يوقىلىش گىردابىغا يۈز تۇتاتتى. چۈنكى روھنىڭ پىشىپ يېتىلىشى دەل ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئىنكار قىلىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. «ئۆزىنى تونۇش ۋە بايقاشنىڭ يۇقىرى پەللىسى روھنىڭ ئەڭ ئالىي بۇرچىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇ بۇ مۇقەددەس بۇرچنى ئورۇندىشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن، مەزكۇر بۇرچنىڭ ئورۇندىلىشى ئۇنىڭ زەئىپلىشىشىدىن دېرەك بېرەتتى شۇنداقلا زەئىپلىشىش باشقا بىر باسقۇچقا ، يەنى يېڭى بىر روھنىڭ تۇغۇلۇشىغا ھامىلدار بولاتتى» (26) . گېگىل ھەتتا روھنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى بىر مىللەت ئۆز ھاياتىدا ئىچمىسە بولمايدىغان ئاچچىق شاراب دەپ ھېسابلىدى. «مۇئەييەن مىللىي روھ دۇنيا تارىخىي تەرەققىياتىدىكى بىر ئايرىم بىرلىك. بىر مىللەتنىڭ ھاياتىي ۋە روھىي مۇساپىسى مېۋە بېرىش ئارقىلىق پىشىپ يېتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەرىكەت مۇددىئاسى ئۆز پرىنسىپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن بۇ مېۋە ئۇنى ئۆستۈرگەن ۋە ئايىنتقان ئاشۇ مىللەتنىڭ قولىغا چۈشمەيدۇ ھەمدە ئاشۇ مىللەتنىڭ ھوزۇرلىنىشىغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئاشۇ مىللەتنىڭ لېۋىنى كۆيدۈرىدىغان بىر ئاپقۇر ئاچچىق شارابقا ئايلىنىدۇ. بۇ مىللەت ئۆزىنى زەئىپلەشتۈرۈش ۋە ھالاكەتكە باشلاش بەدىلىگە ئاشۇ بىر ئاپقۇر ئاچچىق شارابنى ئىچىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆتكۈر قوزغاتقۇچى كۈچى يېڭى بىر پرىنسىپنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ» (27) .

گېگىل بۈيۈك تارىخىي شەخسلەرنى «دۇنياۋى تارىخىي شەخس» دەپ ئاتىغىنىدەك، دۇنيا روھىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا يۈكلىگەن مىللەتلەرنىمۇ «دۇنياۋى تارىخىي مىللەت» دەپ تەرىپلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۇنياۋى روھ يەككە-يىگانە ئىدى. مۇنداق يىگانە روھ ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ روھىيىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. دۇنياۋى روھ ھەر قېتىم مەلۇم بىر مىللەتنى تاللىۋېلىپ ئۆز ھالقىلىرىدىكى بۇرچنى ئىجرا قىلدۇراتتى. ھەرقانداق مىللەت ئۆز ھاياتىداپەقەت بىرلا قېتىم «دۇنياۋى تارىخىي مىللەت» لىك پۇرسەتكە ئېرىشەلەيتتى. مۇنداق بىر پۇرسەتكە سازاۋەر بولغان ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچنى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتەتتى. بىرىنچى باسقۇچ دەل ئۇنىڭ ھەقىقىي يوسۇندىكى خاسلىقىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تاكى ئىچكى دۇنياسى بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشكۈچە بولغان جەريانىنى تەقەززا قىلاتتى. بۇ باسقۇچتا ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتقى مەدەنىيەتلەردىن ئەۋرىشكە قوبۇل قىلاتتى ھەمدە ئاشۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق ئۆز خاسلىقىنى چېنىقتۇراتتى. ئىككىنچى باسقۇچ ئۇنىڭ سىرتقا قارىتا قىلغان غەلىبىسى جەريانىدا يېتىلگەن مۇستەقىللىقى ۋە گۈللىنىشكە ئېرىشكەن مەزگىلى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دۇنياۋى تارىخىي مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ خىل ئۇچرىشىشتىن ھاسىل قىلغان غەلىبىسى ئارقىلىق دۇنياۋى روھتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس بۇرچنى ئىجرا قىلغۇچىغا ئايلىناتتى. بۇ دەۋر ئۇنىڭ ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىلى بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق كۈچ-قۇدرەتنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ بۇرچىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەر تەقدىرى يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. شۇڭلاشقا، سىرتتىن بولىدىغان غىدىقلىنىش تۈگىگەن ھامان، ئۇنىڭ ئىچكى تاكامۇللىقىغىمۇ دەز كېتەتتى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە دۆلەت سىياسىي جەھەتتىن پارچىلىنىپ، سەنئەت ۋە ئىلىم-پەندىكى غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىيوقىتىپ قوياتتى -دە، بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن زەئىپلىككە يۈز تۇتاتتى. ئۈچىنچى باسقۇچ ئۇنىڭ ئومۇميۈزلۈك زەئىپلىشىش مەزگىلى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد دۇنياۋى

تارىخىي مىللەت بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ خىل ئۇچرىشىشنىڭ مەغلۇبىيىتى نەتىجىسىدە ، دۇنياۋى روھ ئۇنى شاللاپ قوياتتى ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭى بىر مىللەتنىڭ زىممىسىگە يۆتكىلەتتى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر گۈللىنىشتىن خارابىلىشىشقىچە بولغان جەريان باشلىناتتى. گېگېل گەرچە قەدىمكى گرېكلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تۇتقا قىلىپ، بۇ خىل ھالقىسىمان جەرياننى يەكۈنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «بۇنداق ئوخشاش جەرياننى بىز ھەربىر دۇنياۋى تارىخىي مىللەتنىڭ ھاياتىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز» (28) دەيدۇ.

دۇنياۋى تارىخىي مىللەت بولۇش پۇرسىتى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىگە، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرگە تالىق بولالىدىمۇ-يوق؟ ئۇلارنىڭ مىللىي روھى دۇنياۋى روھنىڭ بىر مۇھىم ھالقىسىغا ئايلىنالىدىمۇ؟

گېگېلنىڭ دۇنيا تارىخىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئاساسلىرى ھەققىدىكى تەلىماتى شەرقنى جۈملىدىن ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى رولىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بىرچەتكە قايرىپ قويىدى. گەرچە گېگېلنىڭ بۇ ھەقتىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى تارىخ پەلسەپىسىدىكى ناھايىتى چوڭ بوشلۇقلارنى تولدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يەر شارىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، گېگېلنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخىغا كۆرسىتىدىغان رولى ھەققىدىكى قاراشلىرى مونتېسكيۇ ۋەكىللىكىدىكى جۇغراپىيىلىك شارائىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ تەرەپدارلىرىنىڭ كەسكىن يەكۈنلىرىدىن مۇئەييەن ئارىلىقنى ساقلاپ كەلدى. شۇڭلاشقا ئۇ يۇنان ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە گۈزەللىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەسىرىنى بەك يۇقىرى ياكى بەك تۆۋەن مۆلچەرلەپ تاشلىماسلىقىمىز لازىم. ئىئونىيىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زەڭگەر رەڭ ئاسمىنى ھومېر ئېپوسلىرىنىڭ گۈزەللىكىگە ھەقىقەتەن زور تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاشۇ زەڭگەر رەڭ ئاسماننىڭ يالغۇز ئۆزىلا ھومېرنى تۇغقان ئەمەس. شۇنداقلا يەنە باشقا ‹ھومېر› لارنىمۇ داۋاملىق تۇغالمىدى» (29) . ئۇ، دۇنياۋى تارىخىي مىللەت بولالىغان خەلقلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىللىق بەلباغلارنى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق سەھنىسى قىلغان . سوغۇق ۋە ئىسسىق بەلباغلار «دۇنيا تارىخىنىڭ ھەرىكەت لېنىيىسىدىن ئەبەدىي چەتتە تۇرۇپ كەلگەن» (30) ، چۈنكى «سوغۇق ۋە ئىسسىق بەلباغلاردا دۇنياۋى تارىخىي مىللەتلىك پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن خەلقلەرنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى تومۇز ئىسسىق ۋە قەھرىتان سوغۇق ‹روھ›نىڭ ئۆز دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ» (31) دەپ قارىدى.

گېگېل تەكىتلەۋاتقان ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ جۇغراپىيىلىك سەھنىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاسىيا ، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت كونا دۇنياغا مەركەزلىشەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ جۇغراپىيىلىك سەھنىسى ئوخشاشمىغان ئۈچ خىل مۇھىتتىن، يەنى كېلىماتى قۇرغاق ئىچكى قۇرۇقلۇق، ئېگىزلىك ۋە پايانسىز يايلاق مۇھىتى؛ چوڭ دەريا ھاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان تېرىم تۈزلەڭلىكى مۇھىتى ۋە دېڭىز ساھىللىرى مۇھىتىدىن تەركىب تاپاتتى.

ئېگىزلىك ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قۇرغاق ۋە قاقاس زونىلار بولۇپ، بۇ يەردە تار دائىرىدىكى ئېكىن تېرىمۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى . ئۇلارنىڭ مۈلكى ۋە مەئىشىتى «يەردە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تىنىمسىز كۆچۈپ تۇرغان مال-چارۋىلىرىدا ئىدى» (32) . ئۇلار قەبىلە -ئۇرۇغ ۋە ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانۇنىي مۇناسىۋەت مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. مۇنداق ھالەت ئۇلاردا مېھماندوستلۇق ۋە بۇلاڭ-تالاڭغا خۇشتارلىقتەك ئادەتتىن تاشقىرى پىسخىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا تىنچ تۇرمۇشقا مايىلدەك قىلسىمۇ، لېكىن ئاتقا مىنگەن ھامان ، ھەش-پەش دېگۈچە ئۇيۇشۇپ، گويا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان غايەت زور كەلكۈندەك تېرىم ئەللىرىگە باستۇرۇپ بارىدۇ. شۇنداقلا بىر مەھەل پاراكەندىچىلىكتىن كېيىن ئىز-تىزسىز غايىب بولىدۇ. ئۇلاردا ئۆز ھېسسىياتىنى ئۆز مەدەنىيىتى ۋە پىسخىك تىندۇرمىسى بىلەن كونترول قىلالايدىغان روھىي ئېنېرگىيە خېلىلا كەمچىل ئىدى. ئۇلار ھامان باشقا مەدەنىيەتلەر، جۈملىدىن تېرىم ۋە دېڭىز مەدەنىيەتلىرىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زىباسى تەرىپىدىن غىدىقلىناتتى. يەنە كېلىپ بۇنداق غىدىقلىنىشتىن ئۇرغىغان ئەرلىك جاسارىتى باشقا جاھىل مەدەنىيەتلەرنىڭ قەدىمىنىمۇ ئالغا سىلجىتاتتى. ئومۇمەن ئۇلاردا ھەر قانداق شەكىلدىكى تۇراقلاشقان مەۋجۇدلۇق پرىنسىپى يوق ئىدى. گېگېل ئۇلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە چىڭگىزخان ۋە ئاقساق تېمۇرنىڭ قىلىچى ئاستىغا ئۇيۇشقان موڭغۇل-تۈركلەرنى ۋە غەربىي ئاسىيادىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەرەبلەرنى تىلغا ئالىدۇ.

چوڭ دەريا ھاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان شەرقتىكى مۇنبەت تېرىم تۈزلەڭلىكلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يەنە بىر جۇغراپىيىۋى مۇھىتنى ھاسىل قىلغانىدى. دەريا لاتقىلىرىدىن شەكىللەنگەن مۇنبەت تۇپراقتا مەيدانغا كەلگەن بۇ قەدىمىي تېرىم مەدەنىيەتلىرى ئۆزىنىڭ جاھىللىقى، بالدۇر يېتىلگەنلىكى ۋە ئاسان ئۆزگەرمەيدىغانلىقى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەردىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى بەتلىرى مۇشۇ يەرلەردە باشلانغان بولۇپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقلاردىكى ئاتلىق مىللەتلەر بىلەن غەربتىكى دېڭىز مىللەتلىرى تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان چاغدا ، ئۇلار ئاللىقاچان قېلىپلاشقان

ئەخلاقىي ئەندىزە بىلەن ھاكىممۇتلەق سىياسىي تۈزۈلمىنى تىكلەپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا تەبىئەت دۇنياسىدىكى قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلگەنگە ئوخشاش روھنىڭ قۇياشىمۇ شەرقتىن كۆتۈرۈلگەنىدى. ئەمما ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتى بولغان ئەركىنلىك ئۇقۇمى بۇ يەردە ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت تاپالمىغانىدى. گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «دۇنيا تارىخى شەرقتىن غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلدى، چۈنكى ياۋروپا مۇتلەق ھالدا تارىخنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، ئاسىيا باشلىنىش نۇقتىسى بولغانىدى» (33) . «روھنىڭ پارلاق نۇرى ئاسىيادىن كۆتۈرۈلگەچكە، دۇنيا تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىمۇ ئاسىيا قىتئەسىدىن باشلاندى. . . » (34) . دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ جۇغراپىيىۋى سەھنىگە «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى مەركەز قىلغان جۇڭگو، ھىندى ۋە گانگ دەريالىرى ھاۋزىسىدىكى ھىندىستان، دەجلە ۋە ئېفرات دەريالىرى ئارقىلىق سۇغۇرۇلىدىغان بابىل، نىل دەرياسى بويىدىكى مىسىر قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلاتتى. مانا مۇشۇ ۋادىلاردا مەيدانغا كەلگەن بۈيۈك سۇلالىلەر ناھايىتى چوڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاساسىنى قۇرۇشقا باشلىغانىدى. بۇ يەردىكى خەلقلەر دېھقانچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى ۋە رىتىملىق ئالمىشىپ تۇرىدىغان تۆت پەسىلنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تېرىقچىلىق قىلاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەرگە بولغان مۇلۇكچىلىك ۋە ھەر خىل قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى دەل مۇشۇ قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ باشلىنىشى جەريانىدا مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولدى» (35) . لېكىن بىرخىلدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان تېرىم ھاياتى بۇ يەردىكى خەلقلەردە تىنچ-ئاسايىشلىقنى خالايدىغان ، ئەنئەنىگە ھېرىسمەن، توختاۋسىز زىلزىلىلەرگە قارىغاندا شېرىن سۈكۈتنى ياقتۇرىدىغان پسىخىك خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەنىدى. گېگېل تىلغا ئالغان شەرق دۇنياسى دەل مۇشۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنى كۆرسىتەتتى. گەرچە چوڭ دەريا ھاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان جۇڭگو، ھىندىستان، پېرسىيە ۋە مىسىر قاتارلىق ئەللەر «شەرق دۇنياسى» دىن ئىبارەت بۇ سىستېمىنى ھاسىل قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرقلەرمۇ مەۋجۇد ئىدى. بولۇپمۇ جۇڭگو مەدەنىيىتى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بېكىك، جاھىل ۋە ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان تىپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالغان تۇرغۇن خاراكتېرى تارىخنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە ، ئۇلارنى «بالدۇر يېتىلگەن بالا» غا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

پايانسىز دېڭىز -ئوكيانلار ئارقىلىق قورشىلىپ تۇرغان ئارال، يېرىم ئارال ۋە تاقىم ئارالارنىڭ ئەبەدىي سۆيۈشۈپ تۇرۇشىدىن ھاياتىي كۈچ ئالغان ساھىل رايونلىرى گېگېل تەكىتلىگەن ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۈچىنچى مۇھىم جۇغراپىيىلىك سەھنىسى ئىدى. يىراقتىكى ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدىكى ساھىل رايونلىرى دەل مۇشۇ زونىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلاردا شەرقتىكى تېرىم مىللەتلىرىگە ئوخشاش ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ئۆز يەرلىرىنىڭ نېسىۋىسى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، تىنچ-خاتىرجەم ياشايدىغان شارائىت مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ئۇلار تېرىم ياكى چارۋىچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقىم ئىگىلىك شەكلى قىلمايتتى بەلكى شەھەر ھاياتى ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدىغان بازار رىقابىتى ۋە سودىنى ئاساس قىلاتتى. ئۇلار دېڭىز -ئوكيانلار كېچىپ يېڭى مەۋجۇدلۇق ماكانى ئىزدەشكە، ھەممە تەئەللۇقاتىنى ، ھەتتا ھاياتىنى دوغا تىكىپ تەلەي سىناپ بېقىشقا، تەۋەككۇلچىلىك ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان تىنىمسىز ئېلىشىشلار جەريانىدا شەخسنىڭ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە خۇشتار ئىدى. دېڭىز ئۇلارغا چەكسىزلىك ، ئوچۇقلۇق، تەمكىنلىك ۋە سىرتقا ئىنتىلىشچانلىق ئاتا قىلغانىدى. دېڭىز قاتنىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇلارنى جۈملىدىن ئويغاق ياۋروپانى دۇنيا تارىخىنىڭ پاراۋۇزىغا ئايلاندۇرغانىدى. شۇڭا گېگېلنىڭ ياۋروپانى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ «ئاخىرقى ۋە پىشقان پەللىسى» دېيىشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى. گېگېل ئۆزىنىڭ تارىخ پەلسەپىسىدە بارلىق ھېس-ھاياجىنى ۋە مۇھەببىتىنى دېڭىز ساھىلىدىكى رايونلارغا ئاتا قىلدى. بۇ رايونلارنىڭ ئىللىق ئىقلىمىنى سوغۇق ۋە ئىسسىق بەلباغلارنىڭ كېلىماتىغا قارىغاندا ، ئىنسان تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە «دېڭىز كىشىلەرگە پايانسىزلىق ۋە چەكسىزلىك ئۇقۇمى ئاتا قىلاتتى. ئىنسان دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلغان چېغىدا، ۋۇجۇدى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە جاسارەتكە تولۇپ، كۆز ئالدىدىكى چەكلىك مەۋجۇدلۇقلارنىڭ ھەممىسىدىن ھالقىپ كېتىشنى ئىستەيتتى. كىشىلەرنى دېڭىز بويسۇندۇرۇش ۋە يېڭىشقا چاقىراتتى شۇنداقلا يەنە پايدا قوغلىشىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيتتى. . . » (36) . شۇڭلاشقا ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىنسانىيەت روھىي دۇنياسىنى ئەبەدىي سۇغۇرۇپ كەلگەن بۈيۈك مەدەنىيەتلەر - مىسىر مەدەنىيىتى ، ئىبراي-يەھۇدىي مەدەنىيىتى ۋە يۇنان -رۇم مەدەنىيەتلىرى يارىتىلغانىدى. ئۈچ بۈيۈك دىن - يەھۇدىي، خرىستىيان ۋە ئىسلام دىنلىرى مۇشۇ يەردە مەيدانغا كەلگەنىدى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت كونا دۇنيانى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغۇچى «بىرىكتۈرمە ئامىل » ئىدى. «ئۇ، يەر شارىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى بىربىرىگە باغلىغانىدى. ئۇ، دۇنيا تارىخىنىڭ مەركىزى، كونا دۇنيانىڭ يۈرىكى ئىدى. چۈنكى ئۇ كونا دۇنيانىڭ بەرپا بولۇشىغا شارائىت ۋە ھاياتىي كۈچ بەرگەنىدى. ناۋادا ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بولمىغان بولسا دۇنيا تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان بولاتتى» (37) .

دېمەك گېگېلنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىت بىلەن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى

پەلسەپۋى مۇلاھىزىلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياۋروپا مەركەزچىلىك تەلىماتىغا ئاساس ياراتتى. ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ قۇياشى شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ تەدرىجىي غەربكە قاراپ ياۋروپادا ئاخىرقى پەللىسىگە يەتتى، شۇڭلاشقا ياۋروپا دۇنيا تارىخىنىڭ مەركىزى ۋە ئاساسىي ئېقىمى بولالايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئېگېلنىڭ نۇقتىئىينەزلىرىدىن ئوزۇق ئالغان، ياۋروپانى مەركەز قىلغان يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخ پەلسەپىسى ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولىغا ھېچقانچە سەھىپە بەرمىدى.

## 7

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا ئىپادە قىلغان مەدەنىيەت پىسخىكىسى ۋە روھىيەت قاتلىمىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بۇرۇندىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيا مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلغان شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپى، ھىندى مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقى ۋە پارس، ئىبراي، ئەرەب مەدەنىيەتلىرىدىن يۇغۇرۇلغان غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايون ئىدى. ئۇ، ئۆز ئەتراپىدىكى بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى ۋە ئۆز ئارا باغلايتتى. بۇ رايون ناھايىتى زور ئۆتكۈزگۈچكە ئوخشايتتى. شۇڭلاشقا بۇ جايدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇنداق تەسىر قارا-قويۇق، ئۆلۈك ھالەتتە بولماستىن، بەلكى ئېلىش-شاللاش ۋە تاللاش شۇنداقلا پائالىيەتچان مۇئامىلىدە بولۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. يەنە كېلىپ سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تەسىرلىرىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ قويىنىغا يۇغۇرۇپ، ئۆز ئىجادىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ تاشلايتتى.

ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرغان بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرى مۇئەييەن مىقداردا ئۆزئارا ئۇچرىشىپ ئالماشتۇرۇپ، شەرق دۇنياسىغا ئورتاق ئەندىزىنى يارىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆز خاسلىقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردىكى جاھىلانە خاسلىق ھەر ۋاقىت بىر-بىرىنى چەتكە قېقىشقا تەييار تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇزاق ئاسىيانىڭ تارىخى شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەر بىلەن جەنۇبىتىكى تېرىم مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توختاۋسىز سۈركىلىش جەريانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەرقايسى چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش جەريانىمۇ ئىدى.

لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت تىپى - شەرقىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئوتتۇرا ۋە ئىچكى ئاسىيادىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرىدىن زىلزىلە ئېلىپ كەلدى. بۇنداق زىلزىلىلەر ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىڭ يىللار مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىئانلىرىنىڭ ھىندىقۇش ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىرىشى ۋە يەرلىك ئاھالە دراۋىدلار بىلەن قوشۇلۇشى، ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى پارلاق سەھىپىسىنى ئاچتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىندىستاندا ئېپوس دەۋرى ئېچىلىپ، ھىند-گانگ دەريالىرىنىڭ بىرخىلدا لۆمۈلدەپ ئېقىشىغا كۆنۈككەن شەرقچە جىمجىت كەيپىيات بۇزۇپ تاشلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتلىق قەۋملەرنىڭ گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولىدىغان بۇنداق توختاۋسىز يۈرۈشلىرى تاكى بابۇرنىڭ ھىندىستاندا سەلتەنەت تىكلىشىگىچە بولغان ئۇزاق جەريانغىچە داۋاملاشتى.

غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئەڭ پارلاق نامايەندە ھېسابلانغان ئىران مەدەنىيىتىمۇ ئۆز تارىخىدا يېقىن قوشنىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ۋە زەربىلىرىگە ئۇچرىدى. قەدىمكى ئاخمانىيلار ۋە ساسانىيلاردىن تارتىپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەب ئىمپېرىيىسى گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان پارس مەدەنىيىتى دەۋرىگىچە ئىرانلىقلار ئىزچىل ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ توختاۋسىز مۇداخىلىسىگە ئۇچراپ كەلدى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان كۈچ سىلىشتۇرمىسى جەريانىدا ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ باردى. 10-ئەسىردە فىردەۋسىينىڭ قەلىمى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن گىگانت ئېپوس - «شاھنامە» دەل ئىران بىلەن توران خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك توختاۋسىز ئۇرۇشلارنى ئۆزىگە باش تېما قىلدى.

شەرقتىكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىمۇ تارىختىن بۇيان شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تىنىمسىز پاراكەندە قىلىشىغا ئۇچراپ كەلدى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاتلىق يۈرۈشلىرىنى توسۇش ۋە تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا ئۆز-ئۆزىنى كۈچەيتىپ باردى. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو تارىخىدىكى بىر قانچە قېتىملىق چوڭ بىرلىككە كېلىشلەر شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خۇددى تارىخشۇناس گې جيەنشيوڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «جۇڭگودىكى تېرىم رايونلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى خەنزۇ مىللىتى تەرىپىدىن ئورۇندالدى، لېكىن جۇڭگو تارىخىدىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بولسا تامامەن شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بولۇپمۇ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئۈچ قېتىملىق جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى» (38).

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاسىيا قىتئەسىدىكى بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى ئاتلىق قەۋملەرنىڭ زور قوزغىتىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق قوزغىتىشتىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت ئەندىزىسى پۈتۈنلەي باشقا-باشقا ئىدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسى، تۇرمۇش ئۇسلۇبى، دۇنيا قارىشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئېستېتىك تەلپۈنۈشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماھىيەتلىك پەرقلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ باردى.

جۇڭگو مەدەنىيىتى، جۈملىدىن خۇاشيا مەدەنىيىتى ئاسىيادىكى بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرى ئىچىدە خاسلىقى كۈچلۈك ۋە ئۆزگىچە مەدەنىيەت تىپى ئىدى. دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەتلەر تارىخنىڭ تەرەققىياتى ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقاتقان ياكى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پەقەت جۇڭگو مەدەنىيىتىلا ئۆزگىرىپ كەتمەستىن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەندىزىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. جۇڭگونىڭ نىسبەتەن بېكىك جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە بالدۇرلا قېلىپلاشقان «ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى» ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتتە ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان جاھىلانە كەيپىياتىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئەييەن ئىجتىمائىي بىرلىككە بولغان مەسئۇلىيەتنى كۆپرەك تەكىتلىگەچكە، ئۇلار ئەزەلدىنلا دىنىي چۈشەنچىلەرگە قارىغاندا ئەمەلىي تۇرمۇشقا جىقراق كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭا جۇڭگودا رۇجيا (儒家) ۋە داۋجياۋ (道教) قاتارلىق ئېقىملار باشتىن ئاخىر مۇكەممەل دىنىي سىستېمىغا ئايلىنالمىدى؛ سىرتتىن كىرگەن نۇرغۇن چوڭ دىنلار - مانى، بۇددىزم، ئىسلام ۋە خرىستىيان دىنلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ ئورتاق دىنىي ئېتىقادى بولالمىدى؛ ئۇلار ئۆز جەمئىيىتىنى دىنىي ئەخلاق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئائىلە ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق ئەخلاق بىلەن كونترول قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھوقۇق پادىشاھقا مەركەزلەشكەن ھاكىممۇتلەق سىياسىي فورما قېلىپلىشىپ، دېموكراتىك ئىدىيە ۋە شەخسنىڭ ھوقۇقى تەكىتلىنىدىغان سىياسىي تۈزۈلمىگە ئىمكانىيەت بولمىدى. ئەكسىچە فېئوداللىق ئەمىر-مەرۇپ، نەسەب-ئەھكام، قائىدە-يوسۇن ۋە دەرىجە تۈزۈمى ھەددەپ تەشۋىق قىلىنىدىغان، شەخسنىڭ ئائىلە، ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتى تەكىتلىنىدىغان، ھوقۇق ۋە نوپۇز ئالدىدا ئۆزىنى ئەرزىمەس نەرسە ھېسابلايدىغان جەمئىيەت ئەندىزىسى بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى گېگېل ئېيتقان «ئۆزلۈك ئېڭى يوق مىللەت» سۈپىتىدە، ئۆزىنى ئىنكار قىلىش بەدىلىگە ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي توپنى مۇئەييەنلەشتۈردى شۇنداقلا پادىشاھىي ھوقۇق بىلەن ئىلاھىي ھوقۇقنى بارغانسېرى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بەھەيۋەت سۈرىگە چوقۇنىدىغان پىسخىكىنى شەكىللەندۈردى. شۇڭا گېگېل بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شەرقلىقلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم پىسخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى، مەلۇم زور كۈچ ئالدىدا ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇشتۇر. ئۇلار شەخس پەقەت مەلۇم بىر زور كۈچ ئالدىدىكى ئەرزىمەس نەرسە، خالاس دەپ قارايدۇ» (39).

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزاق مۇددەتلىك بېكىك مۇھىت ۋە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈلمە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ مەركىزى ھېسابلاپ، باشقىلارنى كەم سۇندۇرىدىغان، ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ ئوشۇقچە مەغرۇرلىنىدىغان AQچە پىسخىك كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈپ قويغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يېقىنقى زامانغا كەلگەندە يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار يېڭى جۇغراپىيىۋىي ئوقۇملارنى يەلكەنلىك كېمىلەرگە قاچىلاپ، توپ-زەمبىرەكلىرىگە تايىنىپ توسالغۇسىز ھالدا سېرىق دېڭىزغا ئۇسۇپ كىرگىنىدە، جۇڭگولۇقلار ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. مىلادى 1793 - يىلى، يەنى پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ 58-يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى II ئۆزىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى جورجى ماكارتنېينى جۇڭگوغا ئەۋەتىدۇ. بۇ دەل چيەنلۇڭ خاننىڭ 80 ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. باش ئەلچى ماكارتنېي چىڭ خاندانلىقى بىلەن سودا توختامى تۈزۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇ چيەنلۇڭ خان بىلەن كۆرۈشكەندە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئورداقائىدە يوسۇنى بويىچە پادىشاھقا توققۇز قېتىم باش قويۇپ، ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىدىغان رەسمىيىتى بويىچە كۆرۈشمەي ئۆز قائىدىسى بويىچە كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىڭ خاندانلىقى سودا توختامى تۈزۈشنى رەت قىلىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپ قايتا-قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، چيەنلۇڭ خان بىلەن قانداق كۆرۈشۈش مەسىلىسى ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ ۋە سودا توختامى تۈزىدۇ. چيەنلۇڭ خان ئاخىرى ئۇلارنى رېخېدىكى يازلىق ئارامگاھىدا قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن شۇ چاغدىكى ئوردا تارىخچىلىرى بۇ ۋەقەنى تەپتارتماستىن جىلد-جىلد يىلنامىلىرىگە: «ئەنگلىيە ياۋايىلىرى ئوكيان كېچىپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سوۋغا-سالاملار بىلەن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ نامۇۋاپىق تەلەپلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ‹مەيدىسىدىن ئىتتىرىش› پوزىتسىيىسى بويىچە ساداقەت ۋە ئىخلاسلىرى قوبۇل قىلىندى» (40) دەپ يازىدۇ. كېيىن بۇ خاتىرىلەر چيەنلۇڭ خاننىڭ تەستىقى بىلەن ئوردا ھۆججەتلىرىدىن دۆلەت يىلنامىلىرىگە رەسمىي كۆچۈرۈلىدۇ

18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا غەربلىكلەر غايەت زور جۇغراپىيىلىك بايقاشلارنى ئورۇنداپ، شەرقنى ئۆزلىرىنىڭ تالان-تاراج ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلاۋاتقان چاغدا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈۋاتقان ئوردا تارىخچىلىرى

ياۋروپالىق رىككىماتخوسىنىڭ «ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تەزكىرىلىك خەرىتىسى» دېگەن ئەسىرىگە باھا بېرىپ: «ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايانلارنىڭ ھەممىسى يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بولۇپ، ئويلىنىپ بېقىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ» (41) دېگەنىدى. ۋەھالەنكى، چوڭ ئاستانىدىكى ئوردا تارىخچىلىرى ھاقارەت قىلغان بۇ ئەسەر ئۆز زامانىسىدىكى غايەت زور جۇغراپىيىلىك بايقاشلارنىڭ سەمەرىسى ئىدى. «ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇرۇن چىڭ خاندانلىقى ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋېلىپ ئۆزىنى قوغداش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنىدى ۋە ھەدەپ ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەنىدى. دۇنيا ھەققىدە ھېچقانداق بىلىمى يوق چېكرا ئەمەلدارلىرى چەت مەملىكەتلەرنى ‹ياۋايىلار دۆلىتى›، دەپ كەمسىتەتتى. ئۇلار ھەتتا ئەنگلىيە بىلەن 200 يىل سودا مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيىنىڭ يەر شارىنىڭ قەيىرىدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقمايتتى» (42). شۇڭلاشقا «تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، غەربلىكلەرنىڭ ئۇرۇش پاراخوتلىرى بىلەن توپ-زەمبىرەكلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھاقارەتلىك شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولغان تۇرۇقلۇقمۇ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردا ھۆججەتلىرىدە يەنىلا يۈزىنى قىلىن قىلىپ يازغان ‹بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىنىڭ خاقانى ئاشۇ ياۋايىلارغا شەپقەت قىلدى...›، دېگەن بايانلاردىن ئەجەبلەنگىلى بولمايتتى» (43). مۇشۇ نۇقتىدىن تەھلىل ئېلىپ بارغان گې جيەنشيۇڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەردە تارىختا جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىكى سۇلالىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغانلىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز يازما خاتىرىلىرى بولغان بولسا، ئېھتىمال 24 تارىختىكى بەزى يات ئەللەر ۋە مىللەتلەر تەزكىرىلىرىنى قايتىدىن يېزىشقا توغرا كەلگەن بولاتتى. بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ بىباھاقامۇسلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ چىقارغان يىتتۇك يەكۈنلىرىمۇ يوقىرىقىدەك كۈلكىلىك كومېدىيىلەردىن ساقلىنالمىغان بولاتتى» (44).

تارىختىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇنداق قارىغۇلارچە شۆھرەتپەرەسلىك قىلمىشلىرى چىڭ خاندانلىقىدىن بۇرۇنقى سۇلالىلەر دەۋرىدىلا خەلقنى مىسلىسىز بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

خەنۇۇدى دەۋرىدە سىرتقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئون نەچچە تۈركۈمگە يېتەتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن يىراقتىكى ئەللەرنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ خەۋەرلىرى ئارقىلىق خەن پادىشاھىنى قىزىقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى بارغان يەرلەردە تىنىق - تىنىق ئاقچىلارنى يەرگە تاشلاپ، خەن خاندانلىقىنىڭ باياشات ۋە كۈچلۈكلىكىنى كۆز-كۆز قىلاتتى. خەنۇۇدىنىڭ چەتئەللىك مېھمانلارنى شەخسەن ئۆزى باشلاپ، خەن خاندانلىقىنىڭ باياشاتلىقىنى پەش قىلىش ئۈچۈن بۇزۇپ-چاچقان چىقىملىرى كىشىنىڭ تۈۋا دېگۈسىنى كەلتۈرەتتى.

سۈيياڭدى چەتئەللىكلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاجايىپ پاراۋانلىقىنى پەش قىلىش ئۈچۈن توپ-توپ يىپەكلەرنى دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىپ بېزەك قىلىشنى بۇيرىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە دەپ قارالغان يىپەكنىڭ جۇڭگودا ئادەتتىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان (45).

دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇزاق مۇددەتلىك بېكىنمە مۇھىت، سۇلالەنامى ئالماشسىمۇ سىياسىي تۈزۈلمە ئۆزگەرمەيدىغان تۇرغۇن ھالەت ۋە فېئوداللىق دەرىجە-نەسەب قارىشى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاققىچە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، سىرتقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغان جۇڭگو جەمئىيىتى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن غايەت زور يوقىتىشلارغا ئۇچرىدى. ماركس ئەپيۇن ئۇرۇشى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «نوپۇسى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بىر غايەت زور ئىمپېرىيە جاھان ۋەزىيىتى بىلەن ھېسابلاشماي ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مۇقامىغا دەسسەپ يۈرۈۋەردى. دۇنياۋى ئالاقە تورى ۋە سىستېمىلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلدى ۋە يېتىم - تەنھا ھالەتتە قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈچىنىڭ بىرىچە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىممۇتلەق سۇلالىلىرىنى كەمكۈتىسىز گۈزەللەشتۈرىدىغان خىياللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئالدىدى. مۇشۇنداق بىر ئىمپېرىيە ئاخىرى مۇشۇنداق بىر مەيدان ھايات-ماماتلىق ئېلىشىش جەريانىدا ئۆز ھالاكىتىنى كۈتىۋالدى» (46).

خۇاڭخې ۋە چاڭجياڭ دەريالىرى ۋادىسىدىكى مۇنبەت تېرىم رايونلىرى بىلەن سېرىق تۇپىلىق زونىدا يەرگە باغلىنىپ، تەبىئەتنىڭ خەير-ئېھسانىنى تىلەپ، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىككە تايىنىپ مۇقىم ۋە تىنچ ھاياتقا كۆنۈككەن بۇ كىشىلەر سىرتتىن كېلىدىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى غىدىقلاشلارنى خالىمايتتى. باشقا ئەللەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى تېخىمۇ ياقتۇرمايتتى. خۇددى رىۋايەتلەردىكى ياۋ (尧) دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر قوشاقتا ئېيتىلغىنىدەك: «كۈن چىقسا ئېتىزدا ئىشلەيمىز، كۈن ئولتۇرسا دەم ئالىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قۇدۇقىدىكى سۇنى ئىچىمىز، ئېتىزىمىزدىن چىققان ئاشلىقنى يەيمىز...» (47) دەپ بىر خىلدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئىنسانىيەت ئۇزاق مۇددەتلىك يېزىقسىز دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئېپوسلار ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدىغان ھەقىقىي باللىق دەۋر - قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئاچقان چاغدا، يىراق شەرقتىكى بۇ تېرىم خەلقلىرى «ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى»نىڭ بىر خىلدا پەيلىشى بىلەن زاكىسىدىلا قېرىپ، «بالدۇر يېتىلگەن بالا» بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لاۋزى قاتارلىق قەدىمكى زامان دانىشمەنلىرىنىڭ داۋاملىق تەشەببۇس قىلغان غايىۋى ئىدىيىلى «ئىشىكنى چىڭ تاقىۋېلىپ خاتىرجەم ياشاش، كۆپ ئىشلارنى ئويلىماسلىق» تەك بېكىنمە تۇرمۇش پەلسەپىسى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ شەرقچە روھىيەت جۇغلانمىسىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. لاۋزىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى پۈتۈكچىلەر تەرىپىدىن

ئەۋلادمۇئەۋلاد كۆچۈرۈلۈپ، ئىغىزمۇئىغىز زىكىر قىلىنىپ، دەرسخانىلاردا قايتا-قايتا ئوقۇتۇلۇپ كەلگەندى: «دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولۇشى كېرەك. پۇقرالارنىڭ قورال - سايمانلىرى ئارتۇقچە بولسىمۇ ئۇنى ئىشلەتمەسلىكى، ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ يىراق جايلارغا بارماسلىقى، هارۋا، كېمە قاتارلىقلار بولسىمۇ ئولتۇرماسلىقى، قوراللىرى تەييار بولسىمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى لازىم. پۇقرالار مىختەك ئەستە تۇتۇش ئۇسۇلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېيەلىگەن نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى تەملىك، كىيەلىگەن كىيىملەرنىڭ هەممىسىنى چىرايلىق دەيدىغان تۇيغۇنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى بىخەتەر هەم راهەت دەپ هېس قىلىشى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ هەممىسىنى خۇشاللىق بىلەن ساقلىشى لازىم. قوشنا ئەللەر بىر-بىرىنىڭ توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرى ۋە ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن پۇقرالىرى تاكى ئۆلگىچە بىر-بىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلماسلىقى كېرەك» (48). لاۋزى ۋە كۇڭزى - مىڭزىلارنىڭ پەلسەپىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان رۇجيا ئېقىمى ۋە تەرىقىتى جۇڭگو جەمئىيىتىگە، جۈملىدىن جۇڭگو دېهقانلىرىنىڭ پىسخىك دۇنياسىغا چوڭقۇر تامغىلارنى قالدۇردى. ئۇلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىلەر گەۋدىسىدىنكى قارىغاندا ئەمەلىي نەرسىلەرگە كۆپرەك قىزىقىدىغان خاراكتېرى ۋە سەنئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تازا ماس كەلمەيدىغان پىسخىك تىندۇرمىسى بۇ يەردە پەقەت تارىخىي شەكىلدىكى يىلنامىچىلىق بىلەنلا خاراكتېرلىنىدىغان مەدەنىيەت تىپىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنداق بولغاچقا بۇنداق تىنىپ كەتكەن تۇرغۇن مۇهىتتا چوڭ تىپتىكى مىللىي ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز قەدىمكى زاماندا - خەن سۇلالىسى ئەلچىسى بىلەن هونلارغا تەسلىم بولغان هونپەرەست- سەركەردە جۇڭ خاڭيۈ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاهالىلىرى بىلەن شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر پىسخىك پەرق ۋە مەدەنىيەت ئايرىمىسىنى هېس قىلالايمىز:

«خەن ئەلچىسى: هونلاردا قېرىلىرىنى كەمسىتىش ئادىتى بار ئىكەن.

جۇڭ خاڭيۈ: خەننىڭ ئادىتىدىمۇ، چېگرا قوغداش ئۈچۈن هەربىي قىسىمغا كىرىپ ئۆيدىن ئايرىلغانلارغا قېرى تۇغقانلىرى ئۆز نەپسىدىن كېچىپ كىيىم-كېچەكنىڭ قېلىنىنى، ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ ئوبدىنىنى بېرىدىغۇ؟

خەن ئەلچىسى: هەئە، راست.

جۇڭ خاڭيۈ: هونلارنىڭ جەڭگىۋارلىقنى كەسىپ قىلغانلىقى هەممىگە ئايان. ئۇلارنىڭ قېرى-ئاجىزلىرى ئۇرۇشقا يارىمايدىغان بولغانلىقتىن ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ ياخشىسىنى نەۋقىرانلىرىغا يېگۈزىدۇ. بۇ ئۆزىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ. بۇ خۇددى ئاتا-بالىنىڭ بىر-بىرىنى ئاسرىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇنى قانداقمۇ هونلارنىڭ قېرىلارنى كەمسىتىشى دېگىلى بولسۇن؟

خەن ئەلچىسى: هونلاردا بىر چېدىردا ئۆيدە ئاتا-بالا بىللە تۇرىدىكەن. ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدىكەن. ئاكىسى ئۆلسە، ئىنىسى ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى ئالىدىكەن. بۇلاردا زىننەتلىك كىيىم-كېچەكلەر بولمايدىكەن، ئوردا ئەدەب-قائىدىلىرىمۇ بولمايدىكەن.

جۇڭ خاڭيۈ: هونلاردا ئادەت شۇنداق. كىشىلەر مال - چارۋىلارنىڭ گۆشىنى يەپ، سۈتىنى ئىچىدۇ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىدۇ. چارۋا - ماللار ئوت، سۇغا موهتاج بولغانلىقتىن هونلارغا هەمىشە يۆتكىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن هونلار جىددىي ۋەزىيەت تۇغۇلغاندا، هەممە كىشى ئاتقا مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى مەشق قىلىدۇ. تىنچ شارائىتتا بولسا هەممە خۇشال-خۇرام، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزىدۇ. هونلاردا قائىدە-يوسۇن ئاددىي بولۇپ، بىر ئەلنىڭ ئىشى بىر كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. هونلاردىكى ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدىغان، ئاكىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئاكىسى ئالىدىغان ئادەتكە كەلسەك، ئۇلار نەسلىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قورقىدۇ. دېمەك، هونلاردا ئادەت-قائىدىلەر گەرچە قالايمىقان بولسىمۇ، لېكىن مۇقەررەر هالدا نەسەبلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. هازىر خەن خاقانلىقى شەكلەن قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇپ، بالا ئۆگەي ئانىسىنى، ئۇكا يەڭگىسىنى خوتۇن قىلمىغىنى ئۈچۈن قېرىنداشلار بارا-بارا بىر-بىرىدىن بۆلۈنۈپ، يىراقلىشىپ، ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىدۇ. ئاقىۋەتتە، نەسەبمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. هەممىسىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان قائىدىسى ئەنەشۇ. شۇڭا ئەدەب-ئىنساب ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئۆزئارا چىش بىلىشىپ، ئازارلىشىپ ئۆتىدۇ. ۋەهالەنكى، ئۆي-ئىمارەت، قەسر-ئايۋانلارنىڭ مۇستەهكەم بولۇشى كىشىنىڭ كۈچ - غەيرىتىنى يوقىتىدۇ. دېهقان ئوزۇقلىنىش ۋە كىيىم-كېچەك قىلىش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىپ يەر تېرىيدۇ ۋە پىلە باقىدۇ. شەهەر-قەلئەلەر سېلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسرايدۇ. دېمەك، بۇ خەلق جىددىي ۋەزىيەت يۈز بەرسە، ئۇرۇشقا يارىمايدۇ. كەڭ-كۇشادە ۋە تىنچ شارائىتتا ئېرىشسە ئىش بىلەن بولۇپ هالىدىن كېتىدۇ... توپا تام ئىچىدە ياشىغۇچىلارنىڭ هالىغا ۋاي! تولاگەپنىڭ نېمە كېرىكى؟ سۆزمەنلىك قىلىسىلەر، چىرايلىق كىيىنىپ غادىيىۋالىسىلەر، بۇلار زادى نېمىگە يارىغان؟» (49).

دېمەك يۇقىرىقى مۇنازىرە بىزگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تېرىم خەلقلىرى بىلەن شىمالدىكى يايلاق خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ۋە ئېستېتىك ئەندىزىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار تارىختىن بۇيان بىر-بىرىنىڭ ئوخشاشمىغان پىسخىك هەزىمى ۋە قىزىقىشلىرىنى زادىلا كۆڭۈللىرىگە سىغدۇرالماي كەلگەندى. گوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان يايلاقلاردا ئات چاپتۇرۇپ چوڭ بولغان بىر هون چەۋەندىزى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىرخىل هاياتقا كۆنگەن ئاشۇ تېرىمچىلارنىڭ قاتمۇ-قات قورغان

-سېپىللار ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، مۆرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنى خىيال قىلمىدىغان، زىلزىلە ۋە داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتكە قارىغاندا پىنھان ۋە تىنچ تۇرمۇشنى خالايدىغان، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىرخىل زېرىكەرلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىپ ياشايدىغان ئادىتىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. نەم تۇمان باسقان شال ئېتىزىدا ئېگىلىشىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان بىر جىياڭنەنلىك تىرىمچىمۇ شىمالىي يايلاقلاردىكى ئاشۇ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ ئوت، سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ، تىنىمسىز كۆچۈپ، ھەرىكەتچان ياشايدىغان، جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ھامان چاقماق تېزلىكىدە ئۆيۈشۈپ، قويۇندەك ئۇچقۇر ئاتلىرى بىلەن تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تېرىم خەلقلىرى ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدىغان، مۆرەككەپ ۋە نازۇك-قائىدە يوسۇن، ئەمىر-مەرۇپلار بىلەن زادىلا چۈشىنىپ ئولتۇرمايدىغان قوپال تۇرمۇش ئادىتىنى مەڭگۈ تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى. شۇڭلاشقا شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپىدا ئەپسانىلارنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى، ئېپوسلارنىڭ بولسا مۇتلەق مەيدانغا كېلەلمىگەنلىكى بىزنى ئۇنچىلىك ئەجەبلەندۇرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى تارىخىي شەكىلنى ئۆزىگە ئەندىزە قىلغان بولۇپ، ئۇلارسەنئەتلىك تۇيغۇغا ئەمەس، ئەمەلىي نەرسىلەرگە، بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا ئەمەس ھەممە ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى زىغىرلايدىغان تەزكىرە-يىلنامىچىلىق ئەنئەنىسىگە ئەقىدە قىلاتتى.

دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭكىدەك جىلد-جىلد يىلنامىلەرنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بىر ئايال ئۈچۈن ئون يىللىق يۇنان-تروپا ئۇرۇشى قوزغاش، يالىڭاچ ھەيكەللەرنى ياساپ ئادەم گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇش، لەيلىنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ چۆللەرنى كېزىپ يۈرۈش، «ئۇچارگىلەم» ۋە «ئۇر توقماق» ھەققىدە چۆچەك توقۇش قاتارلىق سەنئەتلىك تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمىقانىلىق ھېسابلىناتتى. چېن بوخەي ئەپەندى «جۇڭگو مەدەنىيەت روھىنىڭ قۇرۇلما نۇقتىئىنەزەرى» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى سېھرىگەرلىك بىلەن تارىخ-يىلنامىچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. بۇنىڭ ئالدىنقىسى ئىپتىدائىي سېھرىگەرلىك ۋە دىنىدىن بىخلانغان بىرخىل خام ھالەتتىكى مەدەنىيەت ھالىتى، كېيىنكىسى بولسا خۇاشيا ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى مەدەنىيەت خاھىشىدۇر» (50). ئۇزاق تارىخ جەريانىدا ھون، تۈرك، سىيانپى، كىدان، موڭغۇل قاتارلىق ئاتلىق مىللەتلەر كۆپ قېتىم سەددىچىندىن ئۆتۈپ تېرىم رايونلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى ۋە ئۇخشىمىغان مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەقەلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە نۇرغۇن ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە باش تېما ۋە ئارقا كۆرۈنۈش بولالايتتى. «بولۇپمۇ 13-ئەسىردە جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چىڭگىزخاننىڭ ھەيۋەتلىك غوبرازى تامامەن بىر قەھرىمانلىق ئېپوسىنىڭ باش پېرسوناژى بولالايتتى. لېكىن بۇ قەدىمىي ۋە نازاكەتلىك تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلارغا قالدۇرغىنى پەقەتلا ‹يۈەن سۇلالىسى تارىخى›، دىكى ئاشۇ بىرقانچە باب تېتىقسىز يازما خاتىرە بولدى. چۈنكى بۇ مەدەنىيەت ئاللىبۇرۇن قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنى تۇغدۇرغان بالىلىق دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. بۇ مەدەنىيەت يەنە قەدىمدىن بۇيان ئۇرۇش ۋە زىلزىلىلەرگە قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ ئۆزگەنئەنىسى شەكىللەندۇرگەن مەدەنىيەت ئەندىزىسى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئات ئارقىلىق ياراتقان ئەندىزىسىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ‹قۇياش قەھرىمانى›، تىپىدىكى مەدەنىيەت فورمىسى بۇ تېرىم مىللىتىنىڭ ئىچكى پسىخىك قۇرۇلمىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىنى ياراتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، موڭغۇللار ئۆزلىرى يازغان ‹موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى›، مۇ تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ زىباسىدىن رەڭ ئالغانىدى. شۇڭا ئۇنى قەھرىمانلىق ئېپوسى دېگەندىن كۆرە، تارىخىي ئەسەر دېيىش تۈزۈك ئىدى» (51).

جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھىندى مەدەنىيەت تىپى گەرچە ئومۇمىي جەھەتتە «ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى»غا خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادە قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ شەرقتىكى قوشنىسى جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى. جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى جەھەتتىن كۆپ قىسمى ئىسسىق بەلباغقا توغرا كېلەتتى. ئىقلىم جەھەتتىن ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنى كېلىماتىغا مەنسۇپ ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەم ئىسسىق، ھۆل-يېغىن مىقدارى كۆپ، ئورمان ۋە ئۆسۈملۈكلىرى باراقسان بولۇپ، بۇنداق گۈزەل تەبىئىي شارائىت قەدىمكى ھىندىلارنى تارقاق ھالەتتىكى تېرىم ئىگىلىكى ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامداش ۋە خىيالىي رومانتىكىغا مەپتۇن بولۇپ ياشاش ئادىتىنى شەكىللەندۇرگەن. ھىندىستان تارىخىدا بۆلۈنمە ھالەتتىكى ئۇششاق خانلىقلار ئىزچىل ھالدا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئەزەلدىن بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىمكانىيەت بولماي كەلگەنىدى. تارقاق ھالەتتىكى ئىجتىمائىي توپلارنى بىرلىك قىلغان بۇ جەمئىيەتتە، كىشىلەر قانداشلىق مۇناسىۋەتتە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى، جۇڭگو سۇلالىلىرىدەك ھاكىممۇتلەق سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە شارائىت ھازىرلانمىغانىدى. بۇ يەردىكى نەم تۇمان ئوراپ تۇرغان ئىسسىق بەلباغ مەنزىرىسى، گۈزەل ھاياتلىق شارائىتى ۋە تىنچ تېرىم تۇرمۇشى ھىندىلارنىڭ ھايات پەلسەپىسىنى شېرىن چۈش قايىنىمى بىلەن يۇغۇرۇپ تاشلىغانىدى. ئۇلار كۈندىلىك ۋەقەلەرنى زىغىرلاپ

خاتىرىگە ئالىدىغان تەزكىرە -يىلنامىچىلىك ئەنئەنىسىگە قىزىقمايتتى، رېئالنى تارىخىي تۇيغۇغا بېرىلمەيتتى، تاغ-دەريالار ئاتلاپ، دېڭىز-ئوكيانلار كېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىدىغان تەۋەككۇلانە تۇرمۇشنىمۇ ياقتۇرمايتتى. بەلكى ئۇ ئالەمنىڭ ئەبەدىيلىكىگە مەھلىيا بولۇپ، ئاچچىق خىيال، شېرىن ئازاب ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. ئۇلار دائىم غايىۋى ھاياتلىق پەلسەپىسى ئۈستىدە ئازابلىق خىياللارنى سۈرۈپ، مېتافىزىكىغا مەپتۇن بولاتتى، ھاياتنىڭ ئەبەدىيلىكى ۋە مەۋجۇدلۇقىنىڭ قىممىتى ھەققىدە رەڭگارەڭ پىكىر تەلقىنلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرەتتى. ئىبستىبتىك ئىنتىلىشتىكى ئەبەدىيلىك شەكلىنى ئۆز ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلاتتى. ئۇلار ئەبەدىيلىك نەرسىلەر — مۇھەببەت، روھ، ئۆلۈم ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا، ئىنكار قىلىشقا تەييار تۇراتتى. خۇددى گېگىل كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ھىندىلار جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەكسىچە، «ئەسەبىي خىياللار بىلەن لىرىك تۇيغۇلارغا ئىگە» (52) مىللەت ئىدى. بۇلارنىڭ روھىيەت پرىنسىپى چۈش قاينىمى ئىچىدىكى قايناق رومانتىكا ئىدى. ئۇلارنىڭ ـەيئىيلەرگە بولغان قارىشى تەسەۋۋۇر ئۈستىگە رۇلغان پانتىزىملىق پەلسەپە ئىدى. ھىندىلارنىڭ يات پەلسەپىسى ئۆزىنى ئىنكار قىلىش ئۈستىگە ۇرۇلغان غايىۋى دۇنيا ئىچىدە ئىپادە قىلىناتتى. «پۇتكۇل ۋۇجۇدى ۋە قەلبىدە بوشلۇق ھېس قىلغان كىشى ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئەھمىيەتسىز، ئېتىراپ قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئەپيۇنىنىڭ مەستخۇش ئالىمىگە غەرق قىلىپ بىر مەيدان غايىۋى چۈش دۇنياسى بىلەن ئەسەبىي بەخت سېزىمىنى يارىتاتتى. . . » (53)

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىندىلار رېئال تۇرمۇشقا ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقنىڭ ئەبەدىيلىك قىممىتىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭا ھىندىستان داھىيسى نېھرۇئۆزىنىڭ «ھىندىستان جەمئىيتى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ھىندىلارنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە نىسبەتەن مۇكەممەل چۈشەنچىسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچكىممۇ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ھېس قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقمىدى» (54) . ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن ھەر قايسى دىنلار ئوتتۇرىسىدا تەلىمات جەھەتتىن نۇرغۇن ئىختىلاپلار بولسىمۇ ، لېكىن« سامسارا» (ھاياتتىن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن يەنە ھاياتقا ئېرىشىش) نۇقتىئىنەزەرىدە ناھايىتى زور ئوخشاشلىقلار ساقلانغانىدى. سامسارا نۇقتىئىنەزەرى تەبىئەت ۋە ئالەمنىڭ رىتىملىك ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە تەتبىقلانغان ھايات قارىشى بولۇپ، ئۇ، ھىندىلارنىڭ ئۆلۈمدىن ھالقىش ۋە ئۇدۇنيانىڭ ئەبەدىيلىكىگە مەھلىيا بولۇشتەك رومانتىك مەدەنىيەت پسىخىكىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. سىد دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئازابلىق خىيالغا چۆمگەن سىدىخارتا ساكيامۇنى ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى!

گەرچە ھىندىستاندا جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا «ماخابخاراتا» ۋە «رامايانا» قاتارلىق ئىككى مەشھۇر ئېپوس مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى زور دەرىجىدە ھىندى مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئاياللىق نازاكىتىنى ئىپادە قىلغانىدى. ھىندى ئېپوسلىرىدا گەۋدىلەنگەن تراگېدىيلىك گۈزەللىك ۋە مەنىۋى دۇنيا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يۇنان ئېپوسلىرىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. گەرچە «ماخابخاراتا» ئېپوسىدا خۇددى يۇنان ئېپوسلىرىغا ئوخشاشلا بىر گۈزەل ئايال ئۈچۈن ئۇرۇش پارتلىسىمۇ، لېكىن «يۇنان ئېپوسلىرى خانىش خېلېننىڭ گۈزەللىكى ۋە سۆيۈملۈكلىكى بىلەن غەرب دۇنياسىنى مەپتۇن قىلسا، ھىندى ئېپوسلىرى گۈزەل شىدۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاياللىق ساداقەت ۋە پاكلىق ئارقىلىق ھىندى خەلقىنى تەسىرلەندۈرىدۇ» (55) . دېمەك، ھىندىلارنىڭ ئۆزىگە خاس سەنئەت تەلپۈنۈشى ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشى بىر خىل گارمونىيىلىك بىرلىكنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىدۇ ۋە تىمتاسلىق، بىردەكلىك، تەكشۈلۈق، پاراللېللىقنى ئۇنىڭ ئىپادىسى قىلىدۇ.

ۋەھالەنكى، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىئانلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈشىدىن كېيىنكى چەكسىز ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئىزچىل بىر خىل تىندۇرما ھالەتنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە ئۇلار ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئۆمۈچۈك توردەك دەريا-تارامىلار ۋە ئېگىز-پەس تاغ-ئېدىرلار سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان كىچىك تىپتىكى مەمۇرىي ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چوڭ جەھەتتىن ئورتاق مەۋجۇدلۇق ۋە تەڭ تەرەققىي قىلىش پرىنسىپىغا ئىگە ئىدى. يەنە كېلىپ، سىرتتىن باستۇرۇپ كەلگەن ھەر قانداق بىر كۆچمەن توپ «بۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ھىندى ئىرقىنىڭ چوڭ قازىنىدا قايناپ ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقىتاتتى» (56) . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ ئونىۋېرساللىقى ۋە سىغدۇرۇشچانلىقى بارغانسېرى ئېشىپ باردى. ئەمما ھىندى مەدەنىيەت تىپى ئەسلى ماھىيىتىدىن تېرىم ئىگىلىكىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى قىلغاچقا «قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن يېزا كوممۇنىسى تاكى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەنىدى» (57) . ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىقتىسادىي فورماتسىيىنىڭ جاھىللىقى ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ ئېشىشىغا توسالغۇ بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئىسلاھاتنى رەت قىلىپ، يېڭى شەيئىيلەرگە قارشى تۇرىدىغان جاھىل مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدى» (58) .

قەدىمكى بابىل، ئىبراي، پارس ۋە ئەرەب مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپى ئۇزاق ئاسىيادىكى يەنە بىر مۇھىم مەدەنىيەت ئوچىقى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى پارس مەدەنىيىتى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالاھىدە بىر سىستېما ئىدى.

غەربىي ئاسىيا جۈملىدىن ئىران ئېگىزلىكى،

مىسسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكى، ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە مۇنبەت ھىلال ئاي رايونى جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن ئوچۇق سىستېما ئىدى. بۇ رايون ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇراتتى ۋە ھەر قايسى مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ تۇراتتى. بۇ رايونلارنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، يېرىم چۆل ۋە بوستانلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بىر زونا ئىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك مەدەنىيەتلەر، چوڭ ئىمپېرىيىلەر، دۇنياۋى دىنلار بۇ يەردە مەيدانغا كەلگەنىدى. ئارىئانلارنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى، ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى، چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاسى، ئەمىر تېمۇرنىڭ كېڭەيمىچىلىكلىرى بۇ يەردىن ئۆتكەنىدى. زاراتۇستىرنىڭ تەلىماتلىرى، ھەزرىتى مانىنىڭ تەشەببۇسلىرى ئەڭ دەسلەپ بۇ يەردىن باشقا جايلارغا تارقالغانىدى. كېيىنكى مۇكەممەل دىنلاردىكى ئىككى مەنبەچىلىك قاراشلىرى ئالدى بىلەن بۇ يەردە بىخلانغانىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىبتىدائىي ئىنتىلىشى غايىۋى شەكىلنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلاتتى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلار ئېرىشكەن مۇقەددەس ۋەھىيلەرگە موھتاج ئىدى. تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى بۇخىل دىنىي ئەخلاقنىڭ يادروسى ئىدى، ئېتىقاد ئۇنىڭ يۈكسەك مىزانى ئىدى. بۇ يەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى، بوستانلىقلارنىڭ چەكلىكلىكى ۋە زەڭگەر ئاسمان بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن بىپايان سۇررەڭ قۇملۇقلار ئۇلارنىڭ شېئىرىي تەسەۋۋۇرىنى تىنىمسىز غىدىقلايتتى. ئۇلاردا شېئىرىي تۇيغۇ، ئىلاھىي پەلسەپە، تىل قابىلىيىتى تەرەققىي قىلغانىدى. «مىڭبىركېچە» چۆچەكلىرى بىلەن مۇقەددەس دىنىي دەستۇرلارنىڭ بۇ يەردە يارىتىلغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ پارس مەدەنىيىتى ۋە شېئىرىيىتى ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئىدى. ئەگەردە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى مۇپەسسەل يورۇتۇشقا توغرا كەلسە، پارسلارنىڭ بۇ رايونغا كۆرسەتكەن غايەت زور تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە، غەرب ئىلىم ساھەسىنىڭ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە شەرققە بولغان قىزىقىشى ئىران شېئىرىيىتىگە بولغان مەپتۇنلۇقتىن باشلانغانىدى. گېگېل ئۆز دەۋرىدە پارسلارنىڭ تارىختىكى رولىغا ئالاھىدە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «پېرسىيە ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن بىزنىڭ تارىخقا بولغان مۇناسىۋىتىمىز رەسمىي باشلاندى. پارسلار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى دۇنياۋى تارىخىي مىللەت ئىدى» (59). گېگېلنىڭ بۇ سۆزىدە چوڭقۇر تارىخىي ئاساس بار ئىدى. چۈنكى يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشى تۇنجى قېتىم شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىر بىرىگە ئۇچراشتۇرغانىدى. گېگېل تىلغا ئېلىۋاتقان پېرسىيە پۈتكۈل غەربىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «ئالدى ئاسىيا (غەربىي ئاسىيا) نىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئۆزىنى بېكىك ھالەتتە قالدۇرمىغانلىقى ۋە شەرقنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ياۋروپاغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدىدۇر. گەرچە ئۇ بارلىق دىنىي ۋە سىياسىي پرىنسىپلارنىڭ باشلىنىشىغا ۋەكىللىك قىلسىمۇ، لېكىن بۇ پرىنسىپلارنىڭ تاڭ نۇرى ياۋروپادا پارلىدى» (60). شۇڭلاشقا، گېگېل پارسلار بىلەن يۇنانلىقلارنىڭ ئۇچرىشىشى شەرقنىڭ روھىنى غەرب دۇنياسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى شۇنداقلا ئۇنىڭ نەتىجىسى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكىتى بىلەن خاراكتېرلەندى، دەپ قارىدى ۋە مۇنداق دەپ خۇلاسە قىلدى: «پېرسىيە ئىمپېرىيىسى دۇنيادا بىرىنچى قېتىم يوقالغان ئىمپېرىيە. شەرق دۇنياسىدا جۇڭگو بىلەن ھىندىستان باشتىن ئاخىر بىرخىل جىمجىت - تۇرغۇن ۋە تەبىئىي مەۋجۇدلۇق ھالىتىنى ساقلاپ، ئۆز تارىخىنى بۈگۈنگە ئۇلىغان چاغدا، پارسلار ئاللىقاچان تارىختا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بولغانىدى... كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، تەرەققىيات پرىنسىپى بىلەن پارسلارنىڭ تارىخى بىللە باشلانغان. چۈنكى پارسلار تارىخىنىڭ باشلىنىشى، ئۆز مەنىسى بىلەن دۇنيا تارىخىنىڭمۇ باشلىنىشى ئىدى» (61).

## 8

ئەمدى باشقا مەدەنىيەت تىپلىرى بىلەن بولغان پىسخىك سېلىشتۇرما جەريانىدا، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك قۇرۇلما ۋە ئىرقىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى شەرھىيلەشكە توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، ئېتنىك تۈزۈلمە جەھەتتىكى بىر قانچە قېتىملىق ئۆزگىرىش بىلەن ئېتنىك تەرەققىياتتىكى مۇرەككەپلىك مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسىغا زادى قانداق تەسىرلەرنى كۆرسەتتى؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان بىر قانچىلىغان مىللەتلەرنىڭ پىسخىك خاراكتېرى بىلەن مەنىۋى تىندۇرمىسى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىغا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى؟

...

دەرۋەقە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۇرەككەپ پىسخىك جەريان. بولۇپمۇ قەدىمكى دۇنيانىڭ ئۇچۇر بەلبېغىغا ئايلانغان يىپەك يولىدىن رەڭگارەڭ مەدەنىيەت خۇرۇچلىرىنى ئېلىپ ئۆز پىسخىك دۇنياسىنى بېيىتىپ كەلگەن ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئادەتتىكى بىر ئىش ئەمەس. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان نۇرغۇن مىللەتلەر، جۈملىدىن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى، تارىم ۋادىسىدىكى ساك، توخرىي قاتارلىق ھىندى-ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلقلەر، يىپەك يولىدا سودا جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان سوغدىلار، كىدان ۋە موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرۈلگەن موڭغۇللۇئىد تىپىدىكى خەلقلەر شۇنداقلا باشقا ئازدۇر-كۆپتۇر خۇرۇچلىرى

بولغان نۇرغۇن مىللەتلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىرقىي ۋە قان تىپى جەھەتتىنلا كۈچلۈك تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ قالماستىن بەلكى ئوخشاشمىغان پىسخىك تۈزۈلمىسى ۋە روھىي قاتلىمى بىلەنمۇ چوڭقۇر تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. بىز كەم دېگەندىمۇ مۇنداق ئۈچ چوڭ ئېتنىك قاتلامنىڭ ئۇيغۇر پىسخىك جۇغلانمىسىنى شەكىللەندۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىغا ئېتىبارسىز قارىيالمايمىز، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى چوڭ قاتلام سۈپىتىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىنى كۆرسىتىشكە بولامدۇ، قانداق؟ ئۇزاقتىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى مەسىلىسىدە ئىزچىل تەكىتلىنىپ كەلگەن - شىمالىي قوملۇق ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا ئېتنىك قاتلاملارنى ئېتىراپ قىلماسلىق قارىشى بىزنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسىغا نىسبەتەن سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى. دەرۋەقە، شىمالىي قوملۇقتىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىلادى6- ئەسىردىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا [ك]ۆچۈشكە ئەگىشىپ، تارىم ۋادىسىدىكى [ھى]ندى-ياۋروپا ئىرقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر خۇددى [ب]ەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك، يىراق ۋە چەت جايلارغا كۆچۈپ كەتتىمۇ ياكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرىپىدىن تامامەن قىرىپ تاشلاندىمۇ؟ . . . بارغانسېرى تولۇقلىنىپ كېتىۋاتقان تارىخىي پاكىتلار بىزنى بۇ مەسىلىدە ئالدىراقسانلىق بىلەن ھۆكۈم چىقارماسلىققا ئۈندەيدۇ. چۈنكى ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يازما مەنبەلەرنىڭ ھېچبىرىدە تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك ئاھالىلارنىڭ يىراقلارغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلار ئۇچرىمىدى. بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە ، تۈرك خانلىقى (مىلادى6-، 8-ئەسىرلەر) دەۋرىدىلا تۈركىي ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بۇ يەردىكى تېرىم خەلقلىرى بىلەن بولغان باردى-كەلدىسى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى باشلانغانىدى. خۇددى تاجىك ئالىمى غاپۇروف ئېيتقاندەك: «6-ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى بوستانلىقلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى شەرقىي ئىران تىپىدىكى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقانىدى. لېكىن، مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي مىللەتلەر بىلەن شەرقىي ئىران مىللەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز قوشۇلۇش جەريانى باشلاندى. كېيىنچە مۇشۇ ئاساستا ھازىرقى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى شەكىللەندى» (62) . ئۇنىڭ ئۈستىگە «6-ئەسىردىن تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ھىندىستاننىڭ چوڭ تىپتىكى ئېپوسى (ماخابخاراتا)، دا توخرىيلارنى (تۆمۈرچىلەر ۋە تۆمۈر توشۇغۇچىلار، دەپ ئاتىغانىدى» (63) . ھەممىگە مەلۇمكى، مىلادى 552-يىلى تۈركلەر تارىخ سەھنىسىگە چىققىشتىن ئاۋۋالقىبىر قانچە يۈز يىل جەريانىدا، رورەنلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ ئالتاي تاغلىرىدا ئۇزاققىچە تۆمۈر تاۋلاش بىلەن شۇغۇللانغانىدى. شۇڭا تۆمۈر مەدەنىيىتى تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ،باشقا خەلقلەر تەرىپىدىن «تۆمۈرچىد-لەر» دەپ ئاتالغانىدى. شەرقىي تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان «ئەرگىنەقۇن» داستانى تۈركلەرنىڭ تۆمۈرچىلىك ھاياتىنى تولۇق ئىپادە قىلغانىدى:

قارىساقكى، يېشىل بىر تاغ،
ھەرتەرەپتە بەك ئېگىز تاغ،
كەڭ ۋە لېكىن زىچ بىر توزاغ،
دېدۇق ياخشى توزاغىمىز.
بۇ يەردە تۆت يۈز يىل قالدۇق،
بۇغا ئايىنىپ بىز كۆپەيدۇق،
چىقالمىغاچ بىز ئىشلىدۇق،
ئاۋات بولدى قوناغىمىز.
ئالما، ئۇرۇك كۆپ يېدۇق،
تۆمۈر سەندەل بىز ياسىدۇق،
مەخپىي بىر يول تاپساق دېدۇق،
تاغ كېسەتتى پىچاغىمىز.
يوقتى بۆرە بۇماكاندا،
بىركۈن بولدى بۆرە پەيدا،
بۇغىغا ئېتىلدى شۇندا،
كۆردى چوپان ياردەمچىمىز.
تۆشۈك كۆرۈپ بۆرە كەتتى،
بىر تۆمۈرچى كۆرۈپ يەتتى،
ئوچاق يېقىپ تاش ئېرىتتى،
ئېچىلدى يول قورشاۋىمىز.
تۆمۈرچىگە بۆرە دېدى،
خان تونۇلدى، تاج كىيىلدى،
ئۆزى چۈشۈپ يول باشلىدى،
ئۇلۇغ قولىدا بايراقىمىز.
بۆرەتەچىنە بۆرە ئاتى،
ئەرگىنەقۇن يۇرتىنىڭئاتى،
تۆت يۈز يىل تۇردۇق زادى،
چىق ئەي يۈزىمىڭ قەۋمىمىز! (64)

دېمەك قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئالتاي تاغلىرىدا رودا ئېرىتىپ تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى نۇرغۇن تارىخىي مەنبەلەردىن باشقا خەلق ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىدىمۇ ساقلىنىپ كەلگەنىدى. بولۇپمۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى. 17-ئەسىردە شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان چارروسىيىنىڭ «ئەرگىنەقۇن» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن تاغنى «تۆمۈرچىلەر تېغى» دەپ ئاتىغانلىقى بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىسپاتلايدۇ(65) . ھىندى ئېپوسلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىدىكى توخرىيلارنى«تۆمۈرچىلەر ياكى تۆمۈر توشۇغۇچىلار» دەپ ئاتىشنىڭ قەدىمكى تۈركلەر بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشى بارمۇ-يوق؟ گېرمانىيە تۈركولوگى گاباين خانىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي قەبىلىلەر-نىڭ قايسى خىلدىكى يات مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقى ھەمدە كىملەرنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى مەسىلىسى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىغا ھۆكۈم قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە» (66).

دەرۋەقە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى نۇرغۇنلىغان بوستانلىقلاردا، جۈملىدىن تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى تېرىم رايونلىرىدا تۈركلىشىش ياكى ئۇيغۇرلىشىش جەريانى باشلىنىشتىن ئاۋۋال نىسبەتەن يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ساك، توخرى قاتارلىق ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە ئىرقىغا مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ ياشىغانلىقى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە يازما ۋەسىقىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. ئۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى سۈپىتىدە، چۆل-جەزىرىلەر ئارقىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، بىر-بىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى شەرت قىلىدىغان ئودۇن، نىيە، كىرورەن، يەكەن، سۇلى (قەشقەر)، كۇسەن، قوچۇ، ئۇۋىرغول (قومۇل) قاتارلىق بوستانلىقلارنى ۋە مۇشۇ بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان شەھەر دۆلەتلىرىنى بەرپا قىلغانىدى. جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ساكلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلارغا، توخرىيلار شىمالىي گىرۋەكتىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارغا كۆپرەك مەركەزلەشكەنىدى. خۇددى گابائىن خانىم ئېيتقاندەك: «ئەگەردە يول ئۆتكۈنچى ئېفتالىتلارنى تارىم ۋادىسىدا ناھايىتى روشەن ئىزلارنى قالدۇرالمىغان دېيىلسە، ئۇنداقتا ساكلارنى قىسمەن ھالدا مۇشۇ رايوننىڭ يەرلىك ئاھالىسى دېيىشكە بولاتتى» (67). بولۇپمۇ بۇ رايونلارنىڭ 6-ئەسىردىن باشلاپ تۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرىشكىچە، ياكى تېخىمۇ كېيىنگە سۈرگەندە شىمالىي قومۇلۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشكىچە بولغان جەرياندا، ساك، توخرى قاتارلىق ئارىيان ئىرقىدىكى ئاھالىلەر ئاساسلىق يەرلىك مىللەت بولۇپ كەلگەنىدى. «بۇددىزم ۋە جاھاندارچىلىقتا دائىرسانسىزلىغان قولىيازما پارچىلىرى بۇ يەردە ئىلگىرى ھىندى-ئارىيان تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر مىللەتنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا شۇنداقلا كىشىلەر بۇ مىللەتنى توخرىيلار دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىللار ئىلگىرى ھىندى-ئارىيان مىللەتلىرىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىن ئاسىياغا كۆچۈشىدەك مىللەتلەر چوڭ دولقۇنىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئىران ۋە ھىندىستانغا، يەنە بىر تارمىقى جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگرىلىرىغا يېتىپ بارغانىدى. مۇشۇ كېيىنكى تارماقنىڭ بىر قىسمى كېيىنچە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى ۋە پەرغانە ئويمانلىقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبقا سۈرۈلدى. يەنە بىر قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇچا ۋە قوچۇ رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشتى. كۇچادىن كۆپ مىقداردا قېزىۋېلىنغان توخرى تىلىدىكى ۋەسىقىلەر قوچۇ تەۋەسىدىنمۇ ئوخشاشلا بايقالدى.. كىشىلەر بۇ رايوننىڭ نىسبەتەن بالدۇرقى دەۋرىنى تىپىك توخرى ئۇسلۇبىدىكى مەدەنىيەت دەۋرى دەپ قارىماقتا. بۇ ئەھۋاللار بىر قىسىم توخرىيلار بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھەمدە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان دېگەن پەرەزنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ» (68)

شۇڭلاشقا تارىم ۋادىسىنىڭ ساك، توخرى قاتارلىق ھىندى - ئارىيان تىپىدىكى قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پىسخىك جۇغلانمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بىرىنچى چوڭ قاتلام دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشتە، غەربكە كۆچكەن تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن شىمالىي قومۇلۇق ئۇيغۇرلىرى بىر ئاساسىي ئېقىم ھېسابلانسا، تارىم ۋادىسىدىكى ئاق ئىرققا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەر يەنە بىر ئاساسىي ئېقىم ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزى (كېلىپ چىقىشى) ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇشۇ مەسىلىدە بىر تەرەپلىمىلىك خاھىشلاردىن خالىي بولالمىغانىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى جۇڭگو تارىخىي مەنبەلىرىدە كۆپرەك تىلغا ئېلىنغان شىمالىي قومۇلۇق ئۇيغۇرلىرى (يەنى خەنزۇچە مەنبەلەردە ھەرخىل ناملاردا يېزىلغان 回鹘,回纥,高车,丁零 قاتارلىقلار) نىلا ئېتىراپ قىلىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىسىغا سەل قارىسا، يەنە بەزىلىرى قەدىمكى ساك، توخرى قاتارلىق ئارىيان تىپىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھىندى-ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى ھەتتا تۈرك قەبىلىسى قىلىپ قويىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقتى. بۇيەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەرجەھەتتىن شەكىللىنىشىدە، تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلەر مۇھىم بىر ئېتنىك قاتلام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەردىكى كەسكىن ئۆزگىرىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ يەردە قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بارلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى يوقىلىپ كەتمىدى، يىراق جايلارغا ئېلىپمۇ كېتىلمىدى، بەلكى يېڭى تەركىبلەر ئارقىلىق ئېتنىك تولۇقلىنىشقا ئېرىشكەن ئۇيغۇر مىللىتى تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىندى ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان رايونلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ياكى «ئۇيغۇر» ئېتنونىمىغا ئۇيۇشۇشى پەقەت مىلادى 9-ئەسىردە شىمالىي قومۇلۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۈشى بىلەن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، تۇيۇقسىزلا ئىشقا ئاشقىنى يوق، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلى بالدۇرقى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئاستا-ئاستا ۋە تەدرىجىي ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە كېيىنكى چوڭ ئۇيغۇرلىشىشقا شەرت-شارائىت ھازىرلىدى ۋە قان-قېرىنداشلىق رىشتىسىنى باغلىدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىزنالىرىنى پەقەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىدىنلا تېپىش مۇمكىن. قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق ئەنئەنىسىگە ۋە ئالەمشۇمۇل مىراسلىرىغا ھەقدارلىق قىلىشتا ئۇيغۇرلار باشقا ھەرقانداق خەلقتىنمۇ بەكرەك ھوقۇقلۇق بولۇشى مۇمكىن.

خوش، ئۇنداقتا تارىم ۋادىسىدىكى ساك، توخرى

قاتارلىق ئاھالىلەر قانداق پىسخىك جۇغلانمىغا ئىگە ئىدى؟ ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېيىنكى پىسخىك تەرەققىياتى ۋە روھىي تۈزۈلمىسىدە قانداق روللارنى ئوينىدى؟

يازما ۋەسىقىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارنىڭ تولۇق بولماسلىقى ھەمدە كەڭ كۆلەملىك تەتقىقاتلارنىڭ كەمچىللىكى، بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان ساك-سىكتاي ۋە توخرىي قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پىسخىك تۈزۈلمىسى ھەققىدە كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ ھازىرغىچە بايقالغان ماتېرىياللارغا تايىنىپ، دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئىزدىنىشكە موھتاجمىز.

ساك-سىكتاي ۋە توخرىي قاتارلىق قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيا دالىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارىئان ئىرقىدىكى خەلقلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنى پەسەيگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ئاستا-ئاستا ئولتۇراقلاشتى. تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەن ۋە بۇيەردىكى بوستانلىقلاردا ئەڭ قەدىمكى ئولتۇراق تۇرمۇشنى بەرپا قىلغان ساك ۋە توخرىي قاتارلىق خەلقلەر دەل ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. لېكىن تارىم ئويمانلىقىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان قەدىمكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا مەيدانغا كەلگەن ئېكىن مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئورتاقلىقىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ساقلاپ كەلدى. ياپونىيە ئالىملىرىدىن سۆكتىيەن شۈنەن بىلەن چاڭزىي خېجۇن بىرلىكتە يازغان «تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئەللەر» ناملىق كىتابتىمۇ تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى قەدىمكى ماددىي مەدەنىيەت بىلەن پامىرنىڭ غەربىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ «ناھايىتى چوڭقۇر باغلىنىش» قا ئىگە ئىكەنلىكى شەرھىيلەنگەن (69).

شۇنىسى ئېنىقكى، تارىم ئويمانلىقىدا مەيدانغا كەلگەن قەدىمكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنى ئوتتۇرا ئاسىياغا خاس بولغان تىپىك بوستانلىق مەدەنىيىتى ئىدى. ئۇ، ئاسىيانىڭ تروپىك ۋە سۇپتروپىك بەلباغلىرىدىكى تۈتاش كەتكەن تۈزلەڭلىكلەردىكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەتلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا كىچىك تىپتىكى شەھەر دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 36 غا، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا 50 نەچچىگىمۇ يەتكەنىدى. ئەمما غەربىي يۇرتتىكى بۇ ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرى قەدىمكى يۇناندا بارلىققا كەلگەن فېدېراتسىيە شەكلىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىدىنمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. شۇڭلاشقا قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا 6-، 8- ئەسىرلەردىكى كەڭ كۆلەملىك تۈركلىشىش دولقۇنىغا قەدەر، ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان دۆملەنمە ھالەتتىكى بوستانلىق مەدەنىيىتى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. بۇ

خىل بوستانلىق مەدەنىيىتى كىچىك دائىرىدە تەرەققىي قىلغان، چوڭ دائىرىدە ئۆز چەمبىرىكىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان، تەبىئەت بىلەن بولغان تىنىمسىز ئېلىشىش جەريانىدا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلايدىغان نىسبەتەن تىنچ ۋە جىمجىت خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان ھەر قايسى ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرىدىكى ساك ۋە توخرىي قاتارلىق قەدىمكى ئاھالىلەرنى بەزى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ «بىر خىل تىنچ تۇرمۇشقا مايىل ئىپتىدائىي ئاھالىلىرى» (70) دەپ ئاتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك بىر قەدەر تىنچ ئىپتىدائىي ھاياتى داۋامىدا بۇ خىل يۇۋاش-رايىشلىقنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئىككىنچىدىن، توخرىيلار بىلەن ساكلارنىڭ ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرى ئېگىز تاغ ۋە پايانسىز قۇملۇقلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى ئىلغار قەۋملەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن ياكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ھامان يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز ئىدى (71). شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۇزاق مۇددەت بىر ئىزدا تۇرۇپ قالىدىغان، جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان، سىرتقا ئىنتىلىش بىلەن ئۆز دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىكتەك زىددىيەت ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ ياشايدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى.

چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، «تارىم ئويمانلىقى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئويمانلىقنىڭ شەرقىي چېتىدە تۇرپان-پىچاننى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت توپى، ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا خوتەن - قەشقەرنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت توپى، ئويمانلىقنىڭ شىمالىي -ئوتتۇرا قىسمىدا كۇچانى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت توپى ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ جايلاردىكى شەھەرلەر خېلى تەرەققىي قىلغان» (72). كىچىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇشۇ مەدەنىيەت توپلىرى ئىچىدە نەچچە ئونلىغان تار دائىرىدىكى بوستانلىقلار مەۋجۇد بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا نىسبەتەن مۇستەقىل تۇرمۇش مۇھىتى ھاسىل قىلغان. بۇ يەردىكى ھەر بىر بوستانلىقنىڭ ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز چۆل-جەزىرىلەر بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى. ھەر بىر بوستانلىقنىڭ ئارىلىقىدا ئۇزاققا سوزۇلغان سۇسىز چۆللەر بار ئىدى. شۇڭلاشقا ھەر قايسى بوستانلىقلار غايەت زور قۇم دېڭىزى ئىچىدىكى تەنھا ئاراللارغا ئوخشايتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئۇلار يېكىك ۋە تەنھا مۇھىتتا ياشايتتى. لېكىن مۇشۇ خىل يېكىك ۋە تەنھا مۇھىت بۇ يەردە ياشىغۇچى ئاھالىلەرنى بوستانلىقلاردىن تاشقىرى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەشكە، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. شۇڭا، بوستانلىقلارنىڭ ھەجمى بۇ يەردىكى ئاھالىلەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ۋە كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان ھامان، ئۇلارىيقىن ئەتراپتىكى قوشنا بوستانلىقلارغا كېڭىيىشنى شۇنداقلا سودا ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ يەردىكى چەكلىك ئىپتىدائىي ئىگىلىكنى (بەزى جايلاردىكى يېرىم ئىپتىدائىي، يېرىم چارۋىچىلىق

ئىگىلىكى) نى تولۇقلاشنى ئىستەيتتى. ھەر قايسى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سودا ھەممە مۇشۇ بوستانلىقلار ئارقىلىق تېخىمۇ يىراقتىكى چوڭ دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تىجارەتلەر نەتىجىسىدە تەبىئىي ھالدا بوستانلىقلارنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش لىنىيىسى بارلىققا كېلەتتى ھەمدە بىر مەزگىللىك تارىخىي دەۋر ئىچىدە نىسبەتەن مۇقىم بولغان سودا يولى شەكىللىنەتتى» (73). شۇڭلاشقا بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا سودا يوللىرىنى ئېچىش ۋە سىرتقى ھاسىلاتلار ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرۇش بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش خۇسۇسىيىتى ئىدى. شەرق-غەرب مەدەنىيەتلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان يىپەك يولىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇلىنىمۇ بوستانلىق مەدەنىيىتى ياراتقان مۇشۇ خەلقلەر بەرپا قىلغانىدى. خۇددى يۇتەيشەن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئىلگىرىكى تەتقىقاتلار، كۆپىنچە جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بارغانلىقى ۋە ئۇنىڭ يىپەك يولى قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، بوستانلىق ئاھالىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئورنىغا سەل قاراپ كەلدى ھەمدە جاڭ چيەندىن ئىلگىرى، بوستانلىق ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىلىرىنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانلىقىغا دىققەت قىلمىدى» (74).

مانا مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۇسۇلى بۇ يەردىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پىسخىك خاراكتېرىنى ھاسىل قىلدى. تارىم ئويمانلىقى گويا غايەت زور بالىياتقۇغا ئوخشاش جۇغراپىيىلىك بىر پۈتۈنلۈك ھېسابلانسىمۇ، لېكىن چۆل-جەزىرىلەر ئارقىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھەر قايسى بوستانلىقلار مۇئەييەن دەرىجىدە مۇستەقىل ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇلار مۇئەييەن گەۋدە جەھەتتىن بىر-بىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى شەرت قىلىشسىمۇ، بىرى يەنە بىرىنى ئۆزىگە قارام قىلىۋالىدىغان تەسىردائىرىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا قەدىمكى غەربىي يۇرتتا 30دىن50كىچە ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدا ئەزەلدىن ھەر قايسى بوستانلىقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئورتاق سىياسىي گەۋدىگە ئۇيۇشتۇرغىدەك بىر تەسىر كۈچ شەكىللەنمىگەچكە، ئۇلار ئىزچىل ھالدا شىمالدىكى چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن ھونلارنىڭ ياكى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى. لېكىن شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەر ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلاشمايتتى، بۇ يەردىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان شەھەر دۆلەتلىرى ئۇلارغا ئولپان تاپشۇرۇش يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالاتتى. تارىم ئويمانلىقىدىكى بۇنداق ئۇزاققا سوزۇلغان بۆلۈنمە ھالەت پەقەت 9-ئەسىردە شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۈشى ۋە بۇ يەردە «ئۇيغۇر» ئېتنونىمىنى ئومۇملاشتۇرۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. گېرمان تۈركولوگى گابائىن خانىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازدى: «تارىم ئويمانلىقى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن بىر ئورتاق گەۋدە ئەمەس. شەھەر-بالىقلار، يېزا-قىشلاقلار ھەممە تېرىم رايونلىرى پەقەت بۇ يەردىكى دەريا-ئېقىنلار ۋە سۇسىستېمىلىرىغا تايىنىپ، كۆچمە قۇملۇقلارنىڭ دائىملىق تەھدىتى ئاستىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇراتتى. ھەر قايسى بوستانلىقلار تاقىر داللار ۋە چوڭ قۇملۇقلار ئارقىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. بۇنداق ھالەت بۇ يەردە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا بىر خىل تەنھالىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنداق بولغاچقا، بۇ يەردىن ئۆتكەن يىپەك يولى بويىدا پەقەت ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرىلا مەيدانغا كېلەلەيتتى. يەنە كېلىپ بۇ دۆلەتلەرنى تارىختا ئاللىقاچان ئۆلگەن تىللاردا سۆزلەشكەن، ئوخشاشمىغان مىللەتلەر قۇرغانىدى. يەنەبىر تەرەپتىن، بۇلار دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم دۆلەتلەرمۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىدا، قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بىر ئورتاق سىياسىي نام مەيدانغا كېلەلمىدى» (75).

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ياشىغان قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلەردە ئالاھىدە بىرخىل «بوستانلىق پىسخىكىسى» شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار باشقا رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا كۈچلۈك دىنىي قىزغىنلىق ۋە ئىلاھىي تۈسى قويۇق شېئىرىي تۇيغۇنى بەكرەك ئىپادە قىلىشقا ئۇرۇناتتى. «ئاۋېستا» ۋە مانى تەلىماتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران بوستانلىقلىرىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى، ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددىزم ئەقىدىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا گۈللىنىشكە ئېرىشكەنلىكى، مىڭئۆي تاشكېمىر سەنئىتى ۋە مۇقام ھادىسىسىنىڭ ئىزچىل راۋاجلانغانلىقى بۇنۇقتىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. لېكىن بوستانلىق ۋادىلىرىدا شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى، يەنى ھاياتلىق ماكانىدىكى تار ۋە چەكلىك دائىرە، ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتىگە خاس پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بەلگىلەپ قويغانىدى. خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان گاۋىن ھامبىلىي ئەپەندى ئېيتقاندەك: «نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرى بۇ رايوننىڭ تېرىم ئىگىلىكى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىغانىدى. چوڭ قۇملۇقلار ۋە تاقىر داللارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان بۇ ئاھالىلەر رايونى گويا بىر كىچىككىنە دېھقانچىلىق ئارىلىغا ئوخشايتتى. گەرچە بۇ يېشىل ئاراللار بىر-بىرىدىن داۋاملىق ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە كۈندىلىك لازىملىقلار جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيتتى. دەل مۇشۇنداق بوستانلىقلار ۋە دەريا ھاۋزىلىرىدا بىر قىسىم يېزا-بازارلار شەكىللەنگەنىدى. ئۇلار بۇ يەردىكى مۇھىم مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سىرتقا

تارقىتىش پونكىتلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چوڭ قورۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتكەن سودا كارۋانلىرىنىڭ قاتناش لىنىيىسىدىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان روللارنى ئوينىغان. مۇشۇ يېزا-بازارلار-نىڭ تورۇۋاتقان ئورنى، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ قەلبىدە ھەممىگە ئايان بولغان بىرخىل «بوستانلىق ئىدىيىسى»، نى شەكىللەندۈرگەندى. بۇخىل بوستانلىق ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلىم ئېلىش ۋە ئەقلىي ئىستېك جەھەتتىكى تەلپۈنۈشلەرنىڭ كەمچىللىكىدە ئىپادىلىنەتتى. بۇنداق ئەھۋال پەقەت بۇ يەردىن ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغان سودا كارۋانلىرى ئېلىپ كەلگەن ئۇچۇرلار ئارقىلىقلا تولۇقلىناتتى» (76) .

دېمەك، بوستانلىقلارنىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيە-لىك مۇھىتىكى ماكان چەكلىمىسى ۋە شۇ ئارقىلىق كېلىپ چىققان نىسبەتەن تىنچ ھايات بۇ يەردە ياشىغۇچى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تىمتاسلىقتا كۆنۈككەن، زىلزىلە ۋە داۋالغۇشلاردىن خالىي ، ئۆز رېئاللىقىغا قارىغاندا يىراقتىكى غايىۋى نەرسىلەرگە كۆپرەك مەھلىيا بولىدىغان پسىخىك خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان زېرىكەرلىك ھايات ۋە سىرتقى دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تەنھا كەيپىيات ئىلاھىيسى قويۇق بولغان سىرلىق ئوي-پىكىرلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلاردا ئاسانلا دىنىي دوگماتىكا ۋە باقىي ئالەمنىڭ ئەبەدىيلىكىگە مەھلىيا بولىدىغان مېتافىزىكا شەكىللىنەتتى. بۇ جەھەتتىن ئۇلار ناھايىتى زور دەرىجىدە قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. گەرچە تارىم ئويمانلىقىدا گۈللىنىشكە ئېرىشكەن بۇددىزم سەنئىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىران ئۇسلۇبى ۋە گېرېكلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قەندىھار سەنئىتىنىڭ مەلۇم تەسىرلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي كەيپىياتى يەنىلا ھىندىچە ئايالىلىق نازاكەتنى ئىپادە قىلغانىدى. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۈشىدىن ئاۋۋاللا تارىم ئويمانلىقىدا بۇددىزم ئەقىدىسىنىڭ مىڭ يىلغا يېقىن تەرەققىيات تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بولغانلىقى شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. شۇڭلاشقا، تارىم ۋادىسىدىكى ئاق ئىرققا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بوستانلىق ھاياتى داۋامىدا يېتىلدۈرگەن تىنچ ۋە خىيالىي كەيپىياتى، دىنىي قىزغىنلىقتا خۇشتار روھىي دۇنياسى ۋە ئايالىلىق نازاكەتكە باي پسىخىك خاراكتېرىنىڭ شىمالىي قۇملۇقتا زور تالاپەتكە ئۇچرىغان ، ئەرلىك خاراكتېرگە ئىگە بىر كۆچتۇڭگۇر خەلقنى ئۆزىگە جەلپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈپ، تارىم ۋادىسىدىكى چوڭ قوشۇلۇش نەتىجىسىدە خاراكتېر جەھەتتىن غايەت زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشىدا، بۇ يەردىكى قەدىمكى بوستانلىق ئاھالىلىرىنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ بولغان. گەرچە بۇقېتىمقى چوڭ قوشۇلۇشتا ئۇيغۇر تىلى ۋە «ئۇيغۇر» ئېتنونىمى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بوستانلىق ھاياتى ۋە مەدەنىيەت پسىخىكىسى يەنىلا داۋام قىلدى ۋە ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قالدى. ناۋادا شىمالدىن كەلگەن ئاتلىقلارنىڭ پسىخىك تەركىبلىرى مۇئەييەن رول ئوينىدى دېيىلسە، چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن بۇ يەردىكى بوستانلىقلاردا پسىخىك جانلىنىش يۈز بەردى، خالاس.

شۇڭلاشقا بىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان ساك، توخرىي قاتارلىق ئاق ئەتلىك جىنىسقا مەنسۇپ بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ پسىخىك جۇغلانمىسىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىدىكى بىرىنچى چوڭ قاتلام دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى سىرتتىن قوشۇلغان ھەرقانداق بىر ئېتنىك قاتلام پەقەت يەرلىك ئاساسىي تەركىب ئارقىلىقلا ئۆزىنى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي گەۋدىگە ئىگە قىلالايتتى. ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالە بىلەن كېيىن قوشۇلغان ھەر قايسى ئېتنىك قاتلاملارنى بىر-بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇش، ئايرىۋېتىش ھەتتا تامامەن مۇناسىۋەتسى يوق دەپ قاراش تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگىمۇ زىت ئىدى. بۇ خۇددى قەدىمكى ھىندى مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئارىئانلارنىڭ كۆچۈشىنى ئېتىراپ قىلىپ، ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان دراۋىدلارنىڭ چوڭ قوشۇلۇشتىكى رولىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق بىلەن ئوخشاش ئىدى. كەسكىن تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش ھاياتى جەريانىدا تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلەر خۇددى شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم، ھەتتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ ئىرقىي ۋە پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە ئوخشاشلا ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قېلىۋەرگەن. بىز بۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدەن تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت تىپى، فولكلور بايلىقى ۋە پسىخىك-ئېستېتىك قاتلىمىدىن چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچۈپ، تارىم ۋادىسىدا مىللەتلەر چوڭ قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى ئومۇملاشتۇرغان دەۋردىن كېيىن، بۇ يەردە يەنىلا ئاۋۋالقى بوستانلىق مەدەنىيىتى ئەندىزىسى ۋە كەيپىياتى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ داۋاملاشتى. تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇيىتاڭ ئەپەندىمۇ مۇنداق دەپ يازدى: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ئۇلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار شىمالدىكى چۈس، قارام، جەسۇر ۋە زوراۋان ئات ئۈستى خاراكتېرىدىن قول ئۈزۈپ، تىنچ ـ خاتىرجەم ۋەرايىش تېرىم مىللىتى خاراكتېرىگە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى» (77) .

ئەمدى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئىككىنچى چوڭ ئېتنىك قاتلام سۈپىتىدە 6-ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرۈلۈشكە باشلىغان تۈركىي قەۋملەر، بولۇپمۇ

9-ئەسىردە كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئىلگىرى ئىزچىل ھالدا ئاساسىي ئېقىم ياكى ئاساسلىق ئېتنىك قاتلام دەپ قارالغان شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پىسخىك جۇغلانمىسى ۋە خاراكتېر تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى چوڭ قاتلام دەيمىز؟ بۇنداق بولۇشىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن قول ئۈزۈپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئولتۇراق تۇرمۇش ۋە بوستانلىق ھاياتىغا سىڭىپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن، چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئۇيغۇر گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىرقىي تۈزۈلمە ۋە پىسخىك ئەندىزە جەھەتتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى ھىندى-ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى خېلى زور دەرىجىدە ساقلاپ قالدى؛ ئۈچىنچىدىن، شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن ئەسلىدىكى شامانىزم قاتارلىق تەبىئەت دىنلىرى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، تارىم ۋادىسىدا گۈللىنىشكە ئېرىشكەن سىستېمىلىق دىنلارنى قوبۇل قىلدى شۇنداقلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بوستانلىق ئەنئەنىسى قوينىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا، شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى سىياسىي كۈچ، مىللىي تىل ۋە ئېتنىك نام جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بولسا، تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلەر بوستانلىقلارغا خاس تېرىم ئىگىلىكى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە پىسخىك خاراكتېر جەھەتتىن ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلدى. شۇڭلاشقا يۇقىرىقى ئىككى چوڭ ئېتنىك قاتلامنىڭ ئۇيغۇر پىسخىك جۇغلانمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى رولىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئىككىنچى چوڭ ئېتنىك قاتلام ھېسابلانغان شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى قانداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە؟ ئومۇمەن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى تارىختا ئات ئۈستىدىكى چەۋەنداز مىللەتلەر دەپ ئاتالغان شىمالىي ھون، تۈرك، كىدان، موڭغۇل قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان پىسخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇلار تېرىم مىللەتلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان كۈچلۈكلەر پىسخىكىسىنى ئۆز خاراكتېرىنىڭ ئاساسى قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى يۈكسەكلىك ۋە قەھرىمانلىق تۇيغۇسىدا ئىپادە قىلىناتتى. «ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا دالىلىرىنىڭ كۆپ قىرلىق، ئۆزگىرىشچان ھاۋا كىلىماتى، ھۆل-يېغىنسىز قۇرغاق ئىقلىمى، تىنىمسىز كۆچمەن ھايات ۋە توختاۋسىز ئۇرۇش-تالاشلار ئۇلاردا مۆتىدىل بەلباغلاردىكى تىنچ تېرىم ھاياتى كەچۈرىۋاتقان خەلقلەر بىلەن زادىلا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. . . ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئۇرۇغ-قەۋمىگە قويىدىغان تىراگېدىيە ئېستېتىكىسىمۇ قەھرىماندەك تۇغۇلۇپ، قەھرىماندەك ئۆلۈش ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن ھۆل ۋە سويۇقلاندۇرۇلغان ھالەتتىكى غۇۋا، تىنىمسىز، پىنھان ئازاب شەك-شۈبھىسىزكى يات پىسخىك ھالەت ئىدى. ئۇلار دەھشەتلىك ئازاب ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇشقا رازى ئىدىكى، باش-ئايىغى چىقمايدىغان، مىسكىن، بىپىشاڭغۇ ئازابنى زىنھار خالىمايتتى» (78). شۇڭلاشقا ئۇلاردا ھەربىي جەڭگىۋارلىق ۋە جەسۇرلۇق ئىزچىل ھالدا مەۋجۇدلۇقنىڭ كاپالىتى بولۇپ كەلگەنىدى. خۇددى لىيۇيىتاڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئۇيغۇرلار (شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى) خاراكتېر جەھەتتىن ئات ئۈستىدىكى قەھرىمان مىللەتلەرنىڭ جاسارىتىگە ئىگە ئىدى. ئومۇمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر خاراكتېر جەھەتتىن قورقۇمسىز ۋە رەھىمسىز كېلەتتى» (79). لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ئۆز خاراكتېرىنىڭ كۈچتۇڭگۈرلۈكى بىلەن تۇتۇپ تۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. قىيىن ۋە جاپالىق شارائىتقا نىسبەتەن تېز ماسلىشىشچانلىقى، ئاسان يۆتكىلەلەيدىغانلىقى ۋە ئۇرۇشلاردىكى چاققان-سەزگۈرلىكى بىلەن دائىم تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتى. «يايلاق تۇرمۇشى ئۇلاردىن بوستانلىقلاردىكى تېرىم ئاھالىلىرىگە قارىغاندا جىسمانىي كۈچتۇڭگۈرلۈكنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈكرەك مۇستەقىللىق ئېڭى بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى بۇنداق ئالاھىدىلىك ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ھەمدە ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە سەزگۈرلۈك بىلەن قارار چىقىرىشىغا ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەت قوللىنىشىغا پايدىلىق ئىدى. بۇ، تىنىمسىز ھالدىكى دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن چۈشلىشىپ تۇرىدىغان تېرىم ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىش ئىدى» (80). ئەمما ئۇلار ھەر ۋاقىت تېرىم مىللەتلىرىنىڭ جەزبىدار مەدەنىيىتى تەرىپىدىن غىدىقلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئەنئەنىۋى قارىشى كۈچلۈك، خاراكتېرى جاھىل بولغان تېرىم مىللەتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەريانىدا، ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى دەڭسىيەلمىگەن ھامان، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ «ھەننىۋا پەرقلەرنى ئېزىپ ئۇن قىلىۋېتىدىغان چوڭ تۈگمىنى»گە چۈشۈپ غايىب بولاتتى. «چۈنكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىكى پىسخىك ھالەت ھامان ھېسسىيات جەھەتتىن قارشى جىنىسلىق خاراكتېرنى تەلەپ قىلاتتى. مۇتەئەسسىپ، ئەنئەنىۋى، جاھىل ئېكىن مەدەنىيىتى مۇھىتىدا پىشىپ يېتىلگەن تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئالدىدا يايلاق خەلقلىرى گوياكى بىر تەنتەك بالا بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىقىقان، ھېسسىياتقا باي ۋە قارام پىسخىك خاراكتېرى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قوغداشقا دال بولالمايتتى» (81).

شۇڭلاشقا، مىلادى 9-ئەسىردە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ غەربكە كۆچكەن شىمالىي قۇملۇق

ئۇيغۇرلىرى ناھايىتى تېزلىكتە ئۆزلىرىنىڭ شىمالىي دالىلاردىكى مەدەنىيەت ئەندىزىسىدىن قول ئۈزۈپ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەنئەنىۋى بوستانلىق مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كەتتى ۋە يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئولتۇراق تۇرمۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇرقۇن دەريا ۋادىسىدىن ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن كۆچمەن يايلاق قەۋملىرىگە خاس جەسۇر، ھەرىكەتچان، قارام ۋە سەۋر-تاقىتى سۇس خاراكتېرى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر پىسخىك جۇغلانمىسىنىڭ ئىككىنچى چوڭ قاتلىمىنى شەكىللەندۇردى.

خوش، ئۇنداقتا، ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبى تولۇقلىنىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ پىسخىك جۇغلانمىسىنى ھاسىل قىلغان ئۈچىنچى چوڭ ئېتنىك قاتلام قايسى؟ ئۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت تۈزۈلمىسىگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىككى چوڭ ئاساسىي قاتلام - تارىم ۋادىسىدىكى ئاق ئىرققا مەنسۇپ قەدىمكى يەرلىك خەلقلەر بىلەن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا، يىپەك يولىدىكى ئەڭ جانلىق سودا مىللىتى - سوغدىلارنى ئۈچىنچى چوڭ قاتلام سۈپىتىدە مۇلاھىزە قىلىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇر ئېتنوگېنىزى تەركىبىدە سوغدىلار ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، تارىم ۋادىسىدىكى چوڭ قوشۇلۇشتىن ئاۋۋاللا سوغدىلارنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى باشلانغانىدى.

سوغدىلارنىڭ ئانا ۋەتىنى ئەسلىدە سىر ۋە ئامۇ دەريالىرى بىلەن زەرەپشان دەريالىرى ۋادىسىدىكى مۇنبەت سوغدىيانا بوستانلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار سودا جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن يىپەك يولى بويلاپ ھەر قايسى جايلارغا تارقالغانىدى. سوغدىلارنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك سودا-سېتىقلارنى ئېلىپ بېرىشى جەريانىدا، غەربتە كاسپىي دېڭىزى بويلىرىدىن شەرقتە تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرغانلىقى مەلۇم. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، سوغدىلارنىڭ تىلى شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئىرقى جەھەتتىن ھىندى-ئارىئان تىپىغا كىرەتتى.

سوغدىلار گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇيغۇر پىسخىك جۇغلانمىسى ۋە ئىرسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى شەكىللەندۇرۇشتە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. گابائىن خانىممۇ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئوتتۇرا ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر مىللەت مەدەنىيەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلىرى ھاياتىدا ئاجايىپ مۇھىم روللارنى ئوينىدى. بۇ خەلق دەل سوغدىلاردۇر» (82) . سوغدىلار ھەققىدىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇلارنىڭ تۈركىي قەۋملەر بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىلىرى كۆك تۈرك ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا باشلانغانىدى. ئۇلار يىپەك يولى بويلاپ چوڭ سودىلار بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە ھەر قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا-تىجارەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ، ئارىدىن پايدا ئالاتتى. «سوغدىيانا سودىگەرلىرى گويا تۇغما تالانتلىق سودىگەرلەردەك تىجارەتتىكى چاققانلىقى، ئىشچانلىقى ۋە سودىسىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوغدىيانانىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ بۇنداق تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى» (83) . «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» ۋە «كونا تاڭنامە» قاتارلىق مەنبەلەردىمۇ سوغدىلار ھەققىدە مۇنداق قىزىقارلىق بايانلار بېرىلگەن: «سوغدىلار ئوغۇل پەرزەنت كۆرسە، ئاغزىغا ناۋات سېلىپ ئېغىزلاندۇرىدۇ ھەمدە ئالقىنىغا يېلىم سۈركەپ قويىدۇ. بۇ، چوڭ بولغاندا ئاغزى تاتلىق، گەپكە ئۇستا، پۇلنى گويا يېلىمدا چاپلاپ قويغاندەك چىڭ تۇتىدىغان بولىدۇ دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوغدى يېزىقىنى بىلىدۇ. سودىگەرچىلىككە بەك ئۇستا كېلىدۇ. بىر يارماق ئۈچۈنمۇ زېرىكمەي سودىلىشىدۇ. ئەرلىرى 20 ياشتىن تارتىپلا چەت ئەللەرگە چىقىدۇ. جۇڭگوغىمۇ كېلىدۇ. پايدا چىقىدىغانلا يەر بولسا بارماي قويمايدۇ» . ئۇنىڭدىن باشقا راھىب شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىمۇ سوغدىلار ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ: «سوغدىلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى غەلىتە، دائىم ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىدۇ. ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆزىگە مال-مۈلۈك يىغىدۇ. ئاتا-بالا ئۆز ئارا پايدا توقۇنۇشى قىلىدۇ. مال-مۈلۈكنىڭ جىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ ئانچە پەرقى يوق. مال-دۇنياسى كۆپ بولسىمۇ، يېمەك-ئىچمىكى ئاددىي» .

دېمەك ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيانى بازا قىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىپىك سودا مىللىتى ئىدى. ئۇ دەۋردىكى نۇرغۇن مىللەتلەر سودا جەھەتتە ئۇلارغا يېتەلمەيتتى. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىمۇ نۇرغۇن سودىلىرىنى سوغدىلارنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئېلىپ بارغانىدى. ياپونىيىلىك يۈي تيەنخېڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سوغدىلار سودىدا پايدا قوغلىشىپ ناھايىتى يىراق جايلارغا باراتتى. پېرسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا تۇرماق، 3-ئەسىردە ھەتتا جەنۇبتا ھىندىستانغا ۋە ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىغىچە بارغانىدى. جۇڭگونىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۇلارنىڭ ئىزلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى-تاشقى موڭغۇلىيىلەرمۇ ئۇلارنىڭ دائىم بېرىپ تۇرىدىغان جايلىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار مەيلى روناق تاپقان ئەللەر بولسۇن ياكى روناق تاپمىغان ئەللەر بولسۇن، پايدا بولسىلا بارماي قالمايتتى. جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى چەبدەس كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان خېرىدارلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن تالان-تاراج قىلىپ تاپقان بايلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى مۇشۇ سودىگەرلەر ھىيلىگەرلىك ۋاسىتىلىرى بىلەن قولغا

چۈشۈرەتتى. سۇي-تاڭ دەۋرىدىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە ، خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ مۇشۇ ھېلىگەر سوغدىلارنىڭ ھەمىشە شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ جەنۇبقا قىلغان توختاۋسىز ھۇجۇملىرىنى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كۈشكۈرتكەن ۋە تىزگىنلىگەنلىكى شۈبھىسىز، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ» (84) .

سوغدىلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار كۆك تۈرك ۋە ئۇرقۇن خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. بولۇپمۇ «تونيۇقۇق» ، «مويۇنچۇر» ، «بىلگە قاغان» مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدىغان «سوغداق» ئاتالمىلىرى دەل سوغدىلارنى كۆرسىتەتتى. ئۇلارنىڭ سودا پائالىيەتلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغانىدى. «ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى ستېين لوپنۇركۆلى ئەتراپىدىن قېزىپ چىققان سوغدى يېزىقىدىكى سوداپۈتۈكلىرى، ئۇلارنىڭ بۇرايوندىكى سودا پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار ئىدى» (85) . سوغدىلار يىپەك يولى بويلاپ توختىماستىن سودا-تىجارەت قىلىش جەريانىدا ھەرقايسى خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىغا زور تۆھپە قوشتى. ئۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، «ئۇلارنىڭ سودا تەرەققىيات تارىخى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت تارقىتىش تارىخى بولدى» (86) . بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قەۋملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پەۋقۇلئاددە قويۇق بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىمۇ سوغدى يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنىدى. سوغدىلار ھەتتا شىمالىي قوملۇقتىكى ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىگىچە يېتىپ بېرىپ مانى دىنىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقاتقانىدى. تۈركىي قەۋملەر بىلەن سوغدىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق قويۇق مۇناسىۋەتنىڭ يۈز بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ۋەقە ئەمەس ئىدى. «چۈنكى تۈركىي قەبىلىلەر قەدىمدىن تارتىپ سوغدى زېمىنىغا يېقىن جايلارغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن تاكى ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان تېررىتورىيىدە ياشاپ كەلگەنىدى.

. . بۇ يەرلەردە سوغدى سودىگەرلىرى تۈركىي قەبىلىلەر مۇھىتىغا يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئېلىپ كەلدى. ئەمما سوغدىلار تۈركىي خەلقلەرگە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرلىرىنى ئۆتكۈزسىمۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار كەڭ تۈركىي خەلقلەر مۇھىتىغا كىرىپ، ئاستا-ئاستا ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلەر ئادەت تۇسىگە كىردى. سوغدىلار ئاستا-ئاستا ئۆز تىللىرىنىمۇ ئۇنتۇپ، تۈركىي تىلى ئۇلارنىڭ ئانا تىلىغا ئايلاندى» (87) . پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا، «قارىشىمچە، سوغدىلار ئەجداد يېقىنلىقى جەھەتتىن تارىم-تەكلىماكان قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن بولغان ئانتروپولوگىيىلىك مۇناسىۋەتتىن تاشقىرى» ، يەنە كۆپلىگەن تارىخىي دەۋرلەردىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئەڭ ئاخىرى «غەربىي تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى ھامىيلىقىدىكى دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، قاراخانىيلار زامانىسىدا ياغما ئۇيغۇرلىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنە غەربىي قاراخانىيلار ، چاغاتاي ۋە تېمۇرىيلەر ئارقىلىق ھازىرقى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئېتنىك تۈزۈلمىسىگە ئايلاندى» (88) دەيدۇ. ئۇ يەنە شۇ ماقالىسىدە «سوغدىيانادىيارىدىكى ئاساسلىق تۇران-ساك ئاھالىسى - سوغدىلار نۇرغۇن خەلقلەر ئىچىدە ئاساسەن ھازىرقى ئۇيغۇر-ئۆزبېك خەلقلىرى قان تومۇرى ۋە فولكلورىدا ياشىماقتا. ئۇيغۇر-ئۆزبېك نەسىلداش ئىككى خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك، تۆھپىكار سوغدى خەلق تۈركۈملىرىنىڭمۇ بىۋاسىتە ۋارىسلىرىدۇر» (89) دەپ يازدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوغدىلار گەرچە يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەتلىك ، ھەرىكەتچان ۋە سودىغا ماھىر خەلق بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك كارۋانچىلىق ھاياتى داۋامىدا تەدرىجىي ھالدا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىرسىي جۇغلانمىلىرى بىلەن ئېلىپ، تۈركىي خەلقلەر قوينىغا سىڭىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئېتنىك جەھەتتىكى تەسىرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغۇچى تېرىم خەلقلىرىدە بىۋاسىتە ئىپادىلەندى. چۈنكى، سوغدىلارنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى تېرىم ئىگىلىكىگە مەنسۇپ بولغاچقا، ئۇلار يايلاق خەلقلىرىگە قارىغاندا بوستانلىقلاردىكى تېرىم خەلقلىرىگە كۆپرەك مايىل ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ، تۈركىي قەۋملەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر ئولتۇراق ھاياتقا كۆچكەن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى ئېتنىك ۋە پسىخىك جەھەتتىن سوغدى مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە ۋارىسلىق قىلدى. لېيتاڭ ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە «پارسلار سوغدىلارنى ئۇيغۇر تۈركلىرى دەپ ئاتايدۇ» (90) دېيىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇزاقتىن بۇيان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ كەلگەن قازاق، قىرغىز، قاراقالپاق قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېكلەرنى «سارت» دەپ ئاتايدىغانلىقى، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ سودا-سېتىققا ماھىرلىقىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى بارتولد قاتارلىق مەشھۇر تۈركولوگلارنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا ، «سارت» سۆزى دەسلەپ «سودىگەر» ، «ھۈنەرۋەن شەھەر ئاھالىسى» ، «مەدەنىيەتلىك كىشىلەر» قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن، كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا ، باشقا خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە شەھەر ۋە بوستانلىقلاردا ياشايدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا-سېتىققا ماھىر ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان.

شۇڭلاشقا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك پۈتۈنلىكىنى شەكىللەندۈرگەن بىر قانچە مۇھىم

ئېتنىك قاتلاملار ئىچىدە شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئات ئۈستى مەدەنىيىتىگە خاس كۆچتۇڭگۇر ۋە جەسۇرلىقى، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاق ئىرققا مەنسۇپ قەدىمكى بوستانلىق ئاھالىلىرى تېرىم خەلقلىرىگە خاس سەۋرچانلىقى ۋە خۇشخۇي ـ تەمكىنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنسە، ئۈچىنچى چوڭ قاتلام بولغان سوغدىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېچىۋېتىش روھى، سودا ئېڭى، جانلىق ھەم ھەرىكەتچانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ يىپەك يولىدىكى سىرلىق خەلق سوغدىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان پىسخىك ئۆزگىچىلىكلىرى ۋە ئىرسىيەت خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلىرى كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىندى ۋە داۋاملاشتۇرۇلدى. گابائىن خانىمنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، سوغدىلار «ھۈنەر ـسەنئەتكە ماھىر، ھەرىكەتچان خەلق» بولۇپ، «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ناھايىتى مۇھىم مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار» سۈپىتىدە رول ئوينىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچە ئاتالغۇلىرى سانسكرتچىدىن ئەمەس، بەلكى سوغدى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانىدى» (91) . ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى «نۇرغۇنلىغان تاۋارلارنىڭ ناملىرى ھېچ بولمىغاندىمۇ ۋاستىلىق ھالدا سوغدى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان» (92) ئىدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا ، سوغدىلار مۇھىم بىر ئېتنىك قاتلام سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ پىسخىك تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىش، تېز قوبۇل قىلىش، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا ۋە ھۈنەر-سەنئەتكە ھېرىسمەنلىك شۇنداقلا سودا-تىجارەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار قاتارلىق ئاكتىپ ئامىللارنىڭ يېتىلىشىدە سوغدىلار ئېرسىي ئېنېرگىيەبىلەن تەمىنلىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك جەھەتتىن تولۇق شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ ھەرقايسى ئېتنىك قاتلاملارنىڭ ئۇيغۇر پىسخىك جۇغلانمىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئورۇندالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 10-ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشى ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلىنىشى ئۇلارنىڭ پىسخىك تۈزۈلمىسى ۋە روھىي بىرلىكىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى. 12-، 13-ئەسىرلەردىن باشلاپ قاراقىتان، موڭغۇل قاتارلىق موڭغۇللوئىد تىپىدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەر ھاياتىدا زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىرقىي ۋە ئېتنىك تۈزۈلمىسىدە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. خۇددى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك : «كىدان ۋە چىڭگىزخان ئىستىلاسى ئاقىۋەتتە بۇ رايونغا ‹موڭغۇللوئىد› تەسىرى كۈچلۈك بولغان مەرقىت ۋە قىپچاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىن باشقا ، تۈركلەشكەن ۋە مۇسۇلمانلاشقان كىدان-موڭغۇللارنى تاشلىدى. بۇ ھال ‹چاغاتاي ئۇلۇسى، دائىرىسىدە ، قىپچاق دالاسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، يەتتىسۇدىن قۇمۇلغىچە بولغان رايونلاردا ھەرخىل دەرىجىدە ئىپادىلەندى» (93) .

لېكىن موڭغۇللوئىد تىپىنىڭ تەسىرلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە سىر ، ئامۇ دەريالىرى ۋادىلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغۇچى تېرىم ئاھالىلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان تۇراقلاشقان پىسخىك ئەندىزىسىگىمۇ ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئەمدى تارىم ئويمانلىقىغا كەلسەك، موڭغۇل ئىرقىنىڭ سۇس ئالامەتلىرى شەرقتەقۇمۇل-تۇرپان ئويمانلىقىدىن تاكى بۈگۈر ۋە كۇچانىڭ بىر قىسىم جايلىرىغىچە ئوخشىمىغان نىسبەتتە ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سۆڭەك تۈزۈلمىسى ۋە قان تىپىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىدى. كېيىنكى ئېتنىك تەركىبلەر ھەتتا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت فورمىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە پىسخىك خاراكتېرىگىمۇ ھېچقانچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىدى. بۇ نۇقتىدا ياپونىيە ئالىمى يۇي تيەنخېڭ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «موڭغۇللار دەسلەپتە تۈركلەرنىڭ تۇراقلىق قەبىلىلىرىدىن ئايرىلىپ ياشىغاچقا ، تۈركىي قەۋملەر مەدەنىيەت ۋە ئىرق جەھەتلەردە چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغان. . .لېكىن كېيىنچە موڭغۇللار ئارىسىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ پەيدىنپەي شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچۈشى، شۇنىڭدەك ئېھتىياج يۈزىسىدىن شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچكەنلەرنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشى ئىرق ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئاستا-ئاستا تەسىر پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ئەمما بۇ جەھەتتە موڭغۇللار تۈركلەرگە تەسىر كۆرسەتتى دېگەندىن كۆرە، تۈركلەر موڭغۇللارغا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى دېگەن ياخشىراق. يەنى بۇ يەردىكى موڭغۇللار تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، ئالدى بىلەن تۈركىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈركىي تىلىنى ئۆگەندى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ياكى تۈرك قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ شالغۇت پەرزەنت كۆردى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاخىرىدا موڭغۇل مىللىتىنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى. ئەمما بۇنداق ئەھۋال بىردەمدىلا مەيدانغا كەلمەستىن ، بەلكى خېلى ئۇزاق جەرياندىن كېيىن ئاندىن ئىشقا ئاشتى» (94) .

## 9

ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى غايەت زور قۇملۇق ـ تەكلىماكان چۆللۈكى ئۆز باغرىغا ئاجايىپ-غارايىپ تىلسىماتلارنى يوشۇرۇپ كەلدى. تارىختا ئوخشاشمىغان ئىرق ۋە ئوخشاشمىغان تىل سىستېمىلىرىغامەنسۇپ بولغان قانچىلىغان مىللەتلەر بۇ يەردە ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇردى. قانچىلىغان

بوستانلىقلار ۋە قەدىمكى شەھەر-قەلئەلەر قۇم دېڭىزى ئاستىغا غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرى پەيدا بولدى. بۇ يەردىكى پەسىللىك دەريا-ئېقىنلار ۋە كۆچمە كۆللەر سانسىز قېتىملاپ ئورۇن يۆتكىدى. بوستانلىقلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ياكى تارايتىپ تۇردى. كىشىلەر بۇ قورقۇنچلۇق قۇملۇق ھەققىدە ئاجايىب-غارايىب رىۋايەتلەرنى توقۇشتى. خورازلارنىڭ چىللاشلىرى بىلەن تۇلپارلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلىنىدىغان غايىب شەھەرلەر توغرىسىدىكى قىزىقارلىق چۆچەكلەر يىپەك يولىدىكى تۆگە كارۋانلىرى بىلەن بىللە يىراق جايلارغىچە تارقالدى... قىسقىسى، تالاي دەۋرلەر ئۆتۈپ كەتتى، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگەردى، لېكىن، پەقەت بىرلا نەرسە – يەنى بۇ يەردىكى بوستانلىق ھاياتى ۋە ئۇنىڭغا ياندىشقان مەدەنىيەت گەندىزىسى ئۆزگەرمىدى. چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى يېڭى ھاياتي كۆچكە ئېرىشكەن ئۇيغۇر مىللىتى تاكى زامانىمىزغا قەدەر مىڭ يىلدىن ئارتۇق بوستانلىق تۇرمۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنى قوچاقلاپ ياتقان تەكلىماكان چۆلى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن جۇڭگو، ھىندى ۋە ئىران مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىنھان بوشلۇققا مۆكۈنۈپ ياتقان بىر تەبىئىي چوڭقۇرلۇق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىياتقۇسىمان شەكلى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئورنى ۋە ھەرقايسى چوڭ مەدەنىيەت رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق زونا بولغانلىقى بىلەن ئۈچ چوڭ قىتئەنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرغان ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا تولىمۇ ئوخشايتتى.

غەرب تەرەپتىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىمۇ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور بالىياتقۇ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆۋەجەپ تۇرغان يېنىك دولقۇنلىرى بىلەن تۆت ئەتراپتىكى قەدىمكى ئەللەرنىڭ تەپەككۇرىنى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى غىدىقلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى مىسىر مەدەنىيىتى، شەرقىي قىرغىقىدىكى ئىبراي-بابىل مەدەنىيىتى ۋە شىمالىي ساھىللىرىدىكى يۇنان-رۇم مەدەنىيەتلىرى دەل ئۇنىڭ تىنىقىدىن نەپەس ئېلىپ بىخلانغانىدى. گېگېلنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئوتتۇرا يەر دېڭىزى يەر شارىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسىم يۈزىنى بىرلەشتۈرگەن بىرىكتۈرمە ئامىل ئىدى. ئۇ، دۇنيا تارىخىنىڭ مەركىزى، كونا دۇنيانىڭ يۈرىكى ئىدى... ناۋادا ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بولمىغان بولسا، دۇنيا تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس بولغان بولاتتى» (95).

ۋەھالەنكى، ئاسىيانىڭ كىندىكىگە جايلاشقان تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنى قوچاقلاپ ياتقان تەكلىماكان چۆلى سېپى ئۆزىدىن بىر قۇم دېڭىزى ئىدى. گېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ پەرەزلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئەسلىدە ئىچكى قۇرۇقلۇق بولۇپ، كېيىن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن دېڭىزغا ئايلانغان بولسا، تەكلىماكان چۆلى ئەسلىدە ئىچكى دېڭىز بولۇپ، كېيىن يەر پوستى ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن چوڭ قۇملۇققا ئايلانغانىدى.

بۇ يەردە دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ مەۋجلىرى ئاڭلانمايتتى، بەلكى قۇم بورانلىرىنىڭ ۋىژىلداشلىرى ھۆكۈم سۈرەتتى.

بۇ يەردە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا ئوخشاش قوياش سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ يەنە سۇ يۈزىگە ئولتۇرمايتتى، بەلكى قۇم بارخانلىرى ئارقىسىدىن ئۆرلەپ يەنە قۇم بارخانلىرىغا پاتاتتى.

بۇ يەردە مەدەنىيەت ئۈچقۇرلىرى دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقان يەلكەنلىك كېمىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى كولدۇرما سادالىرىنى ياڭرىتىپ مېڭىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرى ئارقىلىق ئالماشتۇرۇلاتتى.

بۇ يەر گويا دېڭىزغا ئوخشاشلا كىشىلەرگە پايانسىزلىق ۋە چەكسىزلىك تۇيغۇسى بېرەتتى. لېكىن دېڭىز خەلقلىرى دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز يوشۇرۇن ھاياتي كۈچىنى ھېس قىلىپ كۆز ئالدىدىكى چەكلىك بارلىقتىن ھالقىپ چىقىپ كېتىشنى ئىستىسە، بۇ يەردىكى قۇملۇق خەلقلىرى پەسىللىك دەريا-ئېقىنلار ھاسىل قىلغان تار دائىرىدىكى بوستانلىقلارغا باغلىنىپ ياشايتتى. ئۇلار ناھايىتى چەكلىك ھاياتلىق بەلبېغىدا تۇرۇپ يىراقتىكى غايىۋى مەنزىرىلەرگە ئىنتىلىپ ياشىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ مەنزىرىلەرنىڭ يا بېشى، يا ئايىغىنى كۆرەلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلاھىي تۈسى قويۇق بولغان ئوي-پىكىرلەر ۋە مېتافىزىكىلىق تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىگە تەسەللىي تاپاتتى.

تەكلىماكاننىڭ قۇرغاق ئىقلىمى بۇ يەرد ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ قۇرغاق پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. خۇددى ياپونىيىلىك چيەنداۋشىنىسى ئېيتقاندەك: «تەكلىماكان قۇملۇقى بەئەينى ئاتەش دوزاققا ئوخشايتتى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ھىمالايا تېغى، پامىر ئېگىزلىكى، قۇرۇم تېغى قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى تەبىئىي دەرپەردە ھاسىل قىلىپ، دېڭىزدىن كېلىدىغان نەم شامالنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇرغاقلىقى شۇ قەدەر قورقۇنچلۇقكى، ئېكسپېدىتسىيىچى ستېينمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ‹ھەتتا ئەرەب قۇملۇقلىرىنىمۇ بۇ جاي بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ›، دەپ تاشلىغانىدى» (96). بۇ يەردىكى بۇنداق قۇرغاق مۇھىت پەقەت يۇلتۇزدەك تارالغان يېشىل بوستانلىقلار ئارقىلىقلا سەل-پەل تىزگىنلىنەتتى. شۇڭلاشقا پەسىللىك دەريا-ئېقىنلار ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بوستانلىقلار بۇ يەردىكى ھاياتلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى. ئەگەر بوستانلىقلار بولمايدىكەن، بۇ يەردە ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتى ۋە قۇم ئاستىغا غەرق بولغان قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىمۇ بولمىغان بولاتتى. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشتىن ئېيتقاندا، «ھازىرقى كۈندە تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي بۆلىكى – شالاڭ ئوت-چۆپلەر ۋە چاتقاللار ئۆسىدىغان كۆللۈك زونا، كۆللۈك زونىنىڭ ئەتراپى قۇم بارخانلىرى ئۆرە-تۆپە بولۇپ تۇرىدىغان چۆللۈك زونا، بۇنىڭ ئۈپچۆرىسى قۇرغاقچىلىق ۋە شورغا چىدامىلىق چاتقاللار ۋە توغراقلار ئۆسىدىغان مۇنبەت زونا، بۇنىڭ چۆرىسى تاغ

ئېتەكلىرىدىكى شىبغىللىق زونا؛ ئەڭ چەتلىرى ئېگىز تاغلىق زونا. ئاسىيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغ بولغان تەڭرىتاغ، پامىر، قاراقورۇم، ئالتۇن تاغلار بۇ ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ» (97).

دېمەك، مانا مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق چوڭ قۇملۇقنى چۆرىدەپ، دەريا-ئېقىنلارغا ئەگىشىپ گويا يېشىل مەرۋايىتلاردەك تارالغان بوستانلىق ۋادىلاردا قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى يارىتىلغانىدى. بۇ يەردىكى بوستانلىقلار ئويمانلىقنىڭ مەركىزى قىسمىدىكى تەكلىماكان چۆلى بىلەن ئەتراپتىكى تاغ ئېتەكلىرىنى چۆرىدىگەن شىبغىللىق زونا ئارىلىقىدىكى تىندۇرما بەلباغنى مەركەز قىلىپ ھالقىسىمان يېشىل كارىدور ھاسىل قىلغانىدى. لېكىن بۇ كارىدور ھالقىسى بىر-بىرىگە تامامەن تۇتىشىپ كەتمەيتتى. قەدىمكى يىپەك يولى دەل مۇشۇ بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتمىگەن بوستانلىق كارىدورنى بويلاپ شەكىللەنگەنىدى. خۇددى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم ئېيتقاندەك: «چۆللۈكتىكى ئۇنۇمدار بوستانلىق - خەلقنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. پارلاق قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتى ياراتقان كىشىلەرنىڭ كۆچى مۇشكۈللۈكلەرنى يېڭىپ، ئىلمۇ-خىل خەتەرلىك توساقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇملىدىن ‹ئۈستىدىن ئۇچار قۇشلار ئۆتمەيدىغان، يەستە چارپاي - ھايۋانات ئىزى كۆرۈنمەيدىغان، قارىسا كۆز يەتمەيدىغان، باياۋاننى كېزىپ، . . . ‹قىشمۇ ياز قار ئۆكسىمەيدىغان، قۇم-شىبغىللار ئۇچۇپ يۈرىدىغان . . . › ئوتتۇرا ئاسىيا قارلىق ئارتلىرىنى ئېشىپ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئالاقە يولىنى ئاچقان» (98).

شەك-شۈبھىسىزكى، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلمە ۋە ئىقلىم جەھەتتىكى پەرقلەر بۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ تارىم چوڭقۇرلۇقىغا يەرلىشىپ، تەكلىماكان چۆلىنى قۇچاقلاپ، يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىغا قاراپ كېتىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرىغا تەلپۈنۈپ ياشايدىغان ھاياتلىق مۇھىتىنى، شەرقتىكى چوڭ دەريا ۋادىلىرىنى ئاساس قىلغان تېرىم تۈزلەڭلىكلىرى ياكى غەربتىكى دېڭىز سودىسىنى مەركەز قىلغان شەھەر-قەلئە ئەللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرقتىكى بۈيۈك قوشنىلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ پىكىر تارىخى ۋە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە شەخسنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتىدە ئىپادىلەنمەيتتى. ئائىلە، نەسەب - ئەھكام ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئاساسىي ھالقا قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى خۇددى گابائىن خانىم ئېيتقاندەك: «كېيىنكى مەزگىللەردىكى كلاسسىك مەدەنىيەتكە ياكى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ شەرقتىكى بۈيۈك قوشنىسى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ سەنئىتىمۇ رۇجيا ئىدىيىسىنىڭ سەۋرچان ھەم تەمكىن خاھىشىغا ئوخشىمىغان ھالدا، يۇمۇرلۇق تۈيغۇ ۋە ھەجۋىي سىزما ئۇسلۇبىنى كۆپرەك ئىپادە قىلاتتى» (99).

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىراق غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتى ياراتقان قوشنىلىرىغىمۇ ئوخشىمايتتى. بۇ يەردە ئارال ۋە يېرىم ئاراللارنىڭ كۆكۈش دېڭىز بىلەن ئەبەدىي سۆيۈشۈپ تۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان ساھىل ۋە پورت-پىرىستان مەدەنىيىتى مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ئۇلاردا غەربلىكلەردەك ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىمى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەركىزى قىلىدىغان، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، مۇستەقىللىقى ۋە ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىشقا تىرىشىدىغان، سۇبيېكتنى گەۋدىلەندۇرۇشكە ماھىر، ئابستراكت تەپەككۇر، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تەۋەككۇلچىلىك روھىغا باي پىسخىك ھالەت ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلانمىغانىدى. ئەمما ئۇلار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ھېسسىيات جەھەتتىن كۆنۈپ كەتكەن ئەتراپتىكى مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە بولغان مايىللىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەنىدى. شەرققە باستۇرۇپ كىرگەن ئالېكساندىر ماكېدونسكىينىڭ قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان «ئىسكەندەر» نامى بىلەن شەرقچە ئوتتۇرپىيىنىڭ يۈكسەك سىمۋولىغا ئايلىنىشى، سوقرات، ئەپلاتون، ئەرەستو (ئارىستوتېل) قاتارلىق يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ھەكىم - ئۇستاز سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىشى شۇنىڭ جۇملىسىدىن ئىدى.

ئۇلار، يەنى مەركىزىي ئاسىيا بوستانلىقلىرىدا ياشىغۇچى ئاھالىلەر ئۆزىگە خاس پىسخىك تىندۇرمىغا ۋە ئارىلاشما خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە ئىگە ئىدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقى تارىم ۋادىسىدىكى ئەجدادلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق بوستانلىق تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلاردا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا بوستانلىقلىرىغا خاس مەدەنىيەت پىسخىكىسى شەكىللەنگەنىدى. بۇ خىل مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن:

**بىرىنچى، بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇ يېتىلدۈرگەن پىسخىك ئەندىزە.**

بوستانلىقلاردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ھاياتلىق شارائىتى بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەردە زادى قانداق پىسخىك ئەندىزىنى يېتىلدۈرگەن؟ شۇنىسى ئېنىقكى، بوستانلىقلار ئانا تەبىئەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى قۇرغاق زونىلارغا بەخش ئەتكەن خەير-ئېھسانى ئىدى. سۇ بولغانلىكى جايلارغا گويا يۇلتۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلار بۇ يەرنىڭ قاتتىق قۇرغاق ئىقلىمىنى نەمدىگۈچى ۋە ھۆلدىگۈچى بىردىنبىر ئېكولوگىيىلىك ۋاستە ئىدى. چۈنكى گاۋىن ھامبىلىي ئېيتقاندەك: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ كۆرۈنەرلىك جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ تەسىرىدىن تامامەن ئايرىلىپ تۇرغانلىقىدىندۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يامغۇر سۈيىنىڭ

كەمچىللىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قۇرغاق مۇھىتىنى ھاسىل قىلغان» (100) . شۇڭلاشقا، بوستانلىقلارنى ئىزچىل تۈردە كېڭەيتىپ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۆچمە قوملارنىڭ تەھدىتىدىن ساقلاش، بۇيەردىكى ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى. بوستانلىق ۋادىلار ئۆز ئەتراپىدىكى تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن پەسىللىك دەريا - ئېقىنلار، كارىز ۋە يەر ئاستى سۇلىرى شۇنىڭدەك ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرىدىن سىڭىپ چىققان سۇلاردىن پەيدا بولغانىدى. بۇ يەردە تەبىئەت مۆتىدىل بەلباغلاردىكى تېرىم رايونلىرىدەك كىشىلەرنى پەپىلىمەيتتى. بەلكى كىشىلەر تەبىئەتنى پەپىلەيتتى. تەبىئەتنىڭ خاھىشىچە بولغاندا، بۇ يەردىكى بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى تارىيىپ، تامامەن قۇملىشىپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن بۇ يەردىكى بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ ئىشچان قولى ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىممەتلىك ھاياتلىق ماكانىنى تەبىئەتنىڭ توختاۋسىز خىرىسلىرىدىن ساقلاپ كەلدى.

دەرۋەقە، قۇرغاق ئىقلىمدىكى بوستانلىق ھاياتى پەقەت تارىم ئويمانلىقىغىلا خاس تۇرمۇش ئۇسۇلى ئەمەس ئىدى. شەرقتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي گىرۋەكلىرىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكى، ئەرەب چۆللۈكلىرى شۇنىڭدەك سەھرايى كەبىر قۇملۇقلىرىغا قەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ قۇرغاق چۆللۈك ئىقلىمدا ئومۇمىيۈزلۈك بوستانلىق ئىگىلىكى مەۋجۇد ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا چۆللۈكتىكى سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ، قوم بارخانلىرىنىڭ دائىملىق تەھدىتى ئىچىدە ياشايتتى. قۇرغاق ئىقلىم ۋە سۇ سىز چۆللەر ئۇلارنىڭ ھەركەتچان ئەمما قۇرغاق پىسخىكىسىنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بوشلۇقلارنى ۋە چاڭقاق ئىستەكلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئۆتۈپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن قاندۇراتتى. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق ئاھالىلىرى بىلەن ئەرەب چۆللۈكلىرىدىكى بېدۇئىن (بەدەۋىي ئەرەبلەر) قەبىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە پىسخىك ئەندىزىسى ناھايىتى زور پەرق قىلاتتى.

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەر ناھايىتى بۇرۇنلا بوستانلىق ھاياتىغا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان تېرىم ئىگىلىكى ۋە كىچىك تىپتىكى شەھەر-بازارلار ھاياتىنى ئۆز تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلغانىدى. بۇ يەردىكى ھەر بىر بوستانلىق گويا بىر تەنھا ئارالغا ئوخشاش ئۆزىگە لازىملىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزى تەمىنلىيەلەيتتى. گەرچە بۇيەردە مۇئەييەن دائىرىدە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تەڭ مەۋجۇد بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا بۇيەرنىڭ ھاياتىنى تىپىك بوستانلىق ئەندىزىسى دېيىشكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسى ھەننىۋا قۇملۇق خەلقلىرىگە ئوخشاش قۇرغاق - چاڭقاقۋە دولقۇنسىمان كەيپىياتنى ئىپادىلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنداق ھالەتنى تېنىمسىز ھالدىكى كۆكەرتىش كۈرىشى ۋە بوستانلىقلارنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇش خاھىشى ئارقىلىق نەمدەپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار چۆل ئىقلىمدىكى تىپىك تېرىمچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ روھىي سىغىمچانلىقى ۋە پىسخىك ئېنېرگىيىسى سىرتتىن كەلگەن كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ زىلزىلىسىنى ھامان ئۆز قوينىغا سىڭدۈرۈپ تاشلىيالايتتى.

لېكىن ئەرەب چۆللۈكلىرىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇ يەردە قار سۈيى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېگىز قارلىق تاغلار ياكى يەر ئاستى سۈيىنى باشلاپ چىقىدىغان كارىزلار مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. قۇملۇقلاردىكى ئاندا-ساندا ئۇچرايدىغان بۇلاقلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ئىدى. بوستانلىقلارنىڭ دائىرىسىمۇ تار ھەم كىچىك ئىدى. كىچىك تىپتىكى ئېكىنزارلىقلار مەۋجۇد بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى چۆل تىپىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىدى. ئۇلار ئۆزىگە زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى گاھىدا بۇلاڭچىلىق ۋاستىسى ئارقىلىق تولۇقلايتتى. خۇددى فىلىپ ھىتتى ئېيتقاندەك: «قۇملۇق ھاياتىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتىنى بىر خىل مىللىي ئادەت تۈسىگە كۆتۈرگەنىدى. كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقتا ئۇرۇشخۇمار كەيپىيات بىر خىل قۇتۇلغىلى بولمايدىغان پىسخىك ھالەتكە ئايلانغانىدى. . . قۇملۇقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنى بىر تىپ سۈپىتىدە قارىغاندا ئۇلارنىڭ ھازىرى ۋە ئۆتمۈشى تامامەن ئوخشاش ئىدى. كەلگۈسىمۇ مۇقەررەر شۇنداق بولاتتى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسى مەڭگۈ بىرخىللىقنى ساقلايتتى، ئۆزگىرىش، ئىلگىرىلەش، تەرەققىياتلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن تەلپۈنىدىغان نەرسىلىرى ئەمەس ئىدى. . . بېدۇئىنلار، تۆگە ۋە خورما ئەرەب قۇملۇقلىرىدىكى بارلىق ھاياتلىقنىڭ ئۈچتە بىرلىك شەكلىدىكى ھۆكۈمرانى ئىدى. ئۇنىڭغا قوم دانىچىلىرى قوشۇلسا قۇملۇقتىكى تۆت چوڭ پېرسوناژ شەكىللىنەتتى» (101) . شۇڭلاشقا «بېدۇئىنلار بەدەن قۇرۇلۇشى ۋە پىسخىك تۈزۈلمە جەھەتتە قۇملۇق ۋە چۆل- باياۋان تىپىغا خاس ئۆزلۈكسىزلىك ، قۇرغاقچىلىقۋە زېرىكىشلىك مۇھىتنى ئىپادە قىلغانىدى. ئانا تومىيە جەھەتتىن ئۇ بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تۇرغان نېرۋا، سۆڭەك ۋە موسكۇللار بىرىكمىسى ئىدى خالاس. بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىنمۇ قۇملۇقلارغا خاس قاقاسلىق ۋە قاغجىراغلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. . . ئۇلار پاسسىپلىق بىلەن ناچار مۇھىتقا چىداشقا رازى ئىدىكى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ھاياتلىق شارائىتىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايتتى، تەقدىرنىڭ قانداق بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. شەخسىيەتچىلىك ئۇلارنىڭ يەنە بىر روشەن خۇسۇسىيىتى ئىدى. . . ئىنتىزام، تەرتىپ ۋە نوپۇز-ئابرۇي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇملۇق ھاياتىدىكى چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرى ئەمەس ئىدى» (102) . ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىي چۈشەنچىلەر قۇملۇقتىكى بېدۇئىنلارنىڭ قىزىقىدىغان

خاھىشى ئەمەس ئىدى. «سام خەلقلىرى دىنلىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىلىرى قۇملۇقتا ئەمەس، بەلكى بوستانلىقلاردا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغانىدى. .. بېدوئىنلار دىنغا نىسبەتەن قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ‹قۇرئان›دا ئۇلار ھەققىدە توختىلىپ ‹ئەئىرابىيلەر (كۆچمەن چارۋىچى ئەرەبلەر) نىڭ كۇفرلىقى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ زىيادىدۇر، ئاللا پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر› دەپ ھۆكۈم قىلىنغانىدى» (103).

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلار ھاياتى ئۆز ئەتراپىدىكى قۇملۇق رايونلىرىنىڭ ئەندىزىسىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادە قىلغانىدى. بۇ يەر ئاسىيانىڭ مۆتىدىل بەلباغ تۇزلەڭلىكلىرى، جۇملىدىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونى، ھىندى ۋە گانگ دەرياسى ھاۋزىلىرى قاتارلىق جايلاردىكى تىپىك ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا خاس تېرىم مەدەنىيىتى ئەندىزىسىدىنمۇ خېلىلا پەرقلىنەتتى. ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان، يېتەرلىك يامغۇر-يېشىن ۋە تۇتاش كەتكەن تۇزلەڭلىكلەرگە تايىنىپ تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان، زىلزىلە ۋە داۋالغۇشلاردىن خالىي، يىراقتىكى غايىۋى مەنزىرىلەرگە ئەمەس بەلكى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى رەسىم-قائىدە ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى كۈچەپ تەكىتلەيدىغان، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تارىخىي تۇيغۇنى ئۆز ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى قىلىدىغان، ئۆزىنى ئەزەلدىن دۇنيا ۋە ئالەمنىڭ مەركىزى دەپ قارايدىغان ئىچمايىل مەدەنىيەت ئەندىزىسى بۇ يەر بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايتتى.

بۇ يەر بىرخىل تىپىك بوستانلىق ئەندىزىسىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇلار شەرق تېرىمچىلىرىغا ئوخشاش مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىرلا خىل ئىگىلىك شەكلىگە تايانمايتتى. بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىممۇتلەق سىياسىي تۈزۈلمىگىمۇ چوقۇنمايتتى. سېپىل سوقۇپ، قورشاۋ ھويلا سېلىپ ئۆز كۆڭلىنى خاتىرجەملەندۈرىدىغان تۇرمۇشنىمۇ ياقتۇرمايتتى...

ئۇلار بوستانلىقلاردىكى تېرىم تۇرمۇشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى قىلسىمۇ لېكىن ھەر ۋاقىت تار دائىرىدىكى چارۋىچىلىق ۋە باقمىچىلىقنى تەڭ ئېلىپ باراتتى. بوستانلىقلاردا گاھ گۈللىنىپ، گاھ زەئىپلىشىپ تۇرىدىغان شەھەر-بازارلار بولسا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا-تىجارەتكە تايىنىپ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەيتتى. ئۇلار مەلۇم بىر سىياسىي كۈچ ئاستىدا بىرلىككە كەلسىمۇ لېكىن ھەر قايسى بوستانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىكى ئايرىملىقى ۋە بىر-بىرىگە تۇتاشمايدىغانلىقى سەۋەبلىك ھامان ئۆزلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى نىسبىي مۇستەقىللىقى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى ساقلاپ قالاتتى. بۇ يەردە ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ھەرقايسى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلىپ 30دىن50 نەچچىگىچە ئۇششاق شەھەردۆلەتلىرى قۇرۇلغانىدى. كېيىنچە بۇ سان تەدرىجىي ئازلاپ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەلۇم سىياسىي كۈچلەر تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ لېكىن تاكى قوچۇ ۋە قاراخانىيلار دەۋرىگىچە تامامەن بىر ئورتاق گەۋدىگە ئۇيۇشتۇرۇلمىدى. بۇنداق ھالەت قەدىمكى ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ئەھۋالىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ لېكىن ھىندىچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بۇ يەرگە تامامەن ماس كەلمەيتتى. قەدىمكى يۇنان تەۋەسىدىمۇ ئافىنا، سپارتا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شەھەردۆلەتلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى. ئۇلار فېدېراتسىيە شەكلىدە ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ بىر-بىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانىدى. كېيىنچە بۇ ھالەت رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلىغانىدى. ۋەھالەنكى، قەدىمكى يۇناندىكى شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدا قۇرۇلغان شەھەردۆلەتلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە سىياسىي ئەندىزىسىدە تۈپكى پەرقلەر بار ئىدى. ناۋادا قەدىمكى يۇناندا بىرقانچىلىغان شەھەردۆلەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى غەربچە ئىجتىمائىي ئەھدىنامە ۋە سىياسىي ئەركىنلىكنى كاپالەتلەندۈرىدىغان فېدېراتسىيە تۈزۈمىنىڭ بىخلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارالسا، قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا قۇرۇلغان شەھەردۆلەتلىرى نوقۇل ھالەتتىكى جۇغراپىيىلىك ئايرىملىق ۋە يېتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى، خالاس.

چۈنكى تارىم ئويمانلىقىدىكى غايەت زور قۇملۇق ـ تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگە يۇلتۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلارنىڭ ھەربىرى بىر تەنھا يېشىل ئارال ئىدى. بۇ يېشىل ئاراللارنىڭ ئۆزئارا تۇتۇشۇپ بىرپۈتۈن يېشىل كارىدور ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ياشىغۇچى كىشىلەر پەقەت نوپۇس كۆپىيىپ بوستانلىقنىڭ ھەجمى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان چاغدىلا ئاندىن بوستانلىقنى كېڭەيتىشكە ياكى ئەتراپتىكى قوشنا بوستانلىقلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولاتتى.

دەرۋەقە، تارىم ۋادىسىنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى بوستانلىقلارنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىپ كەلگەنىدى. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە تارىم ئويمانلىقىدا ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنىڭ تۈگەللىنىشى بۇ يەرنىڭ بوستانلىق ھاياتىغا تۈپتىن ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلمىدى، بەلكى شىمالدىن كەلگەن كۆچمەن چارۋىچى ئاھالە ناھايىتى تېزلا بوستانلىق تۇرمۇشىغا يەرلىشىپ ئەسلىدىكى تېرىم ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە داۋاملاشتۇردى. شۇڭلاشقا بوستانلىق مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور تارتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. بۇ يەرگە كۆچكەن ياكى يۆتكەلگەن كۆچمەن يايلاق قەۋملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بوستانلىق خەلقلىرى بىلەن

بولغان مۇناسىۋەت جەريانىدا ئۆزىنى دەڭسىيەلىگەن هامان بوستانلىقلارنىڭ جەلپكار قوينىغا ئەسىر بولاتتى. يېڭى كۆچۈپ كەلگەن جەڭگىۋار ۋە ھەرىكەتچان بىر مىللەت بوستانلىق ۋادىلىرىدىكى ئاھالىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كونترول قىلىسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئۆزلىرى ئەسىر بولاتتى. خۇددى فىلىپ ھىتتى ئېيتقاندەك: «ھەرىكەتچان ۋە كۆچۈپ يۈرىدىغان بىر مىللەت ئولتۇراق مىللەتلەر رايونىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت مەزمۇنىغا مۇئەييەن ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ كېلىشى، قان تىپى ۋە ئىرقى جەھەتتىن ئارلاشما ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنى توپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىش ھەقىقەتەنمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان بىر ھادىسە» (104). شۇڭلاشقا خېلى بۇرۇنلا تۈركلىشىش جەريانى باشلىنىپ مىلادى 9-ئەسىردىكى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن ئۇيغۇرلىشىش جەريانى تاماملانغان تارىم ئويمانلىقىدا ئەسلىدىكى بوستانلىق ئىگىلىكى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە ناھايىتى زور دەرىجىدە ۋارىسلىق قىلىندى. بۇ يەردە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بوستانلىق پىسخىكىسى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭمۇ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى.

قىسقىسى، بۇ يەردىكى بوستانلىق پىسخىكىسى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرۇقلۇقلىرىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئوتتەك قىزىپ تۇرغان چوڭ قۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى كىمخاپتەك بوستانلىقلاردا بىر خىل دۆملەنمە ھالەتتىكى زېرىكەرلىك كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. سانجاق-سانجاق قوم بارخانلىرى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ چاڭقاق ئىستىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ تۇراتتى. كىشىلەر تېنىمسىز ئىشلەيتتى. بوستانلىقلارمۇ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇراتتى. لېكىن تەبىئەتنىڭ تەھدىتى تۈگىمەيتتى. تەكلىماكان تولىمۇ قۇرغاق، ئادەملەر ئاجايىپ چاڭقاق ئىدى . سۇ بولسىلا بوستانلىق پەيدا بولاتتى . بوستانلىق بولىدىكەن ھاياتلىق داۋاملىشاتتى. شۇڭا بۇيەردىكى كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى چەكلىك ھاياتلىق ماكانىدا تۇرۇپ چەكسىز نەرسىلەرنى خىيال قىلاتتى. يىراقتىكى مەنزىرىلەرگە تەلپۈنەتتى، لېكىن ئۆز دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ قۇرغاق ۋۇجۇدى بىلەن تەكسىز روھىي دۇنياسى ئۆزلىرى قۇچاقلاپ ياشايدىغان تەكلىماكان چۆلى بىلەن كۆرۈنمەس روھىي بىرلىك ھاسىل قىلغانىدى. قوللىرى چاك-چاك يېرىلغان، يۈزلىرى ئاپتاپتا مىس رەڭگە كىرگەن، كالپۇكلىرىنى گەز باغلىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بىرخىل تىنىپ كەتكەن چوڭقۇرلۇق ۋە ئۆتمۈشكە تۇتىشىپ كەتكەن چەكسىزلىك ئەكس ئېتەتتى. ئۇلار تەنھا ئىدى. تۆت ئەتراپى قوم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان تار بوستانلىقلاردا ئۆزلىرىنى غېرىبانە سېزەتتى. دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان، تەبىئەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن تۇيغۇ ئۇلارنى قىينايتتى. ئەمەلىيەتتە بوستانلىقلاردىلا ئەمەس بەلكى تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بىر پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىمۇ تەبىئىي ھالدا كىشىگە بىرخىل تەنھالىق تۇيغۇسى بېرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار سىرتتىن كېلىدىغان ھەرقانداق يېڭى ئۇچۇر ۋە يېڭىلىقلارغا قىزىقاتتى، تەلپۈنەتتى ۋە چوقۇناتتى. دىنىي قىزغىنلىق ۋە ئىلاھىي پەلسەپە بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك خاھىشى ئىدى. بۇددىزم ، مانى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ بۇ پىنھان چوڭقۇرلۇقتا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گۈللىنىشكە ئېرىشىشى شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قۇرغاق ۋە چاڭقاق ئىستەكلىرىنى پەقەت سىرتقى غىدىقلىنىش ئارقىلىق سۇغۇرۇشقا كۆنۈككەنىدى. شۇڭا يىپەك يولىنىڭ دەسلەپكى ئۇلىنىڭ ئېچىلىشى ئۇلارنىڭ سىرتتىن ئۇچۇر ئېلىش ۋە ئۆزىنى تولۇقلاش ئىستىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «بوستانلىق ۋادا بولمايدىكەن، يىپەك يولىمۇ بولمىغان بولاتتى. يۇنان تارىخچىسى ھىرودېتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، يىپەك يولىنى ئاخىرقى ھېسابتا بوستانلىق ۋادىلارنىڭ ئىلتىپاتى دېيىشكە بولاتتى» (105). مانا مۇشۇ ۋادىلاردا ياشاپ كەلگەن بوستانلىق خەلقلىرى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈشىدە غايەت زور روللارنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇملۇقلاردىن كېلىدىغان ئىسسىق شامالدىن ۋە بوستانلىقلاردىكى زېرىكەرلىك ھاياتتىن روھىي تىنىدۇرمىسى قاغجىرىغان، ئىلاھىي دوگماتىكا ۋە شەرقچە مېتافىزىكا ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللىي تاپقان ئەمما ھېسسىياتقا ۋە شېئىرىي تۇيغۇغا باي ئىشقىي ھورمۇنلىرى ئويغاق، ۋۇجۇدى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان بۇ كىشىلەر يىپەك يولىدىن تىنىمسىز ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كولدۇرما سادالىرى ئارقىلىق ئۆز روھىي دۇنياسىنى سۇغۇرۇپ كەلدى.

**ئىككىنچى، ئۇرۇغ-قەبىلە مۇناسىۋەتلىرى يىمىرىلگەن، مۇئەييەن «يۇرت»نى ئاساس قىلغان تارقاق ھالەتتىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسى.**

بىر مىللەتنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ھامان ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەرق بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئەندىزىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، پىسخىك خاراكتېر جەھەتلەردىكى ماھىيەتلىك پەرقلەر دەل ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان.

غەربتە بولۇپمۇ ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئانا مەنبەسى بولغان قەدىمكى يۇناندا قانداشلىق ۋە ئۇرۇغ-جەمەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسى بالدۇرلا يىمىرىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ شەھەر دۆلەتلىرىنى مەركەز قىلغان فېدېراتسىيە ئەندىزىسى بىرخىل بېكىك ھالەتتىكى نوقۇل تېرىم جەمئىيىتى ئەمەس، بەلكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن جانلىق سودا جەمئىيىتى ئىدى. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دېڭىز قاتنىشىنىڭ

راۋانلىقى، زور تىپتىكى كۆچمەن ئاھالىلەرنىڭ تىنىمسىز ئولتۇراقلىشىشى بۇ يەردە قانداشلىق شەكلىدىكى ئۇرۇغ-قەبىلە تۈزۈمىگە ئورۇن بەرمىگەنىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلاردا قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا قانۇنىي شەكىل ۋە ئىجتىمائىي ئەھدىنامە ئارقىلىق مۇئەييەن سىياسىي ئەندىزىگە ئۇيۇشقان، ئەمما شەخس، سۇبيېكت ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان دېموكراتىك تۈزۈلمىنىڭ ئۇندۇرمىلىرى شەكىللەنگەنىدى. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرىلا ئارىستوتېل «پولىتىكا» ناملىق ئەسىرىدە، شەرقچە ئىجتىمائىي تۈزۈلمە بىلەن قەدىمكى يۇنان تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇ، يۇناننىڭ شەھەر فېدېراتسىيىلىرىنى قانداشلىق مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان تەشكىلىي بىرلىك ئەمەس، بەلكى ئورتاق مەنپەئەت ئارقىلىق باغلانغان ئىجتىمائىي بىرلەشمىلەرنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقىدۇر، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بەزىلەر يۇناننىڭ شەھەر فېدېراتسىيە سىياسىيئونلىرى شەرقنىڭ خاقان، ئائىلە باشلىقى ياكى قۇلدارلىرى بىلەن ئوخشاش دەيدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ خىل قاراش بىمەنىلىكتۇر» (106).

شەرق خەلقلىرى، جۈملىدىن جۇڭگو ئوتتۇرا ئۈزلەڭلىكى ئاھالىلىرى تىپىك شەرقچە ئىجتىمائىي ئەندىزىگە ئىگە ئىدى. بۇ يەردىكى تۇتاش تۈزلەڭلىكلەر، كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىقلار، نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان تېرىم ئىگىلىكى، مۇقىم، رېتىملىك، زىلزىلىلەردىن خالىي تۇرمۇش غەرب ئەندىزىسىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇلار ئائىلە، نەسەب ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساس قىلغان شەرقچە ھاكىممۇتلەق سىياسىي فورما ياكى قاتلاممۇقاتلام دەرىجەۋە سالاھىيەت تەرتىپىگە بۆلۈنگەن جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ئىچىدە ياشايتتى. ئۇرۇغ-جەمەت بەلگىسىنى ساقلىغۇچى فامىلە ۋە جەمەت نامىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇراتتى. تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ ۋە تېرمىنلار ئاجايىب كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ۋە بىناكارلىق ئىدىيىلىرىمۇ ناھايىتى روشەن ھالدا دەرىجە - سالاھىيەت قارىشى ۋە بېكىك ئەندىزىنى ئىپادە قىلاتتى. ئۇلار ئۆز جەمئىيىتىنى ئىجتىمائىي ئەھدىنامە ياكى قانۇن ئېڭى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇتلەق نوپۇز، مۇستەبىت تۈزۈم ۋە مۇرەككەپ ئەدەب-ئەخلاق مىزانلىرى ئارقىلىق ئىدارە قىلاتتى. ئەجدادلىرى ئۇلاردىن قانچە ئۇزارغانسېرى، سىرلىقلىق تۈسى ۋە ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىمۇ شۇنچە ئېشىپ باراتتى. شۇڭا كۆز ئالدىدىكى ھەننىۋا رېئال مەسىلىلەرنى ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى ئۆلچەم ۋە «مۇقەددەس» دەستۇرلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەل قىلىش، ئىككى كەلىمە سۆزنىڭ بىرىدە قەدىمكىلەرنىڭ ئەقلىيىلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش بۇ يەردىكى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغانىدى. بۇنداق نەسەب ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە «ئەجداد» چۈشەنچىسى مۇقەددەس ۋە دەخلى-تەرۇزسىز ئىدى. «جۇڭگودا بىر كەلىمە ‹مەڭگۈلۈك›، قاغىش سۆزى بار بولۇپ، ئۇ ھەممىشە ‹ئاناڭنى! . . . › سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى. لۇشۈن بۇ خىل تىللاش ئادىتىنى ‹دۆلەت قاغىشى› دەپ ئاتىغانىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە ئادەم تىللىسا شۇ ئادەمنىڭ دەل ئۆزىنى تىللايتتى. لېكىن پەقەت جۇڭگودىلا ئادەم تىللىسا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى تىللىماستىن، بەلكى ‹ئىتنىڭ بالىسى›، ‹ئاناڭنى›، ‹موماڭنى›، ‹ئۇرۇغ-پۇشتۇڭنى› . . . دېگەن سۆزلەر بىلەن ئەجدادلىرىنى تىللايتتى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دەرىجە -سالاھىيەت تۈزۈمى ئاستىدا، مەزكۇر ئادەمنىڭ سالاھىيىتى ئۇنىڭ ئۇرۇغ-جەمەتىنىڭ سالاھىيىتى بىلەن ئۆلچىنەتتى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئورنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. سالاھىيەت تۈزۈمى جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇستەقىل كىشىلىك خاراكتېرى ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولغانىدى. باشقىلار ئۇلارنىڭ شەخسەن ئۆزىنى تىللىسا ئۇلار خورلۇق ھېس قىلمايتتى. پەقەت ئۇرۇغ-ئەجدادى-نى تىللىغان چاغدىلا، ئاندىن قەلبىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ھېسسىياتىغا ۋە ئىززەت-غۇرۇرىغا دەز كېتەتتى» (107). مانا بۇ ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پەيلىشى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرتمىقى ئىچىدە يېتىلگەن شەرقچە جەمئىيەت ئەندىزىسى ئىدى.

ھالبۇكى، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ بوستانلىق ئەندىزىسى غەربلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھدىنامە ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگىمۇ، شەرقلىقلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتلەر ۋە نەسەب قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان شۇنداقلا فېئوداللىق ئەخلاقىي مىزانلار قېلىپلاشقان جەمئىيەت فورمىسىغىمۇ ئوخشىمايتتى.

بۇ يەردە ھەر قايسى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان كىچىك تىپتىكى شەھەر دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ غەربچە فېدېراتسىيە ۋە دېموكراتىك ئىدىيە تۈرەلمىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى شەھەر دۆلەتلىرى يۇنان ۋە رىم فېدېراتسىيىلىرىدەك مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئەھدىنامە گەۋدىسىگە ياكى ھەر بىر ئىجتىمائىي بىرلىك ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان سىياسىي بىرلەشمىگە ئۇيۇشمىغانىدى. بۇ يەردىكى بوستانلىقلاردا سودا-تىجارەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا ئىگىلىك شەكىللىرى تەڭ مەۋجۇد بولسىمۇ، لېكىن تېرىم ئىگىلىكى يەنىلا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. شەھەر دۆلەتلىرى ۋە بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆزاقچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى، ئەمەلىيەتتە جۇغراپىيىلىك ئايرىملىق ۋە يېتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ يەردىكى شەھەرلەر نوپۇسى ئاز، تەرەققىياتى ئاستا، بوستانلىقلارغا ئەگىشىپ تېنىمسىز يۆتكىلىپ تۇرىدىغان، سېپىل ۋە

توپا تاملاردىن سىلىنغان كىچىك-كىچىك يۇرتلار ئىدى. ئۇلار ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، دېڭىز سودىسى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، بازار رىقابىتى ئارقىلىق ئۆز گۈللىنىشىنى يېتەكلەيدىغان يۇنان شەھەرلىرىگە ئوخشىمايتتى. قەدىمكى يۇنان شەھەرلىرىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئابستراكت مۇلاھىزىلەر كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىپ، ھىپوكراتىنىڭ ئاتوم نەزەرىيىسى، ئەپلاتوننىڭ غايىۋى دۆلىتى، ئارىستوتېلنىڭ سىياسىي پولىتىكىسى، پېرىكلىسنىڭ جۇمھۇرىيەت نۇقتىئىنەزەرى بەس-بەستە شەرھىيلىنىۋاتقان چاغدا، تارىم ئويمانلىقىدىكى پىنھان بوستانلىقلاردا ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەركەز قىلغان ئىلاھىي ئوي-پىكىرلەر جوش ئۇرۇپ، نازاكەتكە، خىيالىي تۇيغۇغا ۋە رومانتىكىغا تولغان بۇددىزم تام سىزمىلىرى ۋە مۇقام ھادىسىسىنىڭ ئوندۇرمىسى بولغان «ماھادۇر كۈيلىرى» راۋاجلىنىۋاتاتتى.

بۇ يەر جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن بىر پۈتۈن گەۋدە ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ غايەت زور ئويمانلىق ئىچىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلار تارقاق ھالەتتىكى ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنى ھاسىل قىلغانىدى. خۇددى يۇتەيشەن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «قەدىمكى غەربىي يۇرتتا، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىق رايونلىرىداتەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئەتراپتىكى قۇملۇقلار بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان تەنھا بوستانلىقلاردا ياشايتتى. بىر پارچە چوڭ بوستانلىق كۆپىنچە ھاللاردا بىر مۇستەقىل ھاكىمىيەتنى شەكىللەندۈرەتتى. گەرچە ھەرقايسى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن جۇغراپىيىلىك ئايرىملىق ھامان سىياسىي جەھەتتىكى بۆلۈنمە ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. شۇ سەۋەبتىن غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بوستانلىقلار ئىچىنىك قاتلام ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك پەرقلەرنى شەكىللەندۈرگەن» (108). قەدىمكى چاغلاردىلا تارىم ۋادىسىدا چوڭ جەھەتتىن قۇمۇل-تۇرپان ئويمانلىقىنى ئاساس قىلغان شەرقىي گىرۋەك مەدەنىيەت تۈپى، كۇچا-ئاقسۇنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ۋە شىمالىي گىرۋەك مەدەنىيەت تۈپى ۋە قەشقەر-يەكەن-خوتەننى مەركەز قىلغان غەربىي ۋە جەنۇبىي گىرۋەك مەدەنىيەت تۈپلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. مۇشۇ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت تۈپى ئىچىدە يەنە نەچچە ئونلىغان كىچىك بوستانلىقلار-ۋە يۇرتلار بارئىدى. مىلادى 9-ئەسىردىكى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن تامامەن ئۇيغۇرلاشقان بۇ ۋادىدا يەنىلا ئاۋۋالقى تارقاق ھالەتتىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسى-داۋاملاشتى ۋە يەنىمۇ قېلىپلاشتى.

شۇندىن باشلاپ بۇ يەردە يىراق شەرق تۈزلەڭلىكلىرىدىكى تىرىم ئەندىزىسىگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا قانداشلىق مۇناسىۋەت بويىچە بۆلۈنگەن ئۇرۇغ-قەبىلە تۈزۈملىرى تېزلىكتەيىمىرىلدى. ھەرقايسى بوستانلىقلاردىكى تىرىم ھاياتىغا كۆنۈككەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ شىمالىي قۇملۇق دەۋرىدىن قېپقالغان ئۇرۇغ-قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق شەھەرلەشكەن تىرىم مىللەتلىرى قازاق، قىرغىز قاتارلىق چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغان تۈركىي قەۋملىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇرۇغ-قەبىلە ناملىرىنى ئەمەس بەلكى ھەر قايسى يۇرت ۋە شەھەرلەرنىڭ نامىنى قوللىنىدىغان بولدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ تىللىرىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز-ئاتالغۇلار بارغانسېرى ئازىيىپ، ئاددىي فورمىغىلا مەركەزلەشتى. رۇس تۈركولوگى ن. ئا. باسكاكوف بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازدى: «قازاقلار تېخى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇرۇغ-قەبىلە تۈزۈمىنى ساقلاپ كەلگەن. ۋەھالەنكى ئۆزبېكلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۇرۇغداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئاللىقاچان تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاق، قاراقالپاق، ئالتايلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇغ-قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇغ ۋە قەبىلە تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم يۇرت ياكى شەھەرگە قارىتىلغان نام-ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ» (109).

ھەر قايسى بوستانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن چوڭ قۇملۇقلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرۇشى ئۇيغۇر مىللىتىدە تەدرىجىي ھالدا كۈچلۈك «يۇرت» قارىشىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ «يەتتە ئەجدادىغىچە ئېسىدە تۇتۇش» تەك ئۇرۇغ-جەمەت ئۇدۇمىنى ئۇنتۇپ، ئۈچ ئەۋلادتىن بورۇنقى نەسەبىگە ئانچە ئېسىلىپ كەتمەيدىغان بولدى. بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا تار مەھەللىۋىي يۇرت قارىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. 16-ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلامىيەت ئېتىقادى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە ئومۇملاشقاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان يۇرت ئەنئەنىسى ۋە ئايرىم مەدەنىيەت پەرقلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋەردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە چوڭ جەھەتتىن نىسبىي ھالدا ئورتاق مەدەنىيەت گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان، لېكىن كىچىك جەھەتتىن ھەرقايسى بوستانلىق ۋە يۇرتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنچىكە پىسخىك خاسلىقلىرى بىلەن تارقاق ھالەتتىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ھاسىل قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەندىزىسى شەكىللەندى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ، يىپەك يولى خارابلىشىپ ، تارىم ئويمانلىقى دۇنيا تارىخىنىڭ تاشلاندۇق رايونىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ يەردىكى بوستانلىقلارنىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى ئۈزۈلۈپلا قالماستىن بەلكى ئۆز ئەتراپىدىكى بوستانلىق ۋە يۇرتلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىمۇ زور دەرىجىدە سۇسلىشىپ باردى. مۇشۇنداق تۇرغۇن ھالەت ھۆكۈم سۈرگەن يېقىنقى بىرقانچە يۈز يىللىق تارىخىي جەرياندا قەشقەر بىلەن قۇمۇل بوستانلىقى ياكى كۇچا بىلەن، چەرچەن ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك

دەرىجىدە پىكىر ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنىڭ بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ تەس. ۋەھالەنكى، بۇ يەردىكى ھەر قايسى يۇرت ۋە بوستانلىقلار قانچىلىك دەرىجىدە بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى ۋە ئۆزئارا ئالاقىلىرىنىڭ سۇسلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇنداق ئىككى نەرسە قەتئىي تۈردە ئورتاقلىقى ۋە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلدى: بىرى، ئۇيغۇر تىلى، يەنە بىرى سەنئەت ۋە مۇقام ھادىسىسى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۆز تارىخىدا ھامان بىرلىككە كېلىش ۋە ئورتاق مەدەنىيەت گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇش خاھىشىنى ئىپادىلەپ كەلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا خەنزۇ تىلى نەچچە ئونلىغان دېئالېكت-شېۋىلەرگە بۆلۈنگەن. ھەتتا گۇاڭدۇڭ شېۋىلىرىنى تەرجىمان ئارقىلىق چۈشىنىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن؛ ھىندىستان خەلقى ھىندى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ جاھىل سىستېمىغا زىچ ئۇيۇشۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئوخشىمىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان يۈزدىن ئارتۇق مىللەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ۋەھالەنكى، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارىلىقى بىر-بىرىدىن يىراق بوستانلىقلارغا تارقالغان ئۇيغۇر خەلقى ئوخشاش شېۋە پەرقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى مۇتلەق ساقلاپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئورتاق سېزىمىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. مۇقام ئەنئەنىسى بارلىق يۇرت ۋە بوستانلىقلار ئۈچۈن ئورتاق ھادىسە بولۇپ كەلدى. مەشھۇر تارىخشۇناسىمىز موللامۇسا سايرامى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا يېزىپ تاماملىغان «تارىخىي ئەمنىيە» ناملىق ئەسىرىدە تۇنجى بولۇپ ھەرقايسى بوستانلىق ۋە يۇرتلاردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز-خاراكتېرى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېر تۈزۈلمىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

## 10

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا، ئۇلار ئېتىقاد قىلغان دىنىي ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى شەك-شۈبھىسىزدۇر. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل روھىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، ھەر قېتىملىق يېڭى دىنىي ئىدېئولوگىيىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسى ۋە روھىيەت جۇغلانمىسىدا غايەت زور سەكرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ئۇزاقتىن بۇيان، نۇرغۇن كىشىلەر ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ يۈز يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ زور تالاپەتكە ئۇچراپ غەربكە كۆچكەنلىكىنى ئاساسەن تەبىئىي ئاپەت ۋە يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن بولغان، دەپ قاراپ كەلدى. لېكىن يۇقىرىقى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەردىن باشقا يەنە روھىي ۋە پىسخىكىلىق سەۋەبلەرمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتىمۇ-قانداق؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ مەسىلىدە مانى دىنىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مانى دىنى دەسلەپ ئىراندا مەيدانغا كەلگەن بىرخىل ئارىلاشما خاراكتېرلىق دىن بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتىدا خرىستىيان، قەدىمكى بابىل، يۇنان ۋە ھىندى دىنلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرلىرى بارئىدى. شۇڭلاشقا بۇ دىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ماسلىشىشچانلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن ناھايىتى تېزلىكتە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغانىدى. ئورقۇن خانلىقى تەۋەسىدىكى شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى مانى دىنى بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن تەبىئەت دىنى بولغان شامان ئەقىدىسىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى. شامانىزم قەدىمكى يايلاق تۇرمۇشى كەچۈرگەن كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى، ھېچنېمىدىن يانمايدىغان كۈچلۈكلەر پىسخىكىسىغا تولىمۇ ماسلىشاتتى. چۈنكى پەقەت ھەرىكەتچانلىق، تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرۈش ۋە ھەر ۋاقىت ھەربىي جەھەتتىكى جەڭگىۋارلىق ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان شىمالدىكى ئات ئۈستى ھاياتىدا، تەبىئەت دىنلىرىلا ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۈچتۈڭگۈرلىكىگە قوزغاتقۇچى كۈچ بولالايتتى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە زۆرۈر بولغان ماددىي بۇيۇملارنى «قان تۆكۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەتتى. ئەگەر تەر تۆكۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېرىشسە، بۇ تولىمۇ يۇۋاش-رايىشلىق ۋە ئاجىزانىلىق بولۇپ قالاتتى» (110).

لېكىن مىلادى762-يىلى سوغدىلاردىن بولغان تۆت نەپەر مانى راھىبىنىڭ لوياڭدىن ئورقۇن بويىغا كېلىشى، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ-پىسخىك تۈزۈلمىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇندىن باشلاپ، خۇددى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا ئېيتىلغاندەك: «ئىلگىرى قان تۆكۈپ، ھايۋانات ئۆلتۈرۈپ ئوزۇقلىنىدىغان بۇ خەلق ئەمدىلىكتە سەي-كۆكتات ۋە ئۇن-گۈرۈچ تائاملىرى يەيدىغان بولدى؛ ئىلگىرى قانلىق قىرغىنچىلىقلار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بۇ جايدا، ئەمدى ياخشىلىق ۋە رەھىمدىللىكنىڭ نۇرى چاقنايدىغان بولدى...». سوغدى راھىبلىرى دەسلەپ مانى دىنىنى تارقىتىشقا باشلىغان چاغداقاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغانىدى. لېكىن كېيىنچە يۇقىرى قاتلام ئىچىدە ھىمايىگە ئېرىشتى. ھەتتا ئۇيغۇر قاغانىنىڭ شەخسەن ئۆزىمۇ مانى دىنىغا بولغان مايىللىقىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئاخىرىدا «قاغان تۆت نەپەر مانى راھىبى بىلەن ئىككى كېچە-كۈندۈز سۆھبەتلەشتى. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ئالتۇن تاجىسىنى تاقاپ تەختكە ئولتۇرغاندا

چەكسىز ئازابلاندى، ۋۇجۇدى تەۋرەندى، قەلبىدە گويا مۇھىم بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئاڭگىراش ۋە ئارسالدىچىلىق ئىچىدە ئۇزاققىچە قىينالدى. كېيىن قاغان چوڭ تىپتىكى ئوردا يىغىلىشى ئۆتكۈزدى ۋە مانى راھىبلىرى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزگۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈندى. .» (111) . شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا مانى دىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلدى. نەتىجىدە، پۈتكۈل ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەقىدە سىستېمىسى ۋە دىنىي ئىدېئولوگىيىسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. خۇددى بارتولد ئېيتقاندەك: «دىن تارقىتىش ساھەسىدە ، سوغدىلارنىڭ تۈركىي قەۋملەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ھىندى-ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك بولدى» (112) . مانى دىنى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن سوغدىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن بولغان سودىسىنى كونترول قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئەمەلىي تەسىر كۈچى ئاجىزلىشىپلا قالماستىن، بەلكى مانى دىنىنىڭ پەيلىشى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ پىسخىك خاراكتېرىدە رەھىمدىللىك، تىنچ-ئاسايىشلىق، يۇۋاش-يۇمشاقلىقتا بولغان ئىچكى مايىللىق بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. بۇنداق پىسخىكىلىق يۇمشاقلىق شىمالىي يايلاقلاردىكى كۈچلۈكلەر جاھان سوراپ، ئاجىزلار شالىنىپ تۇرىدىغان ، ھەربىي جەڭگىۋارلىق ۋە ھەرىكەتچانلىق ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان شەرت-شارائىت بىلەن ئەسلا چىقىشالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مانى دىنى جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى قاتتىق چەكلەيتتى، بۇ ھال يايلاق ھاياتىدىكى جەسۇر، ئۇرۇشقا ماھىر ۋە كۈچتۈڭگۈر مىللىي روھ بىلەن سىغىشالمايتتى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەنمۇ ماسلىشالمايتتى» (113) . دىنىي ئىدېئولوگىيە ۋە پىسخىك تۈزۈلمىدىكى بۇنداق كەسكىن بۇرۇلۇشلار ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قەدەممۇقەدەم تەۋرىتىپ باردى. شۇنداقلا 840-يىلدىكى سىياسىي تراگېدىيىنىڭ ئىچكى تۆرەلمىلىرىنى پەيدا قىلدى. ھەتتا ئۆز دەۋرىدىكى ئەرەب تارىخچىلىرى ۋە سەيياھلىرىمۇ مانى ۋە بۇددىزم ئەقىدىلىرىنىڭ تۈركىي قەۋملەرنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ئاجىز ۋە يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەرنى قالدۇردى. مىلادى 869-يىلى ۋاپات بولغان ئەرەب يىلنامىچىسى جەھىز توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى جەڭگىۋار ۋە چۇس خاراكتېرىنى يوقاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بەردى (114) .

دېمەك، مانى دىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پىسخىكىلىق ياتلىشىش شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئات ئۈستىدىكى كۆچمەن تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ روھىي خاھىشلىرىنى سىغدۇرالايدىغان تېرىم ھاياتىغا يەرلىشىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە تارىم ئويمانلىقىدا تارىخىي خاراكتېرلىق چوڭ قوشۇلۇش يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا مانى ۋە بۇددىزم ئەقىدىلىرىنىڭ ئاياللىق نازاكىتىگە تويۇنغان، شەرقچە مېتافىزىكىلىق خىياللار بىلەن پىنھان ئازابلارغا چىرمالغان، زىلزىلە ۋە ئەرلىك قەھر-غەزەپلەردىن خالىي، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش باشلاندى. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئەمدى قۇيۇندەك ئۇچقۇر ئارغىماقلارغا مىنگەن قەھرىمانلار ھەققىدە ئېپوسلارنى توقۇمايدىغان، تاش بالباللار ئەتراپىدا گۈلخان يېقىپ، ناخشا توۋلاپ، ئەسەبىيلەرچە پىرقىرىمايدىغان ، كۆك بۆرە ھەققىدە گۈزەل رىۋايەتلەرنى ئېيتمايدىغان بولدى. بەلكى مانى ئىلاھىغا بولغان «تۆۋانامە» لەرنى يادلاپ، بۇددساتىۋا ھەققىدىكى خىيالىي ھېكايىلەرگە مەپتۇن بولىدىغان ، ئاچ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تېنىنى يەم قىلىپ بەرگەن ۋە «نىرۋانا» مەنزىلىگە يەتكەن شاھزادە ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن زوق ئالىدىغان بولدى.

بۇنداق ھالەت مىلادى10-ئەسىرگىچە - تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋەكلىرىگە ئىسلام نۇرى يېتىپ كەلگىچە داۋاملاشتى. ھەتتا ئويمانلىقنىڭ شەرقىي گىرۋىكىدىكى تۇرپان-قۇمۇل رايونلىرىدا 15-، 16-ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلدى. شۇڭلاشقا «غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قارايدىغان ، ياكى غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەمەس دەيدىغان قاراشلار ئىلمىي پوزىتسىيىگە زىت بولۇپلا قالماستىن ، تارىخىي رېئاللىقىمۇ ئۇيغۇن ئەمەستۇر» (115) .

دەرۋەقە، ئىسلامىيەت ئېتىقادى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە پىسخىك جۇغلانمىسىغا غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىسلامىيەت ئېتىقادىدىن كېيىنكى مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ھاسىل قىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە پەلسەپىدە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر يارىتىلدى شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالتۇن دەۋرلەر مەيدانغا كەلدى. ھالبۇكى، ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيە تارىخىدا شۇ نەرسە ئايانكى، ھەرقانداق بىر دىنىي ئىدېئولوگىيە، ھەرقانداق بىر روھىي ئەندىزە ھەرقايسى دەۋرلەردە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلمىسا ۋە دەۋر ئېقىمىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرمىسە ، ھامان قاتماللىق ۋە زەئىپلىشىشتىن خالىي بولالمايدۇ. 15-ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تاشقى جەھەتتىن يېتىم، ئىچكى جەھەتتىن مالىمانچىلىق ئىچىدە قېلىشى تارىم

ئويمانلىقىنىڭ غەربلىكىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ باردى. ئىسلام شەرقىدىكى تىنىمسىز مەزھەبچىلىك كۆرەشلىرى، دىن بىلەن سىياسىينىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، خوجا-ئىشانلارنىڭ تەركىدۇنياچىلىق تەرغىباتلىرى، بارغانسېرى يامراۋاتقان دىنىي پەتىۋاچىلىق ۋە غەيرىي ئىسلامىي ئادەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى غۇۋالاشتۇرۇپ، دەۋر تەرەققىياتى بىلەن تەڭ قەدەمدە ماڭالمايدىغان قىلىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت پىشىكىسىدا نەۋائىيدىن كېيىنكى500يىللىق پاجىئە يۈز بەردى.

ۋەھالەنكى، شەرق چۈشكۈنلىشىشكە باشلىغان ئاشۇ دەۋرلەردە، مىڭ يىللىق ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن خرىستىئان ياۋروپاسىدا جىددىي دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. گېرمانىيىلىك مارتىن ليۇتېر (1446 ـ 1583) «گىگانت شەخسلەرنىڭ گىگانت دەۋرى» بولغان ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئۇلۇغۋار پىكىر ئېقىملىرىدىن ئىلھاملىنىپ، رىم پاپاسى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ چاڭگىلىدا خالىغانچە سۇيىئىستېمال قىلىنىۋاتقان خرىستىئان دىنىغا بولغان كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھات تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە يېڭى خرىستىئان دىنى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مارتىن ليۇتېر قوزغىغان دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى كونا بىلەن يېڭى دەۋر ئالمىشىش ۋوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقان خرىستىئان ياۋروپاسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى ناھايىتى تېزلىكتە، رۇم پاپاسىنىڭ تىزگىنىگە چۈشۈپ قالغان ھەرقايسى ئەل مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ۋە يېڭىدىن ئويغىنىۋاتقان مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ياۋروپا تەپەككۇرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ، پارتلاش خاراكتېرلىق ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىشىگە ۋە كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئىدىيىۋى شارائىت ھازىرلىدى. ماكس ۋېبېر «يېڭى خرىستىئان دىنى نەزەرىيىسى ۋە كاپىتالىزم» ناملىق ئەسىرىدە، يېقىنقى زاماندىكى كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنىڭ بىخلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ياۋروپانىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى قىممەت قارىشى يېڭى دىنىي شەكىلدە، ھەر بىر شەخسنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئىدىيە ۋە ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى، دەپ كۆرسەتتى. مارتىن ليۇتېر قوزغىغان دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋە يېڭى خرىستىئانىزم تەلىماتلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن شەرھىلەش مۇمكىن:

بىرىنچى، مارتىن ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى «ئىنجىل» نى شەرھىلەش ھوقۇقىنى دىنىي جەمئىيەتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ئۇ، رىم پاپاسى ۋە چېركاۋلاردىكى ئىلاھىيەت ئىنىستىتۇتلىرىنىڭ «ئىنجىل» نى شەرھىلەشتىكى مۇتلەق ھوقۇقىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى ئەركىن ۋە ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈشنى ۋە دەۋر روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ، «خۇدانىڭ مۇقەددەس سۆزلىرى ھامان دىنىي جەمئىيەتنىڭ پەتىۋالىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» (116) دەپ جاكارلىدى.

ئىككىنچى، پاپا ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ جىسمانىي جازا ۋە زورلۇق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق غەيرىي دىندىكىلەرنى ۋە دىندىن گۇمانلانغۇچىلارنى جازالىشىغا ياكى مەجبۇرلىشىغا قارشى تۇرۇپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ۋە ئىلمىي مۇنازىرە ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ، كەسكىنلىك بىلەن: «ئىلمىي مۇلاھىزە ۋە مۇتالىئە ئۇسۇلى ئارقىلىق غەيرىي دىندىكىلەرنى قايىل قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئوتتا كۆيدۈرۈشتەك ۋەھشىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارنى تىزگىنلىمەسلىك كېرەك. ئەگەردە ئوتتا كۆيدۈرۈپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۇسۇلىنى بىر خىل ئۇلۇغۋار تاكتىكا دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇچاغدا جاللاتلار دۇنيادىكى ئەڭ بىلىملىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالامدۇ! ؟» (117) دەپ كۆرسەتتى.

ئۈچىنچى، ئۇلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە چەك قويۇشىغا ۋە ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، سودا-سېتىقتىكى رىقابەت دىنىي ئەھكاملارغا خىلاپ ئەمەس، پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى چىقىرىش سودا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى شۇنداقلا ھەققانىي ئىش دەپ قارىدى. بۇ تەشەببۇسلار يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كاپىتالىستىك سودا-سانائەتتە رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بەردى.

تۆتىنچى، ئۇلار شەخس بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتى بىۋاسىتە ۋە دائىملىق بولۇپ، ئوتتۇرىدا ۋاسىتە تەلەپ قىلمايدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبى خۇدا بىلەن مەڭگۈ تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئىخلاسمەنلەر-نىڭ دىنىي جەمئىيەت، چېركاۋ ۋە پوپ قاتارلىقلارنى ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاسىتە دەپ قارىشى توغرا ئەمەس دەپ قارىدى.

بەشىنچى، ئۇلار «جەننەت» ۋە «دوزاخ» مەسىلە-سىدە ھەرقانداق بىر ئىنسان خۇدانىڭ تاللىشىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ. خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئۇسۇلى يەكشەنبە كۈنى چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىش ۋە باشقا دىنىي مۇراسىملارغا قاتنىشىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ قەلبى خۇدا بىلەن بىۋاسىتە تۇتاشقان بولۇپ، ئۇ، بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىسە، تىرىشچان، ئىقتىسادچان ۋە ھەرىكەتچان بولۇپ، ياخشى ئىگىلىك تىكلىسە، شۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىۋېرىدۇ، دەپ قارىدى.

دېمەك، ياۋروپادا 16-ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى، ياۋروپالىقلارنىڭ رۇم پاپاسى ۋە چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئىنسان قىممىتىنى قايتا بايقىشىغا، تەپەككۇر ۋە پىكىر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشىغا شۇنىڭدەك كاپىتالىستىك سودا-سانائەت ۋە بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە

بولدى. ياۋروپادا دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن كېيىن جىددىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان قىممەت قارىشى ۋە پىكىر ئىنقىلابى تەبىئىي پەنلەردىكى پارتلاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە زېمىن ھازىرلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربتە مەيدانغا كەلگەن مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق ئىدىيىلىرىدىن ئۈزۈلكېسىل قۇتۇلۇپ، دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمىگە قەدەم قويۇشىغا، شەخسنىڭ قىممىتى، مەنپەئەتى ۋە ئىززەت-غۇرۇرى تەكىتلىنىدىغان ۋە قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان جەمئىيەتكە ئۆتۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. نيۇتون، دېككارت، بېكون، روك قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەبىئىي پەنلەردىكى پارتلاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى دېدرو، مونتېسكيو، روسسو، ۋولتېر قاتارلىق ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇرلار قوزغىغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىگە ئاساس ياراتتى. روك، ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق كۈچنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۆرسەتمىسى ۋە ئىرادىسى بويىچە ياشىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە خۇدانىڭ ھۆكۈمەتنى تەسىس قىلىشى ئادەملەرنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى توسۇش ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، خەلقنىڭ بۇ مۇقەددەس ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىشى زۆرۈر دەپ قارىدى. مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ئۆز دەۋرىدىكى فرانسىيىنى ياۋروپا دېموكراتىك ئىدىيىلىرىنىڭ بۆشۈكىگە ئايلاندۇردى. خۇددى 19-ئەسىردە ئۆتكەن فرانسىيە تارىخشۇناسى ئالېكس توكوۋېل ئېيتقاندەك: «ئۇزاقتىن بۇيان فرانسۇزلار ياۋروپادىكى بارلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەدەبىي تالانتى ئەڭ كۈچلۈك مىللەت بولۇپ كەلگەندى. ئەدىبلەر فرانسىيىدە ئەزەلدىن 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكىدەك بۇنداق روھنى ئىپادىلەپ باقمىغان شۇنداقلا بۇنداق مۇھىم ئورۇنغا ئېرىشىپ باقمىغانىدى. شۇنداق، بۇنداق ئەھۋال فرانسىيىدىلا ئەمەس ، بەلكى باشقا ئەللەردىمۇ ئەزەلدىن يۈز بېرىپ باقمىغانىدى» . (118) . مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىنسان قىممىتى، كىشىلىك ھوقۇق، سىياسىي ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلەر ھەققىدىكى مەردانە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۆز دەۋرىدىكى ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ۋە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. 1776-يىلى ئېلان قىلىنغان ئامېرىكا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نىڭ بىرىنچى جۈملىسى مۇنداق دەپ باشلاندى: «بىز تۆۋەندىكى ھەرقايسى ماددىلارنى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت دەپ قارايمىز: ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا تەڭ-باراۋەردۇر. ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىمىز ئۇلارغا تۇغما ھوقۇقلارنى، يەنى ياشاش، ئەركىنلىككە ئىگە بولۇش ۋە بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھوقۇقلىرىنى ئاتا قىلغان. ھۆكۈمەت مانا مۇشۇ مۇقەددەس ھوقۇقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. شۇڭا ھۆكۈمەت پەقەت خەلقنىڭ ھىمايىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدۇ» (119) . 1791-يىلى ئېلان قىلىنغان فرانسىيە پارلامېنتىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» دىمۇ مۇنداق بايانلار يېزىلدى: «خەلق ھوقۇقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەڭگۈ باراۋەر بولۇشى كېرەك» (120) . «ھۆكۈمەت تەشكىللەشنىڭ مەقسىتى خەلقنىڭ تەبىئىي ھوقۇقلىرىنى ، يەنى ئەركىنلىك، مال-مۈلۈك، بىخەتەرلىك ھەمدە ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇش ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈندۇر» (121) .

دېمەك، يېقىنقى زامان ياۋروپاسى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى، دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى، يېڭى دېڭىز يوللىرىنى ئېچىش، جۇغراپىيىلىك بايقاش، سانائەت ئىنقىلابى، مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى، رومانتىزم ۋە تەنقىدىي رېئالىزم ئېقىملىرى، ھەرقايسى ئەللەردە يۈز بەرگەن بۇرژۇئا ئىنقىلابلىرى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىزمى ۋە چېركاۋ پەلسەپىسىدىن ئادا-جۇدا بولۇپ، يىپيېڭى بىر دەۋر ئاچقان چاغدا، شەرق خەلقلىرى دەۋردىن تولىمۇ ئارقىدا قالغانىدى. كۈندىن كۈنگە زەئىپلىشىۋاتقان ئىسلام شەرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غېرىبلىقىنى ھەر قەدەمدە كۈچەيتىپ بېرىۋاتاتتى. گەرچە جامالىددىن ئافغانى (1839 ـ 1897) قاتارلىق زاتلار «غەرب دۇنياسى پەقەت مارتىن ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن كېيىنلا ئاندىن ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويدى. ئىسلام دىنىمۇ چوقۇم ئىسلاھات يولىنى تاللىشى كېرەك (122) دېگەن چاقىرىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى ئەمەلىي قوللاشقا ئېرىشەلمىدى شۇنداقلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئىسمائىل غاسپىرالى، مۇسا جارۇللا قاتارلىق تاتار زىيالىيلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان «مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى» ـ جەدىتىزم ھەرىكىتىمۇ ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ئويغىنىشىغا خېلى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل مىللەتنىڭ يېڭى تارىخى دەۋردىكى ئومۇمىي پىكىر ئېقىمىغا ئايلىنالمىدى.

شۇنداق، بۇ يەردە ئوكيان كېچىپ، دېڭىز ئاتلاپ يېڭى جۇغراپىيىۋى بايقاشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئىمكانىيەت بولمىدى؛ پار ماشىنىسى ياساپ سانائەت دەۋرى ئاچىدىغان تەبىئىي پەن مۆجىزىلىرى مەيدانغا كەلمىدى؛ ئىنساننىڭ قىممىتى، ئىززەت-غۇرۇرى، ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇق-مەنپەئەتى تەكىتلىنىدىغان ھەمدە قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمىمۇ بەرپا بولمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ يەردە ئىسلام ماھىيىتىگە زىت بولغان شەرھىي-پەتىۋا-چىلىق، روھىي مەھكۇملۇق، ئىچكى تەپرىقىچىلىق ۋە سىياسىي يېتىملىك ھۆكۈم سۈردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۈتكۈل مىللەتنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇن مۇھىتتا ئاستا-ئاستا

قىرىدى ۋە ئىجادىيەت ئىلھامىدىن مەھرۇم قالدى. پۈتكۈل دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەندە ، دەۋردىن تولىمۇ يىراقتا قالغان تارىم ئويمانلىقى ئۆزىنىڭ «ئەسھابۇل كەھف» تىكى ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەردى.

## 11

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك تارىخىي قىسمىتى ۋە مەنىۋى ھاياتى ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن تېخى تەلتۆكۈس يورۇتۇلمىدى. ياۋروپا ئويغىنىشىدىن كېيىنكى بەش يۈز يىل غەرب دۇنياسى ئۈچۈن ئاجايىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بۈيۈك جەريان ھېسابلانغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۈچۈن مەدەنىي ھاياتنىڭ پەلەمپەيسىمان چېكىنىش دەۋرى بولدى.

ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئۆزىنىڭ بىر مەھەللىك جۇشقۇن ئېقىمىدىن كېيىن ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ كەتتى. نەۋائىينىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرى ئارقىلىق تىكلەنگەن پىكىر تاكامۇللىقى قايتا مەيدانغا كېلەلمىدى. ئۇلۇغبېكنىڭ سەمەرقەنتتىكى رەسەتخانىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئاجايىپ ئاسترونومىيىلىك بايقاشلار ، ھىندى تۇپرىقىغا يۈرۈش قىلغان بابۇرنىڭ ئات ئۈستىدىكى تارىخىي ئەسلىمىلىرى، ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھىراتتىكى ھەيۋەتلىك قەسرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدىبلەر مۇھاكىمىلىرى ، بېھزادنىڭ رەسساملىق مەكتىپى ۋە شەرق داستانلىرىغا ئىشلەنگەن مىنياتوراسىزمىلىرى ، مىرزا ھەيدەر، خاندەمىر، دۆلەتشاھ سەمەرقەندىي قاتارلىق تارىخچىلارنىڭ ئىلمىي ۋە تارىخىي ئىزدىنىشلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى تارىخىنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى ئىچىدە تۈگەللەندى. بۇ ھال ياۋروپا ئويغىنىشى بىلەن تەتۈر تاناسىپ ھاسىل قىلغانىدى. خۇددى ئۆزبېك ئالىمى مۇزەپپەر خەيرۇللايېف ئېيتقاندەك: «مەيلى قايسى ئەلدە بولمىسۇن، ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم خىسلىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ دەۋردە ئىنساننى قاتمال دىنىي ئەقىدىلەر سىرتمىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەھسۇلى بولغان ئەقلىي مەۋجۇدات سۈپىتىدە ئۇنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلەش ۋە گۇمانىستىك پرىنسىپلارنى ھەر جەھەتتىن ئاساسىي مەۋقەگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش - جەمئىيەت مەنىۋى ھاياتى تەرەققىياتىنىڭ باش مەزمۇنىغا ئايلىنىدۇ. بۇ كۈرەشتە قەدىمكى مىراسلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىي ۋاسىتىلەر سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. نەۋائىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 15-ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرقى ئەسىرى بولدى دېيىش مۇمكىن. چۈنكى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەر يەرلىك فېئودال كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى، دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ كۈچىيىشى بىلەن خاراكتېرلەندى» (123) .

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا ئۆز ئۆتمۈشىگە تامامەن ئوخشىمىغان مەدەنىيەت چۈشكۈنلىشىشى باشلاندى. ماۋەرەئۇننەھر ۋە پەرغانە ئويمانلىقىدا شەيبانىخان باشلىغان سىياسىي داۋالغۇشلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدا يۈز بەرگەن قوغلاندى «خوجا» لار پاراكەندىچىلىكلىرى بۇ رايوننىڭ تاكى ئەسىرىمىزگىچە داۋاملاشقان ئىچكى تىنچسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولۇشى، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىشى جەريانىدا كۆرۈلگەن مەنىۋى يوقىتىش ۋە روھىي كرىزىسلار شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ پەسكويغا يۈزلىنىشىدىن كېلىپ چىققان «قىزىل رەقەم» بۇ يەردىمۇ روي بەردى. نەۋائىي ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىنسانىيەت تەپەككۇر خەزىنىسىگە يېڭى پىكىر ئىنقىلابى تەقدىم ئېتەلمىدى، ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدا جۇش ئۇرغان يېڭى دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى. شۇندىن تارتىپ، ئۇلار پەقەتلا ئالدىنقىلار تەييارلىغان مەنىۋى تائاملارنى قايتا-قايتا چاينىدى، كۆشىدى ۋە تامشىدى، خالاس!

شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىككى قېتىملىق يۇقىرى باسقۇچى (دەسلەپكىسى 9-، 12-ئەسىرلەر بىلەن كېيىنكىسى 14-، 15-ئەسىرلەر) جەريانىدا ئېرىشىلگەن مەدەنىيەت گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ياندىشىقان بەدىئىي ئىجادىيەت ئەندىزىسى كېيىنكى زامانلاردا يېڭىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. كېيىنكىلەر ئەمدىلىكتە ئاشۇ دەۋرنىڭ جۇشقۇن ئېقىمى تىكلەپ بەرگەن كلاسسىك مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ مەدداھ ۋە ۋەزخانلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئالدىنقىلارنى بېسىپ چۈشكىدەك يېڭى پىكىر ۋە ئۇسلۇب يارىتالمىدى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلىيەلەيدىغان ئۇلۇغۋار پەلسەپىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى، ئىنسان قىممىتى ۋە ئەقلىي كامالىتى ھەققىدىكى دادىل ئىزدىنىشلەرنى ئۆز مۇلاھىزىلىرىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلالمىدى. . . شۇنداق، ئۇلار پەقەتلا ئالدىنقىلارغا چوقۇندى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى تەكرارلىدى، ئۇسلۇبىنى كۆچۈردى، تەقلىد قىلىپ يازدى. قىسقىسى، ئۇلار پەقەت ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ بۈيۈك ئەللامىلىرىگە تالىب ، سۆز-ئىبارىلىرىگە كاتىب بولالىدى، خالاس!

شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بۈيۈك سەركەردىلىرىدىن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي، نىزامى گەنجىۋىي ، مەھمۇد قەشقەرىي ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق ئەدىب ۋە ئالىملار ئۆز دەۋرىدىلا ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىنسانىيەت پىكىر تارىخىدا مەڭگۈلۈك قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە بولالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەنىدى. خۇددى گېگىل ئېيتقاندەك: «ھەقىقىي ئۆلمەس بەدىئىي

ئەسىر ھەرقانداق دەۋر ۋە ھەر قانداق مىللەت ئۈچۈن ئورتاق بەھرىلەنگىلى بولىدىغان مەڭگۈلۈك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولىدۇ» (124) . دەرۋەقە، بۈيۈك كلاسسىكلار ئۆزلىرىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى بۇرچىنى تولۇق ھېس قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېپيېڭى پىكىرتەلقىنلىرىنى ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلدى. ئۇلار ئۆز ئىستىبداتىغا ، تالانت ۋە تەپەككۇر يېڭىلىقلىرىغا قاتتىق ئىشەندى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىزدىنىشلىرى ۋە ئەسەرلىرىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچى ئۆز خەلقىنىڭ ۋە شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭمۇ ئىشەنچى بولۇپ قالدى. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي ئۆزىنىڭ ئىگانت ئەسىرى «شاھنامە» ھەققىدە:

كۆپ ئالىي قەسىرلەر بولۇپتۇ خاراب،
ئۇرۇپ قار-يامغۇر، شامال ۋە ئاپتاپ.
شېئىرىي مىسرادىن پۈتتى بىر جاھان،
ئۇنى ئەسلا ئۆرەلمەس شامال ۋە بوران.
ئوتتۇز يىل مېھنەتۇ زەخمەتتە قالدىم،
فارسىيدا ئىراننى تىرىلدۇرۇۋالدىم.
سۆزۈمدىن جەننەتتەك بېزەلدى جاھان،
مەندىن ئاۋۋال كىم يازغان، قاچان؟
مەن ئەسلا ئۆلمەسمەن، مەڭگۈ ياشارمەن،
ئېيتقان ھەر سۆزۈمدە قايتا ياشارمەن (125) .

دەپ يازسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ، يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

پۈتۈن تۈرك، چىن، شەرق ئېلىدە دېمەك،
بۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك.
بۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئەۋۋەل،
كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكنى دەل؟
كىم ئولسا بۇنىڭدەك يازارمۇ، قېنى؟
يازغۇچى بار بولسا، مەن ماختاي ئۇنى (126) .

مەھمۇد قەشقەرىيمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلاردىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تىللىرى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ئورناپ كەتتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم. ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دەپ ئات قويدۇم» (127) .

ئەمدى 15-ئەسىردىكى بۈيۈك شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە» سىنىڭ ئىككىنچى داستانى «فەرھاد - شېرىن» نىڭ خاتىمىسىدە:

نىزامى ئالسا بەردەئى بىرلە گەنجە،
قەدەم رۇم ئەھلىغە ھەم قىلسا رەنجە.
چېكىپ خىسرەۋ داغى تىغى زەباننى،
يۈرۈپ فەتىھ ئەيلەسە ھىندۇستاننى.
يانا جامى ئەجەمدە ئۇرسا نەۋبەت،
ئەرەبدەداغى چالسا كوسى شەۋكەت.
ئەگەر بىر قەۋم گەر يۈز، يوقسە مىڭدۇر،
مۇئەييەن تۈرك ئۇلۇسى خۇد مېنىڭدۇر.
ئالىبمەن تەھتى فەرمانىمغە ئاسان،
چىرىك چەكمەي خىتادىن تا خۇراسان.
كۆڭۈل بەرمىش سۆزۈمگە تۈرك جان ھەم،
نە يالغۇز تۈرك، بەلكىم تۈركمەن ھەم (128) .

دەپ يازىدۇ ۋە نىزامى گەنجىۋىي ئۆز «خەمسە» سى بىلەن پۈتكۈل رۇم ئەھلىنى ، خىسراۋ دېھلىۋىي ھىندى دىيارىنى، ئابدۇراھمان جامى ئىران ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىنى بويسۇندۇرسا، مېنىڭ «خەمسە» م پۈتكۈل تۈرك ئۇلۇسىنى، جۈملىدىن بىر چېرىك تارتماي تۇرۇپ جۇڭگودىن خوراسانغىچە بولغان زېمىنلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ دەيدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شەرق ئويغىنىش دەۋرىدىكى بۈيۈك كلاسسىكلىرىمىز ناھايىتى دادىللىق بىلەن ئۆزىگە ۋە ئىجادىي تالانتىغا بولغان يۈكسەك ئىشەنچىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شۇنىڭغا يارىشا مەڭگۈلۈك ئەسەر يارىتالىدى. لېكىن نەۋائىي ۋاپاتىدىن كېيىن قايسىبىر ئەدىب ۋە شائىرىمىز ئۆز ئىجادىغا بولغان مۇنداق يۈكسەك ئىشەنچىنى ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلىيالىدى؟ قايسىبىر يېقىنقى زامان كلاسسىكلىرىمىز ئۇلارنى بېسىپ چۈشكىدەك بەدىئىي ئەسەر ۋە پەلسەپىۋى پىكىر يارىتالىدى؟

شۇنداق، نەۋائىيدىن كېيىن ھېچكىم شەرق ئويغىنىش دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرلاردەك جاراڭلىق ۋە مەردانە سۆزلىيەلمىدى. يېڭى پىكىر ئىنقىلابى يارىتالمىدى. ئۇلار ئەل فارابىنىڭ، ئىبنى سىنانىڭ، فىردەۋسىينىڭ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋە نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدىن چاچراپ چىققان پىكىر تامچىلىرىنى گەز باغلىغان لەۋلىرىگە سېلىپ ئۇزاققىچە شۈمىدى. تارىم گىرۋەكلىرىدىن پەرغانە ۋە ئارال دېڭىزىغىچە بولغان ئۇزاق چۆللۈك زونىدا - بوستانلىقلاردا، كارۋان سارايلىرىدا، دەڭ-راباتلاردا، يېزا-قىشلاقلاردا ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان زېرىكەرلىك كەيپىيات ھۆكۈم سۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيا چۈشكۈنلەشكەن ئەشۇ ئۇزاق جەرياندا، يېڭىلىقى ناھايىتى ئاز بولغان ئىجادىي ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار پەقەتلا ئالدىنقىلاردىن قالغان ئەنئەنىۋى تېمىلار - چىن شاھزادىسى، ئىسكەندەر سېپىلى، ئەرمەن مەلىكىسى، ئىران پادىشاھى، ھىندى گۈزىلى، يۇنان ھەكىمى، رۇم مەلىكىسى، ئەرەب خەلىپىسى، تۈرك قوشۇنى، مىسىر پىرئەۋنى. . . توغرىسىدىكى ھېكايىلەرگە تەقلىد قىلدى، كۆچۈردى ۋە ئەندىزە يازدى، خالاس. ئۇلارنىڭ ئالدىنقىلاردىن سۈيئىستېمال قىلىنغان يار، مەي، گۈل، بۇلبۇل، ساقى قاتارلىق مەجازىي ئوبرازلاردا ئىپادە قىلىنغان ھېس - تۇيغۇلىرىمۇ مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان دەرد-ھەسرەت ۋە شىرىن ئازابلار بىلەن سۇغۇرۇلدى. نەۋائىيدىن

كېيىن «خەمسە» يېزىشقا ياكى «خەمسە» تەركىبىدىكى ئايرىم داستانلارغا نەزىرە يېزىشقا تۇتۇش قىلغان يۈزلىگەن قەلەمكەشلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئالدىنقى تۆت بۈيۈك خەمسە نەۋىس («خەمسە» يازغۇچى) - نىزامى گەنجىۋىي، خۇسراۋ دېھلىۋىي، ئابدۇراھمان جامىي، ئەلىشىر نەۋائىيلارنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىگە يېتەلمىدى. نەۋائىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى «سەرۋ گۈللىرى ئارىسىدىكى خەس ياكى ماتادەك چېنىپ قالدى» (129). ھەتتا بىزنىڭ بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز «نەۋائىي ‹خەمسە›سى ۋە جامىينىڭ ‹يەتتىلىكى›، دىن ھەر جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ» (130)، «خەمسچىلىك تارىخىدا ھەقىقەتەن يېڭىلىق ۋە ئورىگىناللىق ياراتقان» (131) دەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن ئابدۇرېھىم نىزارىي قاتارلىق 19-ئەسىردىكى كلاسسىكلىرىمىزنىڭ داستانلىرىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە نەۋائىي تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە نەۋائىينىڭ ئىزىدىن ماڭغان. گەرچە نىزارىي، غېرىبىي قاتارلىقلارنىڭ 19-ئەسىر تەلىپىگە خاس ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرسەكمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇلارنى نەۋائىينىڭ بەدىئىي مىتۇدىدىن ئېشىپ چۈشكىدەك يېڭىلىق ياراتالىدى دېيەلمەيدۇ. بۇ تەرىپىنى نىزارىي ئۆزىمۇ ئوچۇق ئېيتقان:

بۇلار ۋەسفى تەتۋىل خەمسەدە،
ھەمە سۆزى نەفسىل ئىرور خەمسەدە.
كى مۇجمەل بەيان ئەيلەدۇك قەدرى ھال،
نەزەر سالغان ئەل بولماسۇن دەپ مالال (132)

(مەنىسى: بۇلارنىڭ تەرىپى نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىدە ئۇزۇن بايان قىلىنغان، ھەممە سۆز تەپسىلىي ئېيتىلغان. بىز بۇ داستاننى ئوقۇغان ئادەمگە يېنىك بولسۇن ئۈچۈن قەدرىئەھۋال قىسقا بايان قىلدۇق)

ئۇندىن باشقا نىزارىي يەنە ئۆزى ھەققىدە يازغان بايانلاردا، نەۋائىي ۋە جامىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ:

نەۋائىي پىرىمنىڭ گەداسى بولۇب،
يەنە جامىنىڭ جان فىداسى بولۇب.
جەۋاھىرلارىغە سالىبمەن نەزەر،
تاقىب ئاندا ھەر بىرىنى ئوتلۇق گەۋھەر (133)

دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى، جۈملىدىن نەۋائىي دەۋرىدىن كېيىن، ياۋروپادا پارتلىغان يېڭى پىكىر ئىنقىلابىنىڭ ئەكسىچە تەپەككۇر ۋە ئىجادىي ساھەدە قەدەممۇقەدەم چېكىنىش يۈز بەردى. گەرچە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۈزۈلۈش بولمىغان، يەنىلا نۇرغۇن ئەسەرلەر يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى، بەدىئىي ماھارىتى، پىكىر سىزىمى ۋە ئېستېتىك قىممىتى ئالدىنقىلار تىكلەپ بەرگەن ئىجادىيەت رامكىسىدىن تامامەن چىقىپ كېتەلمىدى. بۇ ئۇزاق جەريان ئەنئەنىۋى پىكىر فورمىسىنىڭ بىرخىل ئۇنىسىز رەۋىشتە داۋاملىشىشى، ئاللىقاچان قېلىپلاشقان ئېمىلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە تەكرار-تەكرار يېزىلىشى، مەدداھلارنىڭ تۈگىمەس چاچراندىلىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن جەڭنامە پارچىلىرىنىڭ قايتا-قايتا ھېكايە قىلىنىش جەريانى بولدى.

قىسقىسى، مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە - غەرب ئەللىرى يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن ئەشۇ ئۇلۇغۋار دەۋردە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم بوستانلىقلىرى ئۆز كەلگۈسىنى يارىتىشتىكى ئەڭ ھالقىلىق پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قالدى. يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا ئالاقىلىرىدىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكىنى كۈنسايىن كۈچەيتىپ باردى. خۇددى گاۋىن ھامبىلى ئېيتقاندەك: «16-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە بارمايلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرجەھەتتىن چۈشكۈنلۈك قاينىمىغا كىرىپ قېلىشى ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ قالدى» (134). شۇندىن باشلاپ پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىدىكى نەچچە ئونلىغان تەنھا بوستانلىقلار ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ تۇرغۇن ۋە ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋرگە قەدەم قويدى. ئۇلار دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدىن تامامەن ئايرىلغان ھالدا، مەڭگۈ بىر يۆنىلىشكە قاراپ چۆرگىلەيدىغان ئەبجەق - كونا تۈگمەنگە ئوخشاپ قالدى. ئىشق سەۋداسىغا گىرىپتار بولغان شاھ مەشرەپ مەنسۇر ھەللاجى (؟ - 988) نىڭ «ئەنەلھەق» سۆزىنى تەكرارلىغانلىقى ئۈچۈن قۇندۇزدا دارغا ئېسىلدى. زەللى تارىم ۋادىسىنى پىيادە كېزىپ چىقىپ ئەل-يۇرتنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىدىن قان-ياش تۆكتى. موللابىلال نازىمى تېگى-تەكتى نامەلۇم ئاشۇ بىرتوپ خوجا-ئىشانلارنىڭ ئاۋام خەلققە كەلتۈرگەن سۇرۇقچىلىقلىرى ۋە ئالدامچىلىقلىرىدىن شىكايەت قىلدى:

ئىشتىپ خوجام كەلگەننى غازىلار،
كى ئىخلاس ئېتىپ قىشباز باردىلار.
خوجاملار قولىنى قىلىشىپ تاۋاب،
زىيارەت قىلىشىپ، ئالىشىپ ساۋاب.
كى نۇرغۇن كىشىدىن ئالالا چىقىپ،
يۈرەك يارغۇدەك شارى-غەۋغا چىقىپ.
تامام چوڭ-كىچىكلەر قىلىپ ئاھۇ-زار،
ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ بولۇپ بىقارار...
خوجامنىڭ تونىنى ئۈزۈپ تويمادى،
ئۈزۈپ تىرمالاپ ھېچ پۈتۈن قويمادى (135).

موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ سەزگۈر كۆزەتكۈچىسى ۋە تارىخچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىچ-باغرى زەرداپقا تولغان زەئىپ كەيپىياتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. دەرۋەقە، ئاشۇ ئۇزاق جاھالەتلىك يىللاردا بەدەخشان ۋە قوقان تەرەپلەردىن جان باقالماي ئۆزى بىلەن بىللە سىرلىق پەتىۋالارنى يۈدۈپ، دىيارىمىزغا ئېقىپ كىرگەن ئاشۇبىرتوپ «پىر»، «ئەۋلىيا»، «خوجا» ۋە ئاتالمىش «پەيغەمبەر پۇشتلىرى» تارىم ئويمانلىقىدا ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي تەلەپ ۋە تۇيغۇلارنى بەربات قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. ئۇلار ھەتتا

ئاۋام خەلقنى سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش، دېھقانچىلىق قىلىش، ناخشا-ئۇسسۇللاردىن بەھرىلىنىش، توي قىلىش، پەرزەنتلىك بولۇش قاتارلىق ئەڭ ئاساسلىق ئىنسانىي تۇرمۇش ئۇسسۇللىرىدىن بەزدۈرۈپ، تەركىدۇنيالىق ۋە روھىي مەھكۇملۇق سىرتمىقى سېلىشقا ئۇرۇنغانىدى. بۇنداق چېكىدىن ئاشقان پاسسىپ مەنىۋى كەيپىيات ۋە ئەقىدە كىرىزىسى پۈتكۈل دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن يېقىنقى دەۋردە يۈز بەرگەنىدى. شۇڭلاشقا موللا مۇسا سايرامى بىر تارىخچىغا خاس نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇنداق دەپ يازىدۇ:

يەنە دېھقانچىلىق ئىشاندىن ئارتۇق،
يەنە «ھۇ-ھۇ» دېگەن زىكرىدىن ئارتۇق.
ھەممە ئىشان، ئەرەبىي، سەئىد دېگەنلەر،
يەنە ھەججى مۇجاۋۇرى ھەرەملەر.
يەنە كەلتۈرگەنى ھەم كەئبە تۇفراق،
يەنە موئى مۇبارەك، شەددى بايراق.
كېچەلەرى ئۇيۇماي «ھۇ-ھۇ» نى ئېيتىپ،
يەنە چىللە ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىپ.
ئۆزىنى كۆرسەتىپ پىرى ھىدايەت،
ۋە لېكىن ئازدۇرۇپ يولدىن زەلالەت.
يەنە ئېيتىپ خىتاب قىلغان نەسىھەت،
«ساڭا قىلماس نەتىجە بۇ زىرائەت،
زىرائەتنى قويۇپ «ھۇ-ھۇ!» دېگەيسەن،
ھەممەنى تاشلاپ تەرك ئەتكەيسەن».
مۇخالىپتۇر دېگەن سۆزى شەرىئەت،
بۇ سۆزنى تىڭلاماي قىلىڭ زىرائەت (136).

موللا مۇسا سايرامى ئۆز دەۋرىدىكى تارىم بوستانلىقلىرىدا يۇرتمۇيۇرت قاتراپ، ئۆزىنى «پىر»، «ئەۋلىيا» ئاتاپ، ھەر تەرەپتە مۇرىت توپلاپ، ئاۋام خەلقنى تەركىدۇنياچىلىققا ۋە روھىي قۇلچىلىققا سۆرەۋاتقان ساختىپەز «ئىشان»لارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام روھىغا تۈپتىن زىت بولغان قىلمىشلىرىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. ئۇ يەنە دېھقانچىلىق قىلىپ، زىرائەت تېرىپ تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ياشاش ھوقۇقىنى قولدىن بەرمەسلىك، ئىنسان سۈپىتى بىلەن تۇرمۇش خۇشاللىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلار ساختا ئىبادەت ۋە ئاتالمىش «ئەۋلىيا»لارغا مۇرىت بولۇپ، مازار-ماشايىقلاردا تۈنەپ يۈرۈشتىن كۆپ ئەۋزەل ۋە ساۋابلىق دەپ كۆرسەتتى:

مۇۋاپىق شورۇئى قىلسە گەر زىرائەت،
زىرائەتتىن يوقتۇر ئۇلۇغ ئىبادەت.
ھەممە ئىشان تەمەئدىن خالى ئېرمەس،
يەنە ئۇچبۇر رىيادىن خالى ئېرمەس
بۇ كۈندە نەفسىغە قۇل ھەممە ئىشان.
قەيەردە نەفسىنى ئۆلتۈرگەن ئىشان؟
تافىلماس خالىس ئىشان مىسلى ئەنقا،
ئۆزىنى مەخفىي تۇتۇپ كۆرسەتمەس ئەسلا.
شەرىئەت شاھراھىدا رۇست يۈرەلمەي،
تەرىقەت تەيىدە نىچۈك يۈرەلگەي؟
بۇ ئىشانلار ھونۇز تۇتماي شەرىئەت،
شەرىئەتنى قويۇپ كىرەر تەرىقەت.
بۇلاردا فەزىلدە بىرنەرسە يوقتۇر،
زەھى ئالدامچى نەفس ئاۋارىسىدۇر.
تەمەئىنىڭ دۇكانىنى قۇرۇپ ئىشان،
رىيانىڭ رەختلىرىنى تىزىپ ئىشان.
يىغىپ ئادەم قىلىپ سۆھبەت ئالالا،
ھەممە تەسبىھ زىكرى خاھى ئىللەللا.
بۇ قىلغان ماجرادىن مۇددىئافول،
يەنە «ھۇ-ھۇ!» دېگەندىن ئىددىئا فول (137).

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر، جۈملىدىن تېمۇرىيلەر سەلتەنىتى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئۇزاق دەۋرلەردە مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى جۇغلانمىسىدا تەدرىجىي خوراش ۋە چېچىلىش يۈز بەردى. بۇنداق بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان، تۇنجۇققان، گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان دەۋر تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلدى. نەتىجىدە ئۆز روھىي مۇۋازىنىتىنى ھامان سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ رادىئاتسىيىلىرىدىن تەڭشەپ ئۆگەنگەن بۇ تارقاق بوستانلىقلار دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن يېتىم ھالەتتە قېلىپ، مىللىي كەيپىياتتىكى دۇملەنمە ھالەتنى شەكىللەندۇردى. بۇنىڭ بىلەن كىچىك جەھەتتىن بوستانلىقلار دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان، چوڭ جەھەتتىن تارىم ئويمانلىقىدىن ھالقىيالمايدىغان، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى سەگىتىش پۇرسىتىگە زادىلا ئېرىشەلمىگەن تەنھا، يېتىم پىسخىك مۇھىت ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. بۇنداق چېكىدىن ئاشقان بۇرۇقتۇرما ھالەت ئەقلىي سېزىمنى كۇنسايىن خورىتىپ، ئۆز روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى ئۇ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى جۇغلانمىسى بىلەن تۇتۇپ تۇرالمايدىغان، يىراقتىكى غايىۋى نەرسىلەر ھەممىشە مۇقەددەس ۋە ھەممىگە قادىر كۆرۈنىدىغان بىر پاسسىپ كېلىماتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەدەخشان، قوقان ۋە بۇخارا تەرەپلەردىن خۇرجۇنىغا لىققىدە پەتىۋا يۈدۈپ، «پەيغەمبەر پۇشتى»لىرىنىڭ نامىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، دىيارىمىزدا قانچىلىغان پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاتالمىش «خوجا»، «ئىشان»لارنىڭ سۇرۇقچىلىقلىرى دەل مۇشۇنداق پاسسىپ ئىچكى كېلىماتتا يۈز بەرگەنىدى. يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، ھەمىشە ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا قادىر بولالمىغان، بىرخىلدا تۇرۇۋەرگەن ۋە ئىچكى ۋېنتىلىرى كونىراپ، چىرىپ، قېرىپ كەتكەن بۇ جەمئىيەت گويا دېڭىز تېگىدىكى تىنىپ كەتكەن چۆكمىدەك دۇنيا سەھنىسىدىن غايىب بولدى. شۇنداق، ئۇلار دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېقىمىدىن سىقىپ چىقىرىلدى، تارىخنىڭ پاراۋۇزى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى. ئىنسانىيەتكە ئوت ئوغرىلاپ بەرگەن پرومېتى كافكاز تاغلىرىغا پولات زەنجىر بىلەن بەنت قىلىنىپ يۈرەك-باغرى تازقارىنىڭ چوقۇپ يېيىشىگە تۇتۇپ بېرىلگىنىدەك، يىپەك يولىدا رابات ۋە كارۋان سارايلىرى قۇرۇپ، شەرق ۋە غەربتىن كەلگەن ھەرخىل ئىرقتىكى كىشىلەرنى قارشى ئالغان تارىم بوستانلىقلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىمۇ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تارىخ تەرىپىدىن تەكلىماكان چۆلىنىڭ سىرلىق سۈكۈناتىغا دەپنە قىلىنىۋېتىلدى ۋە ھەر ياقتىن كەلگەن، يالتىراق كىيىملىك سېھىرگەرلەرنىڭ

سىرلىق ئەپسۇنلىرىدىن ئەس-ھوشىنى يوقاتتى.

ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئالگ فورماتسىيىسى ۋە پىسخىك خاراكتېرى جىددىي يېتىلىۋاتقان يېقىنقى زامان تارىخ مۇساپىسىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىغاھەر ياقتىن ئۇسۇپ كىرگەن جاھالەت پەرىلىرىنىڭ ئەپسۇنلىرىدىن سېھىرلەنگەن بۇ بەختسىز خەلق بىھوشلۇق ئىچىدە ئۇلۇغۋار تارىخىي پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدى. 15-ئەسىردە ياۋروپادا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە قارشى كەسكىن پىكىر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلغان چاغدا، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى تۈگەللىنىپ، چاك-چېكىدىن پارچىلانغان بۆلۈنمە ۋەزىيەت ۋە تىنچسىز كەيپىيات ھاسىل بولغانىدى؛ 1649-يىلى ئەنگلىيىدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلىپ، فېئوداللىق مۇستەبىتچىلىككە خاتىمە بېرىلگەن، بۇرژۇئازىيە «شەرەپلىك ئىنقىلاب» ئارقىلىق 1688-يىلى تولۇق سىياسىي سەھنىگە چىققان چاغدا، تارىم ئويمانلىقىدا «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» خوجىلار ئۆزئارا ئۇستۇنلۇك تالىشىپ، قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشىۋاتقان، ئافاق خوجا غالداننىڭ قولى ئارقىلىق «تۈگمەن چۆرگىلىگەندەك قانلارنى تۆكۈپ» («تەزكىرەئىي خوجىگان»)، 1682-يىلى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغانىدى؛ 1789-يىلى رانسىيىدە بۈيۈك ئىنقىلاب يۈز بېرىپ جۇمھۇرىيەت كلەنگەن، «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» باكارلانغان، ئامېرىكىدا بولسا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبە قىلىپ دېموكراتىك قانۇن - تۈزۈم تىكلەنگەن بىر شارائىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا جاھالەتلىك دەۋر ئەۋجىگە يەتكەنىدى؛ 1848-يىلى گېرمانىيىدە ياۋروپادا پارتلىغان بۈيۈك ئىنقىلاب نەتىجىسىدە كەسكىن سىياسىي بۇرۇلۇش ھاسىل بولغان، ياپونىيىدە 1853-يىلىدىن كېيىن ساماۋى پادىشاھ «ئەمدى بىز ئۈچۈن قەدىمكى ئەنئەنىگە چۈشىلىپ ئولتۇرۇش، دەۋر روھىنى خاتا چۈشەنگەنلىك بولىدۇ» دەپ مېنجى يېڭىلىقىقا كۆچۈش ھەرىكىتىنى قوزغىغان چاغدا، ۋەلىخان تۆرە قەشقەردە ئادەم كاللىسىدىن مۇنار ياساۋاتاتتى...

دېمەك پۈتكۈل دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە كەسكىن ئويلىنىۋاتقان، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەۋاتقان، تەپەككۇر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئەقلىيلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان چاغدا، تارىم ۋادىسىدىكى تەنھا بوستانلىقلاردا بىرخىل بۇرۇقتۇرماھالەتتىكى دۇملەنمە ھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بۇنداق جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن خالىي، مەنىۋى ئېنېرگىيىسى چىرىگەن، گويا توختام سۇدەك تۇرغۇن كەيپىيات بىر قانچە ئەسىر داۋاملاشقاندىن كېيىن، مىللىي روھتا تازىلىغىلى بولمايدىغان كېسەللىك باكتېرىيىلىرىنى ئۇندۇرۇپ قويدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مىللىتىمىز ھازىرقى زامان مىللىتىگە ئايلىنىش ۋە ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيە جۇغلاش جەريانىدىن مەھرۇم قالدى. ياۋروپادىكى ئىككى بۈيۈك مىللەت ـ فرانسۇزلار بىلەن گېرمانلار ھازىرقى زاماندىكى دۇنياۋى تارىخىي مىللەتكە ئايلىنىش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 100يىلدىن 200يىلغىچە تەپەككۇر ئىسلاھاتى ۋە ئەقلىي ئېنېرگىيە جۇغلاش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. فرانسۇزلار 18-ئەسىردىكى رۇسسو، دىدىرو، مونتېسكيۇ ۋە ۋولتېر قاتارلىقلار قوزغىغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى نەتىجىسىدە، ئۈزلۈكسىز پىكىر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز دەۋرىدىكى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىسلاھاتىدىكى چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. فرانسۇز ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى پۈتۈن دۇنيا بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ كۆزى بولۇپ قالدى. گېرمانلار بولسا «تېپىك پەلسەپە مىللىتى» (138) ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر ئىسلاھاتىنى فرانسۇزلارنىڭ ئەدەبىي ھەۋىسىگە ئوخشىمىغان ھالدا، پەلسەپىدىن باشلىدى. تەمكىن ۋە سوغۇققان خاراكتېرغا ئىگە گېرمانلار فرانسىيىدىن باشلانغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدىن ئىلھاملىنىپ، پەلسەپە پەنلىرىدە پارتلاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. «1750-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە گېرمانىيىدە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلاردىن ـ شائىر گيۇتې ۋە شىللېر، پەيلاسوپ كانت ۋە فېشتلار دۇنياغا كەلدى، 20 يىلدىن كېيىن گېرمانىيىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ ۋە مېتافىزىك گېگېل تۇغۇلدى» (139). 100 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە گېرمانىيىدە ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ۋە رەڭگارەڭ پەلسەپە سىستېمىلىرى تۇرغۇزۇلدى شۇنداقلا گېرمانىيە دۇنيا پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسى بولۇپ قالدى. ھېنرىخ ھېينى بۇ ھەقتە ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق دەپ يازدى: «گېرمانىيە كانت ئارقىلىق پەلسەپە ئالەمىگە كىرىپ كەلدى شۇنداقلا پەلسەپىنى مىللەتنىڭ كەسپىي ئىشىغا ئايلاندۇردى... بىر توپ زېرەك مۇتەپەككۇرلار گويا سېھىردىن پەيدا بولغاندەكلا گېرمانىيە تۇپرىقىدا تۇيۇقسىز كۆزگە كۆرۈنۈپ چۇقان سېلىشتى» (140).

دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدا تامامەن باشقىچە بىر ھالەت داۋام قىلغانىدى. تەپەككۇر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ ئەقلىي كامالەت ئىزدەيدىغان، يېڭى تارىخىي دەۋرگە ئۆتۈش ئۈچۈن روھىي ئېنېرگىيەجۇغلايدىغان زۆرۈرىيەت بۇ يەردىكى بوستانلىق جەمئىيەتلىرىنىڭ كۈنتەرتىپلىرىگە قويۇلمىغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دەۋرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئىچىدە ئالاقزادىلىك بىلەن چالا-پۇلا سەگىدىگەن مىللىتىمىز گويا كالتسىي ماددىسى كەم بوۋاقتەك تېنەپ-تەمتىرەپ يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلدى. 20-ئەسىر ئۇلار ئۈچۈن ھەم ئۇلۇغۋار، ھەم ئازابلىق بىر ئەسىر بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ئەسھابۇل كەھف»تىكى 500يىللىق ئۇيقۇسى ئۈچۈن ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىدى. تېڭىرقاش، چۆچۈش، سەگىدەش ۋە تىرمىشىش ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتىيۇ، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقاتتى. قانچىلىغان بوران-چاپقۇنلاردا گويا دېڭىز دولقۇنلىرى ئىتتىرىپ قىرغاققا چىقىرىپ قويغان قۇلۇلە قېپىدەك تەنھا

قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاشۇ ھاياتلىق دېڭىزىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلار ئۆز-ئۆزى، ئۆز كېلەچىكى ۋە ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان چاغدا، مۇشۇ ئەسىرمۇ خاتىمىسىگە باش قويىدى.

## 12

ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتىمىز! مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان ئۇزاق ئۆتمۈشنى ئەسلىمەكچى بولدۇق، ئۆتمۈش ئۆتۈپ كەتتى، بۈگۈنكى رېئاللىق ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، كەلگۈسى چەكسىزلىككە سوزۇلغان! . . .

20-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە - كەلگۈسى يېڭى ئېرانىڭ تەسەۋۋۇرى تۈزۈلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك پىسخىك چۆكمىلەرنى ئېچىپ كۆرۈشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇق.

تارىم ئويمانلىقىغا دۈملەنگەن روھ قايتا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، ئەمدى ئاۋالقى نەچچە ئون يىلدا تىكلەنگەن قىممەت قارىشىمىز كەسكىن تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. پۈتكۈل روھىي دۇنيايىمىز يېڭى ئېرانىڭ سۈر-ھەيۋىسى ئالدىدا گويا رادىئو دولقۇنلىرىدەك مۇرەككەپ ۋە گىرەلەشمە تۇيغۇغا ئەسىر بولدى. . . بىز كىم، نەگە بارىمىز، نەدە توختايمىز؟ . . .

مانا بۇ يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر خەلقنىڭ مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئىچىدىكى مونولوگى ئىدى!

يېڭى ئېراغا ھالقىيدىغان مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغۋار دەقىقىدە، بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىمىز بىلەن ھەم پارلاق، ھەم ئازابلىق ئۆتمۈشكە بىر قېتىم قايتىش ۋە ئۇنىڭ خاتىرىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئىش بولمىسا كېرەك.

شۇنداق، ئۆتمۈش گۈزەل، ئۇنىڭ باغرىغا بىر مىللەتنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بارلىق خۇشاللىقلىرى يوشۇرۇنغان. شۇڭا بېلىنىسكىي ھاياجان بىلەن: «قەدىمكى جەمئىيەت نەقەدەر دىلبەر! ئۇنىڭ ھاياتىدا جىمىكى ئۇلۇغلۇق، ئالىيجانابلىق، جاسارەت ۋە ئۇرغۇ بار، چۈنكى بۇ ھايات - شەخسنىڭ غورۇرى، قەدىر-قىممىتىگە دەخلىسىزلىك ئاساسىغا قۇرۇلغاندۇر» (141) دەيدۇ.

ئۆتمۈش ئازابلىق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر مىللەتنىڭ ئىگە يىغىسىدىن باشلانغان جىمى رىيازەتلىرى، بەختسىزلىكلىرى ۋە يوقىتىشلىرى يوشۇرۇنغان. شۇڭا ھېرمان ۋامبېرى «ئۆتمۈشى غوۋا مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ غوۋا بولىدۇ» (142) دەيدۇ.

ئەنەشۇ چەكسىزلىككە سوزۇلغان، ھەم گۈزەل، ھەم ئازابلىق ئۆتمۈش قوينىدا مىللىتىمىزنىڭ روھىي تۈزۈلمىسى ۋە پىسخىك جۇغلانمىسى شەكىللەنگەن. دەرۋەقە، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزگىچە خاس مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئىپادە قىلغان پىسخىك ئەندىزىسى مۇرەككەپ ۋە كۆپ قاتلاملىققا ئىگە. ئۇنى مەدەنىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە، سەنئەت، ئېستېتىكا، پىسخولوگىيە، ئانتروپولوگىيە ، تارىخشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيە قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپمۇ ياكى ئانا دىيارىمىزغا قوشنا بولغان بىرقانچىلىغان مەدەنىيەت تىپلىرى بىلەن سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىش جەريانىدىمۇ شەرھىيلەش مۇمكىن.

يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا، ئۆز ئۆتمۈشى ، ھازىرى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە قايتا تەپەككۇر قىلىشقا شۇنداقلا ئۆز-ئۆزىنى قايتا تونۇشقا مەجبۇر بولىۋاتقان مىللىتىمىزگە تەنەپپۇسلۇق سوۋغا ياكى ئەسلەتمە سۈپىتىدە يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزنى تەقدىم قىلدۇق. بايقىغان ۋە ھېس قىلغانلىرىمىز تارىم ئويمانلىقىغا دۈملەنگەن پىسخىك تىندۇرمىمىزنىڭ سىرتقا چاچراپ چىققان بىر تامچىسى، خالاس. ئۇنىڭ سىرلىق ئىچكى ئېقىمى ۋە كۆرۈنمەس ھۆجەيرىلىرىنى كەلگۈسىدە يەنە پۇرسەت تېپىپ داۋاملىق كۆزىتىمىز! . . .

## ستاتا مەنبەلىرى


(1) يۇتىيە نخباڭ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 189-بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1985-يىل نەشرى.

(2) ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، 254-بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى.

(3) ب. گ. غاپۇروف: «مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات، قا مۇقەددىمە» - «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»، 1987-يىل 1-سان.

(4) ھېرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ۋە ماۋەرائۇننەھر تارىخى» - «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى ، تاشكەنت، 1990-يىل 3-سان.

(5) يۇتىيە نخباڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 3-، 4-بەت.

(6) يۇقىرىقى كىتاب، 5-، 6-بەتلەر

(7) جياڭشاڭ بوفۇ (ياپونىيە): «ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتلىرى»، 13-بەت، «نۇر گېزىتى» نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى.

(8) پرىكس: «ھون پادىشاھى ئاتتىلا بىلەن بىللە غىزالىنىش» - «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1993-يىللىق 1-سانغا قاراڭ.

(9) جياڭشاڭ بوفۇ: «ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتلىرى»، 9-بەت .

(10) «بېلىنىسكىينىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى قاراشلىرى»، 214-بەت، يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى1958-يىل نەشرى.

(11)، (12) گېگىل: «ئېستېتىكا»، 3-جىلد، 2-توم، 131-، 108-بەتلەر، سودا نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى.

(13) ئىندوس. گ. شاستىرى (ھىندىستان): «ئېپوس دەۋرى» - «جىنىياڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»90-يىللىق 4-سان29-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

(14) «نىبېلۇنگېن ناخشىسى»، كىرىش سۆز قىسمىغا قاراڭ. خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، بېيجىڭ 1984-يىل نەشرى.

(15) ماكېندى: «تارىخنىڭ جۇغراپىيەۋى تۈگۈنلىرى»، 46-بەت، سودا نەشرىياتى1985-يىل نەشرى.

(16) يې شۈشيەن: «قەھرىمان ۋە قۇياش»، 16-بەت، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى

(17) لۇشۈن: «جۇڭگو ھېكايىچىلىقىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى» - «لۇشۈن ئەسەرلىرى ئومۇمىي توپلىمى» 9-توم، 303-بەت، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى1981-يىل نەشرى.

(18) «گېرمان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ جۇڭگو ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، 135-بەت، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى.

(19) ياۋباۋشۈەن: «دۇنيا ئېپوسلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈگۈنلىرى» - «جىنياڭ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990-يىللىق 4-سان

(20)، (21)، (22) گېگېل: «ئېستېتىكا»، 3-جىلد2-توم، 170-، 108-، 109-بەتلەر. سودا نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى.

(23) كارل ماركس: «(سىياسىي - ئىقتىساد ئىلمىگە تەنقىد)كە مۇقەددىمە»، خەلق نەشرىياتى1981-يىل نەشرى.

(24) گېگېل: «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيىلەر»، 4-توم231-بەت، سودا نەشرىياتى1981-يىل نەشرى.

(25)، (26)، (27) گېگېل: «تارىختىكى ئەقلىيلىك»، 65-، 67-، 72-بەتلەر.

(28) گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 269-بەت، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى 1956-يىل نەشرى.

(29) گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 123-بەت.

(30)، (31) يۇقىرىقى كىتاب، 124-بەت.

(32) يۇقىرىقى كىتاب، 133-بەت.

(33)، (34) يۇقىرىقى كىتاب، 144-، 148-بەتلەر.

(35)، (36) يۇقىرىقى كىتاب، 134-بەت.

(37) يۇقىرىقى كىتاب، 131-، 132-بەتلەر.

(38) گې جيەنشيۇڭ: «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش - جۇڭگو تارىخىدىن كۆرسەتمىلەر»، 114-بەت، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى1994-يىل نەشرى.

(39) گېگېل: «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيىلەر»، 1-توم95-بەت.

(40)، (41)، (43)، (44) گې جيەنشيۇڭ: «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش - جۇڭگو تارىخىدىن تەرمىلەر»، 19-، 17-، 18-، 19 -، 20-بەتلەر.

(42) گاۋيابياۋ/ۋۇدەنماۋ: «مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا»، 149-بەت، جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنەشرىياتى شىركىتى1988-يىل نەشرى

(45) گې جيەنشيۇڭ: «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش - جۇڭگو تارىخىدىن كۆرسەتمىلەر»، 199-، 200-بەتلەر.

(46) «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 2-توم، 26-بەت.

(47) شېن دىجۇەن: «قەدىمكى شېئىرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 1-جىلد.

(48) لاۋزى: «ئەدەب-ئەخلاق دەستۇرى»

(49) سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»، 110-جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1987-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(50) چېن بوخەي: «جۇڭگو مەدەنىيەت روھىنىڭ قۇرۇلما ئۇقتىسىنەزەرى» - «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى1988-يىللىق 4-سان.

(51) يې شۈشيەن: «قەھرىمان ۋە قۇياش»، 27-، 28- بەتلەر.

(52)، (53) گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 182-، 210-بەتلەر.

(54) نېھرۇ: «ھىندىستان جەمئىيىتى» - گاۋيابياۋ قاتارلىقلار يازغان: «مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا»، 5-بەتتىكى نەقىلگە قاراڭ.

(55) مى ۋېيكەي: «ھىندىستاننىڭ ئىككى چوڭ ئېپوسىغا كىرىش» - «ھىندى مەدەنىيىتىدىن ئون سەككىز لېكسىيە»، تەيۋەن دۇڭدا كىتاب شىركىتى1984-يىل نەشرى، 110-، 112-بەتلەر.

(56)، (57)، (58) ھۇمايۇن جەبىل: «ھىندىستاننىڭ مىراسى»، 34-، 44؛ 44-، 46-بەتلەر، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى1958-يىل نەشرى.

(59)، (60)، (61) گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 216-، 146-بەتلەر.

(62)، (63) غاپۇروف (تاجىكىستان): «تاجىكلار تارىخى»، خەنزۇچە، 115 - 116-؛ 116-، 117-بەتلەر؛ ئۇيغۇرچە، 1-توم، 207-، 209-بەتلەر، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985-يىل خەنزۇچە نەشرى؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى1988-يىل نەشرى.

(64)، (65) شەرىپىددىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، 218-، 219-، 217-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى1981-يىل نەشرى.

(66) ئا. ۋون گاباين: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 6-بەت.

(67)، (68) يۇقىرىقى كىتاب، 10-بەتكە قاراڭ.

(69) سۇگىتيەن شۈنەن/چاڭزې خېجۇن (ياپونىيە): «تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئەللەر» - «ئارخېئولوگىيىگە دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 3-، 4-مەجمۇئە، 173-، 176-بەتلەر.

(70) ۋ. م. مېككوۋېرن (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» - «ئۇيغۇر (چەنتۇ) لارنىڭ مىللەت نامىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ، «يوگوڭ» ژۇرنىلى1937-يىل 7-توپلام، 4-سان.

(71) لى يوڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» - «ئۈرۈمچى كەسپىي ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994-يىللىق1-، 2-سان.

(72) ئىمىن تۇرسۇن: «تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» - «تارىمدىن تامچە»، 442-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى.

(73)، (74) يۇتەيشەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 73-، 74-بەتلەر، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىيات شىركىتى 1996-يىل نەشرى.

(75) ئا. ۋون گاباين: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 3-بەت.

(76) گاۋىن ھامبىلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تېزىسلىرى»، 14-بەت، سودا نەشرىياتى1994-يىل نەشرى.

(77) ليۇيىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 269-بەت.

(78)، (81) ئەسەت سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى» - «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى1996-يىللىق 1 -، 2 (قوشما)-سان.

(79) ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 214-بەت.

(80) گاۋىن ھامبىلىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تېزىسلىرى»، 17-بەت.

(82) ئا. ۋون گاباين: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 10-بەت.

(83)، (84)، (86) يۇتىيەنخېڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى 45-بەت، ئۇيغۇرچە نەشرى 81-بەت؛ خەنزۇچە 47-بەت، ئۇيغۇرچە 85-، 86-بەتلەر؛ خەنزۇچە 45-بەت، ئۇيغۇرچە 82-بەت.


(85) چيەنداۋ شىنسى: «يىپەك يولىدىكى 99-سىر»، 149-بەت.

(87) ئەھمەدئەلى ئەسقەروف: «ئۆزبېكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» - «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 1986-يىللىق 2-سان، 53-بەت.

(88)، (89) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» - «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىللىق 3-سان.
(90) لىيۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 553-بەت.
(91) ئا. ۋون گاباين: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 10-، 11-بەتلەر.
(92) ئەنگلىيە «كېمبرىج ئىران تارىخى» II توم 1-كىتاب 17-باب. ئاقارالڭ، لوندون 1983-يىل ئېنگلىزچە نەشرى.
(93) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» - «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىللىق 3-سان.
(94) يۈتيەنخاڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، خەنزۇچە، 94-بەت، ئۇيغۇرچە، 174-، 175-بەتلەر.
(95) گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 131-، 132-بەتلەر.
(96) چيەنداۋ شىنىي: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، 46-بەت.
(97) ئىمىن تۇرسۇن: «تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» - «تارىمدىن تامچە»، 424-بەت.
(98) يۇقىرىقى كىتاب، 429-بەت.
(99) ئا. ۋون گاباين: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 153-بەت.
(100) گاۋىن ھامبىلىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي تېزىسلىرى»، 3-بەت.
(101)، (102)، (103) فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، I-كىتاب 52-، 26-، 27-بەتلەر، سودا نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى.
(104) يۇقىرىقى كىتاب، 12-بەت.
(105) چيەنداۋ شىنىي: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، 9-بەت.
(106) ئارىستوتېل: «پولىتىكا»، 3-بەت، سودا نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى.
(107) گاۋبياۋ/ۋۇدەناۋ: «مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا»، 30-، 31-بەتلەر، جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر نەشرىياتى شىركىتى 1988-يىل نەشرى.
(108) يۈتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 168-بەت.
(109) ن. ئا. باسكاكوف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «تۈركىي تىللار»، 3-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى.
(110) تاشتو (قەدىمكى رىم): «گېرمانلار تەزكىرىسى»، 62-بەت، سودا نەشرىياتى 1977-يىل نەشرى
(111) «يېڭىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر قاغانىنىڭ مانىدىنىغا كىرىشى ھەققىدىكى پۈتۈك پارچىسى» - ۋ. بالڭ، ئا. ۋون گاباين: «تۇرپان تېكىستلىرى»، 2-توم 7-، 9-بەتلەر.
(112)، (114) بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، 49-، 54-بەتلەر.
(113) توختى مۇزارت: «ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، 131-، 132-بەتلەر. مىللەتلەر نەشرىياتى 1995-يىل خەنزۇچە نەشرى.
(115) يۇقىرىقى كىتاب، 107-بەت.
(116) مارتىن ليۇتېر: «دىنىي جەمئىيەتنىڭ باھىلىنى كونترول قىلىشى» - «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، 1543-بەت، جىلىن خەلق نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى.
(117) مارتىن ليۇتېر: «گېرمان ئاقسۆڭەكلىرىگە يوللانغان مەكتۇپ» - «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، 1599-بەت.
(118) ئالېكسى توكوۋېل (فرانسىيە): «كونا تۈزۈم ۋە بۈيۈك ئىنقىلاب»، 174-بەت، سودا نەشرىياتى 1997-يىل نەشرى.
(119)، (120)، (121) خې شىن: «كىرىزىس ۋە ئويلىنىش»، 1-كىتاب 93-بەت، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى 1997-يىل نەشرى.
(122) ۋۇيۇڭگۇي: «ھېقىنقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى»، 83-بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى.
(123) مۇزەپپەر خەيرۇللايېف: «نەۋائىي دۇنيا قارىشىنىڭ شايىۋى مەنبەلىرىنى ئۆگىنىش ھەققىدە» - «نەۋائىي ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، 147-بەت، تاشكەنت 1968-يىل ئۆزبېكچە نەشرى.
(124) گېگىل: «ئېستېتىكا»، 1-توم، 336-، 337-بەتلەر، سودا نەشرىياتى 1996-يىل نەشرى.
(125) فىردەۋسىي: «شاھنامە»، 3-جىلد، 620 - 622-بەتلەر، تاشكەنت 1977-يىل ئۆزبېكچە تەرجىمە نەشرى.
(126) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىگ»، 11-، 13-بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل نەشرى.
(127) مەھمۇد قەشقەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 3-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل نەشرى.
(128) ئەلىشىر نەۋائىي: «خەمسە: ‹فەرھاد-شىرىن›»، 862-، 863-بەتلەر، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى.
(129) ئەلىشىر نەۋائىي: «خەمسە: ‹ھەيراتۇل-ئەبرا›» 71-بەتتىكى مۇنۇ مىسىرالارغا قاراڭ:
كۆپ كىشى ھەم قىلدى تەتەببۇئ ھەۋەس،
سەرۋگۇل ئوتروسغەكەلتۇردى خەس.
(130) يۇسۇپبەگ مۇخلىسوفنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تراددىتسىيە ۋە نوۋاتورلۇق مەسىلىلىرىگە دائىر» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىسىغا قاراڭ، 7-بەت، ئالمۇتا 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى؛ يۇسۇپبەگ مۇخلىسوف: «ئەسىرلەر ۋە ئەسەرلەر»، 101 - 102-بەت، ئالمۇتا 1973-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
(131) دىلبەر روزىيېۋا نەشرگە تەييارلىغان: «ئابدۇرېھىم نىزارىي: داستانلار ۋە مۇخەممەسلەر»، 6-بەت، ئالمۇتا 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
(132) ئابدۇرېھىم نىزارىي: «فەرھاد-شىرىن»، 268-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل نەشرى؛ «نىزارىي داستانلىرى»، 262-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى.
(133) باتۇر ئەرشىددىنوف: «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، 36-بەت، ئالمۇتا 1988-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
(134) گاۋىن ھامبىلىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي تېزىسلىرى»، 235-بەت، سودا نەشرىياتى 1994-يىل نەشرى.
(135) موللابىلال نازىمى: «غازات دەر مۈلكى چىن» - «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1995-يىل 2-، 3-، 4-سانلىرى.
(136)، (137) «موللامۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن» - «بۇلاق» ژۇرنىلى 1985-يىللىق ئومۇمىي 16-سانغا قاراڭ.
(138) «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، 1-توم 591-بەت.
(139) «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، 2-توم 634-بەت.
(140) ھېنرىخ ھېينى: «گېرمانىيە توغرىسىدا»، 307-بەت، سودا نەشرىياتى 1980-يىل نەشرى.
(141) م. رەھمانوف: «ئۆزبېك تىياتىرى»، تاشكەنت 1972-يىل ئۆزبېكچە نەشرى.
(142) ھېرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ۋە ماۋەرائۇننەھر تارىخى» - «شەرق يۇلتۇزى» 1990-يىللىق 1-سان.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى (M1)



# پۇقرالار ساپاسى ھەققىدە «ئۈمىدلىك» ئويلار

جاك شيەنلياك

## 1. جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسى ئەزەلدىن يۇقىرى بولۇپ باقمىغان

مېنىڭچە، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسى ئەزەلدىنلا يۇقىرى بولۇپ باقمىدى!

بۈگۈن جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتىدۇكى، يەرشارىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى «يەرشارى كەنتى» دەۋرىگە يېتەي دەپ قالدى. جۇڭگولۇقلار چەت ئەللىكلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدا، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىش جەريانىدا پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۆزلىرىدە مەسىلىنىڭ خېلىلا ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما نەزىرىمىزنى دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە تاشلاپ، تىرناق ئاستىدىن يەنە بىزە كىر ئىزدىسەك، بىر مۇنچە دۆلەتلەردىكى پۇقرالار ساپاسىنىڭ بىزنىڭ بۇ كاتتا دۆلىتىمىزنىڭكىدىنمۇ كۆپ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ھالبۇكى، ئۇلار پۇقرالار ساپاسىنىڭ ناچار بولۇشى گۈزەللىككە ئانچە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، دېگەندەك قىلىپ، ھەر جەھەتتىن يەنىلا داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ھەرقانچە تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولغان تەقدىردىمۇ پۇقرالىرىنىڭ ئىچىدە ھەرخىل ئادەم بار، ياخشىلىرى بىلەن يامانلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن، ياخشىلىرى بەك ياخشى، ئوساللىرى جۇڭگولۇق ئەسكىلەردىنمۇ رەزىل ۋە ۋەھشىي، يەنە ساختىپەزلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئىلمىي ئۆلچەشلەرگە قارىغاندا، غەربلىكلەرنىڭ پىسخىك بەرداشلىق كۈچى شەرقلىقلەرنىڭكىدىن ئومۇميۈزلۈك ئاجىز ئىكەن. بۇ، غەربلىكلەرنىڭ ساپاسىدىكى تۇغما كەمتۈكلۈك بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتكىلىمۇ بولمايدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇنداق دېيىشىم ھەرگىز جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسىدا مەسىلە بار دېگەن ھۆكۈمگە قوشۇلمايدىغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

1921-يىلى لۇشۈن ئەپەندى «ئاQنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدە بەدىئىي تىپ ئارقىلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، جۇڭگولۇقلاردىن قىلغان «ئەندىشە» سىنى ئىپادىلىگەنىدى. كېيىن بۇ ئەندىشە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قايىنىمىغا غەرق بولۇپ كەتتى. گەرچە بۇ ئەسەر ئالىملار تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ تەتقىق قىلىنغان بولسىمۇ، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق مىللىي خاراكتېر مەسىلىسى يەنىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى. چۈنكى ئەينى چاغدا بارلىق جۇڭگولۇقلار بىر مەقسەت، بىر نىيەتتە جەڭ مارشىنى توۋلاپ، ياپونغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانىدى. بۇنداق پەيتتە كىممۇ «جۇڭگولۇقلاردا ئا

ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

روھى بار» دەپ قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئېغىز ئاچالىسۇن؟ لېكىن جۇڭگودا بىكىنمە ھالەت بۇزۇپ تاشلانغان 80-يىللارغا كەلگەندە — تىنچلىق ۋە كەڭرىچىلىك مۇھىتتا، مىللىي خاراكتېر مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. ئالدى بىلەن، بوياڭنىڭ «بەتبەشىرە جۇڭگولۇقلار» دېگەن كىتابى تارالغان چاغدا، ئەدىبلەر، ئالىملار ئارقا-ئارقىدىن بۇ مۇھاكىمىگە ئاۋاز قوشتى. بەزىلىرى ھەتتا جۇڭگولۇقلارنى تېخىمۇ «بەتبەشىرە» قىلىپ كۆرسىتىشتى، يەنە بەزىلىرى ئاغزى ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا جۇڭگولۇقلارنى ئاقلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ تىل جېڭى بىر-بىرىگە يول بېرىشمەي خېلى داۋاملاشتى. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بىر ئىشنى ئالسام، 1988-يىلى لىيۇشىنۇۋ پارىژدا نۇتۇق سۆزلىگەندە، سۆزىنىڭ بېشىدىلا جۇڭگو پۇقرالىرى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ، شۇ يەردىلا، فرانسىيىدە تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىتىرازىنى قوزغاپ، بىر قەپەس بوران-چاپقۇن پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

بىر يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەنمۇ خېلى بۇرۇنلا ئويلانغانىدىم. جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسىغا كەلسەك، دەرۋەقە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگولۇقلاردا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىغاندەك بىر ھالەت ئادەمنى ئەندىشىگە سالماي قالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە «غىزا مەدەنىيىتى»، «ھاراق-شاراب مەدەنىيىتى»، «جىنسىي ئالاقە مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىلىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ تولىسى، ئېيتايلۇق، غازنىڭ تاپىنىنى، مايمۇننىڭ مېڭىسىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يېيىش، راكنى تىرىكلا يۇتۇش قاتارلىقلاردىن تارتىپ يولۋاس، ئالتۇن يايلىلىق مايمۇن، تاغتېشەر، تىرنىقبەدەن، مۇشۇكئېيىق، ئالايۇزلۇك ۋۇۋېرراك كەم ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى يېيىش، يەنە مەسىلەن مۇئەننەس ئارقىلىق مۇزەككەرنى كۈچلەندۈرۈش، دورا يەپ بىر كېچىدە 12 ئايالغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ تولىسى ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان ۋەھشىيلىكلەردۇر. مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇ خىل قىلىقلارنى كونىلارلا قىلىپ قالماي ھازىرقىلارمۇ رەسمىي يوسۇندا «مەدەنىيەت» دېگەن نام بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىمىزدا. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار بىلەن قەدىمكى جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىسىدا قىلچە پەرق يوقلۇقىنى ۋە ھەتتا خېلى بەك چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن خەن شاۋگۇڭنىڭ بىر نەسرىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرى خۇنەنگە بېسىپ كىرگەندە سەپتىن چۈشۈپ قالغان بىر يارىدار ياپون ئەسكىرىنىڭ دىڭگوسلاپ بىر كەنتكە كىرىپ كەلگەنلىكى، بۇ كەنتتىكى بىر نەچچە يۈز دېھقان ئۇنى كۆرۈپ قورقىنىدىن تاغ ئىچىگە كىرىۋالغانلىقى، بىرەرسىمۇ ئادەمدىن بىر نەچچىنى باشلاپ كېلىپ بۇ قاراقچىنى بويسۇندۇرۇشنى ئويلاپمۇ قويمىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئاھ ئۇرۇلغانىدى. دەل شۇ ئىش يۈز بەرگەن خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم ناھىيىسىدە يارىدار ياپون ئەسكىرىدىن قورقۇپ تاغقا قېچىپ كەتكەن دېھقانلار 20 نەچچە يىلدىن كېيىنكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، «قارابەش خىل»، «قاراسەككىز خىل» غا تەۋە كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى قاتتىق «قىر-چاپ» قىلىپ، بىر كېچىدىلا ئۆز جۇڭگولۇقىدىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇق ھەۋىسىنى قاندۇرغان. بۇ قىرغىنچىلىق «سىياسىي ھەرىكەت» كە ئوخشاش ئىنتايىن تېز ئەۋج ئېلىپ، دەرھال يېقىن ئۆپچۆرىدىكى يېزا، ناھىيە دېھقانلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار دەرھال يەڭلىرىنى شىمايلاپ، ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى سىناپ بېقىشقا بىتاقەت بولۇشقان. پاھ، نېمىدېگەن باتۇرلۇق -ھە، بۇ!

جۇڭگولۇقلار ھەرخىل ھايۋانلارنى يېيىشكە ئۇستا، ئۇ قانچە قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق ھايۋان بولسا، شۇنچە يېگۈسى كېلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن «پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ گۈلتاجىسى» بولغان ئادەمنى يېيىشكىچە بېرىپ يەتكەن. جۇڭگو تارىخنامىلىرىدا ئادەم يېيىش توغرىسىدا ئاللىبۇرۇنلا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. «كېيىنكى خەننامە» دىن تارتىپ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى» غىچە، ھەر قېتىم ئۇرۇش-يېغىلىق بولغاندا ئادەم گۆشى ئادەملەرنىڭ يېمەكلىكلىرىدىن بىرى بولغان، ھەتتا ئۇنىڭغا ئاڭلىماققا چىرايلىق تۇرىدىغان «ئىككى پۇتلۇق قوي» دېگەن ناممۇ بېرىلگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر ناھىيىسىدە ئادەم گۆشى يېگۈچىلەر چىقىپ «قىچقارسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار» ئادەمدىن بىرەر يۈزچىنى يېگەن. ئۇلار يېمەكچى بولغان ئادەمنى ئادەم دېمەي «جىن-شەيتان» دەپ ئاتىغان. بىر «ئايال ئىنقىلابچى» ئۆزىنىڭ ئۆزۈلكېسىل ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن تېخى ئەركەك «جىن-شەيتان» لارنىڭ زەكەرلىرىنى كېسىۋېلىپ يەپ، ئىنقىلاب تارىخى ۋە ئاياللار ھەرىكىتى تارىخىدا ئالاھىدە «مۆجىزە» ياراتقان. بۇ ئىككى ئىش ئەينى ۋاقىتتىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى ھەيران قالدۇرغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھۆججەت چۈشۈرۈپ ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ بۇ تەتۈر شامالنى ئاران توسىغان، بولمىسا «مانا ئۆلتۈردى دېگەن»، «يېيىشنىڭنى بىل» بولۇپ كېتەتتىكەن.

شۇ سەۋەبلەرگە كۆرە مەنمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن ھالدا: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قانچىلىغان جۇڭگولۇقنى نابۇت قىلدى دېيىمىزۇ، لېكىن جۇڭگولۇقلارغىمۇ بۇ تارتقۇلۇقلار ئاز، دەپ ئويلىغان ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋاقتىدىكى مۇستەبىت تۈزۈلمە ۋە «سېفىرلاشتۇرۇلغان مەۋجۇدلۇق» يامان، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك، دېيىمىزۇ زادى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇنداق «سېفىرلاشتۇرۇلغان مەۋجۇدلۇق» نى تېتىپ بېقىشقا لايىق جۇمۇ، دەپ قارىغانىدىم. نېمىشقا جۇڭگودا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يۈز بېرىدۇ؟ بۇ ئىشتا ئۇنى قوزغىغان

يولداش ماۋزېدۇڭدا ئەلۋەتتە خاتالىق بار، شۇنداقلا جۇڭگو پۇقرالىرى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنىڭمۇ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بار. ناۋادا مۇشۇ ئىككى ئامىلنىڭ بىرى كەم بولغان بولسا، بۇ بىر قەپەس «مالىمانچىلىق» يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

## 2. غەرب پۇقرالىرىنىڭ ساپاسى ھەققىدە

غەلىتە يېرى شۇكى، بىز جۇڭگولۇقلار جۇڭگو پۇقرالىرى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن «ئەندىشە» قىلىۋاتقان چېغىمىزدا، غەربلىكلەرمۇ ئۆز پۇقرالىرى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

مەن تەرجىمە ئوقۇشلۇقلىرى ئارقىلىق غەرب ئالىملىرىنىڭ بۇنداق پىكىرلىرى بىلەن تونۇشقان ھەمدە غەرب ئالىملىرى بىلەن ھاراقكەشلىك، زەھەر ئىستېمالچىلىقى، پىسخىك غەيرىي نورماللىق (ھەر بىر كىشى دېگۈدەك پىسخىكا دوختۇرىغا موھتاج)، يېڭى-يېڭى زوراۋانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرۇشى، خۇدا بىلەن جىن-ئالۋاستىلارغا بىردەك چوقۇنىدىغان غەيرىي دىنلارنىڭ ئاجايىپ غالجىرلىشىپ كېتىشى، پانكلار (غەيرىي كىيىنىپ يۈرىدىغان، رېئاللىقتىن نارازى ناتىنىست ياشلار. مۇھەررىردىن) ۋە «گۇمران بولغان ئەۋلادلار»، جىنسىي تۇرمۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە جىنسىي خارلاش، شەھۋانە كەسپلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى ۋە گۆدەكلەرنى ئالداپ زىنا قىلىش، ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىشى، يۇقىرى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى، تېررورلۇق ۋە «ھالقىسمان قاتىللىق»، نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتىنىڭ بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىشى، ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ۋە ئۆيى تۇرۇپ ئۆيىگە قايتماسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ئۈستىدە سۆزلەشكەنىدىم. بۇ ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشكىنىمدە، خەنزۇچە بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان بۇ چەت ئەللىك ئالىملار، يازغۇچىلارنىڭ چىرايلىرىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىغان ۋە ئامالسىزلىقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، مۈرىسىنى قىسىپلا قويغانىدى. شۇنىڭ بىللە ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشكە، خۇسۇسەن «ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش دەۋرى»گە نىسبەتەن چەكسىز سېغىنىشتا ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشكەنىدى.

لېكىن قەدىمكى غەرب بىلەن ئاز-تولا تونۇشلۇقى بار كىشىلەر غەرب ئالىملىرىنىڭ ئەينى دەۋرگە ئۈنچىۋالا تەلپۈنۈپ كېتىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. مەن فرانسىيە مۇزېيىدا ئەھلى سەلب قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغان چېغىدا ئىشلەتكەن «ئىپپەت پەردىسى»نى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ئاشۇ داتلىشىپ، قان ئۇيۇپ كەتكەن تۆمۈر كوسارنى كۆرگەن كىشىنىڭ تېنى شۈركەنمەي قالمايدۇ. قەدىمكى غەربلىكلەرنىڭ ئاياللارنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ قەدىمكى جۇڭگولۇقلارنىڭكىدىنمۇ كۆپ قەبىھ، كۆپ دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ. تۆمۈردە سوقۇلغان، پەقەت سىيىدىغان كىچىككىنە تۆشۈكلا قالدۇرۇلغان كوسار 5-10 يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت بىر ئايالنىڭ تېنىدە تاكى ئېرى قايتىپ كەلگىچە قۇلۇپلاقلىق تۇرساقانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭچۇ! مۇبادا ئېرى ئۇرۇشتا ئۆلسە، ئايال بۇ تۆمۈر كوسارنى تاكى ئۆلگىچە كىيىپ يۈرىدىكەن.

يەنە ئېيتايلۇق، غەرب ئاياللىرى ئىچىدە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بېلىنى تاڭىدىغان ئادەت داۋام قىلغان، بۇنى جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ پۇتىنى تېڭىشىدىن بىزە مەدەنىيەتلىك دېگىلىمۇ بولمايدۇ. غەربلىكلەردە ۋە بېيىغان جۇڭگولۇقلاردا ھازىر كىچىك پۇتلۇق جۇڭگولۇقلارنىڭ كەشىنى ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغانلار چىقتى. مېنىڭچە، 19-ئەسىردىن ئىلگىرىكى غەرب ئاياللىرىنىڭ بەلتاڭغۇچلىرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلىسىمۇ ناھايىتى قىزىق ئىش بولاتتى. جۇڭگودا كونىلار ئەر-ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتىدە ھەرھالدا «مۇئەننەس بىلەن مۇزەككەرنىڭ ماس كېلىشى»گە، «ئەرنىڭمۇ، ئايالنىڭمۇ تەربىيە كۆرگەن بولۇشى» غائەھمىيەت بەرگەن. جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئۆز ئارا بىر-بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، تەن ساغلاملىقىنى ياخشىلايدىغان ئىش، دەپ تونۇغان. گەرچە جىنسىي زوراۋانلار ئۇچراپ تۇرسىمۇ، جۇڭگولۇقلارنى جىنسىي مەدەنىيەتتە نىسبەتەن ئىلغار دېيىش مۇمكىن. ساۋساۋ ئۆلۈش ئالدىدا تۇل قالغان خوتۇنلىرىنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشلىرى ھەققىدە ۋەسىيەتنامە قالدۇرغان، لېكىن غەربنىڭ قەدىمكى پادىشاھ - كىنەزلىرىدە بۇنداق ئالىيجاناب روھ بولغان ئەمەس. غەربلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللارنى جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش قورالى ۋە خۇسۇسىي نەرسە دەپ قارىغان. بۇ جەھەتتە غەربلىكلەر قەدىمكى جۇڭگولۇقلاردىن كۆپ تۆۋەن تۇرغان.

20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا ئامېرىكىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشكە، ۋېتنام ئۇرۇشىغا قارشى رادىكاللىرى ئۆزلىرىنى «ئىلغار كىشىلەر» دەپ قارايدىغانلار ئىدى، لېكىن ئۇلار «ئايال يولداش»لارنى يەنىلا «ئەر يولداش»لارنى جىنسىي ئالاقە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان قورال، دەپ قارايتتى. شۇڭا «ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتى»نىڭ ھەممىدىن ئاۋال غەربتە قوزغىلىشىنىڭ مەلۇم تارىخىي، رېئال، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بار، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەنكى، مېنىڭ ئاياللار مەسىلىسى ئۈستىدە قايتا-قايتا توختىلىشىم، شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ئاياللارغا ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلغانلىقىمدىنمۇ ئەمەس (شۇنداق بولسىمۇ يامىنى يوق). چۈنكى بىر مىللەت، بىر دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەملەر ئىچىدە ئەڭ مۇۋاپىق ئۆلچەملەرنىڭ بىرى ئاياللارنىڭ ئورنىدۇر. ئېنگىلس: «ئاياللار ئازادلىقىنىڭ دەرىجىسى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئازادلىقىنىڭ تەبىئىي مىزانىدۇر» دېگەنىدى. بۇ، پۇقرالار ساپاسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىدىكى مەسىلە ئاياللارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمدى گەپنى ئاياللار مەسىلىسىدىن باشقا تېمىغا يۆتكەيلى. خېلى زامانلار ئىلگىرى رىم مەھكىمەئىي شەرئىيىنىڭ بىدئەتلەرنى خۇددى گۇاڭدۇڭلۇقلار تۇڭگۇز كۆچۈكىنى قاقلاپ كاۋاب قىلغىنىدەك ئوتقا قاقلاپ ئاستا-ئاستا ئۆلتۈرۈشى قەدىمكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادەمنى پارە-پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈشىدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشەتتىكى، ھەرگىز ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. مەسىلىنى تېخىمۇ ئوبدانراق چۈشەندۈرسەك، جۇڭگولۇقلار ھەرخىل تائام-قورۇمىلارنى چىنە-تەخسىلەرگە سېلىپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ يېيىشنى ئادەت قىلغان. جۇڭگودا ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس غىزا-قورۇمىلىرى شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ غەربلىكلەر تېخىچە يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك گۆشلەرنى چاڭگاللاپ تۇتۇپ يەيتتى. 17-ئەسىردىن ئىلگىرى ياۋروپالىقلار قىلىچ-خەنجەر بىلەن قازان بېشىغا ئىشلىتىدىغان پىچاق-قىڭراقنى ئايرىمايتتى. تاماق يەيدىغان ئارا 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ياۋروپادا كۈمۈشنىڭ كۆپلەپ قېزىلىشى ئارقىسىدا ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىلىرىدە پەيدا بولغان ۋە فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىن كېيىنلا پەيدىنپەي شەھەر ئاھالىلىرىدا ئومۇملاشقان. پىچاق، ئارا قاتارلىق غىزا قوراللىرىنىڭ ياۋروپادىكى ئاۋام پۇقرالار ئائىلىلىرىدە ئومۇملىشىشى 19-ئەسىردىكى ئىش. دېمەك، بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى ياۋروپالىقلار تېخىچە بارماقلىرى بىلەن غىزا يەيدىغان ھالەتتە ئىدى. ياۋروپالىقلار غىزاسىنىڭ بىر ئىلىمگە ئايلىنىشى ۋە خاس ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى 1814-يىلىغا كەلگەندىلا مەيدانغا كەلگەن ئىش. جۇڭگودا بولسا، سۇي سۇلالىسى (618-581) دەۋرىدىلا شېيفېڭنىڭ «غىزادەستۇرى» نەشر قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى (1911 - 1616) دەۋرىدىكى يۈەن مېينىڭ «سۈيۈەن غىزا دەستۇرى» بولسا، دۇنيا بويىچە تۇنجى مۇكەممەل غىزا دەستۇرىدۇر.

مەن پارىژدا ۋېرسال سارىيىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندا، ھاجەت قىستاپ بىر نەرسىنى بايقاپ قالدىم. ماڭا ھەمراھ بولغان فرانسىيىلىك نەشرىياتچىنىڭ ئېيتىشىچە، 16-ئەسىردە سېلىنىشقا باشلاپ 18-ئەسىردە پۈتكەن ناھايىتى ياسىداق ۋېرسال سارىيىدا پەقەت پادىشاھ، خانىش، شاھزادە ۋە خانىكىلەرنىڭ ھۇجرىلىرىدىلا ھاجەتخانە. ئورەكلىك ھاجەتخانە بار ئىكەن. ئورەككە بىر مۇنچە قۇش پەيلىرى تاشلاپ قويۇلغان بولۇپ، نىجاسەت چۈشكەندىن كېيىن ئۇچۇپ چىققان پەيلەر قايتا ئۇنى يېپىپ قويىدىكەن. باشقا يەرلەردە ھاجەتخانە تاپقىلى بولمايدىكەن. كېنەز، ماركىز، گراف ۋە چىرايلىق - ئېسىلزادە خېنىملار بولسا دەرەخلىك ئىچىدە ئىشتىنىنى سىرىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپلا قويۇۋېتىۋېرىدىكەن. ھازىرقى گېپىمىز بىلەن ئېيتقاندا، كۆرۈنگەنلا يەرگە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىۋېرىدىكەن. باغنى لايىھەلىگۈچى لىنتوتنىڭ ۋېرسال سارىيىنىڭ ھەممە يېرىگە دەرەخ تىكىپ، دەرەخلەر تازا ئايلىنىپ چاغدا ئۇنى چاتاپ -كېسىپ ئادەمنىڭ مەيدىسىگە كەلگۈدەك قىلىپ قويۇشى، ھاجەت قىلىپ كۆرۈندىن قوپقاندا باشقىلارنى كۆرەلەيدىغان، ئولتۇرغاندا باشقىلار كۆرەلمەيدىغان قىلىش ئىكەن. غەرب ئاقسۆڭەكلىرى يەنە سوغا چۈشۈپ يۈيۈنۈشنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، شۇڭا مەشھۇر فرانسىيە ئەتىرى دۇنياغا كەلگەنىكەن. بۇنى دائىم سوغا چۈشۈپ يۈيۈنۈپ تۇرىدىغان قەدىمكى جۇڭگولۇقلارغا ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ھازىرقى جۇڭگولۇقلار غەربلىكلەرنىڭ ئاشخانا بىلەن ھاجەتخانىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئورۇن ئىلگىرى ئۇلار ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئورۇن ئىدى. ئىنسانلار ئەنە شۇنداق ئىككى قۇتۇپتا ئىغاڭلاپ ئالغا باسقان.

قەدىمكى غەربلىكلەر ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى ھەققىدىكى مىساللار بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. چەت ئەللەرنىڭ ھۆججەت-ماتېرىياللىرىدا ئۇلاردىمۇ ئادەم گۆشى يېگەنلىككە ئائىت خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مەن ياۋروپانىڭ تارىخى تەتقىق قىلىنغان بىر كىتابتىن ھازىر گېرمانىيىگە قوشۇۋېتىلگەن مەلۇم بىر كىچىك دۆلەتتە 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىلا «ئادەم يېيىشنى مەنئىي قىلىش»نى رەسمىي قانۇنغا كىرگۈزگەنلىكىنى ئوقۇغانىدىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ دۆلەتتە ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىنى يېيىشى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، دۆلەت ئارىلىشىپ قانۇن بەلگىلەپ چەكلىمىسە بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغان. شېكىسپىرنىڭ «ۋېنتسىيە سودىگىرى» ناملىق درامىسىدا سودىگەرنىڭ قەرزدارنىڭ قەرزى ھېسابىغا ئۇنىڭ تېنىدىن بىرنەچچە قاداق گۆشنى كېسىۋالماقچى بولغانلىقى خىيالىي ئويدۇرما بولماستىن، مەلۇم پاكىتلار ئاساسىدا يېزىلغانلىقى ئېنىق. چۈنكى ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى تۇرمۇشتە!

قارىشىمچە، ھازىر غەربنىڭ تەرەققىياتى ئاجايىپ تېز بولدى، پۇقرالارنىڭ ساپاسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئۆزگە ئەللەرنىڭ پۇقرالىرىغا ئۈلگە بولالايدۇ. بۇ ھالدا ئۇلارنى قانداقمۇ ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتتى دېگىلى بولسۇن؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار يەنە «ئىپپەت پەردىسى» دەۋرى ياكى ئادەم گۆشى يەيدىغان دەۋرگە قايتىش كويىدا يۈرگەن بولسا؟ ماڭا پۇقرالار ساپاسى ھەققىدە دادلاپ بەرگەن بۇ غەرب ئالىملىرى ئورۇنسىز غەم-ئەندىشە قىلىشۋاتامدۇ-يا؟ ھالبۇكى، بىر ئېغىز يەرلىك خەلق تىلىنى بىلمەيدىغان پېقىر غەرب شەھەرلىرىدە بەخىرامان ئايلىنىپ يۈرەلىدىم. بەزىدە تېخى تۈن نىسپىدا، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق دەپ قارىلىدىغان نيۇ-يورك يەر ئاستى پويىزىغا چۈشتۇم. بىر قېتىم ھونگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا (راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى غەرب ئېلى ھېسابلىغىلىمۇ بولمايدۇ) ئەندىشە قىلغۇدەك بىر ئىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاشۇ ئالىملار ئەندىشە قىلىدىغان بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ ياكى ئۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باققىنىم يوق.

قىمار بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەتكەن لاسۋېگاسنىمۇ ناخشا-ئۇسسۇل قايىنىغان خاتىرجەملىك

كەيپىياتى ھۆكۈم سۈرىدىكەن. گەرچە بۇجايىنى كىشىلەر قارا جەمئىيەتنىڭ ئۇۋىسى دەپ قارىسىمۇ، جەمئىيەت تەرتىپى ئىنتايىن ياخشى، ئادەملىرى ئەدەبلىك ۋە قائىدە-يوسۇنلۇق ئىكەن. قىماردا ئۇتۇش-ئۇتتۇرۇشقىمۇ كۆنۈك ئىكەن. ئۇتتۇرۇۋەتسە كۈلۈپلا قويىدىكەن. ئادەملىرىنىڭ تولىمۇ مەدەنىي، ئەدەب-ئەخلاقلىقلىقىغا قاراپ تېخى ئۆزۈمدىن خىجىل بولۇپ قالدىم.

## 3.قېلىپقا چۈشمەيدىغان پرىنسىپ

پۇقرالار ساپاسى ھەققىدە گەپ بولغاندا، تۈرلۈك قىيىن-مۇرەككەپ ئامىللار ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. ھەقىقەتەن «پۇقرالار ساپاسى» نىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ناھايىتى تەس.

1. «پۇقرالار ساپاسى» نىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئۇنىۋېرساللىقى پۇقرالار ساپاسى ھەققىدىكى ھەر بىر قارىمۇ قارشى نەزەرىيىنى ئىسپاتلىنىشلىك دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگەن. بەزىلەر پۇقرالار ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى دەپ تىلغائالغان مەسىلىلەرنى يەنە بەزىلەر پۇقرالار ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقى دەپ قارىشى مۇمكىن. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە ئانچە بەك ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ئېپى كەلسە ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ياكى يېڭىنى شىمايلاپ مەيدانغا چۈشۈش كويىدا يۈرگەن ئەدىب-ئالىملار تېخى ماقالىلارنى يېزىپ، سىياسىي جەھەتتىن تەنقىد قىلىپ: سەن جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسى ناچار دەيسەن، ئۇنداقتا ئېلىمىز قانداق قىلىپ بىر قاتار ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھازىر دۇنيادا سەل قاراشقا بولمايدىغان غايەت زور كۈچكە ۋە «ئىقتىسادىي جەھەتتە كاتتا دۆلەت» كە ئايلىنالىدى؟ سەن جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسىنى تۆۋەن دەيسەن، ئۇنداقتا قانداق قىلىپ راكېتا، سۈنئىي ھەمراھلىرىمىز ئارقا-ئارقىدىن ئاسمانغا چىقالىدى ۋە پەن-تېخنىكىمىز قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىدى؟ جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسى ناچار دېگەنلىكنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئۇلۇغ ۋە ئەمگەكچان، ئەقىللىق ۋە مەدەنىيەتلىك جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈزىگە مەقسەتلىك ھالدا قارا چاپلىغانلىق. . . ئەمەسمۇ، دېيىشى تۇرغان گەپ. كەچۈرۈڭلار، مەن تەنقىدلەشكە ئانچە ئۇستا ئەمەسمەن، شۇڭا يەنە بىر-بىرلەپ مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرماي. شۇنىسى ئېنىقكى، تەنقىدىي ماقالىلارغا قارىغاندا ئادەمگە ئىلھام بېرىدىغان ماقالىلار ئوقۇرمەنلەرگە بەكرەك ياقىدۇ.

2. «پۇقرالار ساپاسى » دەپ ئاتىلىدىغان خېلى كۆپ مەسىلىنىڭ مەنبەسى ماھىيەتتە مىللىيەتلىك مەسىلىسى ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز مەسىلىسى بولۇپ، بىز دائىم دەپ يۈرىدىغان «ئىنسان تەبىئىتى» مەسىلىسىدۇر. جۇڭگو «پۇقرالىرى ساپاسىنىڭ ناچارلىقى» دىكى بەزى ئىپادىلەر ئېھتىمال پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاس ئومۇمىيلىق بولۇشى مۇمكىن.

3. ئىنسان پسىخىكىسىدىن قارىغاندا، ئالغا ئىنتىلىش، ھازىرقى ئەھۋالدىن رازى بولماسلىق ئۇنىڭ ماھىيىتىدۇر. بۇنى ئىككى خىل ئەھۋالغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرى، ئالغا ئىنتىلىش، «ئەتىكى كۈنىمىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ» دەپ بىلىش، يەنە بىرى، ئارقىغا چېكىنىش، يەنى ئۆتمۈشكە سېغىنىپ «بۈگۈنكى كۈنىمىز ئىلگىرىكىگە يەتمەيدۇ» دەپ قاراش پسىخىكىسى. بۇ بىر خىل قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان قانۇنىيەت. شۇڭا بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن جۇڭگو دانىشمەنلىرى «شۈكۈر قىلغانلار خۇشاللىق تاپۇر، ناشۈكۈرلەر غەمگە پاتۇر» دەپ تەلىم بەرگەن. شۈكۈر-قانائەتنى بىلمىسە، ئادەملەر بىئارامچىلىقتىن خالاس بولالمايدۇ. گەرچە دانىشمەنلەر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان شۈكۈر-قانائەت ھەققىدە تەلىم بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ جۇڭگولۇقلار ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەرىشانلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مەڭگۈ ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان پسىخىكا ئىنسانلارنى ھازىرقى ھالەتتىن رازى بولمايدىغان قىلىپ قويغان. ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى كېيىن ئېرىشكەن پەلسەپىۋى تەلىماتلار سەۋەبىدىن بېسىلىپ قالمايدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدىن رازى بولماسلىقنىڭمۇ قىزىقارلىق تەرەپلىرى بولىدۇ- كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىمۇ ئۇلارنىڭ بىئارامچىلىقىدا، جۈملىدىن ئىجادكارلىقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بولسا تېخىمۇ شۇنداق! دېمەك ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى دەل ئۇنىڭ ئازابى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان. ئىجادىيەتمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ دەل شۇ ھازىرقى ھالەتتىن رازى بولماسلىقتىن بارلىققا كەلگەن. دەل شۇ مەنىدىن ئىنسانلار ئىچىدىكى بىر قەدەر مۇنەۋۋەر كىشىلەر دەل ئۆزىگە بىئارامچىلىقنى تىلەپ تاپقۇچىلاردۇر. ئۇنداقتا «ئەتىكى كۈنىمىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ» دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن شادىمان كىشىلەر ئوخشىمامدۇ؟ ناتايىن. مەن يۈزەكى قارىغۇلارچە خۇشاللىق ئۈستىدە گەپ قىلىپ ئولتۇرماقچى ئەمەسمەن. چوڭقۇر قاتلامدىكى «ئەتىكى كۈنىمىز تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ» دېگەن قاراشتىكىلەر بىز دەۋاتقان غايىچىلەردۇر. «ئاخىرقى قىممەت» نى قوغلىشىشنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز بولىدۇ. ئادەم شۇنداق ياشىغاندىلا ئەھمىيەتلىك ياشىغان بولىدۇ. ئەمما غايىچىلەر ئۈمىدسىزلەردىنمۇ بەكرەك ئازابلانغۇچىلاردۇر. غايىچىلەرنىڭ ھەممىسى ئاكتىپ ئالغا ئىنتىلگۈچىلەر، ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسى ناھايىتى چوڭ، ئۇلار رېئاللىق ئىچىدە ئۆزلۈكسىز ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئازاب ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. غايىچىلەر غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا يا تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ ياكى تارىختا دۆلەت ۋە خەلقنى بالايى-ئاپەتكە تىقىدىغان زور ۋەقەلەرنى تۇغدۇرىدۇ.

ئۇنداقتا بىز «پۇقرالار ساپاسى» نى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ باقساق قانداق؟

مائارىپمۇ؟ بىراق كىشىلەر ھازىرقى زامان مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن ئارقىدا قالغان مىللەت

ياكى قەبىلىلەردە ھېلىمۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ سەممىي-سادىق، پاك، راستچىل، ساددا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئېسىل خىسلەتلىرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، يەنى ئۇلارنىڭ «كالۋا» ئەمما سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ مىجەزلەر ئەسلىدە مۇنەۋۋەر پۇقرالار ھازىرلاشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەردۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىز يەنە ھازىرقى زامان مائارىپى بىلەن يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ ئىنسانلارغا بەخت يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سان-ساناقسىز بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى بايقايمىز. مائارىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى توسۇپ قالالىغىنى يوق، ئەكسىچە جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى يېڭى تېخنىكا ۋە ئۇسۇل بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر، ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن بالايى ئاپىتى زور بولغان شەخس ۋە گۇرۇھلارنىڭ ئالغان بىلىمى ۋە تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنىڭ شۇنچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. مەسىلەن، بىلىمسىز - قاراتۇرۇك جىنايەتچىنىڭ سالغان زىيىنىغا قارىغاندا، بىلىملىك، ئىش كۆرگەن جىنايەتچىنىڭ زىيىنى تېخىمۇ زور ھەتتا مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. بۇھال كىشىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا چىققان «قانچە بىلىملىك بولسا، شۇنچە ئەكسىيەتچى بولىدۇ» دېگەن گەپنىڭ مەلۇم زاكونى باردەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. ئىشەنمەمسىز؟ ئۇنداقتا تارىخنى ۋاراقلاپ باقسىڭىز تارىخ سىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرلىرىدا ئوفىتسېرلار مۇزارتنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىغاچ يەھۇدىيلارنى تىرىك كۆيدۈرگەن. ئۆتكەندە ياپونىيە ساقچىلىرى قولغا ئالغان، توكيودا يەر ئاستى پويىز يولىغا زەھەرلىك گاز قويۇپ بەرگەن «ئومۇ ھەقىقەت دىنى» (ياپونىيىدە بۇددا دىنى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىرخىل بىدئەت دىن. مۇھەررىردىن) مۇرىتلىرىنىڭ ھەممىسى ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن كىشىلەر ئىكەن.

ئۇنداقتا يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشمۇيە؟ ھازىرقى زامان جەمئىيىتى يەنە بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، تۇرمۇش مەئىشىتى قانچە يۇقىرى بولغان دۆلەتتە كىشىلەرنىڭ چۈشكۈنلىشىشمۇ شۇنچە تېز بولىدىكەن. ئەقىلگە سىغمايدىغان بەزى ئاجايىپ-غارايىب ئىشلارنىڭ ھەممىسى باياشات بولغان، يۇقىرى پاراۋانلىقنى يولغا قويغان مەملىكەتلەردە ئالدى بىلەن پەيدا بولۇشقا باشلىغان.

ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى قوغداش پۇقرالار ساپاسىنى بەلگىلەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينامدۇيە؟ بىزگە مەلۇم، ھازىرقى دۇنيادا تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىنى يارىتقان ئوتتۇرا شەرقتىكى بىرنەچچە دۆلەتنى بىلىمىز. ئۇلار ھېلىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدا، ئىسلام شەرىئىتى ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ قانۇنى. ئەمما ئاشۇ بىرقانچە دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى يوق دېيەرلىك ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ ساپاسىدىنمۇ يۇقىرى دەيدىغان ئادەم ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

ئىجتىمائىي تۈزۈمگە مۇناسىۋەتلىكمۇيە؟ ھازىر قايسى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ھەممىدىن ياخشى ئىكەنلىكى، «ئالىي سۈپەتلىك پۇقرا ساپاسى»نى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدىغانلىقى ھېچكىمگە ئېنىق ئەمەس. كاپىتالىزم تۈزۈممۇيە؟ بىز بايا ئېيتىپ ئۆتكەن، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئاشۇ ھادىسىلەر دەل كاپىتالىزم مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىچە ئىجتىمائىي تۈزۈممۇ يە؟ ئۇ ئاللىقاچان گۇمران بولدى. جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈممۇ يە؟ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇڭا «پۇقرالار ساپاسى» مەسىلىسى تەبىر بېرىش ناھايىتى قىيىن بولغان مۇجمەل مەسىلىدۇر.

## 4. بۈگۈنكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۆستى

قىسقىسى، مەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ساپاسىدا مەسىلە يوق دېگەندەك قىلىمەن. جۇڭگودا پۇقرالار ساپاسىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا قىلچە مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئىشقا پەرۋا قىلمايلا قويساق بولمامدۇ؟ نېمىدەپ كىشىلەرنى تېرىكتۈرۈپ «غەم» يەپ يۈرىمىز؟ بىراق ھەممە كىشى ئۆز كۆز قارىشىنى بازارغا سېلىۋاتقان يەردە بۇ مەسىلىگە قارىتا مېنىڭ كۆز قارىشىمچۇ؟

مېنىڭ كۆز قارىشىم:

1. ئالدى بىلەن، ئىلگىرىكى «سېفىرلاشتۇرۇلغان مەۋجۇدلۇق» مۇھىتىنىڭ بەربات بولۇشى بىلەن پۇقرالار نىسبىي مۇستەقىللىققا ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشتى، پۇقرالار ساپاسىمۇ ئاز-تولا ئۆستى. ھازىر كىمنىكى خەقنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كويىدا يەنە بىر قېتىم سىياسىي ھەرىكەت قوزغىماقچى بولىدىكەن، ئەمدى ئۇنداق ئاسانغا توختىمايدۇ. ھازىر ھەر بىر پۇقرا مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. ئەلۋەتتە بۇخىل ئىقتىدار ياخشى ئاقىۋەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغان قابىلىيەت بولۇشى ناتايىن. ئېھتىمال بىر كىشىنىڭ پىكرى ناھايىتى كۈلكىلىك بەلكىم تولىمۇ بىمەنە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىلگىرىكىدەك قىلچىمۇ ئۆزىگە خاس كۆز قاراش بولمىغان زامانغا قارىغاندا خاتا بولسىمۇ، بىمەنە بولسىمۇ يەنىلا ئۆز كۆزقارىشى بولۇش، خەقنىڭ نېرى-بېرى قىلىشىغا قاراپ تۇرماي ئۆزى مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان بولۇش ياخشى ئەمەسمۇ. مانا بۇ، پۇقرالار ساپاسى جەھەتتىكى زور ئىلگىرىلەش. گەرچە ئۇلار يەنىلا ئېقىمغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش، داۋراڭ كۆتۈرۈشكە ئامراق بولۇش، توپلىشىپ تۇتامى يوق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈش، كوللىكتىپ ھالدا ھايت

دېسە ھۆيت دەپ تۇرۇش، بىردەم ھەممە ئادەم تالىشىپ سېتىۋېلىش، بىردەم ھەممە ئادەم «دېڭىز» غا سەكرەش، بىردەم ھەممە ئادەم «2-كەسىپ» ئىزدەش، بىردەم پاي چېكى ئويناش، بىردەم يايمىچىلىق قىلىش، بىردەم گۇرۇھدە ئويۇش بىلەن، بىردەم گۇرۇھدە بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش، خۇددى بېشى يوق چىۋىندەك ئۇدۇل كەلگەن يەرگە دوقۇرۇپ يۈرۈشتىن مۇستەسنا بولمىسىمۇ. لېكىن بۇ پۇقرالارنىڭ ساپا مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى جۇڭگولۇقلارنىڭ تۈپ ئاساسىدىن پەسكەشلىك مەسىلىسىدۇر. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن، شۇڭلاشقا جۇڭگولۇقلارنىڭ «ھە» دېسە «ھۇ» دەپ چىقىدىغان مىجەزىگە ماسلاشسا غەلىبە قىلماي قويمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ھامان «مەركىزىي ۋەزىپە» قىلىپ «ئاممىۋى ھەرىكەت» لەرنى قوزغاپ تۇرغان.

2. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان بېكىنمە ھالەت بۆزۈپ تاشلىنىپ دۆلەت دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلدى ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردە بىرقاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. گەرچە جۇڭگو تېخى ئۇچۇر دەۋرىگە كىرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇچۇر تارقىتىش ۋاستىلىرى ھەممە ئائىلىلەرگىچە تارالدى. ھازىر ئادەتتىكى بىر پۇقرامۇ ئىلگىرىكىدەك يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو قوبۇللىغۇچنى كۆرۈپ ھەيران قالمايدىغان بولدى. جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ نەزەر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى، «ئاكاڭ قارىغاي دۇنيادا بىر»، «مەنلا ئىنقىلابچى، مەنلا بەختلىك، مېنىڭكىلا توغرا» دەيدىغان روھىي ھالەت تۈگەشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق روھىي ھالەت قەدىمدىن تارتىپ «مېنىڭ دۆلىتىملا كاتتا دۆلەت»، «ئەجنەبىيلەرنىڭ ھەممىسى ياۋايى» دەپ قارايدىغان قالاق روھىي ھالەتنىڭ زامانىۋىلاشقان نۇسخىسى ئىدى. ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنغۇچىلار بولسىمۇ، لېكىن پۇقرالارنىڭ تولىسى دۇنيادىكى ئىلغار شەيئىيلەرنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە رازى، بۇ «ياخشى پۇقرا ساپاسى» نىڭ بىر مەزمۇنى. شۇنداق بولغاندىلا پۈتكۈل دۆلەت تەرەققىي قىلالايدىغان پىسخىك شەرت-شارائىتقا ئىگە بولالايدۇ.

3. 20 يىل ئىلگىرى مەكتەپلەر مائارىپىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، 150 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم ساۋاتسىز ياكى چالاساۋات بولۇپ قالدى. بۇخىل ئەھۋال بىزنى كېيىنكى ئەۋلادلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىچكى-تاشقى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ «ئۈمىدقۇرۇلۇشى» ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. گەرچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىلى يېرىم ئەسىر بولغان، بۇ يېرىم ئەسىر ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سۈرئىتى خۇددى تاشپاقىنىڭ ئۆمىلىگىنىدەك ئاستا بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ساۋاتلىق بولغانلار 1949-يىلدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇنى جۇڭگو تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە دېيىش مۇمكىن. جۇڭگودا ئىلگىرى مەكتەپ مائارىپىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگولۇقلارنىڭ «تەشۋىقات-تەربىيە» جەھەتتە سەرپ قىلىنغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ۋاقتى دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن. ئۇ بولسىمۇ مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن خىلمۇ خىل «ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىش كۇرسلىرى». ئەگەر شۇ چاغلاردا بۇ پۇل ۋە زېھنىي كۈچ مەكتەپلەرنىڭ مۇنتىزىم مائارىپىغا سەرپ قىلىنغان بولسا، جۇڭگو بۈگۈنكى كۈنلۈكتە دۇنيا بويىچە مائارىپ سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت بولۇپ قالغان، ھەتتا غەربىي ياۋروپا بىلەن شىمالىي ئامېرىكىمۇ بۇ جەھەتتە جۇڭگوغا يېتەلمىگەن بولاتتى.

4. قىسقىسى، 20 يىل بۇرۇنقى بىمەنە تارىخنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ جۇڭگولۇقلارنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچى زور دەرىجىدە ئازادلىققا ئېرىشتى. شەخسنىڭ ئىجادچانلىقى ئومۇميۈزلۈك ئۇرغىدى. جۇڭگولۇقلار ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شارائىتىغا ئېرىشىشكە باشلىدى ھەمدە قالتىس نەتىجىلەر ۋە كەشپىياتلار يارىتىلدى.

بىراق شۇنىڭدىن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، تاپ بېسىپ يامان ئىشلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن چىقىۋاتىدۇ ۋە تېخىمۇ ئەدەۋاتىدۇ. بۇ يامانلىق، قەبىھلىكلەرنىڭ تۈر-شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ۋاستىلىرىنىڭ تولىمۇ رەزىللىكى ئادەملەرنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرماقتا، ھەتتا بۇ يامانلىقلار قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغۋار نەتىجىلەردىن ئېشىپ كەتتى ۋە ئۇنى بېسىپ كەتتى. بۇمۇ بەزى مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنى «پۇقرالار ساپاسى» ھەققىدە «غەم-ئەندىشە» گە سالغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك تارىختىكى ئەڭ ياخشى شارائىتتىمۇ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى كۈتۈلدىكىدەك بولمايدۇ؟ سەۋەبىنى ئىزدىگىنىمىزدە ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولغاندىن باشقا، يەنىلا گەپ «پۇقرالار ساپاسى» غا بېرىپ تاقىلىدۇ.

## 5. پۇقرالار ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى مەلۇم قالايمىقانچىلىقنى باشتىن كەچۈرىدۇ

ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مەن ھازىر ئادەتتىكى «پۇقرالار ساپاسى» دىن رازىمەن. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە جەمئىيىتىمىزنى پاراكەندە قىلىۋاتقان خىلمۇ خىل ناچار ھادىسىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل ناچار قىلىقلىرى قەدىمدىن تارتىپ بار ئىدى، چەت ئەللەردىمۇ شۇنداق.

مېنىڭ قارىشىمچە سەل غەلىتىرەك بولۇشى مۇمكىن. باشقىلار ئېچىنىپ بېشىنى چايقىغان ئىشنى مەن يەنىلا ئالغا باسقانلىق دەپ قارايمەن. يېقىندا يىنچۈەن شەھىرىدە ۋېلىسىپىت ئوغرىلاش ئەۋج ئالدى. ئىدارىمىزدا بىرەيلەننىڭ ئوغلى، قىزلىرى، كۈيئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ بولۇپ سەككىزدانە ۋېلىسىپىتى يوقاپ كەتتى. ئۇلار ئالدىمغا كېلىپ داد ئېيتىشتى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ياخشى، ئىنتىزام قاتتىق بولغان 50-، 60-يىللارنى ماختاپ، يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كىرگەن ئاققۇنلارنى راسا تىللاشتى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا تەسەللىي بەردىم: سىز تەلپۈنگەن 50-، 60-يىللاردىكى بىخەتەر - تەرتىپلىك

جەمئىيەت ئامانلىقى ئۈچۈن پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇچاغلاردا نوپۇس سىياسىتى شەھەر ئاھالىسىنى كوچا-كوچىلارغا، كادىرلار تۈزۈمى خىزمەتچىلەرنى ئىدارىغا، كوممۇنا تۈزۈمى بولسا دېھقانلارنى يەرگە مىخلىۋەتكەنىدى، ئازساندىكى كىشىلەردىن باشقا مۇتلەق زور كۆپچىلىك جۇڭگولۇقلاردا ئەركىنلىك يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر-بازارلارنىڭ كوچا-مەھەللە ئاھالە كومىتېتلىرىدىكى «كىچىك پۇتلۇق ئىز قوغلىغۇچىلار ئەترىتى»دىن تارتىپ خەلق كوممۇنىلىرىنىڭ ئامانلىق ساقلاش-قوغداش بۆلۈملىرىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە نازارەت قىلمايدىغان يېرى يوق ئىدى. ھەتتا «ئاغزىدىن چىقارمىسىمۇ ۋەزىيەتكە قارىتا ئىچىدە نارازىلىقى بارلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىش» دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. ئادەملەرنى ئاشۇنداق بىر ۋىنتا ھېسابىدا بىر-بىرلەپ خاس ئورنىغا ۋىنتىلاپ قويىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئامانلىق ياخشى بولمىسا، خۇدامۇ راۋا كۆرمەس! مانا ئەمدىلىكتە ئاقما نوپۇسلار خۇددى كەلكۈندەك ھەممە يەردە يامراپ، شەھەرلەرنىڭ ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. لېكىن 60 مىليون «ئىشلەمچى»مۇ شەھەرلەردە يارىتىۋاتقان ئاۋاتلىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. سىز بىرنەچچە ۋېلىسىپىتىڭىزنى يوقاتسىڭىزمۇ قورسىقىڭىزنى كەڭرى تۇتۇپ: «بوپتىلا» دېمەمسىز ياكى ھەممە ئادەم يۈرەكئالدى بولۇپ ياشايدىغان دەۋرگە قايتىپ، تاشلىۋەتسىمۇ ئوغرى ئالمايدىغان ئەبجەق ۋېلىسىپىتىڭىزنى مىنىپ يۈرۈشنى خالامسىز؟ ئۇنتۇماڭ، ھازىرچە سىز ياخشى دەۋاتقان ئۇچاغدىكى «جەمئىيەت ئامانلىقى» مەملىكىتىمىزدىكى نەچچە يۈز مىليون خەلقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەركىنلىكىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن!

بۇ ئەلۋەتتە گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە قىلغان بىر چاقچىقىم. ھەقىقەتەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، دەۋربۆلگۈچ تارىخىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان بىر دەۋردە بۇنداق ئىشلاردىن ساقلانماق تەس. كەلكۈندە لاي-لاتقا ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئادەم بۇ ئەھۋالغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان روھىي ھالەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. جەمئىيەت ئىسلاھ قىلىنسا، ئادەملەرنىڭ ئەخلاق-قىلمىقلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، دەپ قاراش رېئاللىققا زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بەلكىم ئەكسىچە نەتىجىلىنىشى مۇمكىن. جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش جەريانى سۆزسىز ھەر بىر كىشىنىڭ روھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭدا ئالىيجانابلىقمۇ، رەزىللىكمۇ گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىسلاھات داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن بەزى مەسىلىلەرنى جەمئىيەت ئەخلاقىغا تاقاپ چۈشەندۈرۈش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

كۆپچىلىككە شۇنى دەپ قوياي: جۇڭگولۇقلار نەچچە ئون يىل بۇرۇختۇملۇقتا ياشىدى. «2-قېتىملىق ئازادلىق»تىن كېيىن ئۇلار چوقۇم 3-باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدۇ. 1-باسقۇچ مەلۇم بىر ھەجۋىي رەسىمدە تەسۋىرلەنگەندەك ئىدىشقا مەھكەم بەنت قىلىنغان ئادەمنىڭ غەيرىي شەكىلگە ئوخشايدۇ. ئىدىش چىقىۋېتىلگەندىن كېيىن خېلى مەزگىلگىچە ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ ئىدىش ئىچىدىكى ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. 2-باسقۇچتا ئېگىلگەن پۇت-قول، بەللىرىنى رۇسلايدۇ. ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىغانچە ھەرىكىتى شوخلىشىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى ئۇرۇپ-چاققۇسى كېلىدۇ. بىز ھازىر دەل شۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ باسقۇچ خېلى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. 3-باسقۇچقا كەلگەندە «ئۇسسۇل»ىمىز ماقامغا چۈشۈشى، پۇت-قولىمىز ساز-مۇزىكىغا كېلىشى، ئاندىن بىزمۇ «دۇنيا ئۇسسۇل سەھنىسى»گە چىقالىشىمىز مۇمكىن (بۇ، مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە دۇنياغا يۈزلىنىش باسقۇچلىرى ھەققىدىكى ئوبرازلىق ئوخشىتىش، ئەلۋەتتە. مۇھەررىردىن).

بۈگۈنكى غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇكەممەل قانۇن ۋە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت بىز كۆزدە تۇتقان يۇقىرى «پۇقرا' ساپاسى»نىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇزاق مەزگىللىك ئازاب-ئوقۇبەتلىك، تەرتىپسىز، ئەگرى-توقاي تارىخىي مۇساپە ئارقىلىق پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. بىز غەربنىڭ (سانائەت ئىنقىلابىنىڭ) دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سودا جەھەتتىكى ئالدامچىلىقلىرى (ھازىر جۇڭگو مەتبۇئاتلىرىدا پاش قىلىنىۋاتقان ئالدامچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى «سانائەت ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى غەربتىن ھەتتا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شاڭخەيدىن تاپقىلى بولاتتى، ئۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ بۈگۈنكى كەشپىياتى ئەمەس) ۋە شۇنىڭدەك خىلمۇخىل «پۇل توپلاش ئويۇنلىرى» بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ئىپتىدائىي جۇغلانما دەۋرىدىكى ۋەھشىيانە شەپقەتسىزلىكلىرىدىن گەپ ئاچماي غەربنىڭ بەزى كىنولىرىنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتەيلى. كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلار ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىدا سۈرەتكە ئېلىنغان سوقۇش كىنولىرىدىكى يولسىزلىقلارنى، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا مىلتىق-تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئادەم ئاتىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى ۋەقەلىكتىكى بىر قىزىقچىلىق دەپ قارايدۇ. مەن بەزى يەرلىك ئامېرىكىلىقلاردىن سورىغىنىمدا، ئۇلار راست مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ناھايىتى داڭلىق قاراقچىلاردىن بىرمۇنچىسىنى دەپ بەردى. بۇ قاراقچىلار بىرمەھەل ئىش تەۋرەتكەن ئادەملەر بولۇپ، خۇددى «سۇبويىدا»دىكى ئەزىمەتلەردەك ھەممىسىنىڭ لەقىمى بار ئىكەن.

بىر قېتىم مەن ئامېرىكىلىق بىر دوستۇمنىڭ پىكاپىدا كوچا ئايلاندىم. بۇ، كېچە تۈن نىسپى بولغان چاغ بولۇپ، كوچا جىمجىت، ئادەم يوق ئىدى. لېكىن قىزىل چىراق يانغاندا ئۇ پىكاپىنى توختاتتى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مۇبادا قارا جەمئىيەتنىڭ بىرەر ئادىمى ھېلىلا قاتىللىق قىلىپ چىققان بولسىمۇ، ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ساقچى بولمىسىلا،

ماشىنىسىنى قىزىل چىراق ئالدىدا توختاتماي ئۆتمەيدۇ» دېدى. بۇ ھېلىقى قاتىلنىڭ «ساپا» سىنىڭ ياخشى بولۇپ، قاتناش قائىدىسىگە ئادەتلىق رىئايە قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتتە ھەر بىر كىشىنىڭ قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلماسلىقىدىن قاتناش ۋەقەسى تۇغۇلۇپ قالسا ئۆزىنىڭ يا ئۆلىدىغانلىقىنى، يا يارىدار بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىدىن ئىكەن.

دېمەك، قائىدە-قانۇنلارنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە پۇقرالار ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشى مۇقەررەر كىشىلەر ئارىسىدىكى سۈركىلىش ۋە توقۇنۇش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئاخىرى كىشىلەر قانۇن، قائىدە-يوسۇن، بىر-بىرىگە يول قويۇش، تەربىيە كۆرگەن بولۇشنىڭ ئۆزىگە ھەممىدىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، يۈرۈش-تۇرۇشنىڭ مەدەنىيلىكى بىلەن باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەخسنىڭ مەقسىتىگە يېتىشىدىكى ۋاستىسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر خىل ئالىيجاناب مەنىۋى قانائەت ۋە ھوزۇر ئىكەنلىكىنى تونۇغان چاغدائاندىن «مەدەنىيەتلىك بولۇش» ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنە بىر مەزگىللىك جەرياندىن كېيىن مەنپەئەتپەرەسلىك خاھىشى پەيدىنپەي ئاجىزلىشىپ تەبىئىي، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئەسلى يارىتىلىشىدىنلا ساقلىنىپ كەلگەن ئېسىل ئادەتكە ئوخشايدۇ. مانا بۇلار پۇتكۇل پۇقرالار ساپاسىنىڭ ئۆسكەنلىكىدۇر.

«پۇقرالار ساپاسى» مەسىلىسى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر زور مەدەنىيەتتۇر. ئالدىنقى 20نەچچە يىلدا «سىپىرلاشتۇرۇلغان مەۋجۇدلۇق»، خۇسۇسەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك ۋەيران قىلىنغان جۇڭگو مەدەنىيىتى مۇھىتى ئەينى زاماندا جۇڭگولۇقلارنىڭ نورمال مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى ئۆزۈلكېسىل بۇزۇۋەتتى، بۇنى بىر-ئىككى ئەۋلاد ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ناھايىتى تەس. «دەرەخ 10يىلدا يېتىلىدۇ، ئادەم 100يىلدا» دېگەن شۇ-دە! ئېسىل پۇقرا سۈپىتى ياخشى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتىغا موھتاج، بۇ يالغۇز تۈزۈم، تۈزۈلمە، مائارىپ، ئېتىقاد، دىن، تۇرمۇش سەۋىيىسى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىنلا بەلگىلىنىدىغان نەرسە ئەمەس. ئالدى بىلەن ئۇنىۋېرسال، ساغلام ئىجتىمائىي شارائىت بولغاندا ۋە بۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك چېنىقتۇرۇشىدىن ئۆتكەندە ئاندىن كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسى ۋە ھەرىكىتىدە شۇخىل تەرتىپنىڭ چوڭقۇر ئىز-تامغىسى قالىدۇ.

جۇڭگولۇقلار ئۇزاقىچە ناچار ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىچىدە ياشىغاچقا، بۇ خىل مۇھىت ئۇلاردا كېسەل روھىي ھالەت ۋە روھىي كەمتۈكلۈك پەيدا قىلغان. بەزى جۇڭگولۇقلار چەتئەللەرگە چىققاندا ئۇ ئەللەرنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىدىكەن، جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولسا چوڭ مۇھىتقا بويسۇنۇپ يەنىلا ئاۋۋالقى ھالىتىگە قايتىدىكەن-دە، جاھانغا بېقىپ ئىش تۇتۇشقا مەجبۇر بولىدىكەن. شۇڭا، پۇقرالار ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ھالقىسى يەنىلا ئىجتىمائىي، مەدەنىي مۇھىتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈپ مەقسىتى ياخشى ۋە ساغلام بولغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتىنى يارىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلار مۇشۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ۋاستە، خالاس.

## «ئەندىشە» قىلىشقا تېگىشلىكى كادىرلارنىڭ ساپاسى

ئۇنداقتا مېنىڭ قارىشىم قانداق؟

مەن جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسىدىن «ئەندىشە» قىلمامدىم؟ ياكى قەدىمكى دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ شۈكۈردىن خۇشاللىق تاپتىممۇ يە؟ ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە چۇشلۇق ئەندىشەم بار:

پۇقرالار ساپاسىدىن سۆز ئاچقاندا، ئاۋام پۇقرا ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئادەمنى ئەندىشىگە سالسىمۇ، لېكىن ئۇ دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئامىل ئەمەس. تەرەققىي تاپقان، قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىيەتلىك، تىنچ دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن مەنسەپدارلار ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم شەرتتۇر! بۇنىسى ھەرقانداق دۆلەتتە ئوخشاش. بۇ بىر قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي قانۇنىيەت، تۆمۈر قانۇن!

ئادەتتىكى پۇقرالار ساپاسى ئەمەس، مەنسەپدارلار ساپاسىلا دۆلەتنىڭ تەقدىرىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ!

جۇڭگودا مەنسەپدارلار «كادىر» دەپ ئاتىلىدۇ، «كادىرلار ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ»!


مېنىڭ «ئەندىشە» قىلىدىغىنىم پۇقرالار ساپاسى ئەمەس، كادىرلارنىڭ ساپاسى.

---

جاڭ شيەنلياڭ، خەنزۇ، 1936-يىلى نەنجىڭدە تۇغۇلغان، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى. ئۇ، 1957-يىلى «بوران ناخشىسى» ناملىق داستانى سەۋەبلىك ھالدا خاتا «ئوڭچى» قىلىنىپ، 20يىلدىن ئارتۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن. 1979-يىلى ئاقلىنىپ يېڭىباشتىن يېزىقچىلىقنى باشلىغان. «روھ ۋە تەن»، «گەرنىڭ يېرىمى ئايال» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بار. ھازىر ئۇ نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

بۇ ماقالە ئۇنىڭ 1997-يىلى 11-ئايدا «ئىقتىساد گېزىتى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو ھەققىدە پاراڭلار» دېگەن كىتابىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى. لى شاۋبىن فوتوسى

نۇرمۇھەممەت دۆلەتى تەرجىمىسى(M1)



# «سىياسىي جۇڭگو» دىن تەرمىلەر

## ئىلاۋە

«ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارمىغاندا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىمۇ ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىز ئالدى بىلەن ئادەمدىن ئىبارەت توسالغۇغا دۇچ كېلىمىز. ھەر قانداق ئىش ئادەم بىلەن بولىدۇ. سەن ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرسەڭ، ئۇ يەردە بىرسى ھوقۇقدار بولىۋالىدۇ، بۇنداق بولغاندا، سەندە نېمە ئامال بولسۇن؟ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىسلاھاتىمىزنىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقى يەنىلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ». دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇنۇۋاتقان «سىياسىي جۇڭگو» دېگەن كىتابنىڭ تېتولىغا بېرىلگەن. بۇ كىتاب 1998-يىلى 8-ئايدا «بۈگۈنكى جۇڭگو» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن، جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىدىكى 40 نەپەر ئالىم - مۇتەخەسسىسنىڭ ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. ماقالىلارنىڭ كۆپى ئىنچام يېزىلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى جۇڭگو جەمئىيىتىدە مەۋجۇد بولىۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئۆتكۈر مەسىلىلەرنى بىر قەدەر دەل مەنىدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتورلار دېڭ شياۋپىڭ 80-يىللارنىڭ بېشىدا قايتا-قايتا تەكىتلىگەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەسىلىسىدىكى تەرەققىياتنى جۇڭگوچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن سوغۇققان تەھلىل قىلىشىدۇ، لېكىن بۇ سوغۇققانلىقتىن بەزى تەخىرسىز مەسىلىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ-جۇڭگو نۆۋەتتە كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە.

دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، ئىش ئادەم بىلەن بولىدۇ. ئادەم بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. جۇڭگودا سىياسىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش توسقۇنسىز مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئەڭ قىيىن ئىش. ئالدى بىلەن، ئېگىز بىنالار ئارىسىدا پىكاپتا ئولتۇرۇپ يان تېلېفون بىلەن ئىش بېجىرىدىغان كىشىلەر كۆپەيگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا دېموكراتىيە ئېڭى كەمچىل. كۆپ ساندىكى كادىرلار يەنىلا بيۇروكراتىزمنىڭ ئومۇمىي خورچىسى. روشەنكى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تارىخنىڭ ئىجابىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىلغار كۈچلەرنىڭ زىممىسىدىكى مۇشكۇل ۋەزىپە.

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدىغان مۇھىت يارىتىلغان بولۇشى كېرەك. بۇ، كەڭ قورساق ئىجتىمائىي ھاۋانى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئېلىمىزدە زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولماقتا، بۇ، 21-ئەسىردىكى دۇنيا تەرەققىيات يۆنىلىشىنىڭ مەھسۇلى. بۈگۈنكى شارائىتتا بىر رايوندا تەرەققىيات بولۇپ، يەنە بىر رايون توختاپ قالىدىغان كونا

قائىدىنىڭ مەۋجۇد بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ.

بىز بۇ كىتابتىن ئىككى ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىنى ئوقۇرمەنلەر سەمىگە سۇندۇق. بۇ كۆز قاراشلار پىكىر يوللىرىمىزنىڭ ئېچىلىشىدا مۇناسىپ رول ئوينىسا ئەجەب ئەمەس.

- تەرجىماندىن

## مەسلەك ئۈچۈن جەمئىيەت،جەمئىيەت ئۈچۈن مەسلەك

جۇخۇۋۇزى

### دۆلەت ۋە جەمئىيەت

ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چوڭ زىددىيەتكە يولۇقۇپ، 30-يىللاردىكى كرىزىس ۋە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بەردى. بۇ قالايمىقانچىلىق خۇسۇسىيلىق، بازار ئىگىلىكى ۋە بازارنىڭ ھۆكۈمەتسىز ھالىتىگە دۇنياۋى تەنقىد ئېلىپ كەلدى. بۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن «بارلىق رەزىللىكنىڭ مەنبەسى» دەپ ئەيىبلەندى. جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مالىمانغا ئەگىشىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روشەن بولغان ئىككى خىل ئىدىيە دولقۇنى پەيدا بولدى. بىرى، ئومۇمىي ئىگىلىك ۋە پىلانلىق ئىگىلىكنى تەشەببۇس قىلىش. بۇنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار يۇقىرىقىلارنى يولغا قويغاندا خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە بازار ئىگىلىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قالايمىقانچىلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى. يەنە بىرى، نوپۇزغا چوقۇنۇش، دۆلەتكە خۇراپىيلارچە ئىشىنىش. بۇ تەرەپدارىدىكىلەر قۇدرەتلىك بىر ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشىنى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئارقىلىق قالايمىقانچىلىقنى ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلىشتى. بۇ خىل ئىدىيە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كەڭكۆلەمدە تارالدى. ئاخىرى خەلقئارادا ئاشۇ ئىدىيەلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئۇنىڭ بىرى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بولۇپ، ئۇ، ئەنئەنىۋى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى تىكلىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا بىر پۈتۈن دۆلەت ئىگىلىكى ۋە پىلانلىق ئىگىلىك دەسسىتىلدى. ئارقىدىنلا ھىتلېر باشچىلىقىدىكى فاشىستىك پارتىيە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ بولسىمۇ ناتسىستلار پارتىيىسى بولۇپ، دۆلەت سوتسىيالىزمىنى يولغا قويدى ۋە ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن مۇستەبىت سىياسەتنى يۈرگۈزدى.

ياۋروپادا ئالدىنقى ئىدىيىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا نۇرغۇن زىيالىيلار ۋە سىياسىيئونلار قىزىل قالپاق كىيىشىپ، ئۆزلىرىنى سوتسىيالىزمچى دېيىشتى، سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلەشتى ياكى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشتى. بۇ ھەرىكەت ئۆزىنىڭ دەبدەبىسى بىلەن يەر-جاھاننى قاپلاپ، ئاشۇ خىل نام ئاستىدىكى تۈزۈم ۋە بىرقاتار دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. بۇ خىل تۈزۈمنىڭ رولى بولدىمۇ-يوق؟ ئەلۋەتتە بولدى! قالاق دۆلەتلەر دەسلەپكى سانائەتلەشتۈرۈش ھەرىكىتى جەريانىدا پۈتكۈل بايلىقنى مەركەزلەشكەن ھوقۇق ئارقىلىق دۆلەتنىڭ خەزىنىسىگە توپلاپ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلالىدى. بىراق تارىخ مۇساپىسى ئۇرۇش دەۋرىدىن تىنچلىق دەۋرىگە، ھەربىي لاۋازىمەت دەۋرىدىن خەلق لاۋازىمىتى دەۋرىگە كۆچۈپ، خەلق مول، رەڭگارەڭ تۇرمۇشقا موھتاج بولغان، جەمئىيەت كۆپ خىللىقتا ئىنتىلگەن پەيتتە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن بۇ تۈزۈم ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئاشكارىلاپ قويدى. شۇنچىۋالا كۆپ، ھەرتەرەپلىمە ئاساسىي قاتلام ئۈچۈرلىرى دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆتۈپ، مۇنارنىڭ ئۇچىغا بېرىپ، ئاخىرى مەركىزىي بىر تەرەپ قىلىش ئورنىغا يېتىدۇ، بۇ ئورگان ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلالامدۇ؟ مەزكۇر جەريانلارنىڭ ئۇزىلا ئۇچۇرنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىكى مۇقەررەرلىكنى، بىر تەرەپ قىلىنماسلىقنى ياكى كېچىكتۈرۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مانا بۇ، بىز دەۋاتقان بيۇروكراتىزمنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ! بيۇروكراتىزم ئۇچۇرلارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ھەممىشە ئىشلارنى كەينىگە سوزىدۇ، پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ، قارار چىقارمايدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆز سالساق، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 60-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاستا-ئاستا تۆۋەنلەپ، 70-يىللاردا ئۆزىنىڭ خۇلاسىسى-«تۇرغۇنلۇق دەۋرى»گە كىردى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا يەرشارى مىقياسىدا ئۈچۈر ئىنقىلابى پارتلاش خاراكتېرلىك كېڭىيىپ، بىلىم ئىگىلىكى ئومۇملىشىشقا باشلىغاندا، سوۋېت سوتسىيالىستىك تۈزۈمى داۋام قىلالماي، پۈتۈنلەي گۇمران بولدى.

20- ئەسىر دۇنيا تارىخى ئىسپاتلىدىكى، نوقۇل ھالدا دۆلەت ئىگىلىكىگە تايىنىۋېلىشقا زادى بولمايدۇ. ھەممىنى ھۆكۈمەتنىڭ بېجىرىپ بېرىشىگە سۇنۇپ بېرىشمۇ ئاقمايدۇ. سوتسىيالىزم يولىنى كۈندە تەكىتلەۋاتىمىزغۇ؟ سوتسىيالىزمچىلار مەسلەك ئۈچۈن جەمئىيەت، جەمئىيەت ئۈچۈن مەسلەك بەلگىلەش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. باشقىلار بۇرنىدىن يېتىلىسە ھاماقەتلەرچە مېڭىپ، خاتا ھالدا دۆلەتچىلىكنى سوتسىيالىزم دەپ تونۇپ، دۆلەتچىلىككە چوقۇنۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇچۇر ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ھەر قانداق شەكىلدىكى دۆلەتچىلىك تېخىمۇ ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ دەۋر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا جەمئىيەتكە قايتىش دەۋرىدۇر. جەمئىيەتكە قايتىش دېگىنىمىز-ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى جەمئىيەتنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ۋە ھەرخىل تىپ، ھەرخىل قاتلامدىكى جەمئىيەت گەۋدىسى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى

كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ھەممە ئىشنى دۆلەت ئۈزىگە قارىتىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس، دۆلەت ئۈلچەم تۇرغۇزۇپ، تەرتىپنى ساقلاپ بەرسىلا بولغىنى. مانا بۇ دۆلەت بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزم مەسىلىسى مۇشۇ خىل يېڭىچە مۇناسىۋەتنى چىقىش قىلىشنى يېڭىباشتىن مۇھاكىمە قىلىشى كېرەك.

### پەن ۋە ئېتىقاد

پەن دېگەن نېمە؟ پەن — ھەقىقەت تونۇغرىسىدىكى توختاۋسىز ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. ئۇ، باشتىن ئاخىر توختىماي ئىزدىنىش، تەجرىبە قىلىش، تەكشۈرۈش، تەنقىد جەريانىدا تۇرۇپ، كونىنى تاشلاپ يېڭىنى بايقايدۇ. ئۇ، شۇنداق قىلىپ مەڭگۈ تىنىم تاپمايدۇ. ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە بولغان روھىي تەلپۈنۈشى، كىشىلىك ھايات ھېسسىياتىغا بولغان تايانچى، ياخشىلىققا بولغان ساداقىتى، يامانلىققا بولغان ئۆچلىكى. ئۇ، ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئىچكى تەلپى ۋە ھېسسىي تايانچى. ئۇزۇندىن بېرى بىز پەن ۋە ئېتىقاد مەسىلىلىرىدە تەتۈر يول تۇتتۇق. ئەسلىدە ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولۇشقا تېگىشلىك دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئېتىقادقا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، گۇمان قىلماي ۋە تەكشۈرمەيلا «چۈشەنسىمۇ، چۈشەنمىسىمۇ چەكسىز ساداقەت بىلەن ئىجرا قىلىش»نى تەرغىب قىلدۇق. ھەتتا «خۇراپىيلەرچە ئىشىنىش»نى كۆككە كۆتۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتەي پەن دەپ ئاتىۋالغان نەرسىلىرىمىز بىلەن باشقىلارنىڭ ئېتىقادىنى تەنقىدلىدۇق. ئاخىرى پەننىمۇ بۇزدۇق، ھەقىقەتكە بارىدىغان يولىمىزنىمۇ توسۇۋالدۇق. باشقىلارنىڭ سەمىمىي ساداقىتىنى كاردىن چىقاردۇق. ھەممىنى خاراب قىلدۇق. سەن مەلۇم ئىلمىي مەسىلىكنى ياقلىماقچىمۇ؟ ئۇنداقتا، سەن گۇمانلىنىشىڭ، تەكشۈرۈشۈڭ، تەنقىد قىلىشىڭ، ياخشى يەرلىرىنى تاللاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشۇڭ، ئۆلۈك ھالدا ساداقەت بىلدۈرمەسلىكىڭ لازىم. باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا مۇئامىلە قىلغاندا، قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىۋالماسلىقىڭ، ئاتالمىش پەن ئارقىلىق تەنقىدلىمەسلىكىڭ كېرەك.

### يەر ۋە مېڭە

بىز ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى شارائىتىدا مىلياردلىغان كىشىنىڭ كىيىمى ۋە قورسىقى ئۈچۈن تىپىرلاۋاتقان، ئەنئەنىۋى سانائەتلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان چاغدا، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە يېڭى سانائەت ئىنقىلابى باش كۆتۈردى. بىرخىل ئۆزگىچە ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ، يەر شارىغا پارتلاش خاراكتېرىدە قانات يايدى. بۇ خىل ئۆزگىچە ئىگىلىكنى مەن ئەقىل - پاراسەت ئىگىلىكى، دەپ ئاتايمەن، باشقىلار بىلىم ئىگىلىكى دەپ ئاتاۋاتىدۇ، بۇمۇ بولىدۇ. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بۇ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇدىغان بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىگىلىك (ئىقتىساد) نى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىگىلىك چەت ئەلدە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا. بىزمۇ تەرەققىي قىلىۋاتىمىز، بىراق تەرەققىياتتا نېمىگە تايىنىۋاتىمىز؟ ئەمگەك كۈچى، يەر، ئېنېرگىيە مەنبەلىرى، كان بايلىقلىرىغا تايىنىۋاتىمىز. ئەگەر ئۇلار بولمىسا بىز تەرەققىي قىلىشقا ئامالسىزمىز. مانا بۇ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى ۋە سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى. باشقىلار بۇھالەتتىن خوشلىشىپ، بىلىمگە تايىنىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بۇرۇلدى. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ماددىي بايلىقلارغا تايىنىشتىن بىلىم ۋە ئاللا ئىشلىتىشكە ئۆتۈش دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىشتۇر.

بۇرۇن ئامېرىكا تېلېفون ۋە سىملىق تېلېۋىزىيە تىجارىتى بىلەن كەسىپ ھالقىپ شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. تېلېگراف شىركەتلىرى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى، سىملىق تېلېۋىزىيە شىركەتلىرى تېلېگراف تىجارىتىنى ئېلىپ بارالمايتتى. كېيىن ئۇچۇر مۇلازىمىتى تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدىغان قانۇنلار ئىسلاھ قىلىنىپ، ھەرخىل ۋاستىلەر ئۆتۈشمە ھالدا تىجارەت قىلسا بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئاخبارات، تەشۋىقات. . . لىرىنى كەسىپ، رايون، تۈزۈم، دۆلەت ۋە قىتئە ھالقىغان ھالدا يەرشارى مىقياسىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىگە — بۈيۈك مەدەنىيەت قوشۇلۇشىغا ئېلىپ كىردى. ھېلىقى پۇتلىكاشاڭلار ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن سودا-سېتىق، بازار ئىشلىرى يورۇشۇپ، بايلىققا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى كەڭ كۆلەملىك ئالماشتۇرۇش بارلىققا كەلدى، مېڭە جانلاندى، ئەقىل-پاراسەت ئۇرغىدى. مانا بۇ بىباھا بايلىق ئەمەسمۇ؟ كومپيۇتېر تورلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن ئۇچۇرلارنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ يېڭى بىلىم، يېڭى پىكىرلەردىن ئىبارەت، قالتىس يېرى مۇشۇ-دە.

ئامېرىكىلىقلاردىن نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلا كۆپ. ئۇلارنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرسەك تولىسىنىڭ ئاتا-بوۋىسى چەت ئەللىك. 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بېرلىنغا كىرىپ ئالىملارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىنى نۇرغۇن ئادەم ئاڭلىغان. ئۇلار ئالدى بىلەن بايلىقنى ئەمەس، بەلكى ئالىملارنى بۇلىغان، «ئەقىل» ئېلىپ مېڭىشقان. بۇلار ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدا ئاجايىپ زور رول ئوينىغان. ھازىر خەلقئارا ئالماشتۇرۇشتىكى ئەڭ زور بايلىق بىلىمدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى.

ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى دەۋرىدە يەرلەر ئىگىلىنىدۇ، ئەسىرلەر تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئەسىرلەر تېپىلغۇسىز ئەمگەك كۈچى ئىدى. ئۇلارغا يەر ھەيدىتىش، ئاشلىق تېرىتىش، پادىشاھقۇزۇشنىڭ ئۆزىلا غەلىبە ئىدى. ئەنئەنىۋى سانائەت جەمئىيىتى پەقەت كان بايلىقلىرىنى قېزىش، نېفىت ئېلىش، ئۇران قېزىش قاتارلىقلارغىلا تايىنىدۇ. ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدا نېمە ئۈچۈن ئۇزاققىچە جەڭگى-جېدەل توگىمەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئېنېرگىيە ۋە كان بايلىقلىرى بولغاچقا تالاشتا قالغان. بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى بىلىمگە، بىلىملىك كىشىلەرگە، يېڭى نەرسىلەرگە سەزگۈر ئېھتىياتلىق ئادەملەرگە، بىلىمنى

كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتكە ئايلاندۇرالايدىغان كىشىلەرگە، ئۆگىنىشكە ماھىر، تارقاق بىلىملەرنى باغلاپ ۋە تەشكىللەپ يېڭى بىلىم ھاسىل قىلالايدىغان كىشىلەرگە تايىنىدۇ. ھەرگىز كىتاب خالتىلىرى ۋە قۇرۇق نەزەرىيىچىلەرگە تايانمايدۇ.

شۇڭا مەجبۇرىي مائارىپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆمۈرلۈك مائارىپىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش كېرەك. باشقا ئىشلارنى ئازراق قىلساق مەيلى، بىراق ئەۋلادلىرىمىز ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مائارىپ ئىشلىرىغا قىلچىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. مائارىپنى چوقۇم ئىسلاھ قىلىش، ئەقىل ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەيلى پروفېسسور بولسۇن، ئىنژېنېر بولسۇن جېنى تېنىدە ئامان بولسىلا ئۆمۈر بويى ئۆگىنىشى لازىم. بولمىسا، شاللىنىپ كېتىدۇ.

### ئەمگەك ۋە تىجارەت خاراكتېرلىك ئەمگەك

بىز ئەمگەك دېگەن گەپنى ئۇزاق مۇددەت جىسمانىي ئەمگەك دائىرىسىدە چۈشىنىپ كەلدۇق. ئالىملارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى ئەقلىي ئەمگەكلىرىگە، كارخانىچىلارنىڭ ئېچىش خاراكتېرلىك تىجارەت ئەمگەكلىرىگە مۇۋاپىق باھا بېرەلمىدۇق. ئالىملار ۋە كارخانىچىلارنى ئەمگەكچىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزمىدۇق. ھەتتا تەتقىقات ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرنى «تەييارغا ھەييارلار» دەپ قاراپ، «ئەزگۈچىلەر» گە چىقىرىۋەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتار بىمەنە ۋە ساراڭلارچە ئىشلار كېلىپ چىقتى. پەن-تېخنىكا رولىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئالىملار ھەرھالدا ھۆرمەتلىنىدىغان بولدى. لېكىن تىجارەتكە قانداق قاراۋاتىمىز؟ تىجارەت خاراكتېرلىك ئەمگەك جەمئىيەتتە كەم بولسا قەتئىي بولمايدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئەقلىي پائالىيەت. بىز بازار ئىقتىسادى «نامەلۇم قول» غا تايىنىدۇ، دەپ قارايمىز، لېكىن بۇ «نامەلۇم قول» نىڭ رولى يەنىلا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق-چوڭ ئېلىم-سېتىم پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. كارخانىچىلارنىڭ رولى مۇشۇنداق يەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇلار دادىللىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، تارقاق ھالدىكى بايلىقلارنى ئىزدەپ ۋە جۇغلاپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى تولۇقلايدۇ ۋە راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى جەمئىيەتنىڭ بەختسىزلىكى، غەلىبىسى بولسا جەمئىيەتنىڭ خۇشاللىقى. كارخانىچىلار ۋە تىجارەتچىلەر ئىقتىساد يەرشارى بويىچە بىر گەۋدىلىشىۋاتقان شارائىتتا، بىز ئۈچۈن تولىمۇ كەم تېپىلىدىغان بايلىق بولۇپ قالدى. ئۇلار ھازىرقى رىقابەتتە باشقا مىللەتلەر قاتارىدا پۇت تىرەپ تۇرۇمىز دەۋاتقان بىزدەك چوڭ مىللەت ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك.

دۆلەتكە چوقۇنۇش ۋە تىجارەت خاراكتېرلىك ئەمگەكنى كەمسىتىش ئەنئەنىۋى سوتسىيالىزمنىڭ ئىككى چوڭ سەۋەنلىكى. ئالدىنقىسى سىياسەتنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىگە توسالغۇ بولسا، كېيىنكىسى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ.

## ئىدىيە ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىك سىياسەت

خۇۋېيشى

«‹ئىدىيە ئەركىنلىكى›، ئىدىيىنىڭ كاللىدىكى مەۋجۇدىيىتىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى ئىدىيىگە ئەركىن ياكى ئەركىن ئەمەس دېگەن گەپ كەتمەيدۇ. مەسىلە ئىدىيىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە، يەنى ئىدىيىنى ئىپادىلەش سىرتقى كۈچنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىدىمۇ-يوق، دېگەن نۇقتىدا كۆرۈلىدۇ. ئەگەر كاشىلا بولسىلا، ئىدىيە ئەركىن بولالمايدۇ. . . ئىدىيە ئەركىنلىكى ئىدىيىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى مەسىلىسىدىن ئىبارەت». 40-يىللارنىڭ زىيالىيسى جاڭ دۇڭسۇن ئەنە شۇنداق دېگەنىكەن. ئەھۋال شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، ئىدىيە ئەركىنلىكى دېگەن گەپ يەنە سۆزلەش ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە بولىدۇ. 1948-يىلى ب د ت قاراردىن ئۆتكۈزگەن «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» دا «ئىدىيە ئەركىنلىكى» دېگەن ئۇقۇمغا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «ھەممە ئادەمنىڭ تەشەببۇس قىلىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى بار، بۇ ھوقۇق، دەخلىسىز پىكىر بايان قىلىشنى، ئىدىيە - مەسىلىلەرنى ۋاستە ۋە دۆلەت ئايرىمىغان ھالدا ئىزدەش، قوبۇل قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى كۆزەتسەك، ئالاھىدە بىر ھادىسىنى بايقايمىز: 1. «دېموكراتىك سىياسەت» نى يولغا قويماقچى بولغان دۆلەتلەر «ئىدىيە ئەركىنلىكى» گە كاپالەتلىك قىلىمىز دېگەن ماددىنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزگەن. 2. «دېموكراتىك سىياسەت» نى يولغا قويغاندىن كېيىنمۇ ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئىدىيە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى بولغان. بۇ ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: بىر جەھەتتە، پۇقرالارنىڭ «ئىدىيە ئەركىنلىكى» گە كاپالەتلىك قىلىش - يېقىنقى زامان تارىخىدىكى دۆلەتلەرنىڭ گەپ كەتمەيدىغان «فورمۇلاسى» بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن، «ئاساسىي قانۇن» ماددىلىرى بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا غايەت زور ئارىلىق مەۋجۇت. ئاساسىي قانۇن ماددىلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكىدە سەۋەب نۇرغۇن. ھوقۇقدارلارنى ئالساق، ئۇلاردا ئىدىيە ئەركىنلىكى بىلەن دېموكراتىك سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ساۋات كەمچىل.

«دېموكراتىك سىياسەت» دېگەن نېمە؟

دېموكراتىك سىياسەتنىڭ مەزمۇنلىرى ناھايىتى كەڭ. لېكىن ئۇ ماھىيەتتە «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»

ۋە ئومۇمنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىشىدىن ئىبارەت. «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» دېگىنىمىز- دۆلەتنى «ئاساسىي قانۇن» بويىچە باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، پۇقرالارنىڭ ئىدىيە ئەركىنلىكىنى قوغداش «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» نىڭ بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمنىڭ سىياسەتكە ئارىلىشىشى، پۇقرالار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن مەھرۇم بولغان ئەھۋال ئاستىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش «ئىدىيە ئەركىنلىكى» نى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى جەمئىيەتتىكى دېموكراتىك سىياسەتتە «ۋەكىللەر تۈزۈمى» ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، «خەلق سايلىغان» ۋەكىللەرنى تەپتىش قىلىش، خالىغانچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى توسۇشتا «ئىدىيە ئەركىنلىكى» ئەڭ كۈچلۈك «قورال» رولىنى ئوينايدۇ. پۇقرالار ھۆكۈمەتنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ھۆكۈمەتكە قارىتا ھەر خىل تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئەركىن بايان قىلالىغاندىلا ئاندىن «دېموكراتىك سىياسەت» نى يولغا قويغان «چەكلىك ھۆكۈمەت» ئۇقۇمى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

پۇقرالارنىڭ «ئەركىنلىك ئىدىيىسى» نىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇش ياكى بولماسلىقى تونۇش مەسىلىسى بولماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئەمەلىيەت مەسىلىسىدۇر. مېنىڭچە، «ئىدىيە ئەركىنلىكى» نى يولغا قويۇشتا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ:

1. كەڭ قورساق بولۇش. ھوقۇقدارلار خەلقنى راست گەپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى، ئوخشىمىغان پىكىر ۋە قارشى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلالايدىغان، ئۇلارغا زەربە بەرمەيدىغان بولۇشى لازىم. دېمەك سۆز ئەركىنلىكى قۇرۇق ماددىلاردىن ئىبارەت بولۇپ قالماي، ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش ئۇسۇل ۋە تەدبىرلەر بولۇشى زۆرۈر.

2. «ئاخبارات مۇستەقىللىقى» بولۇشى كېرەك. خەلقتە گېزىت-ژۇرنال چىقىرىش ئەركىنلىكى ۋە نەشرىيات ھوقۇقى بولۇشى، خەلق چىقارغان گېزىت-ژۇرناللاردا مۇستەقىل زىيارەت ئېلىپ بېرىش، خەۋەر بېرىش، پىكىرلەرنى ئەركىن -ئازادە ئېلان قىلىش ھوقۇقى بولۇشى لازىم.

3. پۇقرالارنىڭ ئىدىيە ۋە ئۇچۇرلارنى ئەركىن ھالدا ئىگىلەش، ئىشلارنىڭ ھەقىقىي تەرىپىنى بىلىش ھوقۇقى بولۇشى لازىم. بۇ، ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.


4. ھۆكۈمەت خادىملىرى پۇقرالارنىڭ «ئىدىيە ئەركىنلىكى» نى باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى سادىر قىلسا، ۋاقتىدا ئېنىقلاش ۋە چارە كۆرۈش كېرەك.

تارىخ ئىسپاتلىدىكى، «ئىدىيە ئەركىنلىكى» ھەقىقىي دېموكراتىك سىياسەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنى ۋە شەرتى. بىر قىسىم ئادەملەر «ئىدىيە ئەركىنلىكى» نى يولغا قويۇش - ئىدىيە قالايمىقانچىلىقى ۋە قارشى پىكىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. بىلىش لازىمكى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتى كۆپ خىللىق ۋە «ماھىيىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان» نەرسىلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسى. ھەرخىل سادالارنىڭ پەيدا بولۇشى قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس ، بەلكى نورمال ئىش، دېموكراتىك جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى دەل مۇشۇ يەردە. يوھان موللېر «ئىدىيە ئەركىنلىكى» نى باستۇرغان مۇستەبىت گەۋدە ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا مۇنداق دېگەنىدى: «روھىي قۇللۇق ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار چىققان ھەم چىقىشى مۇمكىن. ئەمما روھىي قۇللۇق ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە ئەقلىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان خەلقنىڭ بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس» . «ئىدىيە ئەركىنلىكى» نىڭ پۇقرالارنىڭ ئەقلىي كۈچى ۋە ساپاسىغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىنى بۇ سۆزدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىز تۈزۈلمە جەھەتتە بۇرۇلۇش پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۈنتەرتىپكە كىردى. ئېيتىش كېرەككى، دۆلىتىمىز سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ۋەزىپىسى دېموكراتىك سىياسەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. بۇ بىزدىن «ئىدىيە ئەركىنلىكى» ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا، ئازساندىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا تايىنىش بىلەن تۇرۇپ قېلىشقا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ لايىھىلىرىگە يۆلىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ قول تىقىشىنى قوزغاش لازىم، «ئىدىيە ئەركىنلىكى» بولمىسا بۇ ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ. «ئىدىيە ئەركىنلىكى» نى ئىنساننىڭ تۇپ ھوقۇقى دەپ بىلىپ قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن بىرگە ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي كۈچلەرنى يۈرۈشتۈرىدىغان ۋە سەپەرۋەر قىلىدىغان ئەڭ قىممەتلىك كۈچ مەنبەسى ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيدىكەن، ئۇنداقتا، ئۇچۇرلار پارتلاۋاتقان ، «ئىدىيە» ئەڭ كاتتا بايلىققا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە «ئىدىيە ئەركىنلىكى» نىڭ بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر. جۇڭگو بىر مىليارد ئىككى يۈز مىليون نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەت، بۇ ئادەملەر پەقەت «ئەمگەك كۈچى» لا بولۇپ قالماستىن، يەنە غايەت زور «ئىدىيە خەزىنىسى» ۋە «ئەقىل» بولۇپ سانىلىدۇ. بۇلارنى ئېچىش بىزنىڭ «ئىدىيە ئەركىنلىكى» دىن ئىبارەت ئەنگۈشتەرنى ئىشلىتىشىمىزگە باغلىق.

ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى(M1)

# قەدىمەت قارىشەھەردىكى يوشۇرۇن كېرىزىس



تۇرسۇنمۇھەممەت توختى

بىر تەبىئىي پەن ئالىمىمىزنىڭ نەچچە يىل ئىلگىرى خۇرسىنىش بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ: «شىنجاڭغا كەلگەن چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ تولىسى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ كېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار قەشقەرنىڭ قەدىمىي كوچىلىرىنى خادىكا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىشقا بەك ھېرىسمەن. ئۇلاردىن بىر قىسمىلىرى قەدىمىي شەھەر قەشقەرنى كۆرگىنىدە ھاياجىنىنى باسالماي: ‹بىز ئوتتۇرا ئەسىرلەرنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق›، دېيىشىدۇ. ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتىۋاتقىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە خاس قۇرۇلۇش ۋە ئۆي-ئىمارەتلەرلا بولماستىن، مۇھىمى مەدەنىيەت ساپايىمىزغا بېرىۋاتقان باھاسى ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا، بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىر نەرسە كەپلىشىۋالغاندەك دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كېتىدۇ».

دوكتور نەبىجان تۇرسۇن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 5-، 6 (قوشما)-سانىغا بېسىلغان «موسكۋا خىياللىرى» ناملىق زور ھەجىملىك ئوچېركىدا: «تالايلىغان ئادەملىرىمىز تېخىچە قالاق تەپەككۇر دۇنياسىدا ياشاۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئېڭى ۋە ياشاش ئۇسۇلى تېخىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا» دەپ يازىدۇ.

دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىرلەر بىز ئۈچۈن بىر قىزىق تېما بولسىمۇ، لېكىن بۇ تېما ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ كۆرگەنلەر، ئاچچىق كەچمىشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ ۋە يېڭىچە ئەقلىغە كېلىپ تەبىئىيىتىنى چىرماپ ئالغان نادانلىققا جەڭ ئېلان قىلغۇچىلار دېيەرلىك بولمىدى. تەكىتلەش زۆرۈركى، جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پاجىئەلىرىدىن خەلقىمىز ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىپ قويماي بۈگۈنكى دەۋرگە ئۇلاشقىنىنى بىر مۆجىزە ھېسابلاشقا بولسىمۇ، ۋۇجۇدىمىزنىڭ تېخىچە ئىلغار ئىدىيە، ئاڭ، تەپەككۇر بىلەن سۇغۇرۇلۇپ بولالمىغانلىقى، ئوتتۇرا ئەسىرلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مەنىۋى چۈشكۈنلۈك ۋە قالاقلىقنىڭ يەنىلا تەبىئىيىتىمىزدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك 20-ئەسىرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ياراتقان سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت خىرىسى ئالدىدا گاڭگىراشلىرىمىز ھەتتا سېزىمچانلىقىمىز كاردىن چىققاندەك ھاياتقا، كەلگۈسىگە شۇنچە بىپەرۋا قاراشلىرىمىز ھەققىدە تەخىرسىزلىك بىلەن ئويلانمىغىنىمىزدا، 21-ئەسىرنىڭ ئۇپۇقى يورۇشقا باشلىغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ پاسسىپلىق بىلەن ئىلغارلىقنىڭ چېگرىسىدا ئىدېئولوگىيە كۈرىشىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان، توغرىسى ئەمدىلا ئويغىنىش قەدىمىنى ئېلىۋاتقان مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئېلېكترون ۋە ئۇچۇر مەدەنىيىتىنىڭ كەسكىن رىقابىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي تۇنجۇقۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇقۇمىنى كىشىلەر ئىككى خىل مەنا بىلەن قوبۇل قىلىشتى. بىرى، كالېندارنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ نەق ئۆزى بولسا، يەنە بىرى، مەيلى قايسى دەۋر بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر نادانلىق، پاسسىپلىق، مۇتەئەسسىپلىك قاپلاپ كەتكەن جەمئىيەت ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇقۇمى بىلەن خاراكتېرلەندى.

بىز ئۆز تەبىئىيىتىمىزنى ھەقىقىي كوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈدىغان بولساق، بىر مۇنچە كىشىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋردە ياشاپ تۇرۇقلۇق روھىي دۇنياسى، ئاڭ-تەپەككۇر شەكلى، قىممەت قارىشى ۋە ياشاش مەنتىقىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ خىل تەن بىلەن روھنىڭ ئاجراپ كېتىشى ئەقىلدىكى خۇنۇكلۇقنى، بىخۇتلۇق ۋە ئۈمىدسىزلىكنى، ئاخىرقى ھېسابتا قىممەت قارىشىمىزدىكى يوشۇرۇن كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىر كىشىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە قانچىلىك قىممەت يارىتىشى ۋە قانچىلىك قىممەتكە ئىگە بولۇشى شۇ كىشىنىڭ قىممەت قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەم جۈملىدىن بىر مىللەت ئۆز نوپۇزىنى تىكلىمەكچى، مەۋجۇدلۇقىنى نامايان قىلماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن قىممەت قارىشى ئىلغار بولۇشى زۆرۈر.

چېخ سىياسىي-دىنىي ئەربابى يان گوسنى دىنىي جەمئىيەت كاپىرلىقتا ئەيىبلەپ ئوتتا كۆيدۈرۈۋاتقاندا بىر ساددا دىل موماي ساۋابلىق ئۈچۈن بىر قۇچاق ئوتۇن تېرىپ كېلىپ گۈلخانغا تاشلىغانلىقى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تۇرمۇشىغا ئائىت تىپىك بىر مىسالدۇر. گۈلخانغا ئوتۇن تاشلىغان ساددا دىل مومايىنىڭ خاراكتېرىنى چىرماپ ئالغان «تەۋەررۇك» ساددىلىقىنى — مومايدىكى قىممەت قارىشىنى بۈگۈنكى كۈندە ئۆز خاراكتېرىمىزغا تەدبىقلاپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بىلىمسىزلىك، نادانلىق، دىنىي مۇتەئەسسىپلىك، ئىنتىپاقسىزلىق ئامىللىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى قۇلچىلىققا مەھكۇم قىلىنغان، ئىلغارلىق، يېڭىلىق، ئەركىنلىك جاھالەت پىرلىرى تەرىپىدىن تەقىپ ۋە تەھدىتكە ئۇچرىغان ئوتتۇرا ئەسىرلەر بۈگۈنكى كۈندە تارىخقا ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق تەجرىبە-ساۋاقلار بۇندىن كېيىنكى ھاياتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشىمىزگە ئىبرەتلىك ئەقىل ئاتا قىلالىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

يېقىنقى دەۋرلەردە، نەچچە ئەسىرلىك شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن غەربلىكلەر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بىر نەچچە قېتىم پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئۇلار ياسىغان پار ماشىنىسى سانائەتلىشىش دەۋرىنىڭ گۈدۈكىنى ياڭرىتىپ، نۇرغۇن ئەل خەلقلىرىنىڭ ئېڭىدا مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇردى. ئەپسۇس، ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ تراگېدىيىلىرى بىلەن روھىي دۇنياسى زەئىپلىشىپ كاردىن چىقايلا دەپ قالغان، ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىيىتىنى يوقىتىپ قويۇش گىردابىغا بېرىپ يەتكەن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىدىغان «ئاشقازان»ى كاردىن چىققانىدى... نەچچە ئەسىر مابەينىدە بىرەر قېتىممۇ مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمىگەن مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ زامانىۋى دۇنياغا نىسبەتەن نادان، بىغەملىك تەبىئىيىتى بويىچە قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋېرىشىنىڭ ئۆزى بىر پاجىئە بولسا كېرەك.

كېپىمىزگە كەلسەك، ئەقلى نورمال ھەرقانداق ئادەم بەلگىلىك قىممەت قارىشى بىلەن ياشايدۇ. ئادەتتە ئېيتىپ كېلىۋاتقان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنيا قاراشقا قىممەت قارىشى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. مىسالى، بەزىلەر كىچىك بالا نېمىنى بىلىدۇ، دەپ ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە تەقدىرىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قارىسا، يەنە بەزىلەر كىچىك بالىلار بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، دەپ قاراپ ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. بەزىلەر بالىلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇغىنىدىن ئېتىزدا مال باققىنى ئەۋزەل، دەپ قارايدۇ. بەزى كىشىلەر ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئانچە جاپا تارتمايلا باياشات تۇرمۇش كەچۈرسە، بەزىلەر ئېتىزدا جاپالىق ئىشلەپمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىلەر ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلەرنى پۇتلاش كويىدا ئاۋارە. ۋاقىت بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە پۇل-بايلىق، ھاياتلىق؛ ئەقىل بولسا بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە ئەرزىمەس بىر نەرسە؛ مائارىپ بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلانسا، بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە ئېتىبارسىز بىر نەرسە. قىسقىسى، بەزىلەر بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەچكە، قۇدۇقتىكى پاقىنىڭ خىيالىنى قىلىدۇ؛ يەنە بەزىلەر يىراقنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەچكە، دائىم ئەقىل-ئىدرىكى قولىدىن ئالتۇن تاسقىيالايدۇ.

ئابدۇقادىر داموللا ئەينى ۋاقىتتا: «كىچىك بالا نادان ئانا تەربىيىسىدە يامان خۇلق-نادانلىقنى كەسىپ قىلۇر، كىچىكلىكتە ئورناشقان يامان خۇلق ۋە نادانلىقنى تۈگەتمەك مۇشەققەتتۇر. ئەگەر ئانىسى ئوقۇغان، بىلگەن بولسا، بالىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلۇر. كىچىكىدە تەربىيە كۆرگەن بالىنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەت ھاسىل قىلماقى ئاسان بولۇر» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلغان. بىز ئۇنىڭ ئانا تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى بۇ خىل قىممەت قارىشىنى دەۋرىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ: «قىز بالا تالانىڭ ئادىمى، ئوقۇتۇپ نېمە كەپتۇ...» دېگەندەك قارىشى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا يۈزىمىز ئۆيۈلىدۇ. ئۇ يەنە: «ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر، ئۈمىدسىزلىك ئىنسانغا راۋا ئەمەستۇر»① دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

دۇنيادا ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ شۇ خىل قىممەتكە قارىتا تونۇشى قىممەت قاراش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. يەنى قىممەت قاراش-شەيئىي — ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە قارىتا ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ پائالىيەتچان ئىنكاسى بولۇپ، بىر ئادەمگە نىسبەتەن قىممەت قاراشنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك دەرىجىسى شۇ ئادەمنىڭ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى قانچىلىك دەرىجىدە تونۇشىغا باغلىق. دېمەك، قىممەت قاراش ئالدى بىلەن ئىدىيە (ئاڭ) مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ، ساپا تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ھەرقانداق پائالىيىتى ئۇنىڭ

ئىدىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى كىشىلەر قانچە چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنسېرى ئىلغار ئىدىيىگە نىسبەتەن موھتاجلىق كېلىپ چىقتى. ئەقىل ۋە تەپەككۇرغا تويۇنغان ئىدىيىدىكى مۇكەممەللىك ئادىمىيلىك قىممىتىنى ھامان ئۆزىگە تەقەززا قىلىدۇ. مېنىڭچە، ئادەمنىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى، تەپەككۇر شەكلى، ئەخلاق ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى قاچانكى ئۆزىنى بايقاش قەدىمىنى ئالغان كۈندىن باشلاپ، شۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇ تەپەككۇردىكى ئاددىيلىق، يۇزەلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان قاتمال قىممەت قاراشنىڭ خىرىسغا جەڭ ئېلان قىلىشى تەبىئىي.

تۆۋەندە بىلىم ئېڭى، مائارىپ ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭى ھەققىدىكى قىممەت قارىشىمىز توغرىسىدا قىسقىچە قاراشلىرىمىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## بىلىم ئېڭى توغرىسىدا

ياۋروپالىقلار تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقاندا، جاھانشۇمۇل ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىيلەر شاھانە كىتابلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا مۇئەييەن بىر پەللىنى يارىتىپ، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا مۇناسىپ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىگ» تە: ئەقىل-ئىدراكسىز كىشىنى بىر ئۇچۇم لايغا، ئەقىل -پاراسەتنى قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە، بىلىمسىزنى بىر قارىغۇغا، بىلىمنى يورۇقلۇققا ئوخشىتىدۇ. «بىلىملىكنىڭ ئۇيقۇسى بىلىمسىزنىڭ ئىبادىتىدىن ئۈستۈن» دەپ خىتاب قىلىدۇ.

مىسال:

157. بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ بارچىسى كېسەلچان كېلىدۇ،
كېسەلنى داۋالىمىسا كىشى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

208. ھەممە ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ پايدىسىدۇر.
مىسالى، ئىلىم بىلەن كۆككە (مۇ) يول ئېچىلىدۇ.

250. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرگە قاراپ كۆرسەڭ،
(مەيلى) قارا خەلق، بەگ ياكى دۇنيا سورىغۇچى بولسۇن،

251. بۇلارنىڭ قايسىسى بىلىمگە ئېرىشكەن بولسا،
ئۇلار زامان (ۋە) دۇنيانى قولىدا تۇتالىدى②.

دېمەك، ئۇ «بىلىمنى ئىنسان قەدىر-قىممىتىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى، تىرىكچىلىكنىڭ كۆز نۇرى، جەمئىيەت پاراۋانلىقىنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى مەشئەل، بارلىق ئوتۇقلارنىڭ سەۋەبچىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ، بىلىمنى كۆككە يول ئاچقۇچى، دۆلەتنى تۈزىگۈچى، جەڭگە غەلىبە بېغىشلىغۇچى، ئادەمگە پەزىلەت ئاتا قىلغۇچى ئەڭگۈشتەر دەپ كۆرسىتىدۇ»③. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ بىلىم بەخت-سائادەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. بىلىم ۋە ئەقىل -پاراسەتكە ئىگە بولۇشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن خۇددى ئاش-تاماقتا ئوخشاش مۇھىم ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەر بىز دانالار قالدۇرۇپ كەتكەن ھېساتلار (ئەقىل) نى چىن مەنىسى بويىچە تونۇغان ۋە شۇ بويىچە ئۆگەنگەن، ئەقىل-پاراسەتكە تايىنىپ ئىش كۆرگەن بولساق، كومېنىسكىي ئېيتقاندەك: «ئۆزىمىزنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، قۇدرەتلىك ۋە ئالىيجاناب ئىنسانلارغا ئايلانغان بولاتتۇق». ئەپسۇس، بىلىمدىن، ئەقىل-پاراسەتتىن ياتلىشىش ۋۇجۇدىمىزدا ساختا ھېسسىيات ۋە ئىدىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل روھىي ھالەت كېيىنكى دەۋرلەردە جاھالەتلىك تارىخنىڭ تۈپكى سەۋەبكارى بولۇپ قالدى.

مەيلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىي بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىدا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى، ئىنساننىڭ كامالەت تېپىشىدا ئىلىم-پەن ئاساس ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە تارىخىي دەۋرلەرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان يۈكسەك بىر ھەقىقەتكە ئايلاندى. ئۇچۇرغا سەزگۈر ياپونىيىلىكلەرنىڭ قەيەردە بىرەر ئىلىم-پەن ئۇچۇرىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنى دەرھال تېخنىكىغا ئايلاندۇرۇپ، يېڭى تاۋارلىرى ئارقىلىق خەلقئارا سودا بازارلىرىغا قارىتا مونوپوللۇقنى كېڭەيتەلىشىنى دەل ئۇلارنىڭ بىلىم قارىشىنىڭ يۇقىرىلىقى، پەن-تېخنىكا ئۆگىنىشنى ئىممىۋى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، خەلقئارادىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

پەن-تېخنىكىنىڭ قۇدرىتىنى يىراقتىن سېزىش ئەمەس، كۆز ئالدىمىزدا بەش قولدەك ئېنىقلاشقان بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ئىلىم-پەن ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە ئەزۋەيلەش، تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۇياتلىق ئىش ئىدى. بىلىم ئىگىلەش ھەر بىر كىشىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ بولغان بولسا بولاتتى. بىراق ئەمەلىيىتىمىز بۇ خىل تەلەپتىن خېلىلا يىراق. بەزى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلغىنىمىزدا، بىزدە ئەزەلدىن بىلىم ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھەتتا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر قاشاقلاشقان بىر مۇنچە كىشىلىرىمىزنىڭ يەنىلا ئىلىم-پەنگە ئېتىبارسىز قارىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەجەبلەندۈرىدۇ. مانا بۇ، بىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەر چېگرىسىدىن ئۆزۈلكېسىل ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى» دىگەن ھېكمەتنى ئوبدانراق ھەزىم قىلىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. مىسال:

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىنىڭ فورت ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ چوڭ تىپتىكى بىر ئېلېكتر ماشىنىسىدىن كاشىلا چىقىپ، گېرمانىيىلىك داڭلىق ئېلېكتر ماشىنا مۇتەخەسسىسى ستانمېسنى ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ، ئېلېكتر ماشىنىسىنى ئىككى كۈن تەكشۈرۈپ ھەر خىل ھېسابلاشلارنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بور بىلەن ماشىنىنىڭ قېپىغا سىزىق بىرتال

سىزىق سىزىپ قويۇپ شىركەت دىرېكتورىغا : «ماشىنىنى ئېچىپ، سىزىق بويلاپ ئېچىدىكى كاتوشكىدىن 16 ئورامنى كېمەيتسەڭلار كاشىلا ئوڭشىلىدۇ» دەپ تاپىلايدۇ. كىشىنى تىت-تىت قىلىدىغان قىيىن مەسىلە ئاخىرى ھەل بولىدۇ. ئىش ھەققى توغرىسىدا سۆزلەشكەن چاغدا بۇ مۇتەخەسسىس 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دىرېكتور: «بىر تال سىزىق سىزىشنىڭ قىممىتى قانداقمۇ 10 مىڭ دوللار بولسۇن» دېگەندە، بۇ مۇتەخەسسىس قىزىقارلىق قىلىپ: «بىر تال سىزىق سىزغىنىم بىر دوللارغا توختايدۇ، قەيەرگە سىزىشنى بىلگەنلىكىم بولسا 9999 دوللارغا يارايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىز بۇ مىسالدىن بىلىمنىڭ ئادەمگە ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە كۈچ ۋە بايلىقمۇ ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مەن بىر گېزىت خەۋىرىدىن ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر تەتقىقات ئورنىنىڭ بىر تال پەمىدور مايسىسىنى بىئوخىمىيىلىك ئۇسۇلدا تېخنىكىلىق پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق 200 كىلوگرامدىن ئارتۇق پەمىدور ئالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدىم. بىز چوڭ زاكۇنلارنى قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپىمىزدىكى تۇرمۇشقا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، پەن-تېخنىكىنىڭ قەنتىنى چېقىۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلار پارنىكتا كۆكتات تېرىش ، تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش، تېخنىكىلىق يەر تېرىش ۋە پەرۋىش قىلىش، ئامېرىكا ئۈزۈمىنى يەرلەشتۈرۈپ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 8 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇش، كارخانا مەدەنىيىتىگە يۈرۈش قىلىش دېگەنگە ئوخشاش تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بايلىق جەھەتتىكى ئەۋزەللىكنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ ھەقىقەتەن باي بولماقتا. شۇنداقتىمۇ پەن-تېخنىكىدىن خەۋەرسىز قالغان نۇرغۇن دېھقانلىرىمىز قالاق، ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىقنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، تاپقانلىرى قورسىقىدىن ئاشماي كەلدى. قارىغاندا، بۈگۈنكى بازار رىقابىتىدە «بىلىكى»گە تايىنىپ يېڭىدىغان دەۋر ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بىلىمگە تايىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇشىمىز لازىم.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى يېزىلغان خوتەن تۇرمۇشى ھەققىدىكى بىر ئوچېركتا، بىر ئايالنى يالىڭاچلىنىپ قالغان توك سىمىغا كىر يېيىشى سەۋەبى بىلەن توك سوقۇۋەتكەنلىكى، ئايالنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر ئائىلە كىشىلىرىنى بىراقلا توك سوقۇپ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ يادىدا بولسا كېرەك. ئەدناسى، تۇرمۇشىمىزدا دوختۇر بەرگەن دورىنى قائىدە بويىچە ئىچمەي «كېسەلدىن تېزراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن» بىراقلا ئىچىۋېلىپ، دورىدىن زەھەرلىنىپ قالىدىغان، ھاراقنى زىيادە كۆپ ئىچىشتىن ئىسپىرتتا زەھەرلىنىپ، ھاياتىنى بىھۇدە نابۇت قىلىدىغان، يەنە شۇ ھاراق تۈپەيلى بىرمۇنچە بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتقان، ھەتتائازغىنا ئاچچىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئۆلۈۋالىدىغان ئەھۋاللار ھېلىھەم پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار بىلىمسىزلىكنىڭ ئەڭ ئاددىي ئىپادىلىرى بولماي نېمە ؟

ئادەملەر ھايۋانلاردىن نۇتۇق ۋە تەپەككۇرى (ئەقىل) ئارقىلىقلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئۇلارنىڭ بىلىمى كەلتۈرۈپ چىقارغان . كىمكى بىلىم - ئەقىلدە ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىكەن، چوقۇمكى دۇنيادىن ئىگە بولىدىغانلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپ بولىدۇ. دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرى كۆز ئالدىمىزدىكى ئاددىي نەرسىلەرگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەقلى سەزگۈر، ئىجادچانلىق تۇيغۇسىغا باي، ئىرادىلىك كىشىلەرلا بۇ خىل قانۇنىيەتلەرنى بايقىۋېلىپ ھاياتلىق مۇساپىسىنى يورۇتۇپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بېرەلەيدۇ. بىلىش كېرەككى، ھىيلە-مىكىر ئەمەلىيەتتە بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىشىدۇر. بىلىملىكلەر بىلىمسىزلەرنى شۇ خىل يول بىلەن قىلتىقىغا چۈشۈرۈپ كەلگەن. ئافاق خوجا، ياڭ زېڭشىن ، شېڭ شىسەيلەر ھىيلە-مىكىرگە تايىنىپ يارىتقان جاھالەتلىك دەۋرلەر بۇنىڭ جانلىق شاھىدى.

پۇل بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى تەرەققىي تاپقان ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە ئاللىقاچان ئايدىڭلىشىپ بولغان كونا بىر تېما بولسىمۇ، لېكىن ئەمدىلا بازار ئىگىلىكىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان خەلقىمىزگە نىسبەتەن يېڭى بىر تېما بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق. بىز ماركسنىڭ توم-توم كىتابلىرىدىكى ئىدىيىسىنى يۇغۇرۇپ كۆرۈدىغا بولساق: ئادەم ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېيىشى، كىيىنىشى، تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. بۇ خىل ئېھتىياج بارلىق زىددىيەتلەرنىڭ مەنبەسى دېگەندىن ئىبارەت ئاددىي ھەقىقەتكە ئىگە بولىمىز. دەرۋەقە، باياشاد - بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ تىرىشىش نىشانى قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇئەلۋەتتە پۇل تېپىشى، بايلىق يارىتىشى لازىم. بۇ نۇقتا ھەممىگە ئايان. كۆپرەك پۇل تېپىش ، باشقىلارغىمۇ نەپ بېرىپ ئىنسانىي خىسلىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن كۆپرەك بىلىمگە ئىگە بولۇش لازىم.

بىلىم ئىدىيىدىكى نەرسە بولۇپ، ئۇ، بىۋاسىتە پۇل شەكلىدە ئىپادىلەنمىگەچكە ، كۆپ ھاللاردا كىشىلەر بىلىمگە سەل قاراپ قالىدۇ. بىلىم بىلەن پۇل ئوتتۇرىسىغا گەرچە تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمىسىمۇ، بۇ ئىككىسى خۇددى قۇشنىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشايدۇ (قۇش بىر قانىتى بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە) . يەھۇدىيلار دەل بۇ ئىككى قاناتنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىغىنى ئۈچۈنلا بۈگۈننى يارىتالىغان.

ئەگەر بىز مەۋجۇدلۇق ئاساسىمىزنى، دۇنيا سەھنىسىدىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىمىز دەيدىكەنمىز بىلىمگە تايىنىشىمىزغا ، ئىقتىسادىي ئاساس تۇرغۇزۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىزدىكى بىلىمگە سەل قاراش، پۇلغا قارا-قويۇق چوقۇنۇش خاھىشى ئالقاندىكى پۇلنىمۇ دەل جايىدا

خەجلىيەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرگە مۇھىمى بازار رىقابىتىدىكى شاللىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. چۈنكى ھازىرقى دەۋرنىڭ رىقابەتلىشىش شەكلى بىلىمنى تېخنىكىغا، تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ، ئاخىرىدا ئىقتىسادقا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى، 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن زامانىۋى سودا بازىرىدا بىلىمسىزلەرنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

بىلىم - تەربىيە (مائارىپ، ئائىلەۋە جەمئىيەت تەربىيىسى) ، تەجرىبە شۇنداقلا كىتاب ئوقۇشتىن كېلىدۇ. ساۋاتسىزلار، دېھقانلارنى دېمىگەندىمۇ، ھەرقايسى ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن خادىملار ھەتتا زىيالىيلار ئىچىدە كىتاب كۆرۈپ بىلىمنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇپ بېرىشنى كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرغانلار تولىمۇ ئاز. ھەتتا بىر يېزا، بىر مەكتەپ، بىر كەنتنى ئاختۇرۇپ كەلسەك، كىتاب كۆرىدىغانلار بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. كۆپلىگەن ئىدارە - ئورگانلاردا گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولمايدىغان، ئايلاپ-يىللاپ كىتابخانىدىن بىرەر پارچە كىتاب سېتىۋېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرى كۆرىمىز. بەزى ئېسىل بېزەلگەن مەئىشەتلىك ئۆيلەر بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار ئېلېكتىر جابدۇقلىرى بىلەن تولغان بولسىمۇ، بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپلىرىدىن بىرەر كىتاب ئىشكاپىنى، ئۇنىڭغا تىزىلغان رەتلىك كىتابلارنى كۆزگە چېلىقتۇرماق تولىمۇ تەس. شۇڭا، بۇ ئۆيلەردىن يەنىلا مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ ئالامىتى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. 8مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر نوپۇسى بار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا دۇنياۋى قىممەتكە ئىگە كىتابلارمۇ پەقەت بىر-ئىككى مىڭ تىراژ بىلەن نەشر قىلىنىسىمۇ، سېتىلىپ بولۇنماي يەنىلا كىتابخانىلاردا توپا بېسىپ تۇرماقتا. بەلكىم بىزدە كىتاب ئوقۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانلارنىڭ كۆپ دېگەندىمۇ %10 كىمۇ يەتمىسە كېرەك. شۇڭا كىتابتىكى بىلىم ۋە ئىلغار ئىدىيىلەر پەقەت كىتاب ئوقۇيدىغان ئاشۇ كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ ساداسى كىتاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارالمىدى. مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتقان تەۋەررۇك كىتابلىرىمىزدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇ بىلىگ» ئامېرىكىدا ئېنگىلىزچە نەشر قىلىنىپ 100دوللاردىن سېتىلغان بولسىمۇ، بازىرى ئىتتىك بولۇپ ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ تۈگىگەن. لېكىن بىز بۇ بىر جۈپ ئەڭگۈشتەرنىڭ ھەغدا مىراسخورى تۇرۇقلۇق 25 يۈەندىن پۇل خەجلەپ سېتىۋېلىشقا چىقىنالمىدۇق. توغرىسى سېتىۋېلىشقا قۇربىمىز يەتسىمۇ كىتابنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمىگەچكە سېتىۋالمىدۇق. ياخشى يېيىش، مودا قوغلىشىش، بەسلىشىپ ھەشەمەتچىلىك قىلىش نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ قارىشىدا مەدەنىيەت سانىلىپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە سەل قاراپ ھەقىقىي مەدەنىيەتنى چەتكە قاقتۇق.

بەزىلەر: «ئىسلاھات ھەممە ئادەمنى چاپ-چاپ بازارغا سېلىپ قويدى. ھازىر كىتاب-ماتېرىيال كۆرىدىغانغا نەدىكى ۋاقىت» دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەقەت بىكارچىلىقتىن ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا كىتاب ئوقۇش لازىمدەك قىلىدۇ. قارىغاندا، كىتاب ئوقۇشقا قارىتا ئېڭىمىزنى يېڭىلىمىساق بولمىغىدەك. ۋەقەلىككە قىزىقىپ قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىنى كاڭ تۆپىسىدە جۇۋىغا ئورۇنۇپ «مىڭبىر كېچە» دىكى شەھرىزاتنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان، پەقەت ۋەقەلىك قوغلىشىپ توم-توم رومانلارنى ئوقۇپ، رومانتىك ھېسسىياتلارغا غەرق بولىدىغان دەۋرنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. بىز تەپەككۇرىمىزنى يېڭىلاش، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىش، بىلىمىمىزنى مۇللاشتۇرۇش، ئەقلىمىزنى نۇرلاندۇرۇش، شۇ ئاساستا ئىشلىرىمىزدىن تېخىمۇ كۆپ قىممەت يارىتىش مەقسىتىدە كىتاب-ماتېرىيال كۆرۈشىمىز كېرەك. چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن «كىتاب زامانىمىزدىكى ھەقىقىي ئالىي مەكتەپ» . كىتاب ئوقۇماسلىق، تەربىيىسىزلىك كىشىنى ئاخىرقى ھېسابتا روھىي جەھەتتىكى گاسلىقتىن گاچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. پاجىئە ئەنە شۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

كاللىمىزنى قاتتىق بىر سىلكىپ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تىۋىشىغا قۇلاق سالىدىغان بولساق، جىددىيلىشىش ھېس قىلماي قالمايمىز. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا ، بۈگۈنكى دۇنيادا سائىتىگە 20 تۈرلۈك كەشپىيات يارىتىلىدۇ. نەشرىياتلاردىن ھەر كۈنى چىقىۋاتقان كىتاب 500 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ. ھەممە پەنلەردە بىلىمنىڭ يېڭىلىنىش مۇددىتى 50-يىللاردا 30يىل بولغان بولسا، ھازىر 10 يىلدىن ئۈچ يىلغا قەدەر بولىۋاتىدۇ. تەبىئىي پەننىڭ تارماق پەنلىرىلا 2400 خىلدىن ئېشىپ كەتتى. كومپيۇتېر 30 يىل ئىچىدىلا بەش ئەۋلاد يېڭىلىنىپ، سۈنئىي ئەقىلگە قاراپ ئۆتتى. ئۈچۈر كەڭلىك جەھەتتە يەر شارى خاراكتېرلىك بولۇپ تورلاشتى. ئالەم تېخنىكىسى ۋە گېن تەتقىقاتىدا كىشىنى ملەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كومپيۇتېرنىڭ تەرەققىياتى ۋە كېڭىيىۋاتقان ئىنسان ئېڭى كىشىلەر نەزەرىدىكى يەر شارىنى تولىمۇ كىچىكلىتىپ قويدى. پەن-تېخنىكا رىقابىتى ماھىيەتتە ئىختىساسلىقلار رىقابىتى بولۇپ، ئېڭى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان ئەللەر دىققەت مەركىزىنى مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىغا قارىتىپ، يۇقىرى ساپالىق قوشۇننىڭ قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇشنىڭ كەسكىن جېڭىگە ئاتلاندى. بىلىم ئىگىلىكى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «ئۆگەنسە كىمكى كۆپلەپ بىلىمنى ، بۇ دۇنيا بولىدۇ ئاخىر شۇنىڭكى» دېگەن ئىدىيە ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان ياشاش لوگىكىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى، نادانلىق پاسسىپ ئامىللارنى قوبۇل قىلىشقا مايىل. بىرەر ھەقىقەت ياكى ھېكمەت كۆپ تەكىتلەنسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى ئىدىيىسىدە ئوقۇملاشتۇرۇۋېلىپ، ھەرىكىتىدە ئىپادە قىلىشنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشىدىكەن. ئۇزۇن

تارىخىي جەريانلاردا گەرچە بىز بىلىمسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، شۇ سەۋەبلىك سەزگۈلىرى ئويغاق دانىشمەنلىرىمىز بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بىلىم ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى پەند-نەسىھەتلىرىمىز تۈگىگىنى يوق. نىمە ئۈچۈن؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ مانا بۇ ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

## مائارىپ ئىچىمىزدىن قىممەت قارىشىمىزغا نەزەر

«20-ئەسىر تۈگەي دەپ قالدى، ئىنسانىيەت ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويدى. . . مىڭغا يېقىن نوپۇسى بار كەنتىمىزدە ئېلېكتر سىمى تارتىلدى، بىر قىسىم دېھقانلىرىمىز باي بولدى. ئەپسۇسكى كەنتىمىزدىن ھازىرغىچە بىرمۇ ئادەم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىغا قەدەم باسماق تۈگۈل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلارمۇ يوق. ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. . . »④ گېزىتكە بېسىلغان بۇ ئىككىلىك ئىنكاستىن-مەنىۋى نامراتلىقتىن ھالسىرىغان ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرەپ 21-ئەسىرگە كىرىپ كېلىۋاتقان كىچىككىنە بىر كەنتنىڭ خۇنۇكلەشكەن مەنىۋى قىياپىتىدىن مائارىپىمىزنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلانماي تۇرالمايمىز.

مائارىپ - ئادەم تەربىيىلەيدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، كەڭ مەنىدىكى مائارىپ پۈتكۈل تەلىم - تەربىيە ھادىسىسىگە، تار مەنىدىكى مائارىپ مەكتەپ تەلىم-تەربىيە خىزمىتىگە قارىتا ئېيتىلغان. مائارىپسىز جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىنسان مۇكەممەللىكىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ھايۋانلار بېقىۋالغان ئۆڭكۈر ئادەملىرىنىڭ ھايۋانىي تەبىئىيتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدىغان جانلىق پاكىت. يېقىنقى زامان پەن-تېخنىكا ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن پار ماشىنىسى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، ئېلېكترونلۇق مېڭە، ئاتوم قۇۋۋىتى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، مائارىپ تەرەققىياتى ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەقىلنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن پارتلاپ تۇرۇۋاتقان بۇ خىل پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىياتى بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەتنى كەسكىن بىر رىقابەت مەيدانىغا باشلاپ كىردى. بۇ خىل رىقابەتنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە ئىختىساسلىقلارغا قارىتىلغان بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ياشىيالايدىغان، ھەم جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆھپە قوشالايدىغان قابىلىيەت ئىگىلىرىنى تۈركۈملەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى پەقەت زامانىۋى مائارىپلا ھۆددىگە ئالالايتتى.

ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ». بىز ناخشا-ئۇسسۇل تەپەككۇرىغا كۆنۈك كالللىمىزنى سان-سىفىرلاردىكى ماھىيەتكە ئاغدۇرۇپ، لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئامېرىكىنىڭ 1929-يىلدىن 1957-يىلغىچە مائارىپ مەبلىغىنى ئاشۇرۇش سەۋەبىدىن ئاشقان مىللىي دارامىتى ئومۇمىي ئاشقان مىللىي دارامەتنىڭ 33 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1940-يىلدىن 1960-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مىللىي دارامىتىنىڭ ئاشقان قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 33 پىرسەنتى ئوقۇش تارىخى قۇرۇلمىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن بولغانىكەن. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ پەرىزىچە، «باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىلىك ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 43 پىرسەنت، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىلىك ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 108 پىرسەنت، ئالىي مەكتەپ سەۋىيىلىك ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 300 پىرسەنت بولىدىكەن»⑤. شۇڭا، نۇرغۇن ئەللەر تېخىمۇ كۆپ پايدا-نەپكە ئېرىشىپ، رىقابەتتە بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى «ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن مائارىپ ئۈستىدە ئويلىنىش ئىدىيىسىنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مائارىپ ئۈستىدە ئويلىنىش لازىملىقى»⑥ غا ئۆزگەرتىپ، دىققەت-ئېتىبارىنى مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراتتى.

«مائارىپنىڭ ئالدىدا مېڭىشى» 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كۆرۈلگەن يېڭى، خەلقئارا خاراكتېرلىك ھادىسە بولۇپ، بۇ جەھەتتە ياپونىيىنى تىپىك مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ياپونىيە مېيجى يېڭىلىقىغا كۆچۈشىدىن كېيىن مەجبۇرىي مائارىپنى زورلۇق بىلەن يولغا قويغان. شۇ چاغدا خېلى كۆپ ئامبال ۋە يېزا باشلىقلىرى يېتەرلىك مىقداردا مائارىپ راسخوتى جۇغلىيالمىغانلىقتىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىكەن. شۇڭلاشقا ياپونىيىلىكلەر مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش تارىخىنى «قان-ياشلىق تارىخ» دەپ ئاتىشىدۇ. بايلىق مەنبەسى كەمچىل، يەنە كېلىپ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان كىچىككىنە بىر ئارال دۆلىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىدا خەلقئارا سەھنىدىكى مۆتىۋەرلەردىن بولۇپ قېلىشى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 17.9%نى ئىگىلىشىنى (ئامېرىكا دۇنيا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 25.6%نى ئىگىلەيدۇ)، ئۇلارنىڭ 1907-يىلىلا ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى، 1978-يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغانلىقى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئالىي مائارىپنى ئاممىۋىيلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقى، زامانىۋى مائارىپ قارىشىنىڭ ھەر بىر ياپونىيە پۇقراسىنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىمتىھاندا كۆچۈرۈپ قويغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ئىش پۈتكۈل ياپونىيىدە بەس-مۇنازىرە قوزغىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مائارىپ قارىشىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىگەلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مائارىپنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، ئۇ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى يارىتىدۇ. روھىي دۇنيا-شەخسنىڭ ئىدىيە-ئېتىقاد، ئىرادە، بىلىم، ئەقىل، تەپەككۇرىغا ئوخشاش پەزىلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت شەخسنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەن روھىي دۇنياسى يارىتىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنى تونۇشقا باشلاپ، مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن ئىزدىنەلەيدۇ ۋە ئىنسانىي بۇرچىنى نامايان قىلالايدۇ. مائارىپتىن ياتلىشىش مەدەنىيەت جەھەتتىكى چېكىنىش ۋەكىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇيغۇسى ھەم ئىنسانىي قەدىر-قىممەت تۇيغۇسىدىن ياتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ياتلىشىش قىممەت قاراشنىڭ سۇسلىشىشى، رىقابەتلىشىش تۇيغۇسىنىڭ مەھكۇملۇققا يۈزلىنىشى، ئۇلۇغۋاتقان مىللىي روھ بولۇپ، بۇ خىل روھ ئىلغارلىقنى چەتكە قاقىدۇ. شۇڭا، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئەڭ زور بەختسىزلىك دېيىشكە توغرا كەلسە ، ئۇ، شۇ مىللەت مائارىپىنىڭ قالاقلىقى، ئادەملىرىنىڭ نادانلاشقان تەبىئىيتىدۇر. چۈنكى مائارىپى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن مىللەت - مەۋجۇدىيەت ئاساسى تەۋرىنىپ قالغان مىللەتتۇر. شۇڭا، گېرمانلار «مائارىپ ھەربىيدىن مۇھىم» دەپ قارايدۇ. مائارىپنىڭ بۈيۈك رولىنى ھەقىقىي ھېس قىلغان بىر مۇتەپەككۇر: «ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغان مىللەت ھامىنى بىر كۈنى باش كۆتۈرىدۇ، لېكىن مائارىپتا مەغلۇب بولغان مىللەت مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ» دەپ دەل جايىدا ئېيتقان. دەرۋەقە، مائارىپنى يۈلىمىگەنلىكنىڭ ئۆزى كەلگۈسىنى دەپنە قىلغانلىق بىلەن باراۋەر» . سىياسىي سېھىرگەر ياڭ زېڭشىننىڭ «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسى دەل مائارىپتىن ئىبارەت نازۇك ۋە ماھىيەتلىك نۇقتىغا قارىتىلغان. شۇڭا ئۇ: «مەن خەلققە دىنىي ئەركىنلىك بېرىمەن ۋە باشقا سورىغان نەرسىلىرىنى بېرىمەن ، بىراق مائارىپنى بەرمەيمەن. مائارىپى يوق مىللەت - كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەر قانداق ئېقتىدارلىق كىشىنى دەرھال نەزەربەنت قىلىمەن. . . » ⑦ دېگەن.

بولۇپمۇ باشقىلار بىگىز سانجىمىغۇچە سەزگۈلىرىمىز سەزمەس دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر جاھالىتىنىڭ مەنىۋى تراگېدىيىلىرىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى، ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسى بىلەن ۋۇجۇدىمىز سۇغۇرۇلماي ئەقىل ۋە ئېتىقادىمىزنىڭ خوراپاتلىق ۋە نادانلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇنجۇققانلىقىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى «مائارىپ ئەقىل ۋە ئېتىقادنى يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراق» ⑧ . مەدەنىيەت بولسا، مائارىپ تەرىپىدىن يارىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، تارىختىكى شانلىق مەدەنىيىتىمىز بۇ دەۋردە روھىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تۇنجۇقۇشقا باشلىدى. بىر پەيلاسوپ مەلۇم بىر مىللەت يۇقرالىرىنى نۆلگە، داھىي ۋەزىيالىيلارنى بىرگە ئوخشاتقان. دەرۋەقە، ھەرقانچە كۆپ نۆلنى يازغان بىلەنمۇ ئالدىغا بىر قويۇلمىسا، نۆللەر مەناغا ئىگە بولالمايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىر مىللەتكە نىسبەتەن «بىرلەر» نىڭ بولماسلىقى قىيامەتنىڭ قايىم بولغىنى شۇ.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى، تەرەققىيپەرۋەر ئۇلۇغ زاتلىرىمىزدىن ئاتالىق پەرۋىشچى، ئاكا-ئۇكا ھۈسەيىنباي ۋە باھاۋۇدۇنبايلار 1885-يىلى ئاتۇش ئىكساقتا ئاچقان «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى» ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى باھار گۈلدۈرمامىسى بولۇپ، بۇ خاسىيەتلىك گۈلدۈرمامىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاجايىپ مۆجىزە دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ، ھالاكەت پاتقىقىغا پاتقان بىر مىللەتنىڭ ئۆيلىمىغان يەردىن بىخوتلۇق ئۇيقۇسىدىن ئۆندەرەپ ئويغىنىپ، تىرىلىش سىمفونىيىسىنى ياڭرىتىشى ئىدى!

شۇنداق، بىلىمسىزلىك - نادانلىقنىڭ خارلىقىنى، ئادالەت، ئەركىنلىك - ھۆرلۈك ۋە ئىنسان قەدىر-قىممىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ، نادانلاشقان خەلقنى پەقەت مائارىپ ئارقىلىقلا قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن سەزگۈلىرى ئويغاق، مىللىي روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاكا-ئۇكا ھۈسەيىنباي، باھاۋۇدۇنبايلار، ئابدۇقادىر داموللا، تاشئاخۇنوم، مەخسۇت مۇھىتى، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي ، قۇتلۇق شەۋقى، ئايخان ئانىغا ئوخشاش يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مائارىپىغا يول ئاچقۇچى بايراقدارلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر يېڭى دەۋر مائارىپ تارىخىنىڭ يۈكسەك ئابىدىسىنى تىكلىدى. شۇنى ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدۇكى، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىدىكى بۈيۈكلۈك ئۆزىدىن ھالقىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ بارلىقىنى خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىنى يارىتىشقا ئاتاش ھەتتا بۇ يولدا ئىسسىق قېنى ئارقىلىق قان-ياشلىق مائارىپ تارىخىنى يېزىشتەك جاسارەتلىك روھنى نامايان قىلىپ، جاھالەتلىك دەۋرگە ئوت ئاچقان.

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسلىمە كىتابىدا، مەمتىلى ئەپەندى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇ ھەقىقەتەنمۇ كارامەت ئىش، ئىشەنگىلى بولمىغىدەك دەرىجىدىكى ئىش بولغانىدى. ئالتە ئايغا يەتمىگۈدەك ۋاقىت ئىچىدە بىر ياقتىن 60مۇئەللىم تەييارلاش، بىر ياقتىن 24كەنتتە 24مەكتەپ سېلىش، 10مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىنى يېڭى پارتىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ دەرس ئاڭلاشقا تەييار قىلىش - راستىنلا قالتىس ئىش ئىدى» ⑨ . مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، روھانىيلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، نادانلىق يامراپ كەتكەن بىر دەۋردە بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالتە ئاي ئىچىدە كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمىغىدەك دەرىجىدە شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىپ ئۇلگۈرۈشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇنىڭدىكى چىدام-ماتانەت، ۋۇجۇدىدىكى توسقۇنسىز غالىبلىق نەدىن كەلگەن؟! ئېنىقكى، زۇلمەتلىك دەۋر چاقمىنىڭ ئاستىدا ئىڭراۋاتقان خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە ۋىجدانىي تۇيغۇ بىلەن قارىيالىغانلىقىدىن كەلگەن. بىر ئايال بالىسىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت

ھادىسە يۈز بېرىپ، بالىسىنى ماشىنا دەسسىۋەتكەنىكەن. چاق ئاستىدا پۇتى پېلتىڭلاۋاتقان بالىغا قاراپ شوپۇر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ. بىراق ئانىدا غايىبتىن بىر كۈچ پەيدا بولۇپ، دەرھال ماشىنىنىڭ بىر چاقىنى دەس كۆتۈرۈپ، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپىيونلىرى يارىتالمىغان رېكورتنى ياراتقانىكەن. ئانىدىكى بۇ خىل غالىبلىق بالىغا بولغان مېھىر-مۇھەببەتتىن كەلگەن. دەرۋەقە، مەمتىلى ئەپەندىدىكى بۇ خىل چىدامچانلىق دەل ئۇنىڭ خەلقىگە بولغان مۇھەببىتىدىن شەكىللەنگەن.

ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىمۇ ئۆتكۈر شېئىرلىرى ئارقىلىق ئاخىرقى تىنىقىغىچە نادانلىقتا قالغان خەلقنى ئويغىتىش-ئاقارتىشنى شوئار قىلغان مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، ئۆز شېئىرلىرىدا تۆۋەندىكىدەك نىدا قىلدى:

ئويغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىبى-مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.

.......

پەن-ئىلىمدىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ-خەتەر،
ھالىمىز قولدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن.

.......

ئوقۇتماي بالىلارنى ئويناتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئېسىت! بۇ بالىلار ئاخىر يېرىم نانغا سېتىلغايمۇ؟!
ئوقۇغىلار، ئوقۇتۇغلار، ماۋۇ ھەم ئەلپازىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟!

ئاشۇلارنى ئويلىغىنىمدا، كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا قاراپ تەگسىز خىياللارغا پاتىمەن. ھازىر مائارىپ شارائىتىمىز بۇرۇنقىدىن كۆپ ئەۋزەل، مەكتەپلىرىمىز بار، سىنىپلار ھەرھالدا ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغان، ئۆز مائارىپىمىزغا ئۆزىمىز خوجايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى بار. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ قارىشىدا بۇرۇنقىدىن كۆپ ئىلگىرىلەش بولدى. ئوقۇتقۇچىلار قانداقلا بولمىسۇن ئىش ھەققىدىن بەھرىمەن بولۇش بەدىلىگە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ مائارىپ ساپايىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئارقىدا قالغانلىقى كۆز ئالدىمىزدىكى ئاچچىق رېئاللىق. ئەپسۇسلىنارلىقى، نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقى ھەققىدە باش قاتۇرىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ نۇقتىدا ئىلغار ئىدىيىدىكىلەر كۆپ ھاللاردا چەتكە قېقىلىپ كەلدى. ھەتتا بەزىدە رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىدى. بەزى رەھبىري كادىرلار تالانتلىقلارنىڭ بىر كۈنلەردە ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشىدىن ياكى ئۆزىگە پايدىسىز ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئورۇنسىز ئەنسىرەپ، ئۇلارغا نىسبەتەن قايىللىقى بولسىمۇ مۇتەئەسسىپلىكى ھامان غالىب كېلىپ، ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئۇلارنى چەتكە قېقىشتى. قارىشى ئاددىي تۇرمۇش چەمبىرىكىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن، ئىلمىيلىكتىن يىراقلىشىپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنى چىرماپ ئالغان تەتۈر قىسمەتلەر ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە مىللەت - خەلق غېمىنى يېگەنلەرنى مازاق قىلىپ چەتكە قېقىشتى. باشقا ئىشلاردا كەڭ قورساق بولساقمۇ ئىلىم ئەھلىلىرىگە نىسبەتەن كەڭ قورساق بولالمىدۇق. بەزىلەرنىڭ مېڭىسى تولىمۇ ئاددىي بولغاچقا زاكون - قائىدە چۈشەندۈرۈش تولىمۇ تەس بولدى. بەزىلەر تولىمۇ «بىلەرمەن» بولغاچقا ۋەزخانلىق قىلىپ باشقىلارغا گەپ ئاشمىدى.

بىز مائارىپ ئىسلاھاتىدا باشقىلارنىڭ تەجرىبە يارىتىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈش، مىللىي مائارىپنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە دادىل ئىسلاھ قىلىپ بېقىش ھەققىدە ئويلىشىپ كۆرمىدۇق. تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىز تولىمۇ كونىراپ ۋە قېلىپلىشىپ كەتكەچكە، مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى تازا جەلپ قىلالمايدىغان زېرىكىشلىك بىر ماكانغا ئايلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئەقلىي ئاتا قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن مەڭگۈلۈك ئىزدىنىش روھى پەيدا قىلىدىغان ئىشلار تولىمۇ كەمدىن-كەم بولدى. شۇ كۈنلەردە بۇرۇچ تۇيغۇسىنى يوقاتقان، دەرسنى ئۇگىشاپ ئۆتەلمىگەننى ئازدەپ ئەۋلادلارغا يامان تەسىر بېرىۋاتقان، جان بېقىشنىڭ قېلىپىغا كىرىۋالغان، ئۇيالماستىن مائارىپتىن ئىبارەت مۇقەددەس كەسىپكە رەڭۋازلىق قىلىۋاتقان، ھەتتا كوچىدىكى زابويلاردىن ئانچە پەرقى قالمىغان بەزى ئوقۇتقۇچىلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە تېنىمىزنى سوغۇق تىترەك باسىدۇ.

ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتى باشلانغاندىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر خەلقىمىز بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ كۆپلىگەن ئادەملىرىمىز ھەتتا بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز ئېڭىنىڭ مائارىپ ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئىدىيىدە تونۇش باسقۇچىغا ئۆتمىگەنلىكى كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق. خەلقئارادا ساۋاتلىق بولۇشنىڭ ئۆلچىمى مۇئەييەن پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئېلىپبەدىكى ئوتتۇز ئىككى ھەرىپنى تونۇۋېلىشنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ساۋاتلىق بولۇشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالدى. بۇنى ئازدەپ، توختام - ھۆججەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نام-شەرىپىنى يېزىشنى بىلمەيدىغان قانچىلىغان ساۋاتسىزلار، بۇنداق ساۋاتسىزلارنىڭ تولىمۇ ئاددىي ئېڭى بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان، توغرىسى چوڭ بولۇۋاتقان پەرزەنتلەر مەسىلىسى مىللىتىمىزگە نىسبەتەن بىر خەۋپلىك ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ تۇرماقتا. شۇ خىل ئاددىي-قۇرۇق كاللىمىزنى بۈگۈنكى دەۋر ئېڭى بىلەن قوراللاندۇرماي تۇرۇپ، تېز سۈرئەت بىلەن يېڭىلىنىپ بېرىۋاتقان رىقابەت دۇنياسىغا ماسلىشىش مۇمكىنمۇ؟!

دۆلەت توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇۋاتقان ئەۋزەل شارائىتتىمۇ بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئازغىنا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى دەپ ياكى بولمىسا پۇلى بار تۇرۇقلۇق كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ بالىلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتماسلىقى ھەتتا مائارىپقا نىسبەتەن ئۆچەكىشىش

پوزىتسىيىسى قىممەت قارىشىمىزنىڭ نەقەدەر خۇنۇك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمىساقمۇ گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان بىر قاتار خەۋەر، ئوچېرك ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەر ۋە شۇنداقلا ئەتراپىمىزدىكى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بۇنىڭغا شاھىد بولالايدۇ. ئاڭلىسام، بەزى يەرلەردە يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغاندا بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە نەچچە يۈز يۈەنلەپ پارا بېرىپ، بالىلىرىنى ئوقۇتماسلىقنىڭ يولىنى ماڭىدىكەن. مانا بۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەر جاھىلىيەت ئېڭىغا خاس «تەۋەررۇك ساددىلىق» نىڭ ئۆزى بولماي نېمە؟ بۇخىل قىممەت قارىشى بىزنى نەگە باشلىماقچى؟!

خۇداغا شۈكۈر، نادانلىق بىلەن ئىلغارلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ھامان يېڭى شەيئىي غالىبتۇر. ئابلىمىت خالىس ھاجىم، نۇرتاي ھاجىم، كېرەم ئىمىن ... گە ئوخشاش تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ مەكتەپ ئېچىشى، مائارىپ فوند جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇشى شارايىتىدىن ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئىزىنى باسىدىغان پىداكارلارنىڭ ئۈزۈلمەي چىقىدىغانلىقىغا، مائارىپ ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان بۇرچ تۇيغۇسى كۈچلۈك مائارىپچىلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ئەۋزەل شارائىتنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، مەمتىلى ئەپەندىگە ئوخشاش مىللىي قەھرىمانلىرىمىز يېقىپ بەرگەن بۇ نۇرلۇق مەشئەلنى ئۆچۈرۈپ قويمايدىغانلىقىغا، ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان، ئۇلارنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدىغان پاجىئەلەرنىڭ قايتا تەكرارلانمايدىغانلىقىغا ئىشەنچەم كامىل

## «ۋاقىت - جان دېمەكتۇر»

فىزىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندالغان ئىش - قۇۋۋەتتۇر. بۇ يەردىكى ئىشنى قىلىنغان ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەككە، قۇۋۋەتنى بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە يارىتىلغان قىممەتكە تەقلىد قىلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل راتسىئوناللىق قاراشتىن قىلىنغان ئەمگەكنىڭ ۋاقىتقا، بۆلۈنمىسىنىڭ يارىتىلغان قىممەتكە تەڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەقلىي خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ دېگەنلىك بىر ئادەم بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە قانچىلىك كۆپ ئۈنۈملۈك بولغان ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەك قىلالىسا، شۇنچە كۆپ قىممەت يارىتالايدۇ دېگەن سۆز.

ماكانسىز زاماننىڭ، زامانسىز ماكاننىڭ مەۋجۇدىيىتىنى دەرۋەقە كىشىلەر تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ۋاقىتقا چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ ھالا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ۋاقىت ھەققىدىكى تەپەككۇرىنى توختىتىپ قويغىنى يوق. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان فىزىكىسىغا زور تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېيىننىڭ تار ۋە كەڭ مەنىدىكى نىسبىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ھەققىدىكى تونۇشىنى زور بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ماكاننىڭ زامان ئىچىدىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەتنى تونۇتۇپ، ھازىرقى زامان پەلسەپىسىنىڭمۇ مەزمۇنىنى بېيىتتى. فرانكلىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «جېنىڭنى ئەزىزلەمسەن، ئۇنداق بولسا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلما. چۈنكى ۋاقىت جاننى تەشكىل قىلغۇچى ماتېرىيال». دېمەك، ۋاقىت بىلەن مەۋجۇدلۇق، ۋاقىت بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىغا نىسبىي تەڭلىك بەلگىسى قويۇلغان. «ئۆلۈم بولسا، ھاياتلىق جۈملىسىگە ئورۇلغان چېكىتتۇر»⑪.

بىز كۆپ ھاللاردا: «سىلىشتۇرسالىڭ ۋاقىت بىلەن ئالتۇننى، ئالالمايسەن ئالتۇنغىمۇ ۋاقىتنى»، «ۋاقىتىڭ كەتتى - بەختىڭ كەتتى»، «ۋاقىت - ھايات، ۋاقىت - مەۋجۇدلۇق» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەرنى ئېغىزىمىزدا قانچە قېتىملاپ تەكرارلىغان بولساقمۇ، بۇ خىل چۈشەنچىنى ۋاقىت ئېڭى دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمىدۇق. شۇ سەۋەبلىك كۆپ ھاللاردا ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ۋاقىتقا جاۋاب قايتۇرالماي قالدۇق. بۇ خىل روھىي ھالەت ۋۇجۇدىمىزنىڭ تېخى ئەقىل نۇرى ئارقىلىق پاكلىنىپ بولالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ. كۆپ ھاللاردا كىشىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ تراگېدىيىلەر بىلەن تويۇنۇپ كەلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. مېنىڭچە، مەسىلىنى تونۇش 2% ئىلغارلىق بولسا، ئۇنى ھەرىكەتتە ئىپادە قىلىش 98% ئىلغارلىقتۇر. بىز ۋاقىتقا مۇئامىلە قىلىشتا ۋاقىت بىلەن ھاياتنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئۈنۈملۈك قىلىنغان ئەمگەكنىڭلا ۋاقىتنى مەناغا ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېسىمىزدىن ھەر ۋاقىت چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم. مەدەنىيەتلىك ئەل ۋە ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك بىر بەلگىسى دەل ئۇلاردىكى ۋاقىتنى قەدىرلەش تۇيغۇسىدۇر. بىر قىسىم ئەللەرنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى ۋاقىتنىمۇ زايە قىلماسلىق ئۈچۈن پويىزدىمۇ ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇشى، خىزمەت ۋاقتىدا ھاجەتكىمۇ يۈگرىگەندەك بېرىپ كېلىشى، ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىقنى ئەڭ ئېغىر ئەخلاقسىزلىق، ھايۋانىي تەبىئەتكە خاس خۇلق دەپ مۇئامىلە قىلىشى، ھەر كۈنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇ يەردە ستفان رىگولكىنىڭ ئاددىي ئەمما مەنىلىك قىلىپ ئېيتقان: «ھاياتىمىزدىكى قىسقا مۇساپە نېمىدېگەن ئەگرى-توقاي-ھە! ئۇششاق باللار: ‹چوڭ بالا بولغاندا› دېيىشىدۇ، چوڭ بالا بولغاندا نېمە بولماقچى؟ چوڭ باللار: ‹چوڭ بولۇپ ئادەم بولغاندىن كېيىن› دېيىشىدۇ، چوڭ بولۇپ ئادەم بولغاندىن كېيىن ‹توي قىلغاندىن كېيىن› دېيىشىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن نېمە بولماقچى؟ ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئوي-پىكرى ‹پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن›گە ئۆزگىرىدۇ. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى ئەسلىسە تېنىنى تىترەك باسىدۇ. ئۇلار ئۆزى بىلىپ-بىلمەي ھەممىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. قولدىن كەتكەن نەرسىلەر قايتىپ كەلمەيدۇ. بىز كۆپ چاغلاردا ھاياتنىڭ تۇرمۇش ئىچىدە - ھەر بىر كۈن ۋە ھەر بىر مىنۇت ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلىۋېلىشىمىزغا ئامالسىز قالىمىز»⑪ دېگەن ھېكمىتىنى چوڭقۇرراق ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئويلىنىپ كۆرۈڭ: تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن يېڭى بىر سەھەر باشلىنىدۇ، كۈن چىقىدۇ، يەر شارى تەخمىنەن ئۆز ئوقى ئەتراپىدا يېرىم دەۋر ئايلىنىپ كۈن ئولتۇرىدۇ، قاراڭغۇ چۈشۈپ بىر كۈن ئاخىرلىشىدۇ. كۈنلەر ئەنە شۇنداق

تەكرارلىنىدۇ. بىراق، كۈنلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ماھىيەت ئەمەس. سىز شۇ بىر كۈندە نېمىلەرنى قىلدىڭىز؟ قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ئۈنۈمى قانچىلىك؟ ئەھمىيىتى بارمۇ؟ ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرگە نىسبەتەن بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى خۇددى چاقماقنىڭ «يالت» قىلىپ ئۆچكىنىدەك تولىمۇ قىسقا جەريان، بىراق ئادەمنىڭ ئاشۇ چاقماقتەك «يالت» قىلىپ يېنىشى ئۈچۈن ئاشۇ قىسقىغىنە ئۆمرىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى تولىمۇ كۆپ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز پەقەت بۇ دۇنيانىڭ بىر نەچچە كۈنلۈك مېھمىنى ۋە خوجايىنى. بىر كۈننىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ھاياتنىڭ بىر كۈن خورىغانلىقى شۇنداقلا قەبرىگە قاراپ بىر كۈن سىلجىغانلىق. كۆپ ساندىكى كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ساق ۋاقتىدا ساغلاملىقنىڭ قەدرىگە يەتمىگىنىدەك، نۇرغۇن كىشىلىرىمىزگە ھايات شۇنچە ئۇزۇندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر پەقەت ھاياتنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىلا ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرىنى دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشتى. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردىكى بىر مىنۇتنى نېمىگىمۇ تەڭلەشتۈرەلەيسىز؟!

«بۈگۈننى يارىتىش» — ئۆتۈۋاتقان ھەر بىر كۈن ۋە ھەر بىر مىنۇت ئىچىدە ياشاش — بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئىجادىيىتى ۋە شۇنداقلا ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھازىرنىڭ ئۆزىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن كۆتۈۋالغانلىق ئەتە ئۈچۈن ئۇل ھازىرلىغانلىق، بۈگۈن ئىپتىخار بىلەن ئەسلىگىدەك ئۈنۈگۈننى ياراتقانلىقتۇر. ئۈمىد بىلەن باققان كەلگۈسى بۈگۈنسىز مەۋجۇد ئەمەس. بارلىق ماھىيەت بۈگۈنگە، ھازىرنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇنغان. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەگەر بىز «بۈگۈن ئىچىدە ياشاش»نى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە ئىپادە قىلالىدىغان بولساق، ۋۇجۇدىمىزنى چىرمىۋالغان چۈشكۈنلۈكنىڭ داۋاسىنى تېپىپ، يېپيېڭى قىياپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى نامايان قىلىشىمىزدا گەپ يوق ئىدى.

بەلكىم، بىز ۋاقىت ئىسراپچىلىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە چېمپىيون مىللەتلەرنىڭ بىرى بولساق كېرەك. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى سىنچى كۆزلەر بىلەن كۆزىتىش كەتمەيدۇ. ئەدناسى، ئادەتتىكى سورۇن — يىغىلىشلاردىن تارتىپ خىزمەتكىچە، كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدىن تارتىپ ئومۇمىي جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تەقدىرىگىچە بولغان بارلىق جەريانلار كېچىكىشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. ھەر بىر كېچىكىشلەر ئالدىمىزدا ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى نامايان قىلىپ تۇرسىمۇ، ئىبرەتلەرنىڭ نىرۋا ھۆججەيرىلىرىمىزگە تەسىر قىلماس بولۇپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز. باشقىلار پەن-تەتقىقات، خىزمەت، سودا، تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش... يولىدا بېشىنى قاشلىغۇدەك ۋاقىت چىقىرالمايۋاتسا، بىزنىڭ بوش — بىكارچىلىقتىن كوچا-كويلاردا لاغايلاپ يۈرۈشلىرىمىز، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ تۇرىدىغان ھاراق سورۇنلىرىدا سائەت-سائەتلەپ ھەتتا تۈننى تاڭغا ئۇلاپ تېنىمىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئەقلىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، نادانلاشقان — بىمەنە قىلىقلىرىمىزدىن شادلىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلۈشلىرىمىز، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بىپەرۋا تەبىئىتىنى مىللىي پىسخىكىمىزغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلىرىمىز، مۇئەييەن پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قارىتا قاتتىق ۋاقىت چېكى بولماسلىق، ھەتتا بىر پۈتۈن ھاياتقا نىسبەتەن نىشان بولماسلىق، ئالتۇندىن قىممەت پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ قويۇشلىرىمىز... چېمپىيونلۇقىمىزنىڭ جانلىق كارتىنىسى بولماي نېمە؟! ۋاقىت ئىككى جەھەتتىكى بۇ خىل قىممەت قارىشىمىز بىزنى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئاڭ ۋە مەدەنىيىتىدىن قۇتۇلدۇرالارمۇ؟ تەكىتلەش ھاجەتكى، ۋاقىت — جان، ۋاقىت — پۇل ۋە بايلىق، ۋاقىت — بىلىم، ۋاقىت — بەخت-سائادەت، ۋاقىت... ھەممە — ھەممەنەرسە دېمەكتۇر.

خۇلاسە كالام: قەدىمكىلەر: «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دەپ ئېيتقان. ئىدىيە (ئاڭ) قانداق بولسا ھەرىكەتمۇ شۇنىڭغا قارىتا بولىدۇ؛ قوماندانلىق رولىنى يوقاتقان ياكى جارى قىلدۇرالمىغان مېڭە تەننى بىر ئۆمۈر ئورۇنسىز ئىشلارغا ئاۋارە قىلىدۇ. ئەقىل رىقابىتى بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كاللا ئىشلىمىسە «ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ» (مۇھەررىردىن). بىز 21-ئەسىردىكى مەۋجۇدىيىتىمىز ۋە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىدىيىمىزنى يېڭى زامان ئېڭى بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىزغا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىشىمىزنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان پاسسىپ قىممەت قارىشىمىزنى يېڭىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن يەنە كېلىپ بىزگە قالدۇرغان ئاخىرقى پۇرسىتى.

— ئەرشىددىن توختى فوتوسى

## ستاتا مەنبەلىرى


① خېۋىر تۆمۈر: «ئابدۇقادىر داموللا»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1-سان 242-بەت.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 45-، 52-، 57-بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى.

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 192-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل نەشرى.

④ «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1993-يىل 28-نويابىر سانىغا قاراڭ.

⑤ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار»، 1-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل نەشرى.

⑥ «پېداگوگىكا»، 67-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى.

⑦ ئابدۇراھمان ئەبەي: «ئەھمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر (2)»، 71-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى.

⑧ مۇھەممەتئىمىن ئۆمەرۇپ: «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» 1995-يىل 8-مارت سانىغا بېسىلغان «قۇددۇس ھاپىزدىن تۇتاشقان ئوت» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

⑨ سەيپىددىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، I كىتاب 402-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990-يىل نەشرى.

⑩ نەسەت سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996-يىل 1-، 2 (قوشما) -سان، 52-بەت.

⑪ دېيىل كارنېگ: «ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار»، 16 — 17-بەتلەر، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998-يىل نەشرى.

*ماقالىدىكى سان-سىفىرلار مۇناسىۋەتلىك گېزىت-ژۇرناللاردىن ئېلىندى.


---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە لوسگۇن بازار 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# ژۇرنىلىمىزنىڭ شان-شەرىپى

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە سۈپەتلىك گېزىت-ژۇرنال، ئىلغار مۇخبىرلار پونكىتلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ژۇرنىلىمىز «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» بولدى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات.نەشرىيات ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى1999.يىل9.فېۋرال چۈشتىن بۇرۇن تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2.قېتىم باھالانغان«20سۈپەتلىك گېزىت» (بۇلار، ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» قاتارلىق10گېزىتتىن؛خەنزۇ يېزىقىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى» قاتارلىق10گېزىتتىن ئىبارەت)، «دۆلەت باج لوڭقىسى بويىچە تۇنجى قېتىم باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى20مۇنەۋۋەر ژۇرنال» ۋە مەملىكەتلىك ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىلغار مۇخبىرلار پونكىتلىرىنى (بۇلار، «خەلق گېزىتى» مۇخبىرلار پونكىتى، «نۇرگېزىتى» مۇخبىرلار پونكىتى قاتارلىق 12مۇخبىرلار پونكىتىدىن ئىبارەت) تەقدىرلىدى. ژۇرنىلىمىز«شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» بولدى.

بۇ قېتىمقى باھالاشقا جەمئىي 107 ژۇرنال قاتناشتۇرۇلۇپ، بۇلاردىن 32 ژۇرنال1.دەرىجىلىك، 73ژۇرنال2.دەرىجىلىك، 2ژۇرنال3.دەرىجىلىك ژۇرنال بولدى. يەنە باھالاش ھەيئەتلىرىنىڭ 1.دەرىجىلىك32ژۇرنال ئىچىدىن قايتا.قايتا مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق20ژۇرنال «1.دەرىجىلىك ژۇرناللار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرناللار» بولدى. بۇ ژۇرناللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرناللار: «تارىم غۇنچىلىرى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ ياشلىرى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (ئۇيغۇرچە)، «تەڭرىتاغ» (ئۇيغۇرچە)، «دۇنيا ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ سۈرەتلىك ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (قازاقچە)، «شۇغىلا» (قازاقچە)، «تىل ۋە تەرجىمە» (موڭغۇلچە)؛

خەنزۇ يېزىقىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرناللار: «غەربىي دىيار تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ تەشۋىقاتى»، «شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى»، «بوستان»، «جۇڭگو غەربىي قىسىم ئەدەبىياتى»، «ھەمراھ»، «چېگرا مۇداپىئە تورمۇشى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دىن ئىبارەت.

تەقدىرلەش يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر سۆز قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن تەقدىرلەنگەن سۈپەتلىك.مۇنەۋۋەرگېزىت.ژۇرناللارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخبارات.نەشرىيات ساھەسىدىكىلەردىن كۆتىدىغان تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

رىسالەت مۇھەممەت (ئۆز مۇخبىرىمىز)

## ژۇرنىلىمىز ئېرىشكەن شەرەپ لەۋھەسى

- فاتىخ شەرىف فوتوسى





《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1999 - يىل 2 ،3 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
地址：乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮编：830001 电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون نومۇرى: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65－1073/I
本刊代号：58－22 定价：6 元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65－1073/I
ۋەكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 6 يۈەن



ئاتاقلىق رەسسام ئابدۇكېرىم نەسىرىددىن ئىتالىيىنىڭ ۋېنىتسىيە شەھىرىدە